ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر



# خىلۋەتتىكى چوغلۇق

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

خىلۋەتتىكى چوغلۇق

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ISBN 978-7-228-16385-4
9 787228 163854 >
定价：32.00元

uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر

# خىلۋەتتىكى چوغلۇق

(ھېكايىلەر)

تۈزگۈچىلەر: ئازاد سۇلتان
ئەنۋەر ھوشۇر

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

偏僻地方的茶花：维吾尔文/阿扎提·苏里坦，艾尼瓦尔·吾守尔选编. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.12（2016.12 重印）

ISBN 978-7-228-16385-4

Ⅰ.①偏 …Ⅱ.①阿 …②艾 …Ⅲ.①短篇小说 — 小说集 — 中国 —当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第291142号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐网典方正多媒体制作有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32开本 |
| 印　　张 | 12.625 |
| 版　　次 | 2014年10月第1版 |
| 印　　次 | 2016年12月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001 — 4000 |
| 定　　价 | 32.00 元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئانارخان .......................... ھېلىمنىياز قادىر 1

قوش مەسچىت .................. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 27

ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالمىدۇ ..................... قاھار جېلىل 40

يىغىنىدىكى ئۇيقۇ ...................... مەتقاسىم مەتنىياز 70

شاۋۇدۇنباي ......................... ئابدۇكېرىم ھاشىم 81

قەبرىگە قويۇلغان گۇللەر .................. ئىدرىس بارات 87

تىمتاس شەھەر ........................ خالىدە ئىسرائىل 111

تۆتقۇلاق ............................. مۇھەممەت باغراش 153

خىلۋەتتىكى چوغلۇق ...................... قاسىم سىدىق 175

خىلۋەتتىكى گۇگۇم ....................... ئارسلان تالىپ 191

بۇ، مۇھەببەت ئۇچۇن ئەمەس ............ غەلىبە مۇھەممەت 210

توختى يوقلام ........................... تۇردى ئەھمەت 239

ئېچىلماي توزۇغان غۇنچە .... ئابدۇرېشات مۇساجان (مۇراد) 248

تەۋەررۇك ئۇستىرا ................. تۇرسۇنجان مۇھەممەت 255

ئابۇلاق .............................. ئەخمەت مۇساق 282

قارا ئۆڭكۈر .......................... تۇرسۇن مەخمۇت 295

تۇلۇق ............................... ئابلىكىم ھەسەن 315

كۇتۇش .................. باھارگۇل مەمتىمىن (سەرۋى) 327

قۇرۇپ كەتكەن تۆتقۇلاق ................ ئۆمەر ئابدۇللا 345

تارىمدىكى ئاي ........................ روزى سوپى ئۇچتېكىن 359

لەيسى بەگ ئوردىدا باش تەيجى ئىدى. ئۇ، پەرىدۇن ۋاڭنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئادەم يوق، ۋاڭلىق ماڭا قالىدۇ، دەپ ئويلاپ تېزرەك خاندىن يارلىق ئېلىپ، جۇڭگۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتاتتى.

پەرىدۇننىڭ ئانىسى ئايىنىگارا پۈجۈك ھايات ئىدى. ئۇ، جۇڭگۋاڭلىقنىڭ مۇنداق ئوڭايلا باشقا نەسەبنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە، بولۇپمۇ كىشىلەر «توخچەن بەگ» دەپ مەسخىرە قىلىدىغان لەيسى بەگنىڭ جۇڭگۋاڭ بولۇشىغا تېخىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئوردىدىكى ئۆز يېقىنلىرىنى مەخپىي چاقىرىپ، مەسلىھەت قىلاتتى.

بىر كۈنى ئايىنىگارا پۈجۈك پەرىدۇنغا سادىق، ئۆزىگە يېقىن بولغان ئاسىم تەيجىنى چاقىرىپ:

— تەيجى بەگ، جۇڭگۋاڭ نامزاتى مەسىلىسىدە ئوردىدا نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پۈجۈك خېنىم، لەيسى تەيجى جۇڭگۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ، ئۇ ئوردا ئەھلىگە: «پەرىدۇن بېگىمنىڭ جۇڭگۋاڭلىققا ئولتۇرغۇدەك نەسلى يوق، بۇنىڭغا ھەممىڭلار گۇۋاھ بولىسىلەر» دەۋاتىدۇ، — دېدى ئاسىم تەيجى.

— تەيجى بەگ، ئوغلۇمنىڭ پەرزەنتى يوق دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئەسلىرىدىن چىقمىغايكى، بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل مۇقەددەم، پەرىدۇن بەگ سىلى بىلەن قەشقەرگە سەپەر قىلغاندا ئاتۇشنىڭ بىر يېزىسىدا چۈشكۈن قىلغان. شۇ چاغدا يۇرت ئەھلى ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا تارتۇق قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا: «ئاشۇ ئايال تۇغۇپتۇ» دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا: «بىر كۈنلا نىكاھىغا ئالغان ئايالدىن تۇغۇلغان بالا» دەپ سەل قارىدۇق. مانا ئەمدى كېرەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايىنىگارا ھەسرەتلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ بالىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقساق قانداق؟ — دېدى ئاسىم تەيجى.

— مەنمۇ سىلىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مەسلىھەتكە چاقىرغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاراپ تۇرساق، لەيسى جوڭگۇاڭ بولۇپ، بىشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ، نەسەپ ئۈزۈلىدۇ، سىلى ئىبغىر كۆرمەي كاھنى ھەمراھ قىلىپ، ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىلە قانداق؟

— باش ئۈستىگە، ئەتىلا سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىقاي.

— مەن ۋاڭ شەنسىڭنى چاقىرىپ كېلىپ، پەرىدۇن بەگنىڭ پەرزەنتى بارلىقى توغرىسىدا تۇرپان ئامبال مەھكىمىسىگە ئەرز يازدۇرۇپ بېرەي. شۇ نامە بىلەن مانا بۇ ئون سەر ئالتۇننى ئام-بالغا سۇنۇۋېتىپ، مېڭىپ كەتسىلە، بالىنىڭ ئىز - دېرىكى بولغۇچە، ئامبال خانلىققا مەلۇمات يوللاشنى كېچىكتۈرۈپ تۇر-سا، ئىش ئىنقىلانغۇچە مەسلىھەتلىرىمىز مەخپىي بولسۇن، — دېدى ئايىنىگارا.

لەيسى بەگ ئوردا كېڭىشى چاقىردى. كېڭەشكە تەيجىلەر، توپبېشى، دىۋانبېگى، قازىكالان، باشكاھ، ئايىنىگارا پوجوڭ قات-ناشتى. لەيسى بەگ بېيجىڭ خانلىقىغا مەلۇم قىلغان جاپۇ تىزد-مىنى ئوقۇپ بولۇپ:

— جوڭگۇاڭىمىز پەرىدۇن بېگىم ۋاپات بولۇپ كۆڭلىمىز سۇندى. يۇرت ئەھلىنى باشقۇرىدىغان ۋاڭ بولمىسا بولمايدۇ. پە-رىدۇن بېگىمنىڭ ۋەلىئەھدى بولمىغاندىكىن، ئوردا تەيجىلىرى-دىن بىرسىنى جوڭگۇاڭ نامزاتى قىلىپ، خانلىقتىن يارلىق ئال-ساق، — دېدى.

لەيسى بەگ تەرەپدارلىرى: «‹ياخشى گەپ، ئۆزىنىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان› دېگەندەك، ھەممىمىز ئاغزىغا قارايدىغان ۋاڭ بولمىسا بولامدۇ؟ ۋاڭ نامزاتىغا لەيسى تەيجى بېگىم تازا باب كېلىدۇ» دېيىشتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايىنىگارا پوجوڭ قاتتىق غەزەپلەندى، شۇڭا كېڭەش ئەھلىگە:

— لۈكچۈن ۋاڭلىقى خانلىقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەتتە ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، نەسەبنى ئۈزۈپ، جوڭگۇاڭ بولۇشقا تولا ئالدىراپ كېتىشمىسىلە، مەن خۇدانىڭ نا-

مى بىلەن ئېيتىمەنكى، بىئەجەل ئۆلگەن ئوغلۇمنىڭ پەرزەنتى بار، — دېدى.

كېڭەش ئەھلى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇشتى. ئايىنىگارا پۇجۇڭ ياشىنىپ قالغاچقا، لەيسى بەگنىڭ سۆزلىرىگە غەزەپلەنگەنلىكىدىن، بىردىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. ئوردا كېنىزەكلىرى ئۇنى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كېڭەش پاتىپاراقلاشتى. لەيسى بەگكە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كېتىشتى. لەيسى تەيجى بەگ، ھېمىت كاھ قاتارلىق بىرنەچچە كىشى قالدى. ئۇ باشقىلاردىن:

— ئاسىم تەيجى بۇگۈنكى كېڭەشكە كەلمىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيدىكىلەر «تۇنۇگۇن چىقىپ كەتكەن» دېيىشىدۇ، بىرەرگە كەتكەنمىكىن، — دەپ جاۋاب قىلىشتى ئولتۇرغانلار.

لەيسى بەگ بىر شەپىنى سەزگەندەك:

— پەرىدۇن بەگنىڭ «بالىسى بار» دېگەن گەپ يالغان، جاپۇدا تىزىمى يوق، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار. مەن ئەتىلا ئامبال مەھكىمىسىگە نامە ئەۋەتەي، — دېدى.

باشقىلار قوشۇلۇشتى.

كېڭەش بولۇشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئاسىم تەيجى ئاللىقاچان يولغا چىقىپ بولغانىدى.

*　　　*

ئاسىم تەيجى ئات يەڭگۈشلەپ تېز مېڭىپ، ئۇن تۆتىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل بۇرۇن پەرىدۇن بەگ چۈشكۈن قىلغان مەھەللىگە يېقىنلاشتى.

يېزىنىڭ چېتىدە كالىلار ئوتلاۋاتاتتى. بىر چەتتە پادىچى بالىلار «كۆچ ـ كۆچ» ئويناۋاتاتتى. ئاسىم تەيجى ئاشۇ بالىلاردىن ئىبراھىم ئىسىملىك ئادەمنى سوراپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

يېقىنلاشتى. «كۆچ - كۆچ» ئويناۋاتقان باللار ئۆزى تەرەپكە ئاتـ. لىق كېلىۋاتقان بايۋەچچە ئادەمگە تەئەججۈپلەنگەن هالدا قاراشـ. تى. باللار ئىچىدىكى باشقىلاردىن يېشى چوڭراق بىرسى:

— ئويۇنىمىزنى ئوينايلى، نېمە كارىمىز؟ — دېدى.

ئاسىم تەيجى هېلىقى بالىغا سەپسېلىپ قاراپ، پەرىدۇن بەگـ. نىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى - دە، «مۇشۇمىكىن» دەپ گۇمان قىلدى، باللارغا قاراپ:

— هەي باللار، بۇ مەهەللىدە ئىبراهىم ئىسىملىك ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، مانا بۇ ئۇنىڭ نەۋرىسى، — دېيىشتى باللار.

ئاسىم تەيجى دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ، هېلىقى يېشى چوڭراق بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئىسمىڭىز نېمە، بالام؟ — دېدى.

— ئىسمىم مامۇت.

— دادىڭىز، ئاپىڭىز بارمۇ؟

— چوڭ دادام بار، ئاپام ئۆتكەن يىلى قازالاپ كەتتى.

— بىزنى دادىڭىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارسىڭىز، بىز يىراقـ. تىن مۇهىم ئىش بىلەن كەلدۇق، — دېدى ئاسىم.

مامۇت ئاغىنىلىرىدىن بىرسىگە قاراپ:

— روزى ئاداش، كالىلارغا قاراپ قوي، بۇ كىشىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپلا كېلىمەن، — دېدى.

مامۇت پىيادە ماڭماقچى بولغانىدى، كاهلاردىن بىرسى ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى.

ئىبراهىم بوۋاي قېرىپ كەتكەنىدى. ئاسىم تەيجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— پەرىدۇن بەگ قىزىمنى بىر كۈنلا نىكاهىدا ساقلاپ، بىر ئۈزۈكنى يادنامە قىلىپ قويۇپ كەتكەن. بۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېـ. يىن، ۋاقلىقتا مەلۇم قىلايلىمىكىن، دەپ ئويلاشتۇق. لېكىن، «سەن گادايىنى نەدە كۆرگەن» دېسە، لەت بولىمىز، دەپ مەلۇم

قىلمىدۇق. بىر كۈنى خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ئىمزەدەپ كېلەر، دەپ ئويلىغۇدۇق. مانا كېلىشىپتىلا، بىچارە قىزىم ئارمان بىلەن قازالاپ كەتتى، روھى بولسىمۇ خۇش بولار، — دېدى. ئۇ پەرىدۇن بەگ يادنامە قىلىپ قالدۇرغان شاھانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئىمزەدەپ تېپىپ ئاسىم تەيجىگە ئۇزارتتى. ئاسىم تەيجى خۇشاللىق بىلەن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ:

— پەرىدۇن بېگىم نەچچە قېتىم ئۆيلەندى، لېكىن خۇدايىم پەرزەنت ئاتا قىلمىدى، ياقۇپبەگ قەشقەرگە چاقىرتىپ كېلىپ، زىيانكەشلىك قىلدى. ھازىر پەرىدۇن بەگنىڭ ۋەلىئەھدى يوق، دەپ ئوردىدا ۋاڭلىقنى تالىشىۋاتىدۇ. لۇ پوجوڭ خېنىم (ئاينە-گارانى دېمەكچى) بىزنى بۇ يەرگە بالىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەت-كەن. خۇداغا شۈكۈر، بالىنى تاپتۇق، كۆڭلىمىز تىندى، — دې-دى.

ئاسىم تەيجىلەر ئىككى كۈن تۇردى، ئۇلار ئالدىرايتتى. ئىك-كى كۈن ئىچىدە مامۇتنى بەگزادىدەك كىيىندۇرۇپ، يول تەييار-لىقى قىلدى. لېكىن، مامۇت لۈكچۈنگە بېرىشقا ئۇنىماي تو-رۇۋالدى. ئىبراھىم ئاكا:

— بالام، مېنىڭ نەچچە كۈنلۈكۈملا قالدى. سەن تەيجى بەگ بىلەن كەتكىن، ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسقىن، — دېدى. كۆزىگە ياش ئالغان مامۇت:

— مەن تونۇمىغان يەرگە قانداق بارىمەن؟ ھېچ بولمىسا ئاغى-نەم روزى بىللە بارسۇن، — دېدى.

ئاسىم تەيجى، ئىبراھىم بوۋايلار سۆزلىشىپ، بولغۇسى ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا روزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ ماقۇل قى-لىشتى. مامۇت بىلەن روزىغا مەخسۇس ئات تەييارلاشتى. ئۇلار يولغا چىقماقچى بولغاندا، ئىبراھىم ئاكا مامۇتقا:

— بالام مامۇت، خۇدا خالىسا جۇڭۋاڭ بولىسەن، ئىشتا ئادىل بول، پۇقراغا زۇلۇم قىلما، ئۈزۈڭدىن چوڭلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىر، مەن ياشىنىپ قالدىم، بىللە بېرىشقا يول يىراق، ساڭا ئاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يول تىلەپ، خۇداغا تاپشۇردۇم، — دەپ دۇئا قىلدى.
ئاسىم تەيجى ئىبراھىم ئاكا بىلەن روزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش قالدۇرۇپ يولغا چىقتى.

## 2

ئاسىم تەيجى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مامۇتنى ئۇ - دۇل ئامبال مەھكىمىسىگە باشلاپ كىرىپ، شاھانە يادنامە ئۆزۈك بىلەن ئامبالغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پەرىدۇن بەگنىڭ جاپۇغا ئېر - لىنىمىغان ئوغلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئامبال بۇ بالىنى چوقۇم خانلىققا مەلۇم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئاسىم تەيجى مەھكىمىدىن چىقىپ، كاھلاردىن بىرسىنى ئاينىگارا لۈ پۇجۇڭغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىۋېتىپ، مامۇت، روزىلارنى تۇرپاندا ئىككى كۈن ئويناتتى. ئۈچىنچى كۈنى لۈكچۈنگە قاراپ يولغا چىقتى.
ئاينىگارا پۇجۇڭ ئاسىم تەيجىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەخسۇس مەپە بىلەن كاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىققانىدى. ئۇلار بىجەنتۇردا ئۇچراشتى. ئاينىگارا مامۇتنى كۆ - رۈپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:
— دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن... كەل، بالام، ئاتا - ئانا ياخشىلىقىنى كۆرمەي چوڭ بولدۇڭ، مەن سېنىڭ چوڭ ئا - ناڭ، مۇشۇ كەڭ زېمىن سېنىڭ، كىچىككىنىڭدە جاپا تارتقان بول - ساڭمۇ، ئەمدى ئويناپ كۈل، ساڭا ھېچكىم كىرپىك كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ، — دەپ ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلىدى. ئۇنى مە - پىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.
مامۇت لۈكچۈنگە كېلىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن بېيجىڭ خا - نىدىن جۇڭخۇاڭلىققا يارلىق كەلدى. شۇ كۈنى ئوردىنىڭ يىگىرمە نەچچە مىڭىر ئېگىزلىكتىكى ئۆگزىسىدە ناغرا - سۇناي ياڭراپ، شاھانە توي بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مامۇت «سۇلتان مامۇت»، ئاغىنىسى روزى گەرچە ئەملى بولمىسىمۇ «روزى بەگ» دەپ ئا -

تالدى.

سۇلتان مامۇت ئون سەككىز يېشىدا جۇڭغۇاڭ بولغان بولسى-مۇ، نامرات ئائىلىدە ئۆسكەچكە، ئوقۇمىغان، تېخى ساۋاتسىز ئىدى. ئالتە ئايدىن بېرى ئوردا ئاخۇنى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلى-شىپ، ئۇنى چالا ساۋات دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. ئۇ يۇرت سوراش-نى تېخى بىلمەيتتى. شۇڭا، موممىسى ئايىمگارا پۇجوڭ ئۇنىڭغا ئوردا تەرتىپلىرىدىن تارتىپ ئىش بېجىرىشكىچە بولغان ئىشلار-نى ئۆگەتتى.

جۇڭغۇاڭلىق يارلىقى كەلگەندىن كېيىن، ئايىمگارا مامۇتقا:

— گاڭ بالام، بىرىنچى ئىشلىرى تەيجىلەرنى تەيىنلەش، لەي-سى تەيجىنى ئوردىدىن ھەيدەپ، باش تەيجىلىككە ئاسىم تەيجىنى تەيىنلىسىلە، يۇرەكلىك بولسىلا، بالام، — دەپ توپىپشى، دىۋاق-بېگىگە تەيىنلىنىدىغان ئىسىملىكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى...

مامۇت ئالتە ئايدىن بېرى ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، يۈرە-كى سەل توختىغانىدى. بۇ تاسادىپىي ئامەتتىن خۇشاللانغان ما-مۇت شاھانە كىيىملەر ئىچىدە تەنلىرى قورۇنغاندەك بولۇپ ئاغىد-نىسى روزغا:

— روزى ئاداش، نەچچە ئاي بۇرۇن پادىچى ئىدۇق، مۇشۇنداق كۈنگە يېتىشىمىز خىيالىڭغا كىرگەنمۇ؟ — دېدى.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، لېكىن ئاشۇ جاپا تارتقان كۈن-لەرنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ، — دېدى روزى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قائىدىسىدە ھەر كۈنى سەھەردە ئوردا ئە-مەلدارلىرى قول قوۋۇشتۇرۇپ ۋاڭدىن ئېسەنلىك سورىشاتتى. بۈگۈن سۇلتان مامۇتتىن تۇنجى ئېسەنلىك سوراش كۈنى، نې-مىشقىدۇر لەيسى تەيجى كۆرۈنمەيتتى.

سۇلتان مامۇت ئايىمگارانىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ۋاڭلىق تەخ-تىدە ئولتۇرۇپ، ئوردا ئەھلىنى يىغىپ تۇنجى يارلىقىنى چۈ-شۈردى. باش تەيجىلىككە تەيىنلەنگەن ئاسىم قاتارلىق يېڭى ۋە-زىپىگە بەلگىلەنگەنلەر قول قوۋۇشتۇرۇپ ۋاڭغا قۇللۇق بىلدۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇشتى. ئوردا ئاخۇنىنىڭ ياشلامچىلىقى بىلەن ۋاڭغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلىشتى. ئۇ كۈنى ئوردىدا چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل يارلىقلار سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ نامى بىلەن چۈشۈرۈلۈپ، ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتتى...

مۇشۇ يەردە قىسقىغىنا توختىلىپ، ۋاڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باغلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

تۆت چاسا شەكىلدىكى ئالتە يۈز مو كېلىدىغان، لۈكچۈن بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ۋاڭ ئوردىسى بەكمۇ ھەشەمەتلىك.

لۈكچۈن بازىرىنىڭ شەرقىي كوچىسىدىن كىرسىڭىز، ئۇدۇل كۆرۈنىدىغان ۋاڭ ئوردىسى قارا چاقسا دەپ ئاتالغان چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېرمۇڭ دەپ ئاتالغان ئىككىنچى ئىشىك، ئۇ يەردىكى ھويلىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە دىۋانبېگىنىڭ خانىسى، تۆتىنچى چوڭ ئىشىكتىن ئۆتكەندە تۇپبېشىنىڭ خانىسى، بەشىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە داتاڭ، ئالتىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە رەسمىي ئوردىغا چىقىدىغان قىرىق بىر تاش تارتما، قىرىق بىر تاش تارتما بىلەن ئوردا تېمى ئارىسىدا ئاسما كۆۋرۈك، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۈگىلەك پەنجىرە قويۇلغان؛ يەردىن يىگىرمە مېتىر كۆتۈرۈپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردا، يىگىرمە مېتىر سوقما تام ئۈستىگە سېلىنغان ئىككى يۈز ئاتمىش ئېغىز ئۆي، توققۇزىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاندىن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى سېغىز تۇپىنى چاسا شەكىلدە سوقما قىلىپ سوقۇپ چىقىپ، يىگىرمە مېتىرنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان، ئىگىلىگەن ئورنى يۈز مو كېلىدۇ.

لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا قاراشلىق تۆت چوڭ باغ بولۇپ، بىرسى، ئوردا كەينىگە جايلاشقان قىرىق بەش مو كۆلەمدىكى «گۈلباغ»، بۇ خان ـ ئاغىچىلار ئۈچۈن بىنا قىلىنغان؛ ئىككىنچىسى، لۈكچۈن بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى يازلىق ئوردا

سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان يۈز مودىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە «دۆلەتباغ». بۇ باغدا ھەر خىل مېۋىلەر، دەرەخلەر، گۈللەر ئۆستۈرۈلۈشتىن باشقا، ھەشەمەتلىك شىپاڭلار، ئۆي ـ ئىمارەتلەر بار؛ ئۈچىنچى باغ «چارۋاغ»؛ تۆتىنچى باغ «نەزەرباغ» بولۇپ، بۇلار مەخسۇس مېۋە ئۆستۈرۈش، سەيلە قىلىش ئورنى ئىدى. بۇ باغلارنىڭ كۆلىمىمۇ ئەللىك مودىن كەم ئەمەس ئىدى.

سۇلتان مامۇت جۇڭگۇۋاڭلىق يارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەيجىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىرقانچە كۈن بۇ باغلارنى سەيلە ـ تاماشا قىلدى. ئاسىم تەيجى ۋاڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، دۆلەتباغدا لۈكچۈننىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن مېلىس ئويۇشتۇردى. مېلىسقا چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى چاقىرىپ كەلگەچكىمۇ، بۇ ئويۇن سۇلتان مامۇتقا يېقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك دۆلەتباغدا مېلىس ئويۇشتۇرىدىغان بولدى ۋە مەخسۇس مېلىس ئويۇشتۇرۇشقا مەسئۇل كاھلارنى تەيىن ئەتتى.

مامۇت بوۋىسى ئىبراھىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى، پادا باققاندىكى جاپالىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ۋاڭ بولۇپ ئۈچ يىلغا يەتمەي تۆت خوتۇن يەڭگۈشلىدى. ئۇ مېلىس ئويناپتتى، مەست بولغۇچە شاراب ئىچەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ شاھانە كىيىملىرىدىن تېنى قورۇنمايدىغان، نالە ـ پەريادلارغا پىسەنت قىلمايدىغان بولدى. مامۇتنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ھەيران بولغان ئاغىنىسى روزى بىر كۈنى خالىي ھالدا مامۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـــ مامۇت ئاداش، يۇرتىمىزدا پادا بېقىپ، جىق جاپالارنى تارتقانىدۇق. ئىبراھىم بوۋام بۇ يەرگە ماڭغۇچە نەسىھەتمۇ قىلغان. راھەتكە ئېرىشكەندە، ئاشۇ جاپالىق كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولاتتى، ـــ دېدى.

ـــ ھەي روزى، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن!؟ قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغۇچە، بۆرە بولۇپ بىر كۈن ياشا! ئەمدى مۇنداق بولمىغۇر گەپلەر ئاغزىڭدىن چىقمىسۇن، مەن مۇشۇ زېمىننىڭ

www.uyghurkitap.com

پادىشاھىمەن، — دېدى گىدىيىپ.
روزى كۆڭلى غەش بولغان ھالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

## 3

پىچاننىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا ئامراتراق دىنىي زات موللا-خۇننىڭ ئانارخان ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىدى. ئانار-خان ئون ئالتە ياشقا قەدەم قويغان چاغلىرىدا پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسن - جامالى بىلەن يىگىتلەرنى جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قۇن-دۇزدەك قاپقارا بوستان چاچلىرى گويا مەجنۇنتالدەك نازۇك يې-لىنى يېپىپ تۇراتتى، ياساپ قويغاندەك ئەگمەچ، سۇرمە رەڭ قېشى، جادۇ كىرپىكلىرى، قاپقارا كېيىك كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇرنى، ئاناردەك مەڭزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسىتەتتى.
موللاخۇن مەھەللىدىكى بالىلارنى يىغىپ ئوقۇتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جېلىل ئىسىملىك بالىمۇ بار ئىدى. ئانارخان كىچىكىدىن تارتىپ جېلىل بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، بۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى ياشنى كۆزگە كۆرۈنمەس مۇھەببەت يىپى بىر - بىرىگە باغلىدى. جېلىل موللامدا ئوقۇش بىلەن بىللە ئاتا كەسپى تۆ-مۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇستا بولدى. ئانارخان دادى-سىدا ئوقۇپ، خەت - ساۋاتىنى چىقىرىپ، نەۋايى قاتارلىق شا-ئىرلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولدى.
بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن جېلىل بىلەن ئانارخان ئۆ-مۈرلۈك يولداش بولۇشقا ۋەدىمۇ بېرىشىپ، بۇ يولدا ھەرقانداق جاپا - مۇشكۇللەرنى يېڭىشقا تەييارلىنىشقانىدى.
ئانارخان ئون ئالتە ياشقا تولغاندا، مۇشۇ يېزىنى سوراۋاتقان ھىيلىگەر، زالىم ئامىر دوغا ئانارخانغا كۆز سېلىپ، ئوغلىغا ئې-لىپ بەرمەكچى بولۇپ، موللاخۇننىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىر-

گۆزدى.

موللاخۇن ئەر ـ خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، ئامىر دوغىنىڭ بىشەم، قىمارۋاز ئوغلىنى ياراتماي، بىرقانچە قېتىم كىرگەن ئەلچىلەرنى ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇردى. بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپكەن ئامىر ئانارخاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ پۇخادىن چىقماقچى بولدى.

سۇلتان ماۋتىنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دۆلەتباغدا ئۆت-كۈزۈلىدىغان مېلىسقا قىز ـ چوكان تاللايدىغان سارىخان ئىم-سىملىك خىزمەتكارى بار ئىدى. ئامىر دوغا ئەنە شۇ سارىخان بى-لەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئازراق بىرنەرسە بېرىپ، ئانارخاننىڭ گۈزەللىكىنى تونۇشتۇردى ۋە سۇلتان ماۋت ۋاڭغا بۇ گۈزەلنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈشنى ئۆتۈندى.

سارىخان ئوردىدا ئوردا كېنىزەكلىرىگە باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئامىر دوغىنىڭ كۆشكۆرتۈشى بىلەن ئانارخاننىڭ گۈزەللىكى-نى سۇلتان ماۋتقا تونۇشتۇردى.

— باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەن-كى، كۆزلىرى قايناق بۇلاقتەك، چاچلىرى يىپەكتەك، مەڭزىلىرى پىشقان ئاناردەك، ئەۋرىشىم بەللىرى چۇمۇلىدەك، پەرىزاتنىڭ ئۆزى دەيدۇ. ئالىيلىرىغا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

سۇلتان ماۋتنىڭ بىردىن شەھۋەتپەرەسلىكى قوزغالدى، ئا-نارخاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئالدىراپ:

— جۈمە كۈنى بولىدىغان مېلىسقا چىللاپ كېلىڭلار، ئوردىغا لايىق بولسا ئەكېلەرمىز، — دېدى.

سارىخان قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ۋاڭنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، غوجى كاھنى تاپتى. ئاشۇ يىللاردا غوجى كاھ بىلەن سارىخان ھەرقانداق كىشىنىڭ قىز ـ كېلىنلىرىنى «ئوردىدىن مېلىسقا چىللاپ كەل-دۇق» دېسە، ئەۋەتمەي ھەددى ئەمەس ئىدى.

مېلىستىن بىر كۈن بۇرۇن غوجى كاھ بىلەن سارىخان مەيد-گە ئولتۇرۇپ، ئانارخانلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ موللاخۇن ئا-ئىلىسىنى تاپتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، گاڭ غوجامنىڭ

ئىلتىپاتى بىلەن ئانارخاننى ئوردا مېلىسىغا چىللاپ كەلگەنلىـ-
كىنى ئېيتىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانارخاننىڭ ئاپىسىنىڭ
يۈرىكى چىممىدە قىلىپ قالدى. موللاخۇن تاماخور، قورقۇنچاق
ھەم خۇشامەتچى ئادەم ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بى-
لەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سارىخان لولا:

— غەم قىلىشمىسىلا، ئەتە ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن. گاڭ
غوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىسىلەمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

— بارسۇن، قىزىمىز كىچىك بالا، ئىگە بولۇپ قويارلا، —
دېدى موللاخۇن.

مېلىسقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانارخاننىڭ چىرايلىرى
تاتىرىپ يىغلىۋەتتى.

— مەن بارمايمەن، مەن قورقىمەن، — دېدى ئانارخان.

— قورقماڭ، قىزىم، گۈزەل باغدا يۈزلىگەن قىز - چوكانلار
بىلەن ئويناپ كېلىسىز، باشقا ئىش يوق، مانا ئۆزۈم ئەكېلىپ
قويىمەن، — دېدى سارىخان.

— بارغىن، قىزىم، گاڭ غوجام ئۆزى چاقىرتىپتۇ، بىزنىڭ
يۈزىمىزنى يەرگە قاراتمايمەن دېسەڭ، بۇ ئاپاڭ بىلەن بارغىن، —
دېدى موللاخۇن.

ئانارخان ئىلاجسىز مەيگە ئولتۇرۇپ مېلىسقا ماڭدى. ئۇنىڭ
پۈتۈن خىيالى جېلىلدا ئىدى.

مېلىس ئەتىگەندىلا باشلاندى. بىرنەچچە داپەندىلەر داپ بىلەن
مېلىس ناخشىسىنى ئېيتىشتى. مېلىسقا يىغىلغان قىز - چو-
كانلار نەپىس ئايلىنىپ، بىر - بىرىگە پوتا سېلىشاتتى.

سارىخان مېلىس بېشى ئانارخاننى ئەتەي سۇلتان ماموتقا
كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پوتا سې-
لىپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئانارخان مېلىس ئەھلى ئىچىدە
يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئانارخاننىڭ گۈزەل
ھۆسن - جامالى خوتۇنپەرەس سۇلتان ماموتنى ئاشىق - بىقارار
قىلدى. ئانارخان قىز بولماي، چوكان بولغىنىدا، بۇگۈن ئۇنىڭ

بېشىغا چىدىغۇسىز دەرد ـ ئەلەم كەلگەن بولاتتى.

مېلىس بىر دورەم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سارىخان ۋاڭغا تەـ. زىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئىبسەنلىك سورىغاندى، ۋاڭ:

ــ ئانارخانغا بىر كىيىملىك دۇردۇن تارتۇق قىلىنسۇن، ئەمدى مېلىسنى توختىتىڭلار، ئانارخان ماڭا يارىدى. ئۇنى ئۇر - دىغا ئەكېلىشنىڭ يولىنى قىلىڭلار، ــ دېدى.

مېلىس ئەھلى تارقالدى. سۇلتان ماھۇت ئۇلپەتلىرى بىلەن شاراب زىياپىتىگە كىرىشتى، تۆرۈك (يۇمىلاق) ئايۋان ئۆيدە ھا - پىزلار مۇقام نەغمىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

*　　　　*

ئانارخان مېلىستىن ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىپ، سوغا بېرىش باھانىسى بىلەن جېلىل بىلەن ئۇچراشتى. ئانارخان غەمـ. كىن ھالدا:

ــ جېلىل، ئەمدى ئىش يامان يەردىن چىققىلى تۇردى... بۇ - گۈن مېنى ۋاڭنىڭ مېلىسىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىشتى... ــ دېدى.

ــ مېلىستا باشقا گەپ ـ سۆز بولمىغاندۇ؟

ــ باشقا گەپ ـ سۆزغۇ بولمىدى. ئۇ يەرگە نۇرغۇن قىز ـ چوكانلار يىغىلىدىكەن، لېكىن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

ــ ئەنسىرىمەڭ. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزگە ھېچكىم كۆز تىكەلمەيدۇ.

ــ ئۇنداق ساددا ئويلىماڭ، باشقا كۈن چۈشكەندە پۇشايمان قىلىمىز.

ــ ئۇنداق بولسا، مەن ئەتىلا ئۆيىڭىزگە كىشى كىرگۈزەي. ئانارخان ئويلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ جېلىل، ماڭا تارا ئىشلەپ، ئىتتىك بىر ئۇستىرا سوقۇپ بېرەلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇستىرىنى نېمە قىلىسىز؟

— ھەمراھ بولىدۇ، سىز يېنىمدا بولمىسىڭىزمۇ، يېنىمدا باردەكلا ھېس قىلىمەن.

— قەلەمتىراش سوقۇپ بەرسەمچۇ؟

— ياق، كىچىكرەك، ئىتتىك ئۇستىرا سوقۇپ بېرىڭ، ئەتە سىڭلىم مەستۇرنى ئەۋەتىمەن.

— ماقۇل، كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلماڭ، سىزگە يامان كۆزى بىلەن قارىغانلارنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دېدى جىپ-لىل.

سوغىسىنى لىق سۇغا توشتۇرغان ئانارخان ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك قاراپ - قاراپ قويدى ۋە:

— خوش ئەمىسە، — دېدى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

موللاخۇن ۋاڭ تارتۇق قىلغان دۇردۇننى قولىغا ئېلىپ، نې-مىشقىدۇر خۇشال بولاتتى. قىزىنىڭ ۋاڭغا ياراپ، ۋاڭغا قېيىنئا-تا بولۇشىنى كۆڭلىدە ئويلايتتى. سارىخان قايتىپ كەتكۈچە موللاخۇنغا پىچىرلاپ:

— ئەتە ئۆيلىرىگە مېھمان چىقىدۇ، بىر يەرگە كېتىپ قال-مىسىلا، — دەپ قويغانىدى. بۇ مېھمانىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئانارخانىنىڭ ئاپىسى بىرەر يامان شەپىنى سەزگەندەك كۆڭلى غەشلىككە تولدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەنلا موللاخۇن ئانارخاننى سىڭلىسى مەستۇرە بىلەن قوشۇپ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چوڭ دادىلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇردى. ئاشۋاقتى بىلەن ئاسىم تەيجى باشلىق بىرنەچچە ئەر - ئايال ئوردا خىزمەتچىلىرى ۋاڭغا ئەلچى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. موللاخۇن بۇ مېھمانلاردىن خۇشال بولدى.

لولا خوتۇن سارىخان ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

— موللاخۇن، قىزلىرىغا كۆپ دۇئا قىلغان ئوخشايلا، مانا ئەمدى بېشىغا بەخت قۇشى قونۇۋاتىدۇ، سۇلتان مامۇت بېگىمگە

يۇرتتا قىز كەممۇ؟ مېنىڭمۇ بويىغا يەتكەن قىزىم بار، گاڭ ئا-لىيلىرىغا تۇتقۇدەك قىلىۋاتىمەن، لېكىن بۇ ئىلتىپات سىلىگە نېسىپ بوپتۇ، قىزلىرى ئانارخاننى گاڭ بېگىم ھالال نىكاھىغا ئېلىشقا سورىتىپ، ئاسىم تەيجى بېگىم باشلىق ھەممىمىزنى ئە-ۋەتتى، بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟ — دېدى. موللاخۇن ھاياجانلىناتتى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

— كەلگەن قەدەملىرىگە رەھمەت، گاڭ غوجام بىزنى نامرات كۆرمەي، نەزەر - كۆزىنى سالغان بولسا بۇ چوڭ ئىلتىپات، ھېلىغۇ قىزىمىزنى سوراپتۇ، جېنىمىزنى سورىسىمۇ، ئايىمايمىز، گاڭ غوجامنىڭ يولىدا پەرماندارمىز، — دېدى.

موللاخۇننىڭ ئايالى ياۋاش، ئاغرىقچان ئايال ئىدى، كۆڭلىدە بۇ ئىشقا نارازى بولسىمۇ، قۇدرىتىنىڭ ھېچنېمىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. كەلگەن ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن تويلۇقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موللاخۇن ھەيران قالدى. ئاسىم تەيجى:

— موللاخۇن، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئانارخاننى ئەتىلا كۆچۈرۈپ كەتسەك دەۋاتىمىز، — دېدى.

ئانا ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— نېمانچە تېز، تەيجى بېگىم؟ — دېدى.

— نىكاھ دېگەن ئۇلۇغ، گاڭ غوجامنىڭ چەتكە بارىدىغان ئە-تىسىمۇ بار، كېچىكتۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟ ئەتىگە كۆڭۈللىرىنى توختاتسىلا، — دېدى گەپنى ئۈزۈپ.

سارىخان ئۇن يىلدىن بېرى ۋاڭغا خوتۇن تېپىش بىلەن شۇ-غۇللانغاچقا تەجرىبىلىك ئىدى، شۇڭا:

— بۇنى بۇگۇنچە ئانارخانغا ئۇقتۇرمىسىلا، كىچىك بالا ئە-مەسمۇ، نادانلىق قىلىدۇ، ئەتىلا ئۇقسۇن. نىكاھ دېگەن ئۇلۇغ، ئوڭايلا ئۆزگىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

— غەم قىلمىسىلا، قىزىمىزغا بىز ئىگە، — دېدى موللا-خۇن.

ئەلچىلەر قايتىپ كېتىشتى. موللاخۇننىڭ ئايالى ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— ھەي، خۇشال بولماي، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى موللاخۇن.

— قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي، گاڭ، باي دەپ ئاتىسىدەك ئادەمگە توقاللىققا بەرمەكچى بولدۇق، بىچارە قىزىم نى كۈنلەرنى كۆرەر؟ — دېدى.

— ئەخمەق، سۇلتان مامۇت گاڭ دېگەن كىم؟ خۇدايىم قىزىمىزنى تەلەيلىك يارىتىپتىكەن. ھەر نامىزىمدا بەختى - تەلىيىنى بەرسۇن دېگەن تىلەكلىرىم ئاللاغا يېتىپتۇ. بەخت قۇشى قوندى دېگەن شۇ.

— بەخت قۇشى قونامدۇ، ئەجەل قۇشى قونامدۇ، كىم بىلىدۇ؟ بۇنى ئانارخان ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟

— سەن ئەخمەق بولما! ئەمدىچۇ، بۇ يۇرت بىزنىڭ! قىزىمىز بىرەر ئوغۇل تۇغۇۋەتسە گاڭلىقمۇ بىزنىڭ! كالتە پەمسەن - دە، — دېدى.

ئانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ يېتىپ قالدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامىر دوغا پۇشايمان قىلدى. «ئەسلىي ئانارخاننى گاڭ زوتال قىلدۇ، نىكاھىغا ئالمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىشى بىر نامراتنىڭ ۋاڭغا خوتۇن بولۇپ، يۈز - ئابرۇيى تېپىشى ئىدى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، خۇشالمۇ بولدى، چۈنكى ئانارخاننى ۋاڭغا تونۇشتۇرغان ئۆزى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىن بىرەر ئىلتىپاتقا ئېرىشسەممۇ ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. ئانارخان بىلەن جېلىل بولسا تېخى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

موللاخۇن بۈگۈن ئانارخاننى ئۆيدىن چىقارمىدى. ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ بولۇنغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئانارخان «ئانا» دەپ يىغلاپ، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا باش قويۇپ

هوشىنى يوقاتقان هالدا يىغلىدى. ئەمدى قارشىلىق قىلىپمۇ، قېچىپمۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت ئەھۋالدىن جېلىلىنىڭ بىخەۋەرلىكىنى ئويلىغان ئانارخان سىڭلىسى مەستۇرەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزدى ـ دە:

ــ جېنىم سىڭلىم، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، بۇ خەتنى جېلىل ئاكاڭغا بېرىپ كەل، جېلىل بولمىسا، مەخان چوڭ ئاناڭغا بېرىپ، جېلىلغا تاپشۇرۇشنى ئېيتىپ قايتىپ كەل ، ــ دېدى.

مەستۇرە ئاچىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ كېيىكتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئانارخان قۇتۇلۇشنىڭ نۇرغۇن يوللىرىنى ئويلاپ، كۆڭلىنى بىر يەرگە توختىتالماي، جېلىلدىن ئۈمىد كۈتەتتى. «ئەگەر جېلىل ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە، پاك قەلبىمنى ۋاڭغا ئاياغ ئاستى قىلدۇرمايمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، جېلىل سوقۇپ بەرگەن ئۈستىرىنى ئانىسىغا تۇيدۇرماي يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

توي كۆچۈرگۈچىلەر يېتىپ كېلىشتى. نىكاھ ئوقۇلدى. تېخىچە جېلىلدىن خەۋەر يوق ئىدى. ئانارخان تولا يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى. ئانارخاننىڭ پەريادىغا قارىماي، ئۇنى تۆت كىشى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، مەپىگە تاشلاشتى. بىچارە ئانا ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى. ئانارخان مەپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولغاندا، بىرنەچچە كۈچلۈك قوللار ئۇنى ئامبۇردەك قىسىۋېلىشتى.

مەپە قارا چاقسا، ئىرمۇڭدىن كىرىپ توختىدى. سارىخان باشلىق نەچچە ئايال ئانارخاننى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە تەييار تۇرغان كاھلاردىن تۆت نەپىرى ئانارخاننى گىلەمگە سېلىپ، توققۇز ئىشىكتىن ئۆتۈپ، ۋاڭنىڭ مەخسۇس خانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى.

ــ خېنىم ئاغىچام، يىغلاۋەرمىسىلە، كۆزلىرىنى ئېچىپ، تۇرغان ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا قاراپ باقسىلا، جەننەتتىكە كىرىپ قالدىلا، ــ دېدى سارىخان.

www.uyghurkitap.com

— ئاچا، ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنى بۇ دوزاختىن چىقىرۋەتسىلە، — دېدى ئانارخان.

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ جۆيلۈمىسىلە، خېنىم. يەتتە غورەكنى ئوقۇپ، گاڭ غوجامنىڭ ئەمرىگە ئۆتتىلە. ئەمدى گاڭ غوجامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئوردىدا ئىززەت - ئابرۇي تېپىشقا تەييارلانسىلا، — دېدى سارىخان.

ئانارخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئوردا كېنىزەكلىرىدىن نەچچىسى ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ داستىخان كەلتۈردى.

نۇرغۇن نەسىھەتلەردىن كېيىن، ئانارخان مىشىلداپ يىغلاشقا ئۆتتى. ئۇنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىشتى، لېكىن «گېلىمدىن بىر نېمە ئۆتمەيدۇ» دەپ زادىلا يېمىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئانارخاننىڭ كىيىمىگە ئەتىر سېپىشتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى مەجبۇرىي يۇدى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى ئاللىقەيەرلەردە ئىدى... بىھوش قالغان ئانىسى، بىخەۋەر قالغان سۆيۈملۈك يارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. «بىچارە جېلىل! مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغانسىز؟ قىلتاققا چۈشۈپ، دوزاخقا بەند قىلىنغان مەشۇقىڭىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاۋاتامسىز؟ ئۆزىڭىز سوققان قىلىچىڭىزنى كۆتۈرۈپ كېلىڭ! بۇ زالىملارنىڭ بوينىنى ئۈزۈڭ!»

ئانارخان «گاڭ ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ ئادەمغۇ، مۇسۇلمانغۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ نامى بىلەن يالۋۇرسام، مېنىڭ نالە - پەريادلىرىمغا قاراپ، نىيىتىدىن يانسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ساددا خىيالىنىمۇ كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى ۋە توققۇز ئىشىكنىڭ ئىچىدىكى ئۇچار - جانىۋار ئۇچۇپمۇ كىرگىلى بولمايدىغان جايغا بەند قىلىنغان بولسىمۇ، «جېلىل ئامال قىلىدۇ، قۇتقۇزۇۋالىدۇ» دەپ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتەتتى.

# 4

مەستۇرە خەتنى ئېلىپ بارغاندا جېلىل يوق ئىدى. ئۇ نېمە ئىش بىلەندۇر بازارغا كەتكەن بولۇپ، ئەتىسى چىقماقچىكەن، شۇڭا مەستۇرە ئاچىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خەتنى مەخان چوڭ ئانىسىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندى.

نى دەردۇئەلەملەردىن بىخەۋەر جېلىل بىرمۇنچە بازارلىق ئېلىپ، ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن ئۆيگە كەلدى. ئانىسى خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزارتقىنىدا، جېلىل ئانارخاننىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خەتكە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى، خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك كىشىم جېلىل:

بىز جاھانغا يورۇقلۇق بەرگۈچى ئۇلۇغ قۇياشنى گۇۋاھ قىلىپ، ئاشىقلارنىڭ شاھلىرى پەرھاد ـ شېرىن، غېرىب ـ سەنەم، تاھىر ـ زۆھرەلەرنى شېپى قىلىپ، ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەنىدۇق. ئارىغا تىكەن ئۈندى. زالىم سۇلتان ماموت پاك مۇھەببىتىمىزنى دەپسەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن مېنى مەجبۇرىي ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ. بۇ ئىش شۇنچە تېز، تاسادىپىي بولغاچقا گاڭگىراپ قالدىم، تاماخور دادام مېنى ئۆيگە بەند قىلىپ قويدى. ئامال يوق. مېنى ئازدىن كېيىن ئېلىپ كېتىدۇ، پاك قەلبىمنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ...

ياق! جېلىل، ماڭا ئىشىنىڭ، مېنىڭ قەلبىم پەقەت سىز ئۈچۈنلا، ئۇنى سىز ئۈچۈن قوغدايمەن، ئاسرايمەن، پاك ساقلايمەن، تەۋەررۈكىڭىز يېنىمدا ھەمراھ! ساق قۇتۇلالىسام كۆرۈشەرمىز، قۇتۇلالمىسام، مەندىن رازى بولۇڭ، قىساس ئېلىڭ! مەن سىزنى جەننەتۇل مەۋانىڭ تەھتۇ ئەنھار بويىدا ئاشىقلار شاھلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرىمەن. ئۆزىڭىزنى ئاسراپ قىساس ئېلىڭ! خەير.

مەڭگۈ سىزنىڭ ئانارىڭىزدىن».

خەتنى ئوقۇپ بولغان جېلىل «ئاھ» دېدى ـ دە، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. مەخان ئانا ئالدىراپ قالدى. ئوغلىنىڭ بېشىنى

تىزىغا ئېلىپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىدىن مەخان ئانا خەۋەرسىز ئىدى. شۇ ئەسنادا جېلىلنىڭ جان دوست ئاغىنىسى مۇسا كىرىپ كەلدى. بىرئازدىن كېيىن جېلىل ھوشىغا كېلىپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قوزۇقتىكى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ «قىساس ئالىمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇپ كەتكەن مەخان ئانا بالىسىنىڭ قولىغا يېپىشىپ:

— نېمە ئىش، بالام، نېمە قىلىمەن دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپا، زالىم گاڭ مېنىڭ ئانارىمنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مەن گاڭنىڭ كاللىسىنى چېپىپ، قىساس ئالىمەن، — دېدى جېلىل.

— بالام، گاڭلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ. لىگالار، ئامىرلار زۇلۇمغا چىدىماي يېغا قىلىپ باقتى، تەڭ بولالمىدى. سەۋر قىلغىن، — دېدى ئانا.

— ياق، ئانا، ماڭا دۇئا بەرگىن، مەن قىساس ئالىمەن، بۇ يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى، — دېدى جېلىل. مۇسا گەپكە ئارىلىشىپ:

— جېلىل ئاداش، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلايلى. ئانارخاننى ئوردىغا ئەكىرىپ كەتمىگەن چاغ بولسا، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئوڭاي ئىدى. ئەمدى قىيىنراق. شۇنداقلا بارساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن، ئانارخاننى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

— مۇسا ئاداش، چىداپ تۇرالمايمەن، ئانار قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغاندۇ، مەندىن قانچە رەنجىۋاتىدىغاندۇ؟

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى: ئاغىنىلەرنى يىغىپ، مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ھەممىمىز خەنجەرلەرنى يوشۇرۇپ، بىرنەچچىمىز دەۋا ئىشى بىلەن ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرەيلى، بىرنەچچىسى ئىشىك ئالدىدا قالسۇن، ئوردىدا لەشكەر يوق، بىزدىن دېۋانبېگى بىلەن توپېپشىغا بىرئاز نېمە كېتىدۇ، «گاڭ بىلەن كۆرۈشىمىز» دەپ تۆت ـ بەشىمىز ئوردىغا كىرىپلىۋالساق، زالىملارنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئانارخاننى قۇتقۇزۇپ چىقالايمىز، — دېدى مۇسا.

بۇ گەپ مەخان چوڭ ئانغىمۇ ياقتى. جېلىلمۇ مۇساننىڭ ئەق-لىگە ماقۇل بولۇپ، ئاغىنىلىرىنى بۇگۇنلا يىغىپ مەسلىھەت قىلماقچى بولدى.

* *

ئەتىسى ئۇن بىر ئاتلىق ياش جېلىل، مۇساننىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مەخپىي قوراللىنىپ، لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەھەللىدىن ئىككى - ئۈچ كىلومېتىرچە ئۇزىغا-نىدى، قوش ئاتلىق بىر هارۋا ئۇچرىدى. هارۋىدا ئىككى ئەر، ئىككى ئايال، ئاق يېپىلغان بىر مېيىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كې-لىشمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرگەن جېلىلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى - دە، هارۋىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ، هارۋىلىقلارغا سالام بەردى. مۇسا بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك:

— نەگە بېرىشىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كېچە بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ، تۈنۈگۈن سۇلتان مامۇت گاڭ بىر قىزنى ئاپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندۇق، بۈگۈن ئەتىگەن ناماز-غا كېتىۋېتىپ، ئوردا كەينىدە ئۆلۈك هالدا ياتقان قىزنى كۆر-دۇق، بۇنى ئوردا تەيجىلىرى ئۇقۇپ: «بۇ قىزنى ئاتىسى موللاخۇن-غا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىدى، ئېلىپ كېلىۋاتىمىز، — دېدى.

جېلىل سەنتۈرۈلگىنىچە مۇردىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ «ئانار، مېنىڭ ئانارىم» دەپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كۆز يېشى قىلىشتى.

— بۇ قىزنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۇقۇشمىدىلامۇ؟ — دېدى مۇسا.

— ئاڭلىشىمىزچە، بۇ باتۇر قىز ئىكەن. گاڭنى ياردار قى-لىپ، ئوردىنىڭ كەينىدىكى پەنجىرىدىن ئۆزىنى تاشلىغانىكەن، بېشى تاشقا تېگىپ، بولالماپتۇ، — دېيىشتى.

— سۇلتان مامۇت نېمە بوپتۇ؟— دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— بۇگۈن ئەتىگەن ۋاڭنى ئارىشاڭغا ئەكىتىپتۇ دەپ ئاڭلى-
دۇق، — دېدى هارۋىكەش.

جېلىل هۆڭرەپ يىغلايتتى. مۇسا باشلىق ئاغىنىلىرى ئۇ-
نىڭغا تەسەللى بېرىشەتتى. جېلىل غەزەپ بىلەن قىلىچىنى سۇ-
غۇرۇپ:

— مەن ئارىشاڭغا چىقىپ قىساس ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— جېلىل ئاداش، «سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن»، ئانارخاننى
تۇپراققا قويۇپ بولۇپ، كېيىنكى ئىشنى يەنە مەسلىھەت قىلار-
مىز. ئانارخاننىڭ باتۇرلۇقىدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، — دېدى
مۇسا.

— شۇنداق، گاڭغا كىم كىرىپ كۆتۈرۈپ قارىيالىغان؟ بۇ
قىز قورقماي تىغ ساپتۇ. گاڭدىن قان توختىمايۋاتقۇدەك دېيە-
شىدۇ، — دېدى هارۋىدىكىلەردىن بىرسى.

جېلىل ۋە مۇسالار ئانارخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، قايغۇ -
ئەلەم بىلەن كەينىگە يېنىشتى.

## 5

ئانارخاننىڭ قەبرىسى.

جېلىل تۇپراققا باش قويغىنىچە: «ئانارىم، ئانارىم!»... دەپ
يىغلاپ ياتاتتى. مۇسا كېلىپ:

— جېلىل ئاداش، يىغلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. سەۋرچان
بول. ئانارخان ساڭا: «قىساس ئال» دېگەن ئەمەسمۇ، بۇنى ئۇنتۇ-
دۇڭمۇ؟ يۈر، ئاغىنىلەر ساقلاپ قالدى، — دەپ تۇپراق بېشىدىن
قايتۇرۇپ كەلدى.

جېلىل قىساس ئوتىدا ياناتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بۇ
يەردىن يەتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چالقان تېغى ئارىسى-
دىكى ئارىشاڭغا چۈشكۈچىلەر قىياپىتىدە بېرىپ، سۇلتان ما-
مۇتنىڭ ئانارخاننىڭ قىساسىنى ئېلىشماقچى بولۇشتى.

بۇ دەل سۇلتان ماموت ئوتتۇز ئالتە ياشقا توشۇپ، ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىغا ئون سەككىز يىل بولغان ۋاقىت ئىدى. ئانارخان يەرلىكىگە قويۇلۇپ سەككىزىنچى كۈنى جىلىلار تاڭ سەھەر بىلەن يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، «سۇلتان ماموت گاڭ ئارىشاڭدا جان ئۈزۈپ قايتۇرۇلۇپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر بىلەن ئۇلار يەنە توختاپ قېلىشتى.

*　　　*

ئانارخاننى كۆچۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى كەچتە شاراب ئىچىپ تەڭشەلگەن سۇلتان ماموت دەلدەڭشىگىنىچە خاس ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئانارخان بىلەن بىللە بولۇۋاتقان كېنىزەكلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئالدىراش چىقىپ كېتىشتى. كېنىزەكلەر كەينىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئانارخاننى توسۇۋېلىپ:

— كىچىك پوجوڭ خېنىم، نەگە بارىسىز؟ موشۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ھارغانسىز، ئەمدى يېتىپ ھاردۇق ئالايلى، — دېدى سۇلتان ماموت.

ئانارخان تامغا يۆلەنگىنىچە لام ـ جىم دېمەي تۇراتتى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. كىيىملىرىڭنى يېشىپ يات! — دېدى سۇلتان ماموت. ئانارخان يىغا ئارىلاش:

— ئاجىز قۇللىرىغا رەھىم قىلسىلا، بېگىم، مەن لايىقلىرى ئەمەس، مەن خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆزۈمنى سىلىدىن تىلىگەنىم، مېنى ئوردىدىن ھەيدىۋەتسىلە، — دېدى. سۇلتان ماموت كەيپ ئىلكىدە قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— قورقما، قىزچاق، مەن ساڭا ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك ياسىتىپ بېرىمەن، جاھىللىق قىلمىغىن، مېنىڭ ئاچچىقىم يامانراق، — دېدى.

ئالداشلارمۇ، تەھدىتلەرمۇ ئانارخانغا كار قىلمىدى. ئانارخان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جىلىنىڭ يادنامىسى بولغان ئۈستىرىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى، سۇلتان مامۇت ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولدى.

— ماڭا تەگمىسىلە، بېگىم، يېقىن كەلمىسىلە، ئۆزۈمنى ئاللادىن تىلىگىنىم، — دېدى ئانارخان. قاتتىق غەزەپلەنگەن سۇلتان مامۇت:

— ھۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن جاھىل، نى - نى جاھىللار مې-نىڭ قولۇمدا موم بولغان. مەن سېنى نىكاھلاپ ئالغانمەن، — دېگىنىچە ئانارخانغا يېقىنلاشتى.

يالۋۇرۇشلار بۇ ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانغا قىلچە تەسىر قىل-مىدى. ئۇ ئاندىن تۇغما ھالدا ئانارخانغا قول سالماقچى بولغان-دى. قانچىلىغان بىگۇناھ خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلغان بۇ تەلۋىنىڭ ھايۋان نەپسىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرماقچى بولۇپ، ئا-نارخان قولىدىكى ئىتتىك ئۈستىرىنى ئۇنىڭ كىندىك ئاستىغا سىلىۋەتتى... سۇلتان مامۇت «ۋايجان!» دېگىنىچە كېسىلگەن جان يېرىنى چاڭگاللاپ يىقىلدى. ئانارخان يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئوردا كۆرەسىگە چىقىپ، كەينى پەنجىرىدىن ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئانارخان ئۆزىنى تاشلىغان پەنجىرە بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە ئىككى مېتىر كېلەتتى.

ۋاڭنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان يان ئۆيدىكى ئاغىچىلىرى ئويغىنىپ، ھۇجرىغا كىرىپ قانسىراپ ياتقان ۋاڭنى كۆرۈپ ئال-دىراشتى. دەرھال ئوردا تېۋىپى بىلەن باش تەيجىنى چاقىرىپ كېلىشتى. بۇ ۋاڭ ئۈچۈن ناھايىتى سەتچىلىك ئىدى. شۇڭا، دەرھال جابدۇپ، ئارىشاڭغا چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. باشقىلارغا: «غوجامغا يامان بىر جاراھەت چىقىپ ئارىشاڭغا كەت-تى» دېيىشكە بىرلىككە كېلىنىپ، شۇ كېچىسىلا مەپە بىلەن سۇلتان مامۇتنى تاغ ئارىسىدىكى ئارىشاڭغا ئېلىپ كېتىشتى.

*  *

سۇلتان ماﯘتنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، جېلىلنىڭ سەپداشلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا بولدى. ئۇلاردىن بەزى-لىرى:

— ئاغىنىلەر، سۇلتان ئۆلگەن تۇرسا ئەمدى كىمدىن قىساس ئالىمىز؟ — دېيىشتى.

— ياق، مەن ئانار ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن قىساس ئالىمەن، ئانارنى مېلىسقا ئاپىرىپ گاڭغا كۆرسەتكەن ھېلىقى كورسۇكنى ئۆلتۈرىمەن، — دەيتتى جېلىل.

— ئۇنداق قىلساق، مەردلىك بولماس، قىساسنى ئانارخان ئۆزى ئاپتۇ، بۇنىڭدىن خۇشال بولساق بولىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

— قىساس ئالىمىز دەپ قەسەم ئىچتۇقمۇ، چوقۇم قىساس ئا-لىمىز، قىساسنى ئوردىدىن ئالىمىز! — دېدى مۇسا.

— ئانارخان زالىم گاڭنى ئۆلتۈردى، ئىش پۈتتى، كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى بىرسى.

— ئاغىنىلەر، ئاشۇ ئەجدىھا گاڭ ئوردىسىدا قانچىلىغان بى-گۇناھ جانلار قىينالمىغان؟ بۇ بىر ئانارخاننىڭ قىساسىلا ئە-مەس، بەلكى باغلىغانىكەنمىز، بوشاتمايلى، نامراتلار خۇشال ئۆ-تىدىغان كۈنلەر ئۈچۈن يېغا قىلايلى، مەن جېنىمنى تىكىپ قوي-دۇم! — دېدى جېلىل.

تالاش - تارتىش خېلى داۋام قىلدى. لېكىن، بىرلىككە كې-لەلمىدى. سۇلتان ماﯘت ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قىساس ئېلىش كېرەكمۇ؟ كىمدىن قىساس ئېلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە قاراش ئوخشىمايتتى، جېلىل بولسا بىگۇناھ ئۆلگەن ئانارخاننى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغاندا چىداپ تۇرالمايتتى.

جېلىل غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچىنى شارتىلدى-تىپ تاشقا بىلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قوش مەسچىت

## 1

بوۋا، مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك ـ رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى ـ ھە! كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننەما ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپ بولغۇچە تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇنېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق تۇقماقلار...

بوۋا، بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ:

ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بوپتۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ، قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئەسل ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاخىر يېگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەتراپىدا ئوتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقۇدەك، ئاي پالتىلىق بەھەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، سەن سېمىز، مەن ئو-

رۇق» دەپ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىۋاتقۇدەك. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزىمۇ تۈگەپ كېتىۋاتقۇدەك...

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، چۈش كۆرۈپتىمەن: ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغۇدەكمەن. ئاي پالتا كۆ ـ تۈرگەن بەھەيۋەت جاللاتلار كىرىپ: «سېمىزلىرىڭ بۇ ياققا ئۆتۈش !» دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ئىچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىسئەقىل تۇت ـ قۇنلار: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىۋات ـ قۇدەك. ئىتتەرگەنلەرمۇ، ئىرەجىگەنلەرمۇ بارا ـ بارا تۈگەپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەنمىش. «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ، — دەپ سۆرەۋاتقانمىش ئۇلار، — بىرقانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۈر!» مەن تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگۈدەك. ئاخىر ئۇلار: «بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالايلى!» دەپ ئاي پالتىنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك...

— بوۋا!... — دەپ ئويغىنىپ بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپ ـ تىمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورقما! — دېدىڭ ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىمنى قوقاق بېسىپ كەتتى. نەچچە كۈن ـ لەرگىچە قىزىپ جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپىرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر ـ بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زامانلاردىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ ھازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟...

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

## 2

كوچىمىز — ئورغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. ھا ـ

www.uyghurkitap.com

زىر «قوش مەسچىت» دېمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلىي نامى «ئاي كوچا» ئىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئون توققۇز جۈپ دەرۋازا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنار - گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى - تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپمۇئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. ئۇنىڭ سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى دەرۋازىسىمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ. قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ - ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر - بىرىنىڭكىگە ھېيتلىمايدۇ، قۇدا - باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆزئارا دوست - ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش - چالمىلىرى زەربىسىدىن ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات - قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ - يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن - ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز - مېكىيانلارنىڭ ھەرقانداقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۇستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنىغان. بىزنىڭكىدە بىرسىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر - بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىش بى-

لەن ئۆتىدۇ. كىر سۇيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇ-
غا، تام تۈۋىلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ
كېتىدۇكى، جېدەل ـ ماجىرا قۇرۇمايدۇ، توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام، ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان
تارتقان دەرد ـ مۇشەققەت، ئازاب ـ كۈلپەتلىرىمۇ بىر ـ بىرد-
نىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. «توڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا باشقا
كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ.
بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۇتتۇشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن
كىرىپ ـ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسال-
غۇسىز بېسىپ كىرىۋېرىپتۇ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ، بۇلغايدىغاننى
بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ، پۇشايمان
قىلماپتۇ. شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان
زامانلاردا بىر ـ بىرىنى چېقىشتۇرۇۋېرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپ-
تۇ، نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتل
قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۇدەك بوپتۇ. مانا ھازىر «ئۆچكە،
بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى غەزەپ بىلەن
سۆكۈشمەكتە، پاش قىلىشماقتا:

— ئۇ — ئوغرى!

— ئۇ — ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج
ئوغرىسى!

— ئۇ — يىرتقۇچ يولۋاس!

— ئۇ — ئەشەددىي يولۋاس!

گويا ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە!

— مەن، ئورۇق، ئۇ سېمىز!...

سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاخىر
ساقا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا ـ مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىر-
لىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكى-
لەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سامغۇ، سەن تېخى كىچىك، تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەيسەن دې-
دىڭ. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ، مانا، ئەمدىغۇ ئېيتىپ
بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە
تەقەززا قىلمىغىنا!

ـــ ماقۇل، بالام، ـــ دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، ـــ هازىر
سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق ـ
قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ ـ سۆزۈمنىڭ تېگى ـ تەكتىگە
يېتەلەيسەن، زېهنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي.

### 3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلىي نامى «ئاي كوچا» ئىدى. ئاي-
دەك يورۇق، ئىللىق كوچا ئىدى؛ قان ـ قېرىنداشلىق مۇهەببى-
تى تاش ـ كېسەك، تام ـ تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق
كوچا ئىدى؛ زوهۇرىدىن هاكىمبەگدەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى،
موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرەهىم نىزارىي قاتارلىق پىر ـ
ئۇستازلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن
داموللا هاجى هەزرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن
(ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئىلاهە ئامىن!) ئارىمىز بۇزۇل-
دى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئاي كوچا» دېگەن تەۋەررۇك
نام «قوش مەسچىت»كە ئۆزگەردى، ئاغرىق ـ ئاداۋەت، بالا ـ قازا
باشلاندى!

مەرهۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللا هاجى هەزرەتلىرى ئاتاق ـ
ئابرۇيلۇق، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پۇل ـ مال، ئالتۇن ـ كۈ-
مۈشلىرىنىڭمۇ هەددى ـ هېسابى يوق ئىدى. هەتتا ئاللا ئۇنىڭغا
بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغانىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى
هەسەن، كىچىكىنىڭ هۈسەيىن ئىدى. بوي ـ ئىسكەت، رەڭ ـ
چىراي، خۇلق ـ مىجەز جەهەتتىنمۇ ئايرىۋالغۇسىز هالدا ئوخ-
شاشلىقى بىلەن هەممىنى هەيران قالدۇراتتى. ئۇلار ئۆگەندى،

بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۈشتۈمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۇسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇ-رۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەن قارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھ-رىبان، دۇئاگوي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت يارام-لىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوش-كېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىلىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھۈرى-نىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇن خېنىم بۇ-رۇن ياتلىق قىلىنىپ، ھۇسەيىن قارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللا خې-نىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەن قارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ-تۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجامالاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرۇيى، شان - شە-رىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان - قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك - ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت هارارىتى بىلەن ئىللىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان «ئاي كوچا»مىز نائىناقلىق ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاس ـ
تىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سو ـ
غۇق، «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى:

ۋالىي، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازى ئاخۇ ـ
نۇم، مۇدەرىس ئاخۇنۇم قاتارلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار
بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ
چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە
باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائى ـ
دە ـ يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى
ھۇسەيىن قارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەر ـ
نىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇن خېنىم: «مەن
ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە،
تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى،
ئۆينىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىش،
جېدەل ـ ماجىرالىرى تۇپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلى ـ
نىدىغان بولدى. بىز — ئەھلى جامائەت ئاكا ـ ئۇكا قوشكېزەك ـ
لەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

— ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق ـ ئاداۋەتنىڭ ئا ـ
قىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان ـ قېرىنداشلىق رىشتىنى
يېڭىباشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قى ـ
لىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا ـ ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت
سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم
خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەن ـ
سۇپ!»

— مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، —
دەپ تەكرارلاپتۇ تىللا خېنىم، — يۇقىرى ئورۇن ـ مەرتىۋە مې ـ
نىڭ!

— مەن ئاچا، — دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ ئالتۇن خې ـ

نىم، ــ ئورنۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن !

ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەـ تىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ بىقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا ـ سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۇرلۇك نازۇنېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈسـ ـتىگە بىر ـ بىرىنى بېسىشىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچ ـ لىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. تىل ـ ئاھانەت، يىغا ـ زار، قىيا ـ چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ، مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ. قارىسا، باش ـ كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ چېچـ ـىنى مەھكەم سىقىملاشقان ھالدا پومىداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلار ـ نىڭ بوي ـ تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەس ـ بەس بىـ ـلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

— تۇر، ئورنۇڭدىن ! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ ئىـ ـمام ئاخۇنۇم، — ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى ! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات سايتۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا !... — گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورـ نىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم، — تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى.

ئالتۇن خېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپپاق ئالىقىنى قىپـ ـقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا ـ كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ ـ دە:

— ھۇ خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق ! — دېگىنىچە بىر پىيالە رىشالىنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئىچىتىپتىـ ـكەن، ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ، يۈز ـ كۆزلىرى ئاپپاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كۈن ـ تۈنلەر ئاغرىق ـ ئاداۋەت ئىچىدە ئۆـ تۈشكە باشلىدى. نائىناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇـ كىلار يۈرىكىدىكى قان ـ قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ـ ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

ــ خوتۇننى تالاق قىلىۋەتسۇن! ــ دەپ شەرت قويدى ئاـ كىسى، ــ شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقاـ رىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن، ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيـ مەن.

ــ خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، ــ دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسى، ــ مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېـ چەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۇرۇلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە ـ پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭـ قۇرلاشتى. ئىناق قوشنا ـ ھەقەمسايىلەرمۇ چەك ـ چېكى كۆـ رۈنمەس تالاش ـ تارتىش چۆلىدە قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇن خېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆزى ھىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە ـ پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە ـ كۈندۈز گەپ توشۇپ ئوت ئۈستىگە ياغ چېـ چىشتى. بەزىلەر ھۇسەيىن قارىنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىـ رىپ: «سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سېمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەن قارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىـ لىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا. كىنىدىك ئانا بىر كېچە ـ كۈندۈز كىرپىك قاقماي تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن

ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماش-
تۇرۇپ قويغانىكەن» دەپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشتى. بەزىلەر ئال-
تۇن خېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپ: «ئەرلىرى ھۇسەيىن قارىم سو-
دىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى — گۆر ئازابى تارتسا، سىلى
ئۆزلىرى تەنھالىق — تەشنالىق دەردىنى تارتتىلا. ھەسەن قارىم
بولسا شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ، مۇشەققەتسىز ھالاۋەت
كۆردى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلاردىن
كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمىچۇ تېخى!
قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ
تېرە - ئۈچەي، كاللا - پاچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ.
تىللاخاننى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا - تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى
ھۇسەيىن قارىممۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى. ھەرقانداق
جامەنىڭ ئىماملىقىنى قىلالايدۇ، ئاكىسىدىن ئوبدانراق قۇرئان
تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە
پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر
ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا،
كېلەر يىلى ئۇكىسى...» دېيىشىپتۇ.

بۇ مەسلىھەت ئالتۇن خېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل
قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار
ھۇسەيىن قارىمنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىيگە بارسا،
بىر قىسىملار ھەسەن قارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تە-
لەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ
خىسلەت - پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت
قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن - نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئىيەت
بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى. دوتەي - ئامباللارمۇ ئا-
مال قىلالمىدى. ئۆز قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالتۇن خې-
نىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۇسەيىن قارىم ئاخىر ئۇرۇمچىگە
راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەن قارىممۇ دەرھال ئات-
لىنىپ ھۇسەيىن قارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپتۇ. بۇ ۋاقىت — نىقابلىق يالماۋۇز ياڭ جياڭجۈننىڭ قو- مول خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈر خەلىپىنى قەتل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرى ھەققىدە قال- تىس بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۇڭ قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: «... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەبەسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر. ئەگەر بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى — زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۈگەشكىنىم شۇ، تەختى - بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...»

ئوغلۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ ئۆز ھۆكمىنى مۇنداق شەرھلەۋات- قانىكەن: «دىل بىرلىكى — ئىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم - مەرىپەتكە ئىنتى- لىش، ئويغىنىش، ئۆز - ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ‹بىرلىك›تىن ئارتۇقراق خەۋپ - خەتەر يوق ماڭا!...»

ھۆسەيىن قارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جياڭجۈننىڭ ئال- دىغا كىرىپتۇ. جياڭجۈن ھۆسەيىن قارىم ئىنئام قىلغان يۈز دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەسەن قارىم كىرىپ كەپتۇ - دە، يۈز دانە تىللانى ئالدى- غا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئويلىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جياڭجۈن.

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تۇيدۇرماستىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى بىر يۈز يىگىرمە تىللا ئىنئام قىلغان بولسا، ئۇكىسى بىر يۈز ئەللىك، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەن قا- رىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشە- نىپ كېتىپ، ئىنئام يوللاشتا ھۆسەيىن قارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، ياڭ جياڭجۈن:

— سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول ! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھـۇ-سەيىن قارىمغا، — سىنىڭ قولىلىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىدپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان - ساراي، يەر -زې-مىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل !

ھەسەن قارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر، سىنىڭ قولىلىغۇ-چىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان - ساراي، يەر - زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۇسەيىن قا-رىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سال-دۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن، كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن !...

ھەسەن قارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

— جياڭجۇن ئالىيلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ يەر كۆلە-مى، شەكىل - نۇسخىسى...

— كونا مەسچىت بىلەن ئوپمۇئوخشاش، — دەپ جاكارلاپتۇ جياڭجۇن، — بىر قەدەم كەڭ - تار، بىر غېرىچ ئېگىز - پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل - نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر - بوياقلىرىغىچە ئوپمۇئوخشاش بولۇشى كېرەك !...

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ قوش مەسچىتنىڭ تارىخى ئەنە شۇ ! ئاي-دەك يورۇق، باھاردەك ئىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسلىدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ !

## 4

جېنىم بوۋا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بول-غان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەس-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

لىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن.
يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش ـ ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدى ـ
ماقتا، تەشۋىش ـ ئەندىشلىرىم كۆچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كو ـ
چام، قانلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن
ھەسرەت ـ نادامەتلىك كوچام! ئەمدى سەن تىنچ، ئىتتىپاقلىق
باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز
ھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى سەھەردە قارىمۇقارشى ئىك ـ
كى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمانىنىڭ: «ئەسسالامۇ
ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»نى بەجا كەلتۈرۈپ بىر مەسچىت ـ
كە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەي ـ
نى زامانلاردىكىدەك: «مەن ئورۇق، ئۇ سىپمىز» دەپ بىر ـ بىرىنى
ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يېڭى ئىمام بىر مەس ـ
چىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنساننىڭ خار ۋە زەبون
بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتۈن جامائەت: «ئىك ـ
كى نەرسىدۇر: بىرسى جاھىللىق ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى،
تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت ـ ئابرۇي،
قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان: «بىلىم ـ مەرىپەت،
ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر» ① دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەر ـ
سە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يايراپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ،
بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز ـ گۆھەرلى ـ
رىمىز، ئۆمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى
قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەي ـ
رەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، يار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمى ـ
دىم:

بوۋا، جېنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ ـ مۇرادىڭ گۈل ـ
چېچەك ئاچتى!

---

① ئابدۇقادىر داموللا: «ئەقايىدى زەرۇرىيە»دىن ئېلىندى.

قاھار جېلىل

# ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ

ئۇ چەت ئەلدىن كەپتۇ.

بۇ خەۋەر باشتا مېنى بىردىنلا قىزىقتۇردى. ھە دېگەندىلا كۆز ئالدىمدا غۇلجا شەھىرىنىڭ خىلۋەت، تېرەكلىك كوچىلىرىدىكى رومانتىك ئاخشاملار نامايان بولدى. گويا ئۇنىڭ بىلەن قولتۇق-لىشىپ ئاستا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، دەرەخ دالدىسىدىكى ئاشۇ قەدىردان ئورۇندۇقتا ياندىشىپ ئولتۇرغاندەك بولدۇم. ئال-لىقاچان ئۇنتۇلغان تۇيغۇلار يېڭىباشتىن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىدى. ئەمما، بىرئازدىن كېيىن ئەقىل ئىشلىتىپ ئۆزۈمنى بېسىۋې-لىشقا تىرىشتىم. ئاخىر تۆت بالىغا ئاتا بولغان ئادەممەن، نەۋرى-لىرىمنىڭ ئالدى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى ياش-لىقتىكى رومانتىك ۋەسۋەسىلەرگە ھەۋەسلىنىش نە ھاجەت!؟

بېشىمنى سىلكىۋېتىپ، يەنە قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم. ئەتە چوڭ يىغىن، مەن نۇتۇق سۆزلىشىم كېرەك، سۆز تېكىستىنى كەچكىچە قولدىن چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئوتتۇز نەچچە يىل-دىن بۇيان بىرەر ئىشقا قاتتىق بېرىلگەن چاغلىرىمدا باشقا ھەر-قانداق غەيرىي خىياللارنى مېڭەمگە يېقىن يولاتمايدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرگەنىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق بولار دەپ ئويلاپتىمەن. نەدى-كىنى، «ئۇ كەپتۇ» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز خېلىغىچە قۇلىقىم تۈۋىدە غوڭۇلداپ، پىكرىمنى چېچىۋەتتى. لېكىن، ھەرقانداق خەۋەر تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇنىڭ قىممىتى ئاستا ـ ئاستا خىرە-لىشىدۇ. ئاخىر مەنمۇ يەنە بېسىقىمغا چۈشتۈم ـ دە، نۇتۇق تې-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىستىنى كۆڭلۈمدىكىدەك يېزىپ تۈگەتتىم.

كەچتە ئۆيگە كەلسەم، ئايالىمنىڭ روھىي ھالىتىدە ئازراق ئۆزگىرىش باردەك كۆرۈندى.

— ھېلىقى... — دېدى ئۇ ئالدىمغا تاماق قويۇۋېتىپ.

سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. بىراق، ئۇ قاچىغا لازا، ئاچچىقسۇ قۇيغان بولۇۋېلىپ ئۈندىمىدى.

— نېمە «ھېلىقى»؟

ئايالىم قولاشمىغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

— كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ باشقىلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە نەۋاق.

ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ كېچىكىپ كەلگەن تالاي چاغلىرىم بولغان، لېكىن ئۇ سوراپمۇ قويمايتتى. بۇگۇن نېمە بولدىكىنە؟ سەۋەبىنى چۈشەندۈردۈم. بىراق، ئۇنىڭ تازا ئىشەنمەي كەتمىگەنلىكى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

كۆمۈلۈپ قالغان بۇلاق سۈيى كۆنلەردىن بىر كۈنى زېمىن ئۈستىگە چىقماقچى بولسا، ئاۋۋال بىرنەچچە قېتىم «بۇلدۇق، بۇلدۇق» قىلىپ يۇمىلاق كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە سەن ئۇنى بەزىدە «سىزىندى سۇلارنىڭ ئۆرلىشىمىكىن» دەپ ئويلاپ قالىسەن، ئەمما ئۇ ئاخىر ئوقچۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، ئەسلىي ھالىتىنى بىردىنلا نامايان قىلىدۇ. ئايالىممۇ شۇ تاپتا ئاشۇ بۇلاققا ئوخشىدى.

— كونا قەدىردانىڭىز چەت ئەلدىن كەپتۇغۇ؟!

ھە، ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە. ئايالىم ھېلىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئەمما، مەن بۇنداق «كۈلۈمسىرەش» ئىچىگە ئاللىقانداق بىسەرەمجانلىق، ئاچچىقلىنىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش مەنىلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىنمۇ يۇقىرىقى ھالەتلەرنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ھەي ئاياللار، ئاياللار، سىلەردىنمۇ مۇشكۈل تېپىشماق بارمىكىن جاھاندا؟! بەزىدە ئۆزۈڭلارغا بىۋاستە زىيان يەتكۈزگەن

نى ئازاب، نى مۇشكۇللۇكلەرنى ئۇن ـ تىنسىز سۈمۈرۈۋېتەلەي-
سىلەر ۋە بەزىدە مانا ھازىرقىدەك ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن، سى-
لەرگە ھېچبىر زىيىنى تەگمەيدىغان كىچىككىنە ئىشلارمۇ كۆڭ-
لۈڭلارنى پەرىشان قىلىپ قويىدۇ.

مەن ئېچىنغان ھالدا ئايالىمغا قارىدىم. ئوتتۇز بەش يىل بىر
ئائىلىدە ئىناق ياشاپ كەلدۇق. بىللە قايغۇرۇپ، بىللە شادلاندۇق،
ئىززەت ـ ھۆرمەت، ساداقەت ۋە كۆيۈمچانلىق تۇيغۇلىرى قەلبى-
مىزدە ھەمىشە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇنداق ئى-
كەن، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ پاك تۇيغۇلارغا شەك كەلتۇ-
رۈش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئەمەسمۇ!؟

ئۇنىڭغا زادى يالغان سۆزلەپ باققان ئەمەسمەن. شۇڭا، «ھې-
لىقى»نىڭ كەلگەنلىكىدىن مېنىڭمۇ خەۋەر تاپقانلىقىمنى ئېيتىپ
بەردىم.

ئايالىم يەنە بايىقىدەك كۈلۈمسىرىدى.

ــ مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقتى. شۇنچە ئادەم ئاڭلىغان
يەردە سىز خەۋەرسىز قالاتتىڭىزمۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ كەلمەكچى
بولغانلىقىدىن... ئۇ كېلىشتىن ئىلگىرىلا خەۋەر تاپقان بولغىي-
دىڭىز؟... خۇشال بولغانسىز؟

ئۇنىڭغا سەل رەنجىگەن قىياپەتتە قاراپ قويدۇم ـ يۇ، گەپ
قىلمىدىم. نېمىمۇ دېيەلەيتتىم ئاخىر؟ ئايالىممۇ مېنى جاۋاب
بېرىشكە قىستىماي ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

ئىدارىدىن قايتقاندا قورسىقىم بەكلا ئاچقانىدى. بىراق، ھازىر
ئالدىمدىكى ئاشنى تۈزۈكرەكمۇ يېيەلمىدىم. ئورۇنسىز تەنە ـ تاپىلار
ۋە ئۇ قوزغىغان رەنجىش تۇيغۇلىرى قورسىقىمنى تويدۇرۇپ قو-
يۇپتۇ.

قوشنام چاقىردى. ئىككىمىز كۈتىدىكى ئادىتىمىز بويىچە
كوچا بويلاپ كەچلىك سەيلىگە چىقتۇق.

قايتىپ كەلسەم، ئايالىم ئۇخلاپ قاپتۇ. مەنمۇ ئورۇنغا كىرىپ
ياتتىم. تېزرەك ئۇخلىۋالسام دېگەن ئۈمىدىم بىكار بولۇپ چىق-

www.uyghurkitap.com

تى. ئۇنىڭدا يېتىپ باقتىم، بولمىدى، ئۆياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ باقتىم، يەنە بولمىدى. ئاخىر بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇنقى ئىشلار ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمدا جانلاندى.

* *

1948 - يىلى يۇرتىمىزدىكى بىر تۈركۈم ياشلار غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ باردۇق. بەزىلەر مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە ئۆتۈپ ئەسكەر بولدى، بەزىلىرىمىز ھەر خىل ئىدارە ۋە كەسپىي تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇق. بىزنىڭ ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئىچىدە بويىغا يەتكەن قىزلار خېلى كۆپ ئىدى ۋە ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك بولغاچقا، ئائىلىلىرىدە يېتىپ - قوپاتتى. بىز بىرقانچە «ياقا يۇرتلۇق» بويتاق يىگىتلەر ئىدارىنىڭ كوللېكتىپ ياتىقىدا ياتاتتۇق. يىگىتلىك چاغلار ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ ئۆركەشلىگەن چاغلىرى ئىكەن. كۈندۈزى خىزمەت قىلاتتۇق، كەچقۇرۇنلۇقى تامىقىمىزنى چالا - بۇلا يەپلا كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتۇق. يا كىنو كۆرەتتۇق، يا قاۋاقخانىلارغا شۈڭغۈيتتۇق ۋە ئەتىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتەتتۇق. ئەتىگەندە قىزلار دېرىزە تۈۋىگە تىزلىشىپ، كۈلۈشۈپ، ۋارقىرىشىپ ئويغىتاتتى، ھەتتا شوخراقلىرى ياتىقىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ يۈزىمىزگە مۇزدەك سۇ چاچاتتى. قىش كۈنلىرى يۇمىلاقلانغان قارلارنى پېشانىمىزگە تىزىپ قوياتتى. سوغۇقتىن شۈركۈنۈپ ئويغىناتتۇق. چاچلىرىمىز پاخپايغان، قاپاقلىرىمىز ئىششىغان بولغاچقا، قىزلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئۇيىلاتتۇق، لېكىن كۆزىمىزنى ئاچقان ھامان قارشى جىنسلارنىڭ كۈلۈپ تۇرغان بەرنا چىرايلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر يەنە كۆڭلىمىزدە ئاجايىپ بىر خىل سۆيۈنۈش جۇش ئۇراتتى.

ئاجايىپ شوخ قىزلار ئىدى ئۇلار! قاپاق تۈرۈشلەر، قاتتىق - يىرىك سۆزلەر، قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىشلەر ئۇلارغا تامامەن

يات ئىدى. باغرى تاش دېيىلگەن ئادەملەرمۇ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۈلزارلىغا دۇچ كەلگەندە، بەزىدە گۈللەرنى چەيلەش تۇرماق، ئۇلارنى ئالدىراپ - تېنەپ ئۈزۈشتىنمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ. چۈنكى، تەبىئەتنىڭ ئاشۇ رەڭدار ۋە مۇلايىم گۈزەللىكى ئىنسان بالىسىنىڭ قەلبىنى ئېرىتىش، ئەسىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. نەزىرىمىزدە ئاشۇ قىزلارمۇ بىزنىڭ «گۈلزارلىمىز»دا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە نېمىشقىدۇر ئەيمىنەتتۇق. باشلىقلىرىمىزنىڭ تەنقىدلىرى كۆپىنچە ئۇ قۇلىقىمىزدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمىزدىن چىقىپ كېتەتتى - يۇ، لېكىن قىزلارنىڭ تەبەسسۇم ئارىلاشقان ئانچىكى جىلمىيىشلىرى يۈرىكىمىزنى ئاناردەك قىزارتىۋېتەتتى.

بىر قېتىم ئىدارىمىزدە تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. بىز «ياقا يۇرتلۇق»لار تانسا ئويناشنى بىلمەيتتۇق. لېكىن، قىزلار بىزنى سۆرەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۈشۈشتى. بىز راسا تەرگە چۆمۈلدۇق. قىزلارنىڭ مايلانغان توپلەيلىرى دەسسىلىپ رەسۋا بولۇپ كەتتى. بىز ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ھەربىر دەسسىۋالغان چېغىمىزدا ئۇلار «ۋاي!» دەپ تۇۋلىۋېتەتتى - يۇ، ئارقىدىن يەنە قاقاھلاپ كۈلەتتى. بىز بولساق ئىزاغا ئۆلگۈدەك بولاتتۇق.

بۇرۇن تانسا دېگەن خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقماپتىكەن، ئەمدى بىردىنلا مەيلىمىزنى تارتىۋالدى. قاچانكى بوش ۋاقتىمىز چىقسا، ياتاقتا ئورۇندۇق ياكى ياستۇقلارنى «قىز» قىلىپ، گاھ «تاڭگو»، گاھ «رومبا»غا دەسسەيدىغان، گاھ «ۋالس»قا پىرقىرايدىغان بولۇۋالدۇق. قىزلار بىزنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقىمىزنى ئالاھىدە ماختاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىلەردە پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان تانسا كېچىلىكلىرىگىمۇ قاتنىشىدىغان بولدۇق.

كىشىلەر ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ زادى قاچان باشلانغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرمەك تەس، دېيىشىدىكەن. غۇلجىغا بېرىشتىن بۇرۇن يۇرتۇمدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا بويىغا يەتكەن قىزلارغا زوقلىنىپ قارىغان، ھەتتا

بەزىلىرى توغرىسىدا ئاخشاملىرى ئۆي ـ خىياللارغا بېرىلگەن چاغلىرىممۇ بولغان. بىراق، بەزىلىرىنى شۇ هامانلا ئۇنتۇپ كې-تەتتىم، بەزىلىرىنى بولسا بىرقانچە قېتىم كۆرگەندىن كېيىن ئېمىشقىدۇر ئىخلاسىم قايتىپ قالاتتى. بىراق، غۇلجىغا كېلىپ «تانسا مەستانىسى»غا ئايلانغان شۇ كۈنلەردە ئەھۋال باشقىچە بو-لۇپ كەتتى. مەن قەمەر ئىسىملىك بىر قىز بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيتتىم. ئۇ شۇ چاغلاردا ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردا بار ئىدى. ئىككى مەڭزى سۇزۇك ئالمىغا، خۇمار كۆزلىرى بۇلاق-قا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىلا ھەۋەس بىلەن قارىغىنىمنى تەن ئالىمەن. بىراق، مەن يېڭىلا كەلگەن «ياقا يۇرتلۇق»، بۇ شەھەرگە نىسبەتەن خۇددى يېتىم با-لىغا ئوخشايمەن. «تېرىق تولۇمدا، يېتىم بولۇڭدا» دېگەن گەپ بار. مەن ئۇچۇن يەرلىك قىزلارغا زوقلىنىشنى كىم قويۇپتۇ. يە-نە تېخى ئۇ بەلكىم باي ئائىلىنىڭ قىزىمۇ، كىم بىلىدۇ؟ مەن بولسام بىر نامرات يىگىت. يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنغىنىم تۈزۈك بولار...

مەن ئەنە شۇنداق ئويلارنىڭ تۈرتكىسىدە خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭغا بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىشقا ئۆزۈمنى زورلاپ يۈردۈم. قە-مەرمۇ باشقا دوستلىرىغا ئوخشاشلا شوخ ۋە ئوچۇق ـ يورۇق قىز بولۇپ، تونۇشقان كۈندىن باشلاپلا ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش-قا باشلىدى. ئاتا ـ ئانام، يۇرتۇم توغرىسىدا تىنماي سورايتتى. بۇ توغرىدا گەپ ئېچىلسىلا تولىمۇ يايراپ كېتەتتىم، ئەڭ ئۇش-شاق تەپسىلاتلارغىچە قالدۇرماي سۆزلەشكە تىرىشاتتىم. قەمەرمۇ ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتى. كېيىن ئۇ مېنىڭ تەلەپپۇزۇمدىكى پەرقلەرنى تۇتۇۋېلىپ چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئەمما، مەن ئۇنى بىر خىل يېقىنلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ قىلچە رەنجى-مىدىم ۋە ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى رۇسچە ئىبارىلەرنى مەسخىرە قىلىپ يۈردۈم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ زادى

قاچاندىن باشلانغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ھە دېسىلا ئۆتى ئويلايدىغان، كۆرگۈم كېلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزگەن چېغىمدا، ئىختىيارىمنىڭ ئۆزۈمدە بولماي، باشتىكى ئۆزۈمگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ نەلەرگىدۇر غايىب بولغانلىقى ئايان بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىغا بۇرۇنلا كېلەتتىم ۋە قەھەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. ئۇ ھەمىشە كۈلۈپ ـ يايراپ كىرىپ كېلەتتى. مەن بولسام قىلمۇۋاتقان ئىشىمنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالاتتىم. ئەمما، ئۇمۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا، كۆزۈمنى دەرھال ئەپقاچاتتىم. تانسىلاردا ئەلۋەتتە بىللە بولاتتۇق ۋە باشتىن ـ ئاخىر شۇنىڭ بىلەنلا ئويىنىغۇم كېلەتتى. ناۋادا باشقا بىر چاققان يىگىت ئۇنى ئېلىپ كەتكۇدەك بولسا، ھەسەتتىن ئۆرتىنەتتىم. تالاي قېتىم ئۇنىڭغا قەلبىمنى ئىزھار قىلىشنى ئويلىدىم ـ يۇ، بىراق كۆپىنچە پۇرسەت بولمىدى. پۇرسەت كەلگەن چاغلاردا جۈرئەتسىزلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. «ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇنداق خىيال بولمىسىچۇ، ئۇ چاغدا ئاشۇ قىزغىن تەبەسسۇملىرى، خۇشخۇي مۇئامىلىلىرىدىن مەھرۇم قىلسا، بۇ يۈرەك ماڭا ھارام بولمامدۇ!؟...»

ياشلىقتىكى مۇھەببەت تۇيغۇسى مەلۇم مەزگىلدە باشقا بارچە تۇيغۇلارنى بېسىپ چۈشىدىكەن. بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز كىنوغا كىردىم. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى. بىر چاس تۇگىگۇچە چىداپ ئولتۇردۇم ـ دە، چىراغ يېقىلغان ھامان چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەمما، شۇ ھامان يەنە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، مەندىن ئىككى قاتار ئالدىدا قەمەر يەنە ئىككى قىز بىلەن ئولتۇراتتى.

— بۇرادەر، ئولتۇرسىڭىزچۇ! — كىمدۇر بىرسى پېشىمدىن تارتتى.

ئولتۇردۇم، ئەمدى بايىقى پەرىشانلىقىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، كۆڭلۈمدە بىر دەريا شادلىق مەۋج ئۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىنو تۈگىدى. چىراغ يېقىلىش بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىزلارغا قارىدىم. ئۇلارمۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېنى كۆرۈشتى. قەمەر بىلەن ئىككىمىز گويا ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىلىپ كېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇچراشقاندەك بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قېـ ـلىشتۇق. مۇھەببەت مەسىلىسىدە ياش قىزلار تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار چىرايلاردىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىپادىلەردىن، سۆزلەردىكى ئانچىكىم بېشارەتلەردىن ئالەمچە مەزمۇنلارنى بىلـ ـۋېلىشقا ماھىر.

زالدىن چىققان چېغىمىزدا قەمەرنىڭ دوستلىرى نەگىدۇر غا ـ يىب بولۇشۇپتۇ. قەمەر بولسا گويا ئۇلارنى ئىزدىگەندەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويدى ـ يۇ، لېكىن يېنىمدىن بىر قەدەممۇ سىلـ ـجىمىدى.

ــ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ...

ــ قىزلار نەگە كەتكەندۇ؟ ... سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنـ ـمىكىن!؟

بۇ ئەلۋەتتە رازىلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ــ يۇرۇڭ، سىز ئۈچۈن ئاۋارە بولسام خۇشال بولىمەن.

بۇ مېنىڭ ئۆز ھېسلىرىم توغرىسىدا قەمەرگە ئېيتقان تۇنجى جۈرئەتلىك سۆزۈم ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ھايا ۋە تاتلىققىنا تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئىككىمىز ئاستا مېڭىپ كەتـ ـتۇق. ئاشۇ يېرىم سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تولىمۇ قىيىن روھىي ھالەتلەر ۋە تۇنجى قېتىملىق سۆيگۈ ئىزھار قىلىشلارنى ئەينى بويىچە تەسۋىرلەشكە ئاجىزمەن. ئىشقىلىپ، شۇ ئاخشىمى ئاۋۋال مەن، ئاندىن قەمەر قەلبىمىزنى ئاشكارا قىلىشتۇق. ئەمـ ـما، ھەر ئىككىلىمىزلا ناھايىتى ئاز سۆزلەشتۇق، كۆزلىرىمىز بولسا ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى بايان قىلدى.

شۇنىڭدىن ياشلاپ ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ ئاخشام بىللە بولاتـ ـتۇق. كۆپرەك كەچلىك سەيلىگە چىقاتتۇق. غۇلجىلىقلار مۇنداق

سەيلىلەرنى «سىۋىدانىيە» دەپ ئاتىشىدىكەن. بەزىدە كىنوغا كىرسەكمۇ تولىسى كىنو تۈگىمەستىلا چىقىپ كېتىپ يەنە «سىۋىدانىيە» قىلاتتۇق. ئاھ، ئۇ چاغلاردىكى نوۋىگورد[1] كوچىسىدىكى خىلۋەت ئاخشاملار نېمىدېگەن سۆيۈملۈك ئىدى ـ ھە! كوچا دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن مىڭلىغان شولىلار بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. سالقىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. بىز بارچە غەم ـ تەشۋىش دېگەنلەرنى تامام ئۇنتۇپ، پەقەت شادلىق ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە غەرق بولغان ھالدا ئاستا ماڭاتتۇق. ئاندىن ئېگىز دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا، تامغا يۆلەپ ئورنىتىلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇشاتتۇق. پاراڭلىرىمىز تۈگىمەيتتى. ئەلۋەتتە، مۇنداق پاراڭلارنىڭ كۆپ قىسمى ياشلىق، مۇھەببەت ۋە كەلگۈسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا بولاتتى. بەزىدە مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق ھېسلىرىغا غەرق بولاتتۇق. ۋۇجۇدىمىز خۇددى جاھانغا يېڭىلا كۆز ئاچقان كەپتەر باچكىلىرىدەك تىترىشىپ، لەۋلىرىمىزدىن تارقىغان ھارارەتتە گويا سىمابتەك ئېرىپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى...

بىر كۈنى مېنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتۇم توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدۇق:

— ئەسكەرلىرىمىز ئۇ جايلارنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن بىزمۇ شۇ يەرلەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىمىز، — دېدى قەمەر ھاياجانلانغان ھالدا.

«قەمەر مېنىڭ يۇرتۇمنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.»

— ئاتا ـ ئاناڭ رۇخسەت قىلمىسىچۇ؟

— رۇخسەت قىلىدۇ، — ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۇ جايلارمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ يۇرتىمىز. مانا سىزمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەۋاتىسىزغۇ، يا بۇ يەرنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ھېسابلىمامسىز؟

---

① نوۋىگورد — غۇلجىدىكى بىر كوچىنىڭ نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېخىچە ئۆزۈمنى «ياقا يۇرتلۇق» دەپ بۇ يۇرتتىن ياتسىراپ يۈرگىنىم ئۈچۈن بەكمۇ خىجىل بولدۇم.

— بۇمۇ ئۆز يۇرتۇم، ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان ھەممە يەر ئۆز يۇرتىمىز. مۇشۇ جايدا قېرىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ پۇشايمان قىلمايمەن!

قەمەر ماڭا يەنە بىر قېتىم ئاشۇ ئۇماق تەبەسسۇمىنى ئىنئام قىلدى.

ياشلىق چاغلار دېگەن قىزىق بولىدىكەن.

— ئېيتقىنا، مېنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدىم بىر كۈنى ئۇنىڭدىن.

راستىنى ئېيتسام، بۇ مەسىلە مېنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. چۈنكى، غۇلجىلىق يىگىتلەردىن بىرمۇنچىسىنىڭ قەمەرنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلارمۇ ناھايىتى شوخ، كېلىشكەن باللار ئىدى. ھالبۇكى، قەمەر مېنى تاللىغانىدى.

— ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە ھايالىق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى قەمەر چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ، — مۇنداق كىشىگە ئۆزۈڭنى بېغىشلىساڭ مەڭگۈ داغدا قالمايسەن!

ئۇنىڭ مېنى چىندىن چۈشەنگىنىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەنتەنىلىك ۋەدىلەرنى بېرىشكە باشلىۋىدىم، لېكىن ئۇ قولى بىلەن ئاغزىمنى توسۇۋېلىپ:

— ھاجەتسىز، — دېدى.

قەمەر مەن ئۈچۈن ئەڭ خۇش پۇراق، ئەڭ كۆركەم گۈل ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ يېنىدىن خوخا - يانتاقلارنىڭمۇ ئۈنۈپ چىقىشىنى زادى ئويلىمىغانىكەنمەن.

بىر كۈنى ئىككىمىز كىنوغا كىردۇق. فىلىم ھەر ئىككىمىزنى بەك جەلپ قىلغاچقا ئاخىرىغىچە كۆرۈپتىمىز. كۇلۇبتىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغان چېغىمىزدا ئارقىمىزغا ئۈچ ئادەمنىڭ ئەگىشىۋالغىنىنى سەزدۇق. قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ، يان كوچىغا بۇرۇلدۇق، لېكىن ئەگەشكۈچىلەردىن يەنىلا قۇتۇلا-

مىدۇق. ئۇلار ئون ـ ئون ئىككى قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ، بەزى ـ دە ئىسقىرتىپ، بەزىدە قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېلەتتى ۋە بەزىدە بىزگە تەھدىت سالىدىغان گەپلەرنى قىلىشاتتى. قەمەر قورقۇشقا باشلىدى. مۇھەببەت ئادەمگە كۈچ بېغىشلايدۇ دېگەنلىرى راست ئىكەن، شۇ تاپتا ھېلىقى ئۇلار ئۈچ كىشى ئىكەن، ئون كىشى بولغاندىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغاندەك سېزەتتىم ئۆزۈمنى. بىراق، قەمەر قولۇمغا يېپىشىپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— خوش بولۇپ كېتەي، ئۇلار بىلەن ئېيتىشماڭ، — دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

ئىدارىمىز يېقىنلا يەردە ئىدى. بىزەڭ يىگىتلەردىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ ئىدارىگە يېتىپ كەلدۇق. قاراۋۇل ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان كىشى ئىدى.

— قەمەرنى ئىككىمىز ھارۋا بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايلى، — دېدى ئۇ ۋە ھەش ـ پەش دېگۈچە خادىك ھارۋىنى قاتتى. قاراۋۇل ـ نىڭ ئىدارىنى تاشلاپ كېتىشىگە بولمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھىم ـ مىتىگە رەھمەت ئېيتتىم ـ دە، يۈگەننى قولۇمغا ئالدىم.

— ماقۇل، مېڭىۋېرىڭلار، بالىلىرىم، ئۇ لالمىلار بۇ كوچىدا تىمىسقىلاپ يۈرىۋەرسە، ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، — دېدى ئۇ بىزنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ. ئاتقا بىر قامچە سېلىۋىدىم، شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىقى تەقىب قىلغۇ ـ چىلار يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى دەرەخ دالدىسىدا تاماكا چېكى ـ شىپ تۇرۇشقانىكەن، بىزنى تونۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي ۋارقىراشقان پېتى قېلىپ قالدى. بىراق، قايتىپ كەلگەن چې ـ غىمدا نەگىدۇر يوقىلىپتۇ.

ئىدارىمىزنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆرەلمەيدىغانلار چىقىپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ماڭا «سەمىمىي نەسىھەت» قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتى. ئەمما، «جاندىن كەچمىگۈ ـ چە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بارغۇ. مەن ئۇنداق نە ـ سىھەتلەرگىمۇ، قاتتىق ـ يىرىك ئاگاھلاندۇرۇشلارغىمۇ پەرۋا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلمىدىم. ئۇلار يەنە چىقىمچىلىق ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ،
ئىدارە رەھبەرلىكى ئالدىغىچە بارغانىكەن، ئۇ يەردىمۇ بۇرنىغا
يەپتۇ.

بىراق، ئۇلار يەنىلا تىنچىشمىدى. بىر كۈنى ئىدارىمىزدىكى
ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردىن بىرسى مېنى چەتكە تارتىپ «سەمـ-
مىي نەسىھەت» قىلدى:

— ئۇكام، ئەخمەق بولماڭ، قەمەر دېگەن مۇشۇ يۇرتتىكى
هاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. سىز بولسىڭىز ياقا يۇرت-
لۇق. بىز بۇ يۇرتلۇقلار ئەزەلدىن باشقا يۇرتلۇقلار بىلەن قىز
ئېلىپ، قىز بېرىشكەن ئەمەس. ئاۋارە بولغىنىڭىز قالىدۇ. شۇ-
ڭا، مېنىڭ مەسلىھەتىم، قەمەردىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ. خۇدا
خالىسا، سىزگىمۇ ئۆز يۇرتىڭىزدىن بىرەر قىز چىقىپ قالار.

ئىدارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئۇ ئايالنى ئارقىسىدىن
«داستىخانچى» دەپ مازاق قىلىشاتتى. چۈنكى، ئۇ ئوغۇل ئۆيلەپ،
قىز چىقىرىدىغان ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا داستىخان كۆتۈرۈپ
ئەلچىلىك قىلىش بىلەن نام چىقارغانىكەن. مەن ئۇنىڭ ھېلىقى
«مەسلىھەتى» ئۈچۈن شاكىراپ بىلەن يۇغۇرۇلغان تەشەككۈرۈمنى
بايان قىلىۋىدىم، ئۇ مەقسىتىمنى چۈشىنىپ تەھدىت سالدى:

— ئەمىسە، گەپىمنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ قوياي: قەمەرنىڭ
بۇرۇنلا چاي ئىچۈرۈپ قويغان ئىگىسى بار. ئۇ ئۇنداق، مۇنداق كىشى
ئەمەس. ھوش - كاللىڭىزنى بىلىپ يۈرمىسىڭىز، كېيىن پۇشاي-
مانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز. بۇنى بىلىپ قويۇڭ - ھە!

— قۇشقاچتىن قورققان تېرىق ئەكمەپتۇ، دېيىشىدۇ، — دې-
دىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — مەنمۇ ئېيتىپ قوياي: قەمەر ئۆزىگە
ئۆزى غوجايىن. ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشكەن ئادەم مانا مەن. قېنى
تالاشقۇچىلار چىقسا، كۆرەرمىز!

شۇ كۈنى ئاخشىمى كىمدۇر بىرسى ياتىقىمغا بىر پارچە خەت
تاشلاپ قويۇپتۇ. ئېچىپ ئوقۇدۇم: «سەن كەلگۈندى نېمانچە ھەد-
دىڭدىن ئاشىسەن!؟ سېنى يۇرتىمىزغا سىغدۇرغىنىمىز ئاز كەل-

گەندەك، يەنە قىزلىرىمىزنى ئوۋلىغۇلۇق كېلىپ قالدىمۇ؟ بىلىپ قويىكى، بىز بار يەردە ساڭا قىزلىرىمىزنىڭ بىر تال چېچىمۇ تەگمەيدۇ. سىڭگەن ئېنىڭغا شۇكۇر قىلمايدىكەنسەن، بۇرنۇڭدىن بۇلاق ئاچىمىز!...»

ئادەم بىرەر قارشىلىققا دۇچ كەلسە تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىسە كېرەك. كىشىلەر مېنى ئەزەلدىن ياۋاش يىگىتسەن، دې-يىشەتتى. دېمىسىمۇ، شۇ كەمگىچە ئادەم تۇگۇل چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرگەن ئەمەسمەن. بىراق، بۇ قېتىم ھېلىقىدەك تەھدىتلەر بولىۋەرگەنسېرى ئۆزۈمدە بىر خىل تاقابىل تۇرۇش كۈچى پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى ئۆلغىيىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. دوستلىرىممۇ ماڭا مەدەت بېرىشتى.

بۇلۇت پەيدا بولىدىكەن، يامغۇر ياغماي قالمايدۇ.

بىر كۈنى كەچتە قەمەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، قايتىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمنى بىر يىگىت توستى.

— سەرەڭگەڭ بارمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى.

— مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دېدىم - دە، ئۇنىڭدىن داجىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— ئالدىرىما! — ئۇ شۇنداق دەپلا كۆكرىكىمگە بىر مۇشت ئۇردى.

ئۇنىڭ قەستەن جېدەل چىقارماقچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. قېنىم قايناپ بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىش-تىم.

— بۇرادەر، مەن سىزنى تونۇمايمەن!...

— بۇنىڭغۇ تونارسەن؟! — ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈۋېتىپ ئېڭىكىمە-گە قاتتىق بىر مۇشت ئاتتى. ئىككى قەدەم يانغا دەلدۈگۈندۈم. ئۇ يەنە كاللا قويماقچى بولۇپ ئېتىلدى. شارتلا يانغا بۇرۇلۇۋىدىم، پۇتۇمغا پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلدى. شۇ تاپتا ئۇنى راسا دەسسەپ - چەيلىسەممۇ، گۇناھكار ھېسابلانمايتتىم، بىراق ئۇنىڭ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېتىملىق مۇشتىنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ يولۇمغا مېڭىۋەرمەكچى بولۇۋىدىم، ئۈلگۈرەلمىدىم. يەنە ئىككى - ئۈچ يىگىت خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى - دە، ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە ئۇرۇپ كەتتى. پەقەت ئىككى - ئۈچ مۇشتىلا قايتۇرالىدىم. ئۇلار مېنى يىقىتىپ، دەسسەشكە باشلىدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ — شۇ سۆز بىلەن تەڭ مېنى ئۇرۇۋاتقانلار خۇددى خاماندىن قوغلانغان قۇشقاچلاردەك دەررۇ كۆزدىن يوقالدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېنىمدا ئۈچ كىشى پەيدا بولدى. مەن ئاغرىققا چىداپ بېشىمنى كۆتۈردۇم.

— ھۇي دۆيۈزلەر، مۇنداقمۇ نامەردلىك قىلغان بارمۇ؟! — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى مېنى يۆلەپ، ئاندىن باشقا ئىككىسىگە بۇيرۇدى، — سونۇر، لېۋىر، نېمە قارىشىپ تۇرۇشىسەن؟ بۇ بالىنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ ئۇ نامەردلەر. كېلىڭلار، كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭلار.

بىرەيلەن مېنى ھاپاش قىلماقچى بولۇپ ئالدىمغا ئۆتۈۋىدى، لېكىن مەن ئامال قىلىپ، ئۆزۈم مېڭىش ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ئىككىيلەن مېنى يۆلىدى. ئۇلار ئاتا - بالىلار بولۇپ، ئۆيى شۇ ئەتراپتا ئىكەن. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان ئايال ئەھۋالىمنى كۆرۈپ بىردىنلا داد سالدى:

— ۋاي كىم بۇ؟ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇغۇ بۇ بالىنىڭ؟! — ئاندىن ئۇ ئىككى ئوغلىغا ۋارقىرىدى، — سەن ھارامزادىلەرنىڭ قىلغان ئىشىمۇ بۇ؟!

— قاغىدەك قاقىلداۋەرمەي، سۇ كەلتۈرگىنە! — دەپ ئۇنىڭ چالۋاقاشلىرىنى باستى ئېرى.

پۈتۈن بەدىنىم خۇددى پىچاقتا تىلىپ تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. شۇنداقتىمۇ، يۈزۈمدىكى قانلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا تەمشەلدىم.

— ئالدىرىما! — ئۆي ئىگىسى بوۋاي مۆرەمدىن ئاۋايلاپ بې-

سىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئارقا تەرىپىمگە ئىككى ياستۇق يۆلىدى، — ئەمدى ئېيتقىنا، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، بالام؟ بۇ غالجىر ئىتلارغا نېمە يامانلىق قىلىۋىدىڭ؟

ئىسمىمنى، ئىدارەمنى ئېيتىپ بەردىم، ئەمما بۇگۈنكى جېدەلنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى توغرىسىدا گۇمان قىلغانلىرىمنى ئېيتىپ بەرگۇم كەلمىدى.

— قارىغاندا، بۇ شەھەرگە مۇساپىر ئوخشايسەن، سۆزۈڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. مەيلى قەيەرلىك بولما، مۇسۇلمان بالىسى ئىكەنسەن. ئۇ نامەردلەرنىڭ قايسى ئارپىسىنى خام ئورۇغانلىقىڭنى دېگۈڭ كەلمىدى، مەيلى، ئەمما بىر مۇساپىر بالىنى شۇنچىلىكمۇ ئۇرۇۋېتەمدۇ؟ ھۇ، دۆيۈزلەر!

— ئەتتىگەنەي، دەررۇ قېچىپ كېتىشتى ئۇ ناكەسلەر، — دېدى سونۇر.

— بولمىسا ... — دېدى بوۋاينىڭ كىچىك ئوغلى لېۋىر ئىسمىلىك يىگىت.

بوۋاي ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، بولمىسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ھەممىڭ تىلىمۇ، دىنىمۇ بىر مۇسۇلمان بالىلىرى تۇرۇقلۇق غالجىر ئىتتەك بىر-بىرىڭنى چىشلىشەمتىڭ؟ — ئاندىن ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئارىمىزدا سورىتى ئادەم بولغىنى بىلەن قىلىقى غالجىر ئىتتىنىڭكىدىنمۇ ئۆتەر ئاشۇنداق يارداماسلارمۇ بار. خەير، بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئوغلۇم! بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەھۋالىڭ ئېغىرراق تۇرىدۇ، بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونغىن، تونۇشۇپ قالدۇق. بىزنى ئاتا-ئاناڭ ئورنىدا كۆر، مەنمۇ سېنى ئوغۇللىرىم قاتارىدا ساناي، بولامدۇ؟

بابا شۇنچىلىك قاتتىق تاياق يېگەن چېغىمدىمۇ يالۋۇرۇش ياكى كۆز يېشى قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. بىراق، بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرى كۆڭلۈمنى مايدەك ئېرىتىۋەتتى. كۆز ياشلىرىمنى مىڭ تەستە تۇتۇپ قالدىم. ھاياجانلانغىنىمدىن:

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت ئاتا! — دېگەن سۆز بوغۇزۇمدىن ئارانلا چىقتى.

ئاڭغىچە ئايالى ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ، ھەسەل، سېرىق ماي ۋە نان - توقاچ بىلەن چاي كەلتۈردى. ئارقىدىنلا يەنە بىر تاۋاقتا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئېلىپ كەلدى. گېلىمدىن بىرەر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۆزۈمنى زورلاپ دېگۈدەك ئاز - تولا بىرنەرسە يېدىم. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قانچە تۇتقىنىغا قارىماي، رەھمەت ئېيتىپ قايتماقچى بولدۇم. بوۋاي سەل رەنجىگەندەك بولدى - يۇ، لېكىن يەنىلا رايىمغا باردى.

— قېنى، ھارۋىنى قات! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ چوڭ ئوغلى سونۇرغا، — ئىككىڭلار بۇ ئىنىڭلارنى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىڭلار.

ئايالى ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، ھېلىقى تۇخۇملارنى يانچۇقلىرىمغا قاچىلىدى. يەنە تېخى بىر شىشە قاچىدا ھەسەل بەردى.

— بىچارە مۇساپىر بالام، ناۋادا ئاپاڭ مۇشۇ ئەھۋالىڭنى كۆرگۈدەك بولسا، يۈرىكى يېرىلىپ كېتەر ئىدى، ئىلاھىم، سېنى ئۇرغان ئاشۇ دۈيۈزلەر قان قۇسۇپ ئۆلەر! — دېدى ئۇ كۆز يېشى قىلغان ھالدا.

ئەتىسى يۈز - كۆزۈم ئىششىپ، كۆكىرىپ كېتىپتۇ، ئىشقا چىقالمىدىم. رەھبەرلەر كىرىپ ھال سورىدى، ھەتتا ساقچىلارمۇ كەپتۇ. ھادىسىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ قېلىشقا بولمايتتى، قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. مېنى ئۇرغۇچىلارنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تەقىب قىلىپ يۈرگەنلەر ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى، كۆرسەملا تونۇۋالاتتىم. بىراق، ساقچىلار قانچىلىك كوچىلاپ سوراشسىمۇ:

— قاراڭغۇدا ئۇلارنى زادى پەرق قىلالمىدىم، كۆرسەممۇ تونۇيالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

بىچارە قەمەر تېخىمۇ بەك ئازابلاندى. ئۇ ياتىقىمغا كىرىپ يېنىمدا سائەتلەپ ئولتۇراتتى، ئىسسەدەپ ياش تۆكەتتى. بۇ ئىشقا ئۆزىنى سەۋەبچى ھېسابلاپ مەندىن قايتا - قايتا ئەپۇ سورايتتى.

مەن بولسام كۈلۈشكە، چاقچاق قىلىشقا تىرىشاتتىم، تەسەللى بېرەتتىم.

تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن ساقىيىپ ئىشقا چۈشتۈم. بەزى دوستلىرىم ئەمدى توي قىلىشقا مەسلىھەت بېرىشتى.

دېمىسىمۇ، قەمەرنىڭ ئائىلىسىگە ئاللىقاچان ئەلچى كىرگۈ ـ زۈشۈم لازىم ئىدى، بىراق نېمەم بىلەن توي قىلىمەن؟ مائاشىم كۈندىلىك خىراجىتىمدىن ئاشمايتتى. ئاتا ـ ئانام گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايوندا بولغاچقا، خەت ـ ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈل ـ گەنىدى. قەمەرنىڭ ئائىلىسى خېلى ھاللىق كىشىلەر ئىكەن. مۇشۇنداق بىر بەرنا قىزىنى ماڭا ئوخشاش تىكەندەك يالغۇز بىر يىگىتكە دۇئا قىلدۇرغاندەك تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ شۇڭا، ئەلچى كىرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالماي يۈرگەنىدىم. بىراق، ھېلىقى غوۋغادىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىزنى سىرتتىكىلەرمۇ بىلىپ قې ـ لىشتى. قەمەر بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە «سىۋىدانىيە» قىلىپ يۈرۈۋېرىشكە ئەمدى بولمايتتى. ئاخىر دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلار بار نەرسىلىرىنى ئوت ـ تۇرىغا تاشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن «ئەلچىلەر ئۆمىكى» تەشكىللەپ، قەمەرنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتتىم. ئەسلەپ باقسام، تاكى ھازىرغى ـ چە شۇ كۈنكىدەك ساراسىمىگە چۈشكەن چاغلىرىم بولماپتۇ. ئەلچىلەرنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالدىم. قانچە قېتىم ئولتۇرغىنىم، قانچە قېتىم كارىۋىتىمغا سوزۇلۇپ ياتقان ھالدا شېرىن خىياللارغا بې ـ رىلگىنىم ۋە قانچە قېتىم كوچىغا چىقىپ، خەۋەرچىلىرىمنىڭ يولىغا تەلمۈرگىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا دەرۋازىدا ئەلچىلەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىنلا تونۇمنىڭ قانداق پىچىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

دېگەندەك، قەمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ھەتتا ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاشنىمۇ خالىماپتۇ.

— بىز بولغۇسى قۇدىلىرىمىز بىلەن بۇرۇنلا كېلىشىپ قويې ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان، — دەپتۇ دادىسى گەپنى چورت كېسىپ، — لەۋزىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ. سىلەر سايە قىلغان يىگىت ئاۋارە بولمىسۇن.

قەمەرنىڭ ئانىسى بولسا:

— قەمەرنى بىز نەدىكى بىر ياقا يۇرتلۇق يېتىمەككە بېرەرمىز دەپ چوڭ قىلمىغان. ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئادەت شۇ. بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئۆز يۇرتلۇقلارغىلا ياتلىق بولىدۇ، — دەپتۇ.

يەنە شۇ «ياقا يۇرتلۇق!» مۇشۇ ئۈچ ۋىلايەت تۇپرىقىغا سىڭگەن قانلار ئىچىدە ئاشۇ «ياقا يۇرتلۇق»لارنىڭ ئاقتۇرغانلىرى ئازمۇ؟! مەيلى قوشۇندا، مەيلى ئارقا سەپتىكى ئىدارىلەردە بولسۇن، غۇلجىلىق يىگىتلەر، قىزلار بىزنى بىرەر قېتىممۇ «ياقا يۇرتلۇق» دەپ ئاتىغىنى، چەتكە قاققىنى يوققۇ. تېخى ئۇلار ئولتۇرۇشلاردا تۆرنى بىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىشتى، ئاكوپلاردا ئائىلىلىرىدىن كەلگەن سوۋغاتلارنى ئالدى بىلەن بىزگە ئۈلەشتۈردى. غۇلجىنىڭ خۇش ھاۋالىق كوچىلىرىدا يۈرگەن چېغىمىزدا ئۆزىمىزنى خۇددى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىمىزدە يۈرگەندەك ئەركىن - ئازادە ھېس قىلدۇق. لېكىن، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىلىرىدە نېمە ئۈچۈن مۇنداق چەك قويۇلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر مىللەت كىشىلىرى تۇرۇپ «ئۆز يۇرت» ۋە «ياقا يۇرت» دەپ ئايرىيمىز؟ تارىخىمىزنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، بۇ جەھەتتىكى قانلىق ساۋاقلار ئاز تېپىلامدۇ؟... مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۆۋەن ھېسابلاشقا بولمايدىغانلىقى بىرمۇنچە كىشىلەرگە ئايان. ھازىرمۇ ئەسلەيدىغان، ئەتىۋارلايدىغانلىرىمىز ئىچىدە ھەتتا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرمۇ خېلى كۆپ. بىراق، ئويلاپ كۆرسەم، ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان مەنىۋى مىراسلار ئىچىدە ناچار نەرسىلەرمۇ خېلى تېپىلىدىكەن. تارىختىن بېرى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا كەلتۈرگەن بەختسىزلىكلىرى ئاز بولماپتىكەن. ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەۋلادلار ئارىسىدا ئۇلاردىن ساۋاق ئالغانلىرى خېلى كۆپ بول-

سىمۇ، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر تېخى ئۇ نەرسىلەرنى مىللىي ئەنئەنىۋى مىراسلار ئىچىدىكى بىر ئەڭگۈشتەر دەپ بىلىشىدۇ...

كېچىدە ئۇي ـ خىياللار مېڭەمنى قوچۇۋەتتى. يۈرىكىم ئازابتىن پۈچىلاندى. ئەتىسى قەمەرنى ئۇچرىتىپ قالدىم، قارىسام، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. كېچىچە مەندىنمۇ بەكرەك ئازابلانغان بولسا كېرەك، بىچارە. لېكىن، ئۇ يەنىلا مەن بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتى. پۇرسەت تېپىپ مۇڭداشتۇق، قايغۇرۇشتۇق. ھەر ئىككىمىزلا ئىرادىمىزدىن كەچمىگەنىدۇق، لېكىن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق يول تۇتۇشنى بىلەلمەي بېشىمىز قاتتى. ئاخىر باشلىقلىرىمىز بۆرۈنمۇ بىزگە تەرەپتار بولغان. يەنە مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرەر، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىدارە رەھبەرلىكىگە مۇراجىئەت قىلماقچى بولدۇق.

بىراق، بۇ ئىشتىنمۇ نەتىجە چىقمىدى. باشلىقلىرىمىزمۇ، مۇناسىۋەتلىك جامائەت تەشكىلاتلىرىمۇ قەمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ.

(مىڭ يىللاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى چىرماپ كەلگەن مەنىۋى ئاسارەت بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. ئىنقىلابىمىز گومىنداڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان قوشۇنىنى سۈر ـ توقاي قىلىۋەتكەنىدى. بىراق، ئۇ بەخش ئەتكەن مەنىۋى ئەركىنلىك تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئەنئەنىۋى ئاسارەت ئالدىدا ئاجىزلىق قىلدىغۇ، ئاخىر!)

مىللىتىمىزدە «قىز ئەپقېچىش»مۇ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت. گەرچە ئۇ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارغا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلسىمۇ، ئەمما ئاقىۋىتى بەرىبىر ياخشىلىق بىلەن تامام بولاتتى. شۇڭا، مەنمۇ ئاخىر مۇشۇ ئادەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، بىراق قەمەر بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ياق، ئاپامنىڭ يۈرەك كېسىلى بار. بۇ ئىشنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ، ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ باش چايقاپ، — يەنە تېخى كېيىن ئەھلىمەھەللىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇنداق قىلسام، بۇ يۇرتنى مەڭگۈ تەرك ئەتسەم بولىدۇ. ياق، بۇ ئىش بولمايدۇ، باشقىچە يول تۇتايلى.

— ئەمىسە، سېنىڭچە نېمە قىلىمىز؟ — دېدىم مەن سەل رەنجىگەن تەلەپپۇزدا.

قىز بىرپەس جىم بولۇپ كەتتى.

— راستىنى ئېيتسام، قانداق قىلىشقا ئەقلىم يەتمەي قالدى.

مەن سەل تېرىكتىم.

— يا ئۆزۈڭ بىرەر مۇۋاپىق يول تاپالمىساڭ، ياكى مەن كۆرسەتكەن يولغا مېڭىشقا كۆنمىسەڭ، سېنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغاندىمەن، قەمەر؟

— مېنى مۇنداق قىينىماڭ، ئۇنىڭسىزمۇ چېكىۋاتقان ئازابىم ئاز ئەمەس، — قەمەر ماڭا شۇنداق يالۋۇرغان، يېلىنغان ھالدا قارىدىكى، يۈرىكىم سۇ بولۇپ كېتەي دېدى، — سىز ئوغۇل بالا بولغىنىڭىز ئۈچۈن بىلمەيسىز، قىز بالا دېگەن راستلا خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى ئىكەن، — ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — ئاتا - ئانام مېنى تېخى ھېلىقى «ئۇنىشىپ قويغان» كىشىگە دەرھال بېرىمىز دەۋاتقىنى يوققۇ. ئاڭغىچە يەنە ۋاقىت بار، يەنە ئويلىشايلى. مەن ئاپامغا يېلىنىپ - يالۋۇراي، بەلكىم كۆڭلى يۇمشاپ، نىيىتىدىن يېنىپمۇ قالار. خاتىرجەم بولۇڭكى، سىزگە بەرگەن ۋەدەمگە قەتئىي ۋاپا قىلىمەن.

ھەرھالدا كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن «سىۋىدانىيە»گىمۇ خالىغاندا چىقالمايدىغان بولدۇق. قەمەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىدارىمىزدىكى ھېلىقى «داستىخانچى» باشلىق ئىككى ئايال بىلەن كېلىشىم تۈزۈۋاپتۇ. ئۇلار ئىشقا كېلىشتىمۇ، كېتىشتىمۇ، ھەتتا ئىش ۋاقتىدىمۇ قەمەرگە سايىدەك ئەگىشىۋالىدىغان بولۇۋېلىشتى، ئامال قانچە،

ئىككىمىز تولا چاغلاردا پەقەت كۆز بېقىشلار ئارقىلىقلا كۆڭلـ -
مىزنى ئىزھار قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. مەن قەمەر -
نىڭ ئۇناشتۇرۇپ قويۇلغان «يىگىتى»نىڭ كىملىكىنىمۇ سۈرۈش -
تۈرۈپ بىلدىم. ئۇ ئەسلىي بىر ھاللىق سودىگەرنىڭ ئوغلى بو -
لۇپ، ھازىر مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىنات قىسمىدا تۆۋەن
دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىكەن. بۇ ھال مېنىڭ ئۈمىدىمنى تېخىمۇ
خىرەلەشتۈردى.

شۇ ئارىدا ۋەزىيەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. خەلق
ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن باشقا يەتتە
ۋىلايەتمۇ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. بۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھە -
رى تېخىمۇ زور تەنتەنىگە چۆمۈلگەنىدى. كىشىلەر كۈندە دېگۈ -
دەك ئالدىنقى سەپتىن قايتقان بالىلىرىنى، ئاكا - ئۇكا، ئاچا -
سىڭىللىرىنى، يار - بۇرادەرلىرىنى كۈتۈۋېلىشاتتى. قەھرى -
مانلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىشاتتى. ھېلىقى ئوفىتسېرمۇ
قەھرىمان سۈپىتىدە ئالقىشلاندى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئىق -
تىسادىي ساھەدىكى قايسىبىر ئىدارىگە ئورۇنلاشتى.

دەل شۇ مەزگىلدە مېنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشتى. ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە بۇ شەھەرگە
ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەمەرنىڭ مۇھەببى -
تى مېنى ئۇ يەردىن بىر قەدەممۇ سىلجىماسلىققا ئۈندەيتتى.
شۇڭا، تەشكىلگە داۋاملىق مۇشۇ يەردە ئىشلەش ئارزۇيۇمنى بىل -
دۈردۈم.

— ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغانلارنىڭ ئىشىنى ئۆلكىلىك ھۆ -
كۈمەت بىۋاسىتە تۇتقان، — دېدى باشلىقىمىز ئامالسىزلىقىنى
بىلدۈرۈپ، — سېنى ئېلىپ قېلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەل -
مەيدۇ. كادىرلار بۆلۈمى رەسمىيەتلىرىڭنى ئاللىقاچان ئۈرۈمچىگە
يوللىۋەتتى. ئارقىڭغا سوزماي يولغا چىق!

ئۇ چاغلاردا مەمۇرىي ئورگانلارمۇ يېرىم ھەربىي تۈزۈمدە ئىش
بېجىرەتتى. بولۇپمۇ بۇيرۇققا مۇئامىلە قىلىشتا ھەرقانداق تە -

كەللۇپلارغا يول قويۇلمايتتى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىـ ـرەپ قالدىم. ئاۋۋال «مۇشۇ شەھەردىلا قالىدىغان ئىش بولسا، خىزمەتتىن بوشانساممۇ مەيلىمىكىن؟» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدىم. بىراق، مەن بىر مۇساپىر يىگىت، خىزمەتتىن بوشانسام، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىمەن؟ ھېلىمۇ كادىر دېگەن ئاتىقىم بار تۇرۇقلۇق قەمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈ ئوغۇللۇققا يارىمايۋاتـ ـىمەن. ئۇ چاغدا كۆرسام تېخىمۇ چۈشۈپ كەتمەسمۇ؟...

بۇ خەۋەرنى قەمەرمۇ ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئازارەتچىلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، مەن بىلەن بىر خالىي يەردە ئۇچراشتى. يىغلـ ـدى، قاقشىدى.

— ئۇرۇمچىگە بىللە كېتەيلى، — دېدىم مەن ئاخىر مۇشۇ ئامالنى تاپقانلىقىمدىن كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ، — ئائىلىدە ئولـ ـتۇرساڭمۇ بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن.

قەمەر خېلىغىچە جىم بولۇپ كەتتى.

— ئائىلىمىزدە يەككە ـ يېگانە بالا ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ، — ئاكام جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتمىگەن بولسىغۇ، بىر نۆرى ئىدى. شۇ تاپتا ئاتا ـ ئانامنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇلار بۇ دەردنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئا ـ پام...

مەن قەمەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتىم، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئە ـ مەس، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان بىر خىل بۇرۇق ـ تۇرمىلىقتىن رەنجىدىم.

ئەزەلدىن كىشىلەر يا ئۇ ئىش، يا بۇ ئىش ۋەجىدىن باشقىلار ـ نىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قۇربان قىلىپ كېلىشتى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم ئادەملەر ئازاب چېكەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلا قايغۇرۇپ بېقىشمىدى. ئەكسىچە، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشى زۆرۈردەك، ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئامەتتىن

هۆزۆرلىنىپ يۈرىۋېرىشتى، تولا چاغلاردا تېخى ئازابلانغۇچىلارنى ئەخمەقلىقتە ئەيىبلەشتى. ئويلاپ كۆرسەم، بۇمۇ ئىنسان بالىسى-نىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىگە پالتا چاپىدىغان بىر خىل مەنىۋى يۈك ئىكەن. ئاخىر سىياسىي، ئىجتىمائىي ياقتىن ئازادلىققا ئېرى-رىشكەن بىر قىز تۇرمۇش مۇساپىسىدە ئۆزى تاللىغان يولنىڭ توغرىلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن هالدا يۈرەكلىك قەدەم تاشلىيال-مىسا، ئەكسىچە، يەنە بىراۋلارنىڭ خاهىشى ئۈچۈن ئۆزىگە قىلچە تونۇش بولمىغان ئۆزگە يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولسا، كىم بىلى-دۇ، ئۇ يول ئۇڭغۇل - دوڭغۇلمۇ؟ تىكەن - چاتقاللار ئالدىنى توسۇمدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ چىقسا، ئاتا - ئانىسى زورلاپ تاڭغان ئۇ خىل تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئازابتىن ئۆزگە نېمە بېرەلەيدۇ؟ ۋادەرىغ، بىراۋنىڭ قانائەت تېپىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىرسىنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدىغان مۇنداق ئادالەتسىز مۇناسىۋەتكە قاچانمۇ بەرهەم بېرىلەر؟!

مەن ئاخىر ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. مېڭىشتىن ئىل-گىرى قەمەر بىلەن مۇنداق كېلىشتۇق. ئالدى بىلەن مەن ئۈرۈم-چىگە بېرىپ يېڭى ئىدارەمگە ئورۇنلىشىدىغان بولدۇم، قەمەر ئاتا - ئانىسىغا يەنە يالۋۇرىدىغان بولدى. ناۋادا ئۇلار كۆنسە، مەن دەر-هال غۇلجىغا كېلىپ چىرايلىقچە توي قىلىپ، يا شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان، ياكى ئۈرۈمچىگە بىللە كېتىدىغان بولدۇق.

مەن يۆتكەلگەن ئىدارە يېڭى قۇرۇلغان ئورگان ئىكەن. ئىش كۆپ، ئادەم ئاز بولغاچقا، كېچىلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. هەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇش-تۇمتۇت جەنۇبىي شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا ئەۋەتىلدىم. ئۇ چاغلاردا قاتناش نەدىمۇ هازىرقىدەك راۋان بولسۇن، تېخى نۇرغۇن جايلاردا هارۋىغا ئولتۇرۇپ ياكى ئېشەككە مىنىپ سەپەر قىلىشقا توغرا كەلدى. ئالاهازەل يېرىم يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىدە چېغىمدا قەمەرگە ئىككى قېتىم خەت يازغانىدىم. كا-ماندىروپكىغا چىققاندىن كېيىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۈچ ئايغى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چە خەت يازماپتىمەن. كېيىن خوتەننىڭ كىرىيە ناھىيەسىدىن خەت يازدىم. ئەپسۇسكى، بۇ خېتىم قىزنىڭ قولىغا تولىمۇ كېچىكىپ تېگىپتۇ.

ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئاغىنىلىرىمدىن قەمەرنىڭ بىر ئاي ئىلگىرى ھېلىقى «ئۇناشقان» يىگىتى بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئامەت دېگەن ھەمىشە مەلۇم ئادەملەرگىلا مەنسۇپ ئوخشايدۇ. ئۇ يىگىت بۇرۇنمۇ ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق بايۋەچچىسى ئىكەن. ئىنقىلاب مەزگىلىدە قوشۇنغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئارقا سەپتىكى ئىشتابتا قېلىپ، مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدىنىمۇ پۇراپ باقماي غەلىبىگە ئۇلاشتى. تېخى كىشىلەر ئاغزىدا «قەھرىمان» دەپ تەرىپلەندى. مانا، تۇرمۇش ئىشىدىمۇ كۆپلىگەن ياش يىگىتلەردە بولىدىغان غەم ـ تەشۋىشلەردىن تامام خالىي بولغان ھالدا بىردىنلا شۇنداق گۈزەل بەرنا قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. مەنچۇ؟ ماڭا قالغىنى پەقەتلا نوۋگورد كوچىسىنىڭ خىلۋەت ئاخشاملىرىدىكى رومانتىكىغا تولغان ئەسلىمىلەر ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ بېرىدىغان چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىلا بولدى، خالاس...

* *

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. يەنە باشقا تونۇشلارمۇ قەمەرنىڭ تۇغقان يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قەمەرمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئەھۋالىمنى خېلى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى زوقلىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رايىغا ئاخىرىغىچە قارشى تۇرالمىغان ئاجىزلىقىنىمۇ يوشۇرماپتۇ. ئىشقىلىپ، مەندىن قىلچىمۇ ئاغرىنمايدىكەن. گەرچە ئۇ ئېرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇز نەچچە يىللىق تۇرمۇشى توغرىسىدا بىرەر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ سەزگۈر ئاڭلىغۇچىلىرىمىز

ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلالمىغىنىدىن ھېلىمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ.
غانلىقىنى بايقىغۇپلىشىپتۇ. ئۇلار يەنە شۇنىمۇ سېزىشىپتۇكى،
قەمەرنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى، مۇڭداشقۇسى بار ئىكەن.

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، يەنە ئاغرىنىپ يۈرۈشۈڭنىڭ ئورنى يوق، — دېيىشتى ئۇلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ، — شۇنچە ئۇزۇن يەردىن، چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان ئۇ. كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ قويغىنىڭنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق.

مەنغۇ قەمەردىن بۇرۇنمۇ ئاغرىنمىغان. توي قىلىۋالغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە قاتتىق ئازابلانغىنىممۇ راست. بىراق، ئەيىبىنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭغىلا قويۇشقا بولامتىمۇ؟ مەنمۇ نەچچە ئايلاپ خەت يېزىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرسام... كېيىن تۇغقانلارنىڭ سالاسى بىلەن بىزگە خېلى يېقىن تۇغقان كېلىدىغان ھازىرقى ئايالىم بىلەن توي قىلدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ۋە قىزغىن سۆيگۈسى، چەكسىز ۋاپادارلىق ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن قەلبىمدىكى ھىجرانلىق مۇھەببەتتىن قالغان جاراھەتنى داۋالاپ، چوڭقۇر ھۆرمىتىمگە سازاۋەر بولغانىدى. مانا ھازىر نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالدۇق. كىم بىلىدۇ، تېخى ئەۋرىلىرىمىزنى بېقىشقىمۇ مۇيەسسەر بولارمىز.

شۇ ئۇزاق يىللار ئىچىدە قەمەرنى ئۇنتۇپلا كەتتىم دېسەم، يالغان بولار. ئۇ تېخى ۋەتەندىكى چېغىدا غۇلجىغا بېرىپ كەلگەن تونۇش ـ بىلىشلەر قەمەر توغرىسىدا بەزى پاراڭلارنى قىلىپ قويانتى ۋە مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى ئەسكە ئالاتتىم. كېيىن ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەبىئىيكى ئۇنىڭ توغرىسىدىكى پاراڭلار ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. مەنمۇ ئۇنى تامام ئۇنتۇشقا ئۆزۈمنى زورلاپ يۈردۈم. بىراق، شېرىن ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەر خۇددى يىراق ئۇپۇقتا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقىلىپ تۇرىدىغان تونۇش بەلگىلەرگە ئوخشاش بەزى ـ بەزىدە خىيالىمنى بەند قىلىشنى داۋام قىلىۋەردى. مۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈمدە خۇشاللىق، پۇشايمان، ئېچىنىش ۋە نېمىگىدۇر غەزەپ-

لىنىش تۇيغۇلىرى جۇش ئۇرۇپ، بىسەرەمجانلىق قايىنىمىغا چۈ-
كۈپ كېتەتتىم. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ خىل ئەس-
لىمىلەر بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ھەتتا بىرمۇنچە تەپسىلاتلار
ئۇنتۇلۇشقىمۇ يۈزلەنگەنىدى. بىراق، ئۇ بۇ شەھەردە پەيدا بول-
ۋىدى، يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئېتىلىپ
قالاي دەپ قالغان بۇلاقنىڭ كۆزى بىردىنلا ئېچىلغاندەك، ئاشۇ
كونا ئەسلىمىلەر يەنە كۆز ئالدىمدا يېڭىباشتىن جانلاندى. مۇشۇ
كۈنلەردە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ
بەزىلەر ئېيتقان «كونا سامانلىقتا ئوت تۇتاشقان»لىقمۇ؟ راستىنى
ئېيتسام، ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. «شۇنداق» دەي دېسەم،
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ياشاۋاتقان ئادەممەن. راھەت ـ
پاراغەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تەڭ تارتىشىپ، بىللە قېرىغان
مېھرىبان ئايالىم، ئايرىم ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالغان بالى-
لىرىم بار. يۈرەكنى ئۆرتەپ، ئادەمنى تىنىم تاپتۇرمايدىغان سۆي-
گۈ ھېسلىرى ياشلىق دەۋرىگىلا خاس نەرسە بولسا كېرەك، ھازىر
قەلبىمدىن ئۇنداق بەڭباش تۇيغۇلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. «ياق»
دەي دېسەم، ئەمىسە قەمەر بىلەن نېمىشقا كۆرۈشمەكچىمەن؟ ئۇنىڭ
قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدىمۇيا؟ ئۇنداقتا بۇ
بىر خىل ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالامدۇ؟!
ئېھتىمال، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. تولا چاغلاردا ۋۇجۇدىمىز-
دىكى ھەسەتخورلۇقنى ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ.
ئەمما، خام سۈت ئەمگەن ئادەم باللىرىنىڭ قايسىبىرى ئازراق
بولسىمۇ ھەسەتتىن خالىي بولالايتىكەن؟ ئاشۇ چاغدا قەمەرنى
ئوڭايلا ئىكاھىغا ئېلىۋالغان ھېلىقى بايۋەچچىنىڭ ئامىتىگە ھە-
سەت قىلغانىدىم. كېيىن مەنمۇ ھەرھالدا ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ
ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. قېنى ئۇ ئامەتلىك يىگىت
قەمەرگە قانچىلىك بەخت بېرەلىدىكىن؟...

ياق، مۇددىئايىمنىڭ ھەممىسى شۇلار ئەمەس ئىكەن. قەمەر
بىر چاغلاردا ماڭا ئەڭ قىزغىن مۇھەببەت لەززىتى بەخش ئەت-

كەن، مۇرادىمىزغا يېتىشكە كۆزىمىز يەتمىگەندە تەڭ ئازابلانغان قىز ئىدى. بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەن شۇ ئۇزاق يىللار ئىچىدە ئۇنى كۆڭلۇمدىن تامامەن كۆتۈرۈۋېتىش ئۇچۇن قىلغان جىمىكى ئۇرۇنۇشلىرىم كۇتكەندەك نەتىجە بېرەلمىدى. ھازىر يەنە بىردىنلا قەلبىمدە ۋەسۋەسە قوزغالدى. بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟ يا مەن بىر بويتاق كىشى ۋە ياكى ئائىلىۋى بەختتىن مەھرۇم بولغان تەلەيسىز بەندە بولمىسام: ئىككى ئائىلىنى بۇ ـ زۇپ، يېڭى بىر ئائىلە بەرپا قىلىشنى ئويلاپمۇ كۆرگىنىم يوق. زىنھار يوق! شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەمىسە بۇ ۋەسۋەسىلەر زادى نە ـ دىن پەيدا بولدى؟...

ئاخىر ئۆزۈمچە قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. (ئەسلىدە ئىشق ـ مۇھەببەتمۇ، ئائىلە قۇرۇشمۇ پەقەت ئىنسان ـ غىلا بەخشەندە قىلىنغان نەرسىلەر ئىدى. ئەمما، تارىختىن بېرى ئا ـ شىق ـ مەشۇقلارنىڭ ھەقىقىي ئائىلىۋى بەختكە مۇيەسسەر بولا ـ لىغانلىرى ھامان بەك ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىپ كەلدى. كۆپ ـ چىلىك كىشىلەر ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى نەرسىنى ئۇنۇملۇك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئەلۋەتتە، ئۇلارمۇ ئائىلە قۇرۇشتى. ئەمما، بۇ «بىنا»نى بەزىلىرى بۇزۇۋېتىپ، يېڭىلاپ تۇرۇشتى، بەزىلىرى بوران ـ چاپقۇنلار ئىچـ ـ چىدە لىڭشىتىپ يۇرىۋېرىشتى. ئۇلار ئىچىدە يەنە ئاڭسىز ھالدا قانائەتلىنىپ ياكى پۇشايمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئائىلە «بىـ ـ نا»سىنى «تىنچ» ھالدا ساقلاپ كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، دەرۋازى ـ سىغا «بەختە ياخشى ئائىلە» دېگەن شەرەپ تاختىسىنى ئاسقانلار ـ مۇ كۆپ تېپىلىدۇ. مۇنداق «ياخشى»لىقنىڭ ئاساسى بولغان ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇلىرى ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئېسىل پەزىلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا نوقۇل ھالدا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولامدۇ؟ ئالدىنقىلىرى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەر ـ زەنتلەر ئوتتۇرىسىدا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا، دوست ـ

www.uyghurkitap.com

بۇرادەرلەر ۋە سەپداشلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت بولىدۇغۇ، ئاخىر. شۇنداقلا ئۇ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئىشق ـ مۇھەببەت پەقەت ئاشىق ـ مەشۇقلارغىلا خاس نەرسە بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ شۇ پېتىچە قېلىۋەرسە كېرەك. ئۇنىڭ قەلبتە ئىگىلىگەن ئورنىنى ھېچ نەرسە تولۇق ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا قادىر ئەمەس ئىكەن. ناۋادا، بارچە ئائىلە «بىنا»لىرى ھەقىقىي ئىشق ـ مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسىدى، تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ بەختلىك بولغان بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ئەگرى ـ توقايلىق ۋە خىلمۇخىللىقتىن خالىي بولالمايدىكەن...)

بىراق، قەمەرنى يوقلاپ بېرىشقا نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالماي بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئايالىممۇ كۈندە دېگۈدەك يا ئۇنى، يا بۇنى باھانە قىلىپ، ئىشخانامغا تېلېفون بېرىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. ئۇ كۆرسەتكەن سەۋەبلەر ئەرزىمەس ئىشلار ئىدى. باشتا چۈشىنەلمەي، ھەيران بولغانىدىم، كېيىن ئويلاپ قارىسام، ئۇنىڭ تەشۋىشى باشقا ئىكەن. ھەي، بىچارە جورام! نېمىشقا مۇنداق بىھۇدە تەشۋىش چېكىدىغانسەن؟! سېنىڭ ئېرىڭ ياشلىق چاغلىرىدىمۇ ساداقەتسىزلىكنىڭ ئەگرى يولىغا قەدەم باسقان ئەمەس، ئەمدى مۇشۇ كۈنلەرگە كەلگەندە خۇدىنى يوقىتىپ قويارمۇ؟ خاتىرجەم بول، ئوتتۇز نەچچە يىللىق ۋاپادارلىق بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۇق، خۇدانىڭ دەرگاھىغىمۇ شۇ پېتى كېتىمىز.

ئەلۋەتتە، ئۇ مېنى «قەمەرنى يوقلاشقا بارما» دېگىنى يوق. ناۋادا بارغىنىمنى ئاڭلىسىمۇ رەنجىپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلىنىڭ بىسەرەمجان بولۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇرۇپتىمەن. بۇ ھال مېنىڭ قەمەر بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى تېخىمۇ ئارقىغا سوزۇۋەتتى. ھەتتا بىر كۈنى: «بولدىلا، نېمىشقا كۆرۈشەتتىم؟» دەپ ئۆزۈمچە قولۇمنىمۇ شىلتىدىم. لېكىن، خىيال ـ ئەسلىمە مېڭەمدىن زادى يوقالمىدى. بەزى كۈنلىرى ئۆيگە كېلىپ

ئۆزۈمنى ئايالىم ۋە بالىچاقىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ تـوغ ـ رىسىدا سۆزلىشىشكە زورلايمەن. ئەمما، توساتتىن گەپلىرىم قولاشماي قالىدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈپ باقىمەن، ئەمما بېرىلىۋاتقان نومۇرلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئاڭقىرالماي قالىمەن...

ئايالىم كەيپىياتىمدىكى مۇنداق نورمالسىزلىقنى بايقاپ يۈر ـ گەنىكەن.

— بىرنەچچە كۈننىڭياقى سىزگە زادى نېمە بولدى؟ نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئاخىر بىر كۈنى كەچتە.

مەن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىدىم:

— مانا ئىلگىرىكىدەكلا تۇرىمەنغۇ، ھېچ نەرسە بولغىنىم يوق.

— مەندىن يوشۇرماڭ، ھېلىقى كونا قەدىردانىڭىزنى ئويلاپ يۈرىسىز.

زاڭ مال ئۈستىدە تۇتۇلغان ئوغرىدەك ئىقرار قىلىشقا مەجـ ـبۇر بولدۇم:

— تاپتىڭ، بەزىدە شۇ توغرىسىدىمۇ ئويلىدىم.

ئايالىم باشقا گەپ قىلمىدى ـ يۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

ئۇنىڭ شۇ ئىش تۈپەيلى ھازىرمۇ ئازابلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم ئىچىم ئاغرىدى. ھەي، ئايالالار، ئايالالار، سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارنى كەڭ دېسە دەرياغا، تار دېسە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە ئوخشاتسا بولغۇدەك، «تۆگىنى شامال ئۇچۇ ـ رسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر» دەپتىكەن. ئەسلىگىنىمگە شۇنـ ـچىلىك بولۇپ كەتكەن يەردە، يوقلاپ بارسام قانچىلىك بولۇپ كېتەر؟ ئەسلىدە مۇنداق ئازابلىنىش تامامەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ـ قۇ، لېكىن بۇنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرەلەيسەن؟ خىيال سـۈ ـ رۈش — ئىنسانغا بەخشەندە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئەركىنلىك ئىد ـ دى. نېمىنى خالىسا شۇنى ئويلىيالايتتى. ئۇنىڭغىمۇ چەك قويـۇ ـ

لىدىغان چاغلار بولىدىكەن، بۇمۇ ئاشۇ بىراۋلارنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن يەنە بىراۋنىڭ خاھىشىنى قۇربان قىلىدىغان مەنىۋى يۈكلەرنىڭ بىرسى ئەمەسمىكىن؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەڭرى كۆڭۈلگە ئىككى نەرسىنى سىغدۇرغىلى بولمايدىغاندۇ؟ بىرسى ھەتتا ھېچبىر رېئاللىققا ئايلىنالمايدىغان، پەقەت خىيال پېتى قالىدىغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ!



# يىغىندىكى ئۇيقۇ

يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا مېنى ئۇيقۇ باسقىلى تۇردى. بۇ، ئاخشامقى ئۇزاققا سوزۇلغان ئولتۇرۇشنىڭ تەسىرى ئىدى. مەن ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ مۇئاۋىن ئەزالىرىدىن تۇرسام، سەگەك ئولتۇرۇشۇم كېرەك ـ دە، ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا تەۋرىنىپ باقتىم، كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىدىم، توختىماي قايناق سۇ ئىچتىم. يەنىلا سەزگۈلىرىمنى ئۇيقۇ ئەللەيلىمەكتە ئىدى. بېشىم ساڭگىلاپ، كۆزۈم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر رەڭلىك كۆزئەينىكىمنى تاقاپ، ئالدىمغا بىر ھۆججەتنى يېيىپ قويۇپ، ماتېرىيال كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزۈمنى شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتتىم.

يىغىن مەيدانىدىكى ئۇيقۇ ئەجەب شېرىن بولىدىكەن. جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىڭ قۇلىقى يېنىپ كەتكەن دۇتارنىڭ تارىسىدەك بوشىشىپ ئارام ئالىدىكەن. يىغىندىكى ياسالما، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىرسى پەس ئاۋازدا ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك، گاھىدا تام ئارقىسىدا ئاللىكىملەر پاراڭلىشىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ ئاخىر يوقاپ كېتىدىكەن...

سالقىن يولدا، تانىسىدا تونۇشقان خېنىم بىلەن مۆڭدىشىپ كېتىۋاتسام، بىر توپ تېرەك «گۇپ» قىلىپ مۇرەمگە يىقىلدى. چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام، مۇرەمدە تېرەك ئەمەس، بىر قول تۇرۇپتۇ:

— سىزمۇ قارىشىڭىزنى دەپ باقامسىز؟ — دېگەن ئاۋاز قۇ-

www.uyghurkitap.com

لىقىمغا كىردى. ئۆزۈمنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ ھودۇقۇپ قالدىم. قارىسام، ھەممە كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. قايسى مەسىلىگە قارىشىمنى بىلدۈرىمەن؟ بۇ ماڭا نامەلۇم. ئۇخلاپ قاپتىمەن، دېسەم، كۈلكىگە قالىمەن. پىكرىم يوق، دېسەمچۇ؟ بۇ تېخىمۇ قاملاشمايدۇ. رەھبەرلىكنىڭ پىكرىگە ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھەگە قوشۇلىمەن، دېسەم بولغۇدەك. شۇنداق دېسەم، بىرىنچى قول باشلىقنىڭ پىكىر - لايىھەسىگە قوشۇلغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ. ھېچكىم، نېمىشقا قوشۇلىسىز، كونكرېت سۆزلەپ بېقىڭ ... دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. «بىراق»، «لېكىن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتسەم ئىش چاتاق، زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قوشۇلماسلىق، تۈزىتىش، تولۇقلاش توغرىسىدىكى ئاساسلىرىمنى سىياسەت - پىرىنسىپلارغا تەتبىقلاپ، ئىسپاتلاپ بىرمۇنچە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ...

— رەھبەرلىكنىڭ لايىھە پىكرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، — دەۋەتتىم ۋە بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىم بىلەن ئەتراپقا زەن سالدىم. باشلىقىمىز كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— تۆت ئاۋاز قوشۇلدى. لايىھە قاراردىن ئۆتتى. ئاشۇنداق بېكىتتۇق. ئاز سانلىقلار كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پىرىنسىپى بويىچە باشقىچە پىكىر بەرگەن ئۈچ نەپەر يولداشمۇ قارارغا بويسۇنۇشى لازىم. يىغىن تامام، — دېدى.

چۈشەندىمكى، بىرىنچى قول باشلىقنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغان، قوشۇلمايدىغانلار تەڭپۇڭلىشىپ قاتمال ھالەت شەكىللەنگەن جىددىي پەيتتە، ئۇيقۇلۇق كاللامنى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە تاشلاپتىمەن. قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگىنىم قانداق لايىھە؟ يىغىننىڭ مۇقەددىمىسى بىر شىركەتنىڭ كادىرلار مەسىلىسىدىن باشلانغاندەك قىلىنىۋىدى. ئېھتىمال، كىملەرنىدۇر ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ، تەلەيلىكلەرنى مەنسەپكە تەيىنلەشكە قوشۇلغاندىمەن. ھەممىنىڭ

كەيىندىن ئېرىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئال-
دىغا بېرىشىمغا باشلىق مېنى چاقىرىپ:
— كەچ سائەت يەتتىدە «پەرىزات» رېستورانىدا مۇھىم يىغىن-
لىش بار. ۋاقتىدا بېرىڭ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ۋە يەنە، —
باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ ھە، — دەپ ئالاھىدە قوشۇپ قويدى.
«پەرىزات» رېستورانىغا مۇددەتتىن سەل بالدۇرراق باردىم. مەن
«يىغىلىش» دېگەننى «يىغىن» دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخ-
شايمەن. ئۇ يەردە يىغىن تەييارلىقى ئەمەس، زىياپەت ئۈستەللىرى
راسلىنىپ تۇرۇپتۇ. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خام سېمىز باشلى-
قى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ، رەھبەر-
لىك بەنزىمىزنىڭ مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغان ئىككى ئەزاسى
ئولتۇرغان ئۈستەلگە باشلىدى. ئارقىدىنلا باشلىقىمىز سالاپەت
بىلەن كىرىپ كەلدى. تەكەللۇپ، ياسالما كۈلكە، تەزىملەردىن
كېيىن قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ باشلىقى گېلىنى قىرىپ ئوتتۇ-
رىغا چىقتى. ئۇ قانداقتۇر كادىرلار مېھمانسارىيى قۇرۇلۇشىنىڭ
ئىش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمانلارنى
تەكلىپ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. رەھبەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشنى
ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىپ
قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاۋاك چالدى. بۇ غەمخورلۇقنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، باشلىقىمىزنى
سۆزگە تەكلىپ قىلدى. باشلىقىمىز شىركەت دىرېكتورىنىڭ
باشلامچىلىقىدا ئۇرۇلغان قىزغىن چاۋاك ساداسى ئىچىدە:
— مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كادىرلار مېھمانسارىيى سې-
لىش لايىھەسى بۇگۈن چۈشتىن ئىلگىرىكى يىغىندا دېموكراتى-
يەنى جارى قىلىپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن
ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق قاراردىن ئۆتتى، — دېدى ۋە مەن ئول-
تۇرغان ئۈستەلگە قاراپ قوشۇپ قويدى، — رەھبەرلىك ئاپپاراتى
ئەزالىرى قىزغىن قوللىدى.
مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ نېمىگە قوشۇلغانلىقىمنى بىلدىم.

www.uyghurkitap.com

باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىدىغان مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىھ-مانساراي سالىدىغان ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن باشلىقنىڭ نېمە دېگىنى قۇلىقىمغا كىرمىدى. خوش ئېيتىشلار-دىن كېيىن نەغمە - تانسا قىزىغىلى تۇردى. باشلىقىمىزنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:

— سىز ماڭا ھاراق تۇتمىدىڭىز، مەن سىزگە بىر رومكا تۇ-تاي، بۇگۇنكى يىغىندا سەگەك ئولتۇرۇپ، ئەقلىڭىزنى جايىدا ئىشلەتتىڭىز. مەسىلىنى ئوبدان ئانالىز قىلىپ توغرا يەكۈن چىقىرىپسىز، سىز ياش، ئىقتىدارىڭىز بار، — دېدى ۋە دولامغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئېمىشقىدۇر يۈزلىرىم چىمىلداپ كەتتى. توۋا، ئۇخلاپ قېلىپ ھېچنېمىنى ئاڭقارماي «قوشۇلىمەن» دەپلا قويسام...

باشلىقنىڭ كەيپىياتىغا زەن سېلىپ ئولتۇرغان پېشقەدەم مۇ-ئاۋىن باشلىق ساقىم ئاكا «ساقىم سۆزلىمەس» دېگەن لەقىمىنى ئۆزگەرتمەكچىدەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھە، سىزمۇ مۇشۇ رەھبەرلىك ئاپپاراتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن بىرسى بولۇپ كېلىۋاتقىلى ئالتە ئاي بولۇپ قال-دى. مانا بۇگۇن باشلىقنىڭ بۇرۇتىدىن ئۆتتىڭىز. ئىلگىرىكى يىغىنلاردا ھە دېسىلا ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى گەپ قىلىپ سالاتتىڭىز، سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس، جىنىڭ باشلىق دېگەن نېمە قىلىشنى بىلمەي بىزنى مۇزاكىرىگە سالمايدۇ، ئۆزى-نىڭ پىلانىنى قارارىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يىغىن ئاچىدۇ. چۆرگۈلىتىپ ئۆز سىزىقىغا سالىدۇ. ئەسلىدىغۇ جىنىڭ باشلىقنىڭ پىكرىگە قارىتا قىزغىن مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، كەم يېرىنى تولۇقلىساق، ھەممىمىز توغرا تەدبىر-لىرىمىزنى تەقدىم قىلساق، ئۇنىڭ خەلققە پايدىلىق ئىش قىلى-شىغا كۈچ چىقارساق ھەقىقىي قوللىغانلىق بولاتتى. ئەپسۇس، ياخشى نىيىتىڭنى چۈشەنمىسە نېمە چارە؟ باشقىچە گەپ قىل-ساڭ، قارشى تۇردى دەپ ئويلايدۇ. كاللا ئىشلەتمەيلا «قوشۇلى-

مەن» دەپ قويۇش، ماھىيەتتە، سىنىڭ ئىشىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. قانداق، ئۇكام، سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس. جىڭ باشلىقنىڭ لايىھەسىنى ماختاپ قىزغىن ئاۋاز قوشۇش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلىغانلىقىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇش؛ يۇتاق چىقىرىپ پىرىنسىپچىللىق قىلغانلار بىلەن زاكونلىشىپ سادىقلىقىنى ئىپادىلەش... ھە، بۇ يەردە ئىش ئاشۇنداق، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، چوڭغا شىلتىڭ ئېتىپ، ئۆزۈڭچە قائىدىچى، پىرىنسىپچى، ئەمەلىيەتچى بولۇپ كەتكىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ تورى بىلەن ئۆزۈڭ يىقىلىسەن. ھە، سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس، قېنى ئەمىسە، خوش!

بۈگۈنكى كۈندە ئەقىللىك ئادەم ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئوتقا سەكرىگەننى تەلۋە ياكى ساراڭ دېيىش كېرەك. ئۆزىنى قوغداشنى، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلگەن ئادەمنى ئەقىللىك دېيىش كېرەكمۇ ياكى بەرگەن ناننى تۇتۇپ يېيەلمەي تارتتۇرۇپ قويغان ئادەمنىمۇ؟ ھەي ئۇكام، مەسخىرىلىك كۈلۈپ بېشىڭىزنى ئىرغىتماڭ. سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس. ئەمىسە، بۈگۈنكى يىغىندا نېمىشقا تامامەن قوشۇلمىدىڭىز؟ باشقا تۇردىكى مەبلەغنى يۆتكەپ، مېھمانساراي سالسا سىياسەتكە ئۇيغۇن بولامتى يا؟ ... سىز بۇلارنى بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەس، خوشە! تولا سۆزلەپ سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويمىغاندىمەن — ھە؟ قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ دېگەنلىرىم كىتابقا يېزىلمىغان دەستۇر. جىڭ گەپ! — ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

باشلىقىڭ قانداق دېسە شۇنداق، دېگۈلۈك،
پاختىنى توقماق دېسە توقماق دېگۈلۈك.
يولۋاستەك ھۆركىرەپ پەشۋا يېگۈچە،
ئاسلاندەك سوركىلىپ لوق گۆش يېگۈلۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوڭ يېنىڭغا باق، سول يېنىڭغا باق،
زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.

ئەتراپقا قارىسام، ئۇستەلدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم قالماپتۇ، قانداقتۇر غالدۇر ـ غالاپ، جالدۇر ـ جالاق مۇزىكىغا ئەر ـ ئايال جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە پۈتلىشىپ چۆرگۈلەشىۋېتىپتۇ، بەزى ئاياللار ئەرلەرنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، يۈزىنى ـ يۈزىگە يېقىۋالغان، بەزىلىرى بىر تەن بولۇپ قالغاندەك... ئۇلارنىڭ ھوشى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەك تەس ئىدى. چىراغلار بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ لاپ ـ لاپ قىلىپ تۇراتتى. كۆز ئالدىمدا بىردىنلا سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ مازار ـ ماشايىخلاردا ھۆكمەت ئوقۇپ بىھوش بولۇپ كېتىشكەن ھالىتى پەيدا بولدى. تۇۋا، رېستوران مازار ـ ماشايىخلار بىلەن ئورنىنى ئالماشتۇرغان ئوخشىمامدۇ؟!

— مەن مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ كۆزۈمگە باشقىچە ھالەت كۆرۈنگەندەك قىلىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

مۆڭدىشىپ ئولتۇرۇپ جىقراق ئىچىپ قويدۇق، بىز مەست ئەمەس، — دېدى ساقىم ئاكا.

بېشىمنى سىلكىپ قارىسام، كۆزۈمگە يەنە تانسا ئويناۋاتقانلار كۆرۈندى. ئەسلىدە ئەرلەر ئاياللارنى تانسىغا تارتىدىغان ئادەت بار ئىدى. بىراق، بىرسى بىزنى تانسىغا تارتىشقا خانىملارغا بۇيرۇق قىلدىمۇ ياكى بۇ رېستوراننىڭ قائىدىسى شۇنداقمۇ، بىر جۈپ خانىم كېلىپ بىزنى تانسىغا تارتتى.

ئۆزۈم تانسا ئويناۋاتىمەن. گاراڭلاشقان كاللامدا ساقىم ئاكىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى پىرقىرايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قىلىمەن...

قايتىش ۋاقتىدا دىرېكتور قولۇمنى چىڭ سىقىپ:

— كۆڭۈللىرى ئېچىلدىمىكىن؟ — دەپ ھىجايدى. مەن: «ھەئە» دەپ قويدۇم. ئۇ يەنە پاكىز كاستۇمنىڭ «توپىسىنى قېقىپ»

تۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى تاشلىۋەتمىسىلە، بىزمۇ ئۆزلىرىنى يوقلاپ ئاۋارە قىلىپ تۇرمىز، — دېدى.

شەرتلىك رېفلېكسمۇ ياكى ھەر كۈنى كەچتىكى تاماشانىڭ ھاردۇقىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن دائىم يىغىندا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالدىم، ئىشخانىدىمۇ، پىكاپتا ئولتۇرغاندىمۇ، پىيادە يۈرگەندىمۇ رەڭلىك كۆزئەينەك تاقاش ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئادىتىمگە ئايلاندى. ناۋادا ئاشۇ كۆزئەينىكىمنى تاقىمىسام ئۆزۈمنى ئەيىبناق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ خۇسۇسىي تۇرمۇشۇم ۋە خىزمىتىمدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى: ئىلگىرى سىياسەت - پرىنسىپلارنى پۇختا ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، بەجانىدىل ئىشلىسەممۇ، دارىتمىلاپ قىلىنغان تەنقىدلەردىن قۇتۇلالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى قانداقلىكى ئىش قىلسام، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تەقدىرلىنىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئىنسان ماختاپ ئۇچۇرۇشقا تەشنا بولسا كېرەك. باشلىقىمىزمۇ كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇمۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، قانداقلىكى چاي - زىياپەتلەرگە تەكلىپ قىلىنسا، مېنى چاقىرىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بىر سورۇندا باشلىقىمىز ماڭا:

— خىزمىتىڭىزنى قايتىدىن تەڭشەپ، مۇھىم ئىشلارنى سىزگە تۇتقۇزىمەن، — دېۋىدى، ئۇنىڭ گەپ قىلغان ئاغزىغا سۆيۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم. شۇ كۈندىن بېرى ئاشۇ «مۇھىم ئىشلار»نىڭ نېمىلىكىنى كۆڭلۈمدە پەرەز قىلىپ ھجىيىپ يۈردۇم. ئۇنى ئېنىق بىلىپ بېقىش ئۇچۇن بەزىدە گەپ كوچىلاپمۇ باقتىم.

— ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىز، ۋاقتى كەلگەندە، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويىاتتى باشلىق.

مەن ھەمىشە ئېچىلغۇسى يىغىندا باشلىقنىڭ قانداق مەسىلە-

نى مۇزاكىرىگە قويىدىغانلىقى ھەم ئۇنى قانداق قارار قىلدۇرغۇ-سى بارلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ئۇ «مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە»گە قانداق ئىپادە بىلدۈرۈش — بۇ بىر تېپىشماق، تې-پىشماقنىڭ جاۋابى باشلىقنىڭ كۆڭلىدە. شۇنى بىلىۋالسىلا بول-دى. ئۇنىڭ جاۋابى كۆپىنچە ھالدا «تامامەن قوشۇلىمەن» دېگەن بىرلا ئاددىي گەپ. يىغىننىڭ ئاخىرىدا، بىلىۋالغان جاۋابنى ئوت-تۇرىغا قويۇپ، تېپىشماقنى يېشىۋەتسەم كۇپايە. قالغان ۋاقىتتا بەخىرامان ئۇخلىسام بولىۋېرىدۇ.

گېپى ئاز، ئىپى كۆپ ئىشلارنى «مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دەپ كەينىگە سۈرۈپ، گاھىدا باشلىقتىن «يولىيورۇق سوراپ» بىر ياقلىق قىلاتتىم. قالغان ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. بىرسى يوليورۇق سوراپ كەلسە، مۇگدەك باسقان ئېغىر قاپاقلىرىمنى تەستە ئېچىپ:

— سىلەر قانداق قىلماقچى؟ دوكلات يېزىپ كېلىڭلار، — دەيتتىم. دوكلاتنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا بۇرجىكىگە «قوشۇلىمەن» دېگەن سۆزنى يازاتتىم. ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ كەلگەنلەر-دىن بولسا: «سىزنىڭچە، قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟» دەپ سورايتتىم. ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن «قوشۇلىمەن» دەيتتىم. ھەتتا ئائىلىدە خانىمىم بىرەر تەلىپىنى ئېيتسا ياكى مەسلىھەت سورىسا، ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيلا «سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئامرىقىم» دەيدىغان بولدۇم. ئەمدى قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ ماڭا بولغان باھاسىمۇ ئۆزگەرگەن-لى تۇردى. ئۇلار مېنى، كەڭ قورساق، تۆۋەننىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەممىگە چات كېرىۋالمايدۇ. سالاپەتلىك، بىزنى ئوبدان قوللاپ بەردى... دېيىشىپتۇ. ئاساسلىق رەھبەر ئىزباسارلىققا تاللاپتۇ. «ئۆسىدىكەن» دېگەندەك گەپلەرمۇ تارقىلىپتۇ. بۇ گەپ-لەرنى ئاڭلاپ قەلبىمنى ھاياجان قاپلىۋالدى. ئۆسۈشنى خالىماي-دىغان كىم بار دەيسىز؟

بىراق، بۇرۇنقى سىرداشلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ يوچۇن

كۆزلىرى بىلەن قارىشىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار بىر كۈنى
«ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى» قىلىپ، مېنى تۆرگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ،
ئۇزاقتىن - ئۇزاق نەسىھەت قىلىشتى. بەزىلىرى كۆزۈمنىڭ قا-
رىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ: «بوياقچىنىڭ قازىنىغا چۈشكەن تېيىن-
دەك رەڭ ئېلىپ، باشقىچە بىر نېمە بولۇپ كەتتىڭ» دېيىشتى.
ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بەزى ھەزىلكەشلەر مېنى «ماقۇلجان ئەپەن-
دى»، «مۇگدەك بەگ» دەپ زاڭلىق قىلىشارمىش. ئۇلار نېمە دې-
سە دەۋەرسۇن. ئەڭ راھەت ئىش — يىغىندىكى ئۇيقۇ. مېنى ئەڭ
ئالقىشقا ئېرىشتۈرگەن خىزمەت ئۇسۇلۇم «قوشۇلىمەن»، ئۇنىڭ-
دىن نېمىشقا ۋاز كەچكۈدەكمەن؟

ئىككى ئايلىق ئېكسكۇرسىيەدىن بۈگۈن چۈشتە قايتىپ كەل-
دىم. باشلىقنىڭ ئالدىغا دىككىدە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالى-
نى دوكلات قىلغاچ ئەسىرلىنىشىۋالارمەن دەپ تەرەددۇتلىنىپ تۇر-
سام، ئايالىم قېرىشقاندەك :

— باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پارت-
گۇرۇپپا يىغىنى بار ئىكەن، — دېگەن گەپنى قىلدى. باشقا ۋاقىت
بولسىغۇ «يىغىن» دېسە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم. بۈگۈن «يى-
غىن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدىم. چۈن-
كى، تېپىشماقنىڭ جاۋابى ماڭا نامەلۇم ئىدى. بالدۇرراق بېرىپ
تۇراي، باشلىق بىلەن ئۇچرىشىۋالسام ئەجەب ئەمەس. شۇ خىيال
بىلەن ئىدارىگە كېلىپمۇ قالدىم. باشلىقنىڭ دىدارى كۆرۈنمىدى.
مەجلىسخانىدا ئولتۇرۇپ كۈتمەكچى بولدۇم، ھەر دائىم ئولتۇرى-
دىغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. «كۆنگەن يامانمۇ، كۆيگەنمۇ،
دېسە، كۆنگەن يامان» دېگەندەك، مېنى يەنە ئۆگدەك باسقىلى تۇر-
دى. ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتاتتىم. رەڭلىك كۆز-
ئەينىكىمنى قېشىمنىڭ ئاستىغا چىڭ بېسىپ، ئالدىمغا بىر پار-
چە گېزىتنى ئېچىپ قويدۇم - دە، ئۇيقۇغا كەتتىم... دولامغا
توقماقتەك بىر نەرسە ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلۇپ، قۇلىقىمنىڭ
تۈۋىدە بىراۋنىڭ دۈمباق چالغاندەك بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويغانسام، كاتىپ ئالدىمدا بىر ماتېرىيالنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. نې-مە ئۈچۈندۇر غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— هازىر يىغىن باشلىنىدۇ. ئىشنى يىغىندىن كېيىن بىجە-رىمىز. قانداق دېگەن...

شۇئان ساقىم ئاكىنىڭ قاقاھلىغان كۈلكىسى بىلەن «يىغىن ئاللىقاچان تۈگىدى» دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. مەن چالا ئۇيقۇلۇقتا ئەتراپقا قارىدىم. يىغىن ئەھلى تارقاپ بولغانىدى. ئىشىك ئالدىدا ساقىم ئاكا مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇراتتى. يېڭىلا ئېكسكۇرسىيەدىن قايتىپ كەلگەن تۇرسام، بىرەرسى ئويغىتىپ كۆرۈشۈپمۇ قويماي تاشلاپ كېتىپتا؟ هۇ دۆيۈزلەر. مەن ئىچىمدە تىللىغاچ ئورنۇمدىن تۇردۇم. كاتىپ قولىدىكى ماتېرىيالنى ئۇس-تەلگە ئاۋايلاپ قويۇپ:

— بۇنى ئۆزلىرىگە، — دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشى-نى كۈتمەيلا «قوشۇلىمەن» دەپ توم جىجاپ يېزىۋەتتىم. كاتىپ:

— ئالدىرىمىسىلا، ئالدىرىمىسىلا، بۇ «قوشۇلىمەن»نى يېزىپ قويسىلا بولىدىغان ماتېرىيال ئەمەس ئىكەن. يۇقىرىدىن بۇ ئۇق-تۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان هامان كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن دەپ ئۇقتۇرغان، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن «يەنە بىر بالداق ئۆسكەن» لىكىم كۆڭلۈمگە ئايان بولدى. خۇشاللىقىمدا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى ئۈچۈپ بارىدىغاندەك غۇلىچىمنى كېرىپ بىر پىرقىرىۋەتتىم. بۇ يەردە هېچكىمگە يامانلىق قىلمىدىم. ئىززىتىم چوڭ، ئۆي-ئۆيلەردە، رېستورانلاردا ئۆزىتىش زىياپەتلىرى باشلىنىپ كېتى-دۇ. يېتىشمەي قالىمەن... كىملەرنىڭدۇر ئايرىلىشقا قىيماسلىق-لىرى، ئاق يول، مۇۋەپپەقىيەت تىلەشلەر خىيالىمدا نامايان بو-لۇپ، خۇشاللىقىم يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلدى. خەۋەر بېرىۋەت-سەملا، خوشلىشىش زىياپىتىنى قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى هېلىقى خام سېمىز باشلىۋېتىدۇ، دېگەن ئىشەنچكە كەلدىم. ئاندىن كاتى-پىمغا جېكىلىدىم:

— ئىشخانىنى رەتلەپ قوي، ئىشىمنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كې-يىن نەگە كەتسەم سېنىمۇ بىللە يۆتكەپ كېتىمەن.

— بۇ ...

— لاۋسا، — دېدىم مەن ساقىم ئاكىغا، — سىزنى كەچتە نا-هايىتى پەيزى بىر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. ھەمسۆھبەت بولۇشۇپ بېرەرسىز. بىرلىكتە تەبرىكلەيلى. سىزنى ئالغىلى ئۆ-يىڭىزگە ئۆزۈم بارىمەن. ھە يەنە، كاتىپ، سەنمۇ بار... مەن باش-لىقنىڭ يېنىغا كىرىپ ...

— بەكمۇ ئەپسۇس، — دېدى ساقىم ئاكا مەنسىتمەسلىك ئا-ھاڭىدا، — مەن ۋاقىت چىقىرالمايمەن. كاتىپمۇ سىزگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدى.

— نېمە؟ نېمىشقا؟ بۇ زادى...

— ھاي - ھاي، ھاياجانلانماڭ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى ئال-دىرىماي پۈۋلىگەندىن كېيىن، — نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزد-ڭىز چۈشىنىپ قالىسىز. سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

سىز بىلگەننى بىز بىلمەيمىز ئەمەس. بۇ ئادەت سۆزى بۈگۈن قۇلىقىمغا نېمىشقىدۇر غەلىتە ۋە سىرلىق ئاڭلاندى. مەن گويا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇيقۇدىن چالا ئويغانغان نېرۋىلىرىم سەگەكلەشتى. ھېلىلا ئۆزۈم «قوشۇلىمەن» دەپ تەستىق سالغان ماتېرىيالنى چىڭ سىقىملىغىنىمچە گا-دىرماش خىياللار ئىلكىدە سىرتقا چىقتىم.

ئىدارە ئالدىدىكى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سالام بېرىشنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدىم. لېكىن، ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويۇپ ھەمراھى بىلەن بىر نېمىلەرنى دې-يىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە كېتىپ قالدى.

ئابدۇكېرىم ھاشىم

# شاۋۇدۇنباي

شاۋۇدۇنباي بۇ شەھەرگە كېلىپ ئوقتىنى سۇدەك ئاقتۇرغان بىر يىلدىن بۇيان ئۆيىدىكىلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، يېنى تومپايغانسېرى، ئۆيىنى، يۇرت ـ مەھەللىسىنىلا ئەمەس، ئوقەتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى.

بۇگۇن ئۇ قولى بوشىغانلىقتىنمۇ ياكى بالىچاقىسىنى سېغىنغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بىر يىلدىن بېرى ئۆيىگە بىر پارچە خەت يېزىپ قويمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، شەھەرنىڭ مەركىزىگە سېلىنغان پوچتىخانا ئالدىغا كەلدى. پوچتىخانىنىڭ چوڭ ئەينەكلىك ئىشىكى ئالدىدا كىشىلەرگە «سالام خەت» يېزىپ بېرىپ، كۈنىنى ئالىدىغانلار قاتار ئولتۇرۇشۇپ خېرىدار كۈتۈشمەكتە ئىدى. شاۋۇدۇنباي ئالدىغا قەغەز يەشىكىنى دۈم كۆمتۈرۈپ، جوزا ئورنىدا پايدىلىنىۋاتقان ئاق بۇرۇتلۇق خەتتاتنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ھېلىلا سودا ـ سېتىقتىن قۇرۇقدالغان خۇرجۇنى بىلە ئۇزۇن، قارا پەشمەت چاپىنىنى قاتلاپ ئاستىغا سالدى ـ دە، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇردى، ئاندىن ئابايا دوقمۇشتىكى پالكۆز قاسساپتىن سوراپ ئالغان ئورۇقچىدەك قۇيرۇق مېيىنى قولىغا ئېلىپ، ئاقىرىپ قات ـ قات پۇرلىشىپ كەتكەن مەسىسىنى ھە دەپ مايلىغىلى تۇردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغىنىدەك تۈگەتكەندىن كېيىن، يازنىڭ دىمىق ئىسسىقىغا قارىماي كىيىۋالغان كونا تەلپىكىنى بېشىدىن ئېلىپ، پېشانى-

سىدىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان تەرلەرنى دەسلەپ ئالىقىنى بىلەن،
ئاندىن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سىيرىپ ئېرتتى - دە، تەلپە-
كى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۇ كۆرمەي ئۆز
رەڭگىنى يوقاتقان كۆڭلىكىدىن ئاچچىق تەر ھىدى بۇقسۇپ
تۇراتتى. ئاق بۇرۇتلۇق خەتتات ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە بىر ھازا-
قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا سورىدى:

— خوش، قارىم، خىزمەت؟

— يۇرتقا، بالا - چاقىلارغا ئىككى ئېغىز خەت يېزىپ، ئامان -
ئېسەنلىكىمنى بىلدۈرەي دېۋىدىم، قولدىن كەلمىگەندىكىنىزە ...
كىشىگە خەت يېزىپ بەرسىلە، دەيدىغان گەپ ئىكەن دېسىلە.

ئاق بۇرۇتلۇق خەتتات سېپىغا شوينا ئۇلىۋالغان كۆزئەينىكى-
نى ئېلىپ ئاۋايلاپ تاقىدى ۋە قەغەز - قەلەمنى قولىغا ئېلىپ،
شاۋۇدۇنبايغا تىكىلدى:

— خوش ئەمىسە، قارىكا؟

— جانابىي ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەتلىك، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق
بولغان، كۆرۈشكە ئارزۇلۇق بولغان، دەرقەمتە تۇرۇپ سۆزلە-
شىشكە تەشنا بولغان ھالال جۈپتىم گۈلدارىخانغا، جاندىن ئەزىز
يۈرەك - باغرىم، جىگەر پارەم، كۆز قارىچۇقۇم بولغان تۇنجى
بالام باۋۇدۇنھاجىغا ... — شاۋۇدۇنباي ئائىلىسىگە يوللىغان
سالام خېتىنىڭ دەسلەپكى قۇرلىرىنى ئەنە شۇنداق ئەزمىلىك بى-
لەن باشلاپ، ئۆي ئىچىدىكىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېيتقىلى
تۇردى. ئۆز ئىشىغا سادىق خەتتات قەلەمنى قەغەز ئۈستىدە يې-
نىك يورغىلىتىپ، شاۋۇدۇنباينىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆز-
لەرنىڭ بىرسىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئەينەن يېزىشقا باشلىدى.
شاۋۇدۇنباي سۆزىنى داۋام قىلدى، — ۋاھ، ئەمدى ماڭا ئاش -
نان، تېنىمگە جان بەرگەن، دىلىمغا قۇۋۋەتلىك ئىمان سالغان
مۇبارەك يۇرت - مەھەللە، ئۇلپەت، ئەل - ئاغىنە، دوست -
بۇرادەر، قوشنا - قولۇملارغا كېلەيلى، مەن بىر باشتىن دەۋ-
رەي، ئۆزلىرى بىر باشتىن يېزىۋەرسىلە جۇمۇسىلا. خوپ، گەپنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئالدى بىلەن ئۆزۈم تەۋە بولغان ئىمام باسىت مەسچىت جامائە-
تىدىن باشلايلى. ھەببەللى، ۋاھ، خەت دېگەننى گۈل كەلتۈرۈۋې-
تىدىكەنلا جۇمۇسىلا، ئاتا كەسىپ ئوخشىمامدا؟ ... شۇ، شۇ مەن-
مۇ بىلىپ دەيمەن جۇما. ھە، ھاشىر مولللىغا، زايىت قارىيغا،
ئاندىن قالسا تېيىپ مەزىنگە، ئەمدى ئىككى يان قوشنىلىرىمدىن
— ھوشۇر بايغا، ئابدۇرېھىمجانغا، ئۇدۇل قوشنام ئېلاخۇنكامغا
... ھە، بۇ ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان، مېنىڭدىن ئۈچ - تۆت
ئىشتاننى بالدۇر يىرتقان ئادەم دېسىلە. ھە، ئەمدى شۇنداق مې-
ڭىپ، ئۆستەڭ بويىغا كېلەيلى. جانىجان ئاغىنىمىز سونۇرجانغا،
غوپۇر قارىمغا، ئاياغ مەھەللىدىكى تۇدىخان ئاچامغا ۋە ئۇرايىمە-
بايلارغا سېغىنغان يۇرەكتىن سېغىنىشلىق سالام يوللاش بىلەن
بىللە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى ...

شاۋۇدۇنباي يۇرت - مەھەللىسىدىكى قولۇم - قوشنا، چوڭ -
كىچىكلەردىن بىرسىنىڭ ئېتىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي بىر -
بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. شۇنچە نۇرغۇن ئىسىملار تۈگىگەندىن
كېيىن ئۇ خەتتاتقا:

— تاپاۋىتىم ھەر ھالدا رىزقىمغا تۇشلۇق. ئاز كۆنده يۇرتقا
قايتىمەن. بىلسەم - بىلمىسەم، خىراجەتتىن قىسىلدىڭلار، ھا-
زىرچە ئون سوم ئەۋەتتىم، پەم بىلەن تېجەپ ئىشلىتەرسىلەر،
دەپ پۇتۇپ قويسىلا، — دەپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئاق بۇرۇتلۇق خەتتات خەتنى چىرايلىق قاتلىغاندىن كېيىن
كونۋېرتقا سالدى ۋە شاۋۇدۇنباينىڭ يۇرتىنىڭ ئادرېسىنى سوراپ
يازدى - دە، خەتنى ئۇنىڭ قولىغا ئۇزارتتى، كۆزئەينەكنى ئې-
لىپ، قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.

— قېنى، قانچە ئالىلا؟ — سورىدى شاۋۇدۇنباي.

— خەت بەش قەغەز بولدى، — دېدى خەتتات بۇرۇتىنى سىلاپ
تۇرۇپ، — بىر پارچە قەغەز بەش تىيىن، يېزىشىمىز يىگىرمە
بەش تىيىن، جەمئىي بولدى بىر سوم ئەللىك تىيىن، لېپاپ بەش
تىيىن، ئادرېس يېزىشىمىز ئون تىيىن، ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر

سوم ئاتمىش بەش تىيىن.

— ۋاھ، بىر پارچە سالام خەتكىمۇ شۇنچە جىق پۇل ئالامىلا، ئۇستام؟ — شاۋۇدۇنباينىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغىنىدى، — ۋاھ، ۋاھ، مەن تېخى بەش قەغەز، ئېشىپ كەتسە ئونبەش تىيىن بولامدىكىن دەپتىمىنا؟!

— نېمە دەۋاتىسىز ئۇكاۋۇي، ئونبەش تىيىنىڭىزگە مۇشۇلۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ؟

شاۋۇدۇنبايمۇ بوش كەلمىدى:

— ماڭا قارىسىلا، بىزمۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە كوچىمۇكوچا پايپاسلاپ يۈرۈپ، بىرەر سوم تاپساق تاپتۇق، بولمىسا، گۆردىن ھازىرلا ئېچىۋالغاندەك چىرايىمىزدىن توپا ئۆرلەپ، بىكارغا پالاقلىغىنىمىز پالاقلىغان دېسىلە.

— ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، قارىم، — دېدى خەتتات چۈشەندۈرۈپ، — بىزمۇ باھانى ئۆستۈرمىسەك قانداق جان باقىمىز؟ ئويلاپ بېقىڭا، قەغەز، قەلەم، سىياھ دېگەن-لەرنى بىزمۇ شاراقلىتىپ پۇل خەجلەپ ئالىمىز ئەمەسمۇ؟ سىز قىممەت كۆرگىنىڭىز بىلەن بىزگە قالدىغىنى چاغلىقلا ...

شاۋۇدۇنباي بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاپ تاپقاندەك، كونۋېرت ئىچىدىكى خەتنى ئالدى ـ دە، ئاچتى.

— مۇنۇنىڭغا بىر قاراۋەتسىلە، — دېدى شاۋۇدۇنباي خەتنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — قېنى قولىقىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ باشتىن بويى بىر قېتىم ئوقۇۋەتسىلە.

ئاق بۇرۇتلۇق خەتتات خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— ھە، ھە شۇنداقمىسىغا، ھە، ۋاھ، ياق، توختىسىلا، ئاشۇ بىر يىلى بىر نەزىردە ئاۋۇ ھاشىر موللا دېگىنى «يېڭى كالىچىم-نى كونا كالىچىمغا تېگىشىۋاپسەن» دەپ، يۇرت ـ جامائەتنىڭ كۆزىچىلا مېنى ئوسال قىلىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنساب ـ دىيا-نەتتىن ۋەز ئېيتىپ كەتكەن. خوش بولاي، ئەمدى ئوقۇسىلا، توختىسىلا، قايسىبىر يىلى ھېيتتا ئاۋۇ زايىت پوشكالچىمۇ مې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى رودۇ كۆرۈپ، ئىشىكىمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىر شا-
ۋۇدۇنباي بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيدۇ - دە، ئۇنىمۇ ئۆچۈرۈۋېتە-
سىلە. مەھەللە مەسچىتىنىڭ ۋەخپە يېرىگە تېرىغان بەسەيدىن بىر -
ئىككى تال سورىسام بەرمىگەن ئاۋۇ تېيىپ بەسەيىنىمۇ جىجىلا-
ۋەتسىلە. ھە، ماۋۇ ھوشۇر چامغۇر دېگەنكەنغۇ، ئوزاقى يىلى ئۇ-
نىڭ چامغۇرلىرىنى ئون بىر تىيىندىن سورىسام بەرمەي، ئۆزى
بازاردا ئېشەك ئورنىدا هارۋا سۆرەپ يۈرۈپ، ئون ئۈچ تىيىندىن
سېتىپ، راسا قەنتىنى چاققان. نېمانچىلا راپاۋەت قىلاتتىم ئۇ-
نىڭغا؟ ئۇنىمۇ سۈركىۋەتسىلە. ھەببەللى، ئاۋۇ ئېلاخۇن كومشا
دېگەنمۇ مېنى «ئاكا» دەۋالغانلارنىڭ بىرسى، ئۇ «ئۆگزەڭنىڭ قا-
رىنى بېغىمغا چۈشۈرۈپسەن» دەپ مەھەللىدە رامىزان ئېيىتىپ
يۈرگەن، ماۋۇ ئابدۇرېھىم پايپاس دېگەنمۇ قاملاشمىغان بىر نېمە،
بۇلتۇر مال بازىرىدا مەن كېلىشىۋاتقان كۆك ھاڭگىنىڭ نەرخىنى
بىر تەڭگە ئۆرلىتىپ ئېلىپ كەتكەنىدى، ھەر ئىككىسىنىلا جىد-
جىلىۋەتسىلە. خوپ، ئەمدى ئوقۇسىلا، توختىسىلا، ئاۋۇ، سۇنۇر
گۇر - گۇر مىراب بولدۇم، دەپ ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇۋېلىپ، بىر-
نەچچە قېتىم سۇ بەرمىگەن، ئۇنىمۇ بويىۋەتسىلە ... خوپ بولدى
دېسىلە؟!

ئاق بۇرۇت خەتتات شاۋۇدۇنباينىڭ دېگەنلىرىنى تولۇقى بىلەن
بەجا كەلتۈردى ۋە «ئەمدى نېمە قىلىمەن؟» دېگەندەك، ئۇنىڭغا
سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— ئەمدى بىر سانىۋەتسىلە، نەچچە ۋاراق قەغەز قالدىكىن؟
شاۋۇدۇنباينىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەڭ، خەتتاتنىڭ چىرايىنىڭ
قېنى قاچتى، لەۋلىرى دىرىلدەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا بىردەمدىلا
تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — دېدى خەتتات سەنلەپ، — ياز دې-
دىڭ، يازدىم، ئۆچۈر دېدىڭ، ئۆچۈردۈم، خوش، سېنىڭ مۇشۇ تە-
كىپ - سۆككەن ئىشىڭ بىلەنلا كۈن كەچ بولدى، قانداقلا بول-
مىسۇن، مۇشۇ بەش قەغەز خەت ساڭا تەن، ھۆتۈت - پۆتۈت دې-

گەننى ئاز قىلىپ، بىر سوم ئاتمىش بەش تىيىننى ئالدىمغا قويە!

شاۋۇدۇنباي غىلىڭ - پىلىڭ دەپ زۇۋان سۈرەلمەي، شالاڭ ساقاللىرىنى بىردە تۇتاملاپ، بىردە چىمداپ يۇلۇپ، ئېڭىكىنى سىلاپ بىرپەس جىمىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، پۇل چىقارماق ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تەس كېلىۋاتاتتى.

— ۋاي ئىسسىت، — دەپ غودۇڭشىدى شاۋۇدۇنباي ئېغىر خورسىنغان هالدا يانچۇقىدىن تەستە چىقىۋاتقان بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بەش پۇڭلۇق پۇللارنى تىترەپ تۇرۇپ ساناۋېتىپ، — مۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، ئاۋۇلارنى ئۆچۈرتكۈزمەيتتىمكەن! ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# قەبرىگە قويۇلغان گۈللەر

## ئىككى ھازىدار

بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ، قەبرىستانلىقتا قاراپ ماڭدىم. ھاۋا سوغۇق، ۋىژىلداپ شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس بېكىتىگە بارغۇچە بىر ئاز ئارىسالدى بولدۇم. شىۋىرغان شۇنچە قاتتىق چىقىۋاتىدۇ، «سىر»نى بايقىغىلى بولارمىكىن؟ تېخى بىر قارارغا كەلگۈچە ئاپتوبۇسمۇ كېلىپ قالدى. ئاپتوبۇستا ئادەم شالاڭ ئىدى. دېرىزىگە يېقىن ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى قىش مەنزىرىسىنى كۆزەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، ئاپتوبۇس ئەينىكىنى قېلىن قىرۋۇ-مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى. قولۇم بىلەن مۇزنى سۈرتكەچ، ئەينەكتە تەبىئىي ھاسىل بولغان مۇز چېچەكلىرىگە كۆز تاشلىدىم. خىياللىرىم ئىختىيارسىزلا دوستۇم نادىرنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈللەرنىڭ سىرىغا كۆچتى.

نادىر يۈرەك كېسىلى بىلەن تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتتى. جان ئۈزۈش ئالدىدا مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ ماڭا ئۈزۈك ئاۋاز بىلەن «دوستۇم ...، بىر كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەر ئىچىدە ... ئىككى تال قارىغاي يوپۇرمىقى بار ... ئۇنى ... خاتىرە دەپتەر ... بىلەن ... گۈل ...» دەپلا تىلىدىن قالدى.

ئادەم ــ مەيلى ئالىيجاناب، ئۆلۈغ بولسۇن، ياكى يارىماس بىنەزەر بولسۇن، ھامان بىر كۈنى قارا تۇپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدى-

كەن. ئەمما، ئادەمنىڭ هايات چېغىدا قالدۇرغان تەسىرى خېلى زامانلارغىچە ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا ياشايدىكەن. نادىر ئۆزىگە خاس ئەقىدىسى، تۇرمۇش پەلسەپىسى بىلەن مەندە چوڭقۇر تە ـ سىرات قالدۇرغانىدى. ئۇ: «ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىچاقا ئوتتۇرى ـ سىدا مەڭگۈلۈك ۋاپادارلىق؛ ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا تەۋرەنمەس ساداقەتلىك؛ دوست ـ ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئىخلاس ـ مەنلىك بولۇشى كېرەك» دەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئادەمگە قويغان بۇ ئۈچ ئۆلچىمىنى «نادىرنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئىخلاس قويغانىدىم. بىراق، ئۇ بىزدىن بىمەھەل ئايرىلىپ كەتتى. بۇ تۇيۇقسىز ئايرىلىش مەندەك ئەمدىلا بىر ياخشى دوستقا ئېرىشكەن بويتاققا تولىمۇ قاتتىق ئەلەم بولدى. نادىر بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، دوستلۇققا لايىق بىرەر ئىش قىلىش پۇرسىتى كەلمەيلا، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ـ غا بولغان ساداقىتىمنى پەقەت پات ـ پات قەبرە يوقلاش بىلەنلا ئادا قىلىپ كېلىۋاتىمەن. باشتا بۇ قەبرىنى يوقلىغۇچى يالغۇز مەنلا بولسام كېرەك، دەپ ئويلىۋىدىم، كۆپىلەرنىڭ بىر سىدە نا ـ دىرنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈلدەستىنى كۆرۈپ خاتالاشقانلى ـ قىمنى چۈشەندىم. كىمدۇر بىرسى مەرھۇمنىڭ روھىنى مەندىنمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمەتلىسە كېرەك، ئۇ، بۇ قەبرىنى ئاددىيلا يوقلاپ تۇرماستىن، يەنە گۈلدەستىمۇ قويۇپ كېتىپتۇ.

شۇ كۈنى، يەنى دوستۇمنىڭ يەتتە نەزىرىنىڭ ئىككىنچى كۈ ـ نى قەبرىستانلىققا بارغىنىمدا، ئۇ يەرگە قويۇلغان بىر دەستە گۈلنى كۆرۈپ، بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم، بىر تۇرۇپ ھەيران بولدۇم. مەن گۈللەرنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدىم. بۇ گۈلدەستە بۈگۈن قويۇلغاندەك ئىدى. گۈللەرگە قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بو ـ لۇپ، كۆز يېشى قىلدىم. ئېسىت، دوستۇم نادىر مۇشۇ گۈللەردەك ئېسىل يىگىت ئىدى ھەم مۇشۇنداق گۈلگە لايىق ئىدى. بىراق، ئۇ ئەمدى بۇ گۈللەردىن ھۇزۇر ئالالمايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ گۈلدەستىلەرنىڭ ئىگىسى نادىرنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى ئىكەن ـ

www.uyghurkitap.com

لىكىدە شەك يوق ئىدى. بىراق، ئۇ زادى كىم؟ مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ سەكراتتا يېتىپ ئېيتقان ھېلىقى ۋەسىيىتىنى ئۆلۈم ئالدىدىكى جۆيلۈش دەپ بىلىپ، ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىدىم، ئەمدى مەن بۇ گۈل قويغۇچىنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك. ئۇ زادى كىمدۇر؟ ئامانەتنىڭ ئىگىسى شۇمىدۇ؟ ماڭا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتەن باش - ئايىغى يوق بىر «سىر» بولدى. ياندۇرقى پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا كەلدىم، يەنە بىر دەستە گۈل قويۇلۇپ بولغان، ئىگىسىدىن ئەسەر يوق. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيشەنبە كۈنى ئاخشام تەرەپتە كېلىپ، بىر پىنھان جاينى تېپىپ ماراپ تۇردۇم، خېلى كەچ كىرىپ، قەبرىستانلىقتا مېنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى، لېكىن ھېچكىم كەلمىدى. قەبرىگە بېرىپ قارىسام، يەنە بىر دەستە گۈل قويۇلۇپتۇ. مەن ھەقىقەتەن سىرلىق دۇنيا ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇدا قار يېغىپ تۇرغاچقا، ئىزنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يەنە بىر پەيشەنبىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا قەبرىگە قاراپ ماڭدىم. قەبرە يېنىغا كەلگىنىمدە، سائەت ئالتە يېرىم بولغانىدى. يەنە كېچىكىپتىمەن، گۈلدەستە قويۇلۇپ بوپتۇ. توساتتىن خۇشال بولۇپ كەتتىم، چۈنكى قاردىكى ئاياغ ئىزلىرى گۈل ئىگىسىنىڭ بۇ يەرگە يېڭىلا كېلىپ كەتكەنلىكىدىن، ئاياغ ئىزى كىچىك، قەدەم ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقى گۈل قويغۇچىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قەلبىمدە بىر خىل ھۆرمەت - ئېھتىرام قوزغالدى. ياق، مەن ئۇنى زادى تاپماي قويمايمەن! بۇ گۈل ئىگىسى بىز كۆرگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھېكايە - رومانلىرىدىكى قەلبى گۈزەل پاك قىزلاردىن نەچچە باراۋەر ئالىي پەزىلەتلىك ئەمەسمۇ؟ ئېرىنىڭ ياكى لايىقىنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ خىيانەت قىلىدىغان خوتۇن - قىزلار مەۋجۇت بولۇۋاتقان بۇ جاھاندا مۇشۇنداق بىر پەزىلەتلىك كىشىنىڭ بولغىنى بىز ئۈچۈن پەخىرلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا، بۇ گۈل قويغۇچى سەھەردە كەلسە كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم - دە، كېيىنكى ھەپتىسى تاڭ سەھەردە كېلىش قارارىغا كەلدىم،

مانا بۇگۈن گۈل ئېگىسىنى ئىزدەۋاتقىنىمنىڭ بەشىنچى ھەپتىسى ئىدى.

مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، قەبرىستانلىققا بارىدىغان چىغىر يولغا قايرىلدىم. ئالدىمدا سومكا كۆتۈرگەن بىرسى قەبرە تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. «شۇمىدۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم ۋە خۇددى رازۋېدكىچىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئاستا ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. دەرۋەقە، ئۇ ئۇدۇل نادىرنىڭ قەبرىسىگە باردى - دە، سومكىسىدىن بىر دەستە گۈلنى چىقىرىپ، كۆكسىگە باسقىنىچە، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ياش تۆكتى، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىگەن جۈغىدىن ئۇنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى باسالمايۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى ... ئۇ گۈلنى قەبرىگە ئاستا قويدى - دە، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، كۆزىنى سۈرتتى. قار ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. مەن قەدىمىمنى تېزلىتىپ قەبرىگە يېقىنلاشتىم. ئۇ سېزىپ، دەرھال بۇرۇلدى - دە، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاق رومال، ئۈچىسىدا دىراپ پەلتو، پۇتىدا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك بار ئىدى.

— توختاڭ، سىڭلىم، — دېدىم مەن ئۇ يېنىمدىن ئۆتكەندە.

ئۇ چۆچۈپ قارىدى - دە، يەنە كېتىۋەردى، مەن كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئاستا ئېيتتىم:

— قورقماڭ، سىڭلىم، قەبرىدە ياتقان كىشى مېنىڭ سىرداش دوستۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن، سىزنى ئىزدەۋاتقىنىمغا تۆت ھەپتە بولدى.

— ئۇ سىزگە مەن توغرۇلۇق بىرنەرسە دېگەنمۇ؟ — دېدى ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ. ئۇنىڭ چىرايىنى ئەمدى ئېنىق كۆردۈم. مەڭزى قىزارغان ئالمىدەك، قاش - كىرپىكلىرى قۇندۇزدەك قارا ۋە قويۇق، چىرايى يېقىملىق قىز ئىكەن. بەزىلەر، قىزلار يىغلىسا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، دېيىشىدىكەن، شۇنىڭدىنمىكىن ئۇنىڭ كۆزى ماڭا تولىمۇ مېھرىلىك بىلىندى.

www.uyghurkitap.com

— بەلكىم سىز توغرۇلۇقتۇ. ئىشقىلىپ، مەندە بىر ئامانەت بار، ئەگەر شۇ ئامانەتنىڭ ئىگىسى سىز ئىكەنلىكىڭىزنى جەزم قىلالىسام، ئاندىن سۆزلەشسەك ...

— نېمە ئامانەت ئىكەنلىكىنى دېمىسىڭىز، مەنمۇ يولۇمغا كېتىۋېرىمەن، خوش ئەمىسە.

— هوي، سىڭلىم، بىردەم توختاپ تۇرۇڭ، — دېدىم مەن بىتاقەتلىنىپ، چۈنكى ئۇ كېتىپ قالسا «سىر»نىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ قالاتتى - دە، بىرنەچچە ۋاقىتلىق رازۋېدكام بىكار بولاتتى، ئامانەت — بىر خاتىرە دەپتەر ۋە ئىككى تال قارىغاي يوپۇرمىقى ئىدى. قىز ئۇنداق ئاسان ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغانلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ. مۇۋاپىق پەيتتە خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئەگىتمە گەپلەر بىلەن ئىپادىلىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتەردە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ.

## ئىككى شېئىر

نادىر بىلەن تونۇشۇپ، ئىككىمىز سىرداش دوستلارغا ئايلانغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بەزى چاغلاردىكى كەيپىياتى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن قەلب يارىسى بارلىقىنى سېزىپ يۈرەتتىم، لېكىن بۇ ھەقتە ئۆزى ھېچ نەرسە دېمىگەچكە، مەنمۇ ئۇنىڭ يارىسىنى تاتىلاشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇ ھەقتە گەپ كوچىلىمايتتىم، ئەمما، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە مۇشۇنداق بىر قىزنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلا سەزمىگەنىكەنمەن. ياتاققا قايتقاندىن كېيىن، مەن نادىر بىلەن بۇ قىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىپ قالدىم ۋە بۇ ھەقتە بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن ئاشۇ كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ ۋاراقلاپ كۆردۈم. بىرنەچچە ئاق بەتلەردىن كېيىن مۇنداق بىر شېئىر دىققىتىمنى تارتتى:

## ئامرىقىم

كۆيگەن يۈرەك تەشناسىغا زەمزەمدۇر
ئويناق، ئوتلۇق خۇمار كۆزۈڭ، ئامرىقىم.

دەردكە داۋا، دىلغا شىپا مەلھەمدۇر
سېنىڭ ئېيتقان شېرىن سۆزۈڭ، ئامرىقىم.

پاكلىقىدا گۈلگە چۈشكەن شەبنەمدۇر
مېھرى ئىسسىق، سۈزۈك كۆڭلۈڭ، ئامرىقىم.

كېچە ــ كۈندۈز خىيالىمغا ھەمدەمدۇر
تەبەسسۇملۇق، ئوچۇق خۇيۇڭ، ئامرىقىم.

ئاخىرەتتە مېنىڭ ئۈچۈن مەھرەمدۇر
تالى مەجنۇن زۇلۇۋا بويۇڭ، ئامرىقىم.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بىرسىنى بەكلا ياخشى كۆرگەن.
يەنە بىرنەچچە بەت ئاق تاشلانغاندىن كېيىن مۇنداق بىر شې-
ئىر ئۇچرىدى:

## جۈپ سايە

تېنى بۆلەك، دىلى بۆلەك جۈپ سايە،
بۇنداق ئۆتۈش نېمىدېگەن ئاۋارە؟

يولۇقۇپسەن بىر ئەسكىگە ئازغىشىپ،
دەرد چەكمەكتىن ئۆزگە ئەمدى نە چارە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىنىشتىن ئېغىر بولماس جىمى دەرد،
تېپىلمايدۇ دىل دەردىگە ھېچ دارا.

ئىسىت، ياشلىق — ئالتۇن دەۋر خورلاندى،
ھەسرەت بىلەن يۇرەك بولدى مىڭ پارە!

بۇ قانداق گەپ؟ شۇنچە يالقۇنلۇق مۇھەببەتۇ، يەنە نىمىشقا مۇنچە يىرگىنچلىك نەپرەت؟ مۇھەببەت كىمگە؟ نەپرەت كىمگە؟ ...

## ئىككى پارچە خەت

سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىش تەقەززاسى بىلەن خاتىرە دەپتەرنى چالا قويماي ۋاراقلاپ چىقتىم. يۇقىرىقى ئىككى شېئىردىن باشقا ھېچنېمە يېزىلمىغانىدى. توساتتىن خاتىرە دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسى ئادەتتىن تاشقىرى قېلىن بىلىنىپ كەتتى، ئاختۇرۇپ قارىۋىدىم. مۇقاۋا قېتىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«قەدىرلىك نادىر ئاكا:

ئېخ، ئاجايىپ دۇنيا، ئاجايىپ ئىشلار — ھە! مەن بۇ خەتتە سىزگە نېمىلەرنى يازغانلىقىمنى خېتىمنىڭ بېشىدىكى نادىر ئاكا دېگەن سۆزدىنلا بىلىۋالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇ تاپتا مېنىڭ قەلبىمدە تۈمەن مىڭ خىيال ئۆركەشلەيدۇ. بۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا تېگىشتىن بۇرۇن، كىشىلەرنىڭ سىرلىرى بىلەن قىزىققۇچى باشقا بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇقۇشماسلىق بولماسلىقى ئۈچۈن مەن گەپنى باشتىن باشلىماقچىمەن.

ئېسىڭىزدىمۇ، بىز ئاشۇ شەھەر سىرتىدىكى تاغلىق ساناتورىيەدە، كۆزنىڭ خەيرلىك كېچىلىرىنى شارقىراتمىنىڭ قارشىسىدىكى تاش ئۈستىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ، يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمىزچە ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمىز؟ مانا شۇ تاپتا مېنىڭ تەسىراتلىرىم قايتىدىن جانلانماقتا.

مەن ساناتورىيەگە بارغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا سىزنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزلىرىڭىز، ئەدەپلىك سالاپىتىڭىزگە قاراپ، كۆڭلۈمدە سىزگە يېقىملىق ھەم ھۆرمەت تۇيغۇسى تۇغۇلغانىدى. لېكىن، مېنىڭ بارا - بارا سىزگە يېقىنلىشىشىم ۋە تونۇشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىز ماڭا سىرلىق، ھېسسىياتسىز، توڭ ئادەم بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدىڭىز ۋە مېنىڭ غۇرۇرۇم، ئىنسانىي ئىززەت - نەپسىم مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە ئېتىراز بىلدۈرمەي تۇرالمىدى!

سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىز، سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىز مېنىڭ تىنچ قەلبىمدە توختاۋسىز شاۋقۇن قوزغايتتى، كۆڭلۈمنىڭ تىنچ - ئاراملىقىنى بۇزاتتى، ئۇيقۇمنى قاچۇراتتى، مېنى خىياللار قايىنىمىغا ئىتتىرەتتى. سىز ئاي - يۇلتۇزلار، يەر - ئاسمان ھەققىدە، جەمئىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە خۇشتار ئىدىڭىز، بىراق مېنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنىم بولسا، ئۆزىڭىز ھەققىدىكى ھېكايە ئىدى! سىز بۇ جەھەتتىن ئېغىز ئاچمايتتىڭىز، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، مەن ئاخىر، كىچىككىنە بىر يوچۇقتىن سىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزنىڭ بىر بۆلۈكىنى كۆرۈۋالدىم. بەلكىم سىز تۇيمىغان بولغىيدىڭىز، بىر كۈنى سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا كىرىپ، ھېلىقى كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتىرىڭىزنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدىن «ئامرىقىم» ۋە «جۇپ سايە» دېگەن ئىككى شېئىرنى كۆرۈۋالدىم ۋە سىزنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھېسسىياتىڭىز ماڭا ئايان بولدى. بىراق، مۇھەببەت كىمگە، نەپرەت كىمگە؟ بۇ تېخى مەن ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. خاتىرە دەپتىرىڭىزنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالغىنىم ئىنسانىي ئەخلاقتا يات ئىش بولغاچقا، مەن ئۇ شېئىر توغرىسىدا زادىلا گەپ ئاچمىدىم، ئەمما تۇرمۇش خاتىرىلىرىمىزنى، سۈرەتلىك ئالبوملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈش تەلىپىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدۇم، ھەتتا سىزنى تەسىرلەندۇرۇش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىمنى، سۈرەت ئالبوملىرىمنى

www.uyghurkitap.com

سىزگە كۆرسەتتىم. سىز بۇ ئىشتىنمۇ تەسىرلەنمىدىڭىز، ھېلىدىقى كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەردىكى ئىككى شېئىر ئاھايىتى تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق يېزىلغانىكەن، بولۇپمۇ ئاشۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەنلەرنىڭ ئۆتمۈشى مېنى بەكمۇ قىزىقتۇراتتى. سىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا سوراشلىرىممۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. سىز ھەمىشە، دېگەنىنىڭ پايدىسى يوق دەيتتىڭىز، مەن سىزگە كۆڭۈل قويسام، ھېچقىسى يوق، دەيتتىڭىز. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرسىدە، مېنىڭمۇ يوشۇرۇپ يۈرگەن بىر سىرىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئاشكارىلىنىپ قالدى: ماڭا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. مەن بۇ خەتنى سىز ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغىنىمدا، ئوڭايسىزلىنىپ، يۈزۈم ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. مەن خەتنى ئالدىڭىزدا ئاچماي، يانچۇقۇمغا سالدىم، كېيىن ئادەم يوق يەردە ئېچىپ ئوقۇدۇم. قانداق خەت دېمەمسىز؟ تامامەن لاۋزىلىق! مېنىڭ ئاتالمىش «لايىقىم»نىڭ مۇھەببەت خېتى! ئۇ قانداق ئادەم؟ كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق: ئۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىراي ـ تۇرقى جايىدا، بەش ئەزاسى بېجىرىم، خىزمەت ئورنى ياخشى، ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى باياشات بىر ئەتىۋارلىق بەگزادە، شۇغىنىسى، كاللىسى ئاددىي، پىكرى چۇۋالچاق، گەپ ـ سۆزى تېتىقسىز، قىلىقى چاكىنا بىر ئادەم ئىدى. بىز دەسلەپتە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشقاندا، ئۇنىڭغا ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلغانىدىم. مېنىڭچە، ئوماق، مۇلايىم بولۇش قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل پەزىلەت، شۇنداقلا ئەدەپلىك، قىزغىن بولۇشمۇ يىگىتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي پەزىلەت. لېكىن، دەسلەپكى پەيتلەردىلا ئۇ مېنىڭ ئوچۇق چىراي، مۇلايىم مۇئامىلەمنى باشقىچە چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ غىلجىڭلىقى ھە دېگەندىلا ھايا چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇردى.

ئۇ، مېنىڭ خۇي ـ پەيلىم، ھەۋىسىم، غايە ـ ئىستىكىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشكە ئۈلگۈرگىنى يوق، ئۇنىڭ

دائىم دەيدىغىنى خۇشخۇي چېھرىڭىز، ئوتلۇق كۆزىڭىز، شېرىن سۆزىڭىز، زىلۋا بويىڭىز، ئوماق كۇلكىڭىز دېگەندەك خۇشامەت گەپلەر.

مەن ئۇنى چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭدىن بىزار بولغىلى تۇردۇم، كېيىنچە ئۇ مېنىڭ سوغۇق مۇئامىلىلىرىمنى قىزلارنىڭ ئۇياتـچانلىقى دەپ چۈشىنىپتىمىش، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە خىيالىغا خەلق تەمسىلىدىن تىللىغىنى — چىللىغىنى دېگەن نەزەرىيەۋى ئاساسنى تېپىپتىمىش. مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي يۈرگەن كۈنلەردە، داۋالىنىش ئۈچۈن ساناتورىيەگە كېلىپ سىز بىلەن تونۇشتۇم. بېشىمدىن ئۆتمىگىنى بىلەن، كۆپنى ئاڭلىغان، كۆپنى كۆرگەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيدىكى جېدەل ـ ماجىرالىرى، قىز دوستلىرىمنىڭ مۇھەببەت ـ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ماـئا تۇرمۇش ئىشىنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، ياشلىقتىكى رومانتىك ئىستەكلەرنىڭ رېئاللىققا باراۋەر ئەمەسلىكىنى ھەر تەرەپتىن تونۇتقانىدى. مەن كۆڭلۈمدە: ماڭا جۈپ بولىدىغان كىـشى گاداي بولسىمۇ مەيلى ـ خۇلقى ئوڭلۇق بولسۇن؛ كۆرۈمسىز ـ سەت بولسىمۇ، تەربىيە كۆرگەن، دىيانەتلىك، ساداقەتلىك بولـسۇن؛ قېرى قىز بولۇپ، تەنھا ئۆتسەم ئۆتەيكى، ئالدىراپ بىر شاللاق تەنتەك ئادەمگە يولۇقۇپ قالماي، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. شۇڭا، ئەلۋەتتە ھېلىقى لايىقىمنىڭ ئائىلە مەئىشىتى، جەمئىـيەتتىكى ئىمتىيازى، قامەتلىك تەق ـ تۇرقى مېنى قىزىقتۇرالـمىغانىدى. مەن لايىقىمدىن كەلگەن خەتنى بىر كىتابنىڭ قېتىغا سېلىپ، سىز مېنىڭ ياتىقىمغا كىرگەن پۇرسەتكە توغرىلاپ، كىتابنى كارىۋىتىمغا تاشلاپ قويدۇم ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتـتىم. كىرىپ قارىسام، سىز خەتنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ كىتاب ئوقۇغىلى تۇرۇپسىز، خەتنى ئېچىپ قارىسام، بىلىندۇرمەي ئاـرىسىغا سېلىپ قويغان قىسقىغىنا بىر تال چاچ ئۆز جايىدا تۇـرۇپتۇ، مەن قەستەن گەپ تېپىش ئۈچۈن سىزدىن:

— «لايىقىم»دىن كەلگەن خەتنى ئوقۇۋالمىغانسىز؟ — دەپ

سورىغاندا، سىز:

— خەقنىڭ سىرىنى تىڭتىڭلاش ياخشى خىسلەت ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردىڭىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خەتتە يوشۇرغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئاشۇ لايىقىمنىڭ خېتىنى سىزگە كۆرسىتىپ، ئۇزۇمنىڭ ئۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى دېگىنىمدە، سىز: «تۇرمۇش ئىشىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك ئىكەن. ھاياتتىكى باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەر ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن، لېكىن، ئەر - خوتۇن ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالسا، كېچە - كۈندۈز بىر ئۆيدە بولغاندىكىن، ئۇ سىزنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىڭىزنى بىھۇدە قۇرۇتۇۋېتىدىكەن، ئەل - جامائەت ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزمۇ بولمايدىكەن» دېدىڭىز. بۇ بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىڭىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئىچكىرىلەپ ئېيتمىدىڭىز.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەمىشە دېگۇدەك سىز بىلەن بىللە بولۇشنى، ھېكايىلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى خالايدىغان بولۇپ قالغاندىم. شۇنداق كۈنلەردە، يۇرتتىن ئاناڭنىڭ كېسىلى ئېغىر، دېگەن خەۋەر كەلدى، مېنىڭ كېسىلىممۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى، ئايرىلىشقا قىيىمىغان ھالدا سىز بىلەن خوشلىشىپ، ساناتورىيەدىن كەتتىم. ماشار چېغىمدا سىز تۇنجى قېتىم ماڭا چوڭقۇر مېھرىڭىز بىلەن: «ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا مەندىن سالام دەڭ» دېدىڭىز، مەن بۇ گېپىڭىزنىڭ مەنىسىنى كېيىن چۈشەندىم، ئەلۋەتتە.

يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاچام بىلەن ئىككىمىز ئانامنى باقاچ، سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم، بۇ گەپلەرنىڭ ئاچامنى قىزىقتۇرغىنى دەسلەپتە مېنى خۇشال قىلغانىدى. كېيىن ھەيران قالدۇردى، ئىختىيارسىز ئاچامنىڭ كۆزى ياشاڭغىراپ قالدى. كېيىنچە مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئۇ ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى. سىزنىڭ نېمىشقا ماڭا تونۇشلۇق بەرمىگىنىڭىز، نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىز توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغانلىقىڭىز

ماشا ئايان بولدى.

ئاچام ھەقىقەتەن سىزنى چىن دىلىدىن سۆيگەنىكەن. گەرچە سىز خەت ـ خەۋەرسىزلا يوقاپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن شۇ چاغدا دادام پالاكەتكە ئۇچرىغان ھەم ئىدارىڭىزدىن ئاچامنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ ماتېرىيال ئەۋەتكەن بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە شارائىتتا سىزنىڭمۇ بالا ـ قازاغا شېرىك بولۇپ قالماسلىقىڭىزنى، سىزنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاچاممۇ سىزگە خەت يازماپتۇ. كېيىن سىزنى ئۆي ـ ئوچاقلىق بوپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆمۈر بويى قېرى قىز بولۇپ ئۆتۈش نىيىتىگە كەلگەنىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەزى ئىشلار ئېسىمگە كەلدى. مەن بۇرۇن ئاچام بىلەن سىزنىڭ مۇناسىۋىتىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىدىم، مەن ئاچام بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرۇلۇق پاراڭلاشمايتتىم، چۈنكى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇقلۇقىنى بىلەتتىم. مەن بۇنى دەسلەپتە ئائىلىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئەكسىلئىنقىلابچى چىقىپ قېلىپ، بىگۇناھ ھالدا ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دەپ يۇرۇپتىكەنمەن. لېكىن، بىر قېتىم ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىكى سۈرەت ئالبومىنى ئېچىپ قويۇپ، ئىككى ئالىقىنى بىلەن ئېڭەكىنى تىرىگىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن كىرىشىم بىلەنلا ئاچام ئالبومنى يېپىپ قويدى. ئاچام بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئالبومنى مەندىن يوشۇرغان ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا چاپلانغان سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى بۇ كىم؟ دەپ سوراپ قوياتتىم. ئاچام بولسا، ساۋاقدىشىم دەپلا جاۋاب بېرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «ساۋاقداشلىق» تىنمۇ چوڭقۇرراق مۇناسىۋىتى بارلارنى بىلىۋېلىشقا قىزىقاتتىم، ئەمما بىلەلمىگەنىدىم. شۇ قېتىم مەن ئالبومنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ يېڭى بىر ئىشنى بايقىدىم: ئالبومدىكى سەممىمىي كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىق بىر ئوغۇل ساۋاقداشنىڭ يۈزى ئاچامنىڭ ياشلىرى بىلەن ھۆل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەنگەنىدى. قاراڭ، مېنىڭ گالۋاڭلىقىمنى! مەن ساناتورىيەگە بارغاندىن كېيىن، سىزنى بىر يەردە غىل - پال كۆرگەندەك ھېس قىلغان بولسامىمۇ، ھەرگىز شۇ ئىش يادىمغا كەلمەپتۇ. بۇ قېتىم ساناتورىيەدىن قايتىپ چىقىپ، ئاچامدىن ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ بولۇپ، ھېلىقى ئالبومنى ئېچىپ قارىسام، ئاچامنىڭ تالاي ياش - لىرى بىلەن نەمدىلىپ، سارغىيىپ كەتكەن ھېلىقى سۈرەت سىزنىڭ سۈرىتىڭىز ئىكەن. قاراڭ، ئاچام سىزگە ئەنە شۇنداق ساداقەت بىلەن ياشاپ كەلدى. بەلكىم ئۇنىڭ شۇنچە خورلۇقلارغا چىداپ شۇ كەمگىچە ياشاپ كېلىشىمۇ سىزگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىدىندۇر.

مەن ئاچامغا:

— ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلاتتىڭ؟ سەن كۈتكەن كىشىدىن ساڭا كەلگەن ۋاپا شۇنچىلىكقۇ؟ — دېسەم، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز؟

— سەن چۈشەنمەيسەن، سىڭلىم، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆيلىنىپ قالغاندۇ، جەمئىيەتتىكى تەتۈرلۈكلەر ئۈچۈن ئۇ گۇناھكارمۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايمەن، ئەگەر ئۇنىڭ تۇرمۇ - شى بەختلىك ئۆتكەن بولسىلا، مېنىڭ كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپقان بولاتتى ... — دېدى.

بىز ئۆزاق پاراڭلاشتۇق، بۇ پاراڭلارنى مەن ئۇرۇمچىگە قايت - قاندا سىزگە ئېيتىمەن. سىزمۇ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن بەش مىنۇت ئاجرىتىپ خەت يازسىڭىز تولىمۇ خوشال بولغان بولات - تىم. مەن سىزنى ئۆز ئاكام ئورنىدا كۆرۈپ قەدىرلەۋاتىمەن. سە - مىمىي چىن ئىنسانلار ئەبەدىلئەبەد قەدىرلەشكە لايىق. مېنىڭ سەمىمىي ھۆرمەت - ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلغايسىز.

سىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

گۈلئايىم»

كېيىنكى ھەپتىسى يەكشەنبە كۈنى مەن ۋەدىمىز بويىچە قەبـ -

رىستانلىقتا ۋاقچىراق كەلدىم. ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئاپپاق قار بىلەن تەكشى قاپلانغان پۈتۈن كائىنات ھېلىلا كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىدا كۈمۈش ھەلدەك چاقناپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھېلىقى قىز بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىم ئۇچۇنمىكىن، قىش كۈنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق مەنزىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. دەل ـ دەرەخلەر خۇددى تويى بولغان قىزلار ئاپپاق شايى رومالغا پۈركەنگەندەك باشقىچە كۆركەم تۇس ـ كە كىرگەنىدى. چوڭ يولدىن قەبرىگاھقا بۇرۇلىدىغان دوقمۇش ـ تىكى يوغان قارىياغاچ تۈۋىدە ھېلىقى ھازىدار قىز كۈتۈپ تۇرغا ـ نىكەن. بىز سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئىسمىڭىز گۈلئايىم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە، قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ قىزىقسىنىپ.

مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ:

— ھېلى دەپ بېرىمەن، — دېدىم، بىز بىرپەس ئۈنسىز مې ـ ڭىشتۇق. قەبرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەنمۇ قىز بىلەن تەڭلا ئالايىتەن تەييارلانغان بىر دەستە گۈلنى سومكامدىن چىقى ـ رىپ قەبرىگە قويدۇم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم قەبرە بېشىغا گۈل كۆتۈرۈپ كېلىشىم ئىدى. قىزنىڭ بۇ قېتىم ئەكەلگەن گۈلىمۇ باشقىچە چىرايلىق ئېسىل گۈللەر ئىكەن. بىز گۈللەرنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن جىملا كەينىمىزگە يېنىپ ماڭدۇق.

— قېنى ئامانەت؟ — دېدى قىز يولغا چىققاندا.

— ئامانەت سومكامدا، ئەگەر خالىسىڭىز، تونۇشۇپ قالساق، دەيمەن.

— مانا تونۇشتۇققۇ، ھە راست، ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن ـ غۇ، تېخى.

— ئىسمىم مۇرات.

— فامىلىڭىزچۇ؟

— مۇھەممەت.

— ھە، مۇرات مۇھەممەت دەيدىكەنمىز ـ دە، — دېدى قىز ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىردىنلا بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى، — توختاڭا، بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشلىغۇ، توغرا، ھېلىقى «مۇھەببەت ئەسلىدە مۇشۇنداق» دېگەن شېئىرنى سىز يېزىپتىكەنسىز - دە؟

مەن جاۋاب ئورنىغا سوئال قايتۇردۇم:

— سىزنىڭچە، ئۇ شېئىر قانداقراق؟

— ھېسسىياتلىق ئىكەن، مەنمۇ شېئىر ھەۋەسكارى، ياخشى شېئىرلارنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن.

بىز پاراڭلىشا - پاراڭلىشا ئاپتوبۇس بېكىتىگىمۇ كېلىپ قالدۇق. مېنىڭ خالىي بىر جاي تېپىپ، بۇ قىز بىلەن مۇڭداش - قۇم بار ئىدى.

— بۇگۈن يەكشەنبە بولغاندىكىن، ئوبدانراق سىرداشساق دەيمەن، بىزنىڭ ياتاقتا بارايلى، — دېدىم مەن.

— ياتاق دەيسىزغۇ؟ سىزمۇ بويتاقمۇ؟ ياق، ھېچبولمىغاندا، ھېلىقى مەشۇقىڭىز سىزنى ئىزدەپ كېلەر؟

— ھېلىقى شېئىردىكى «مەشۇقۇم» نى دەمسىز؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ، — بۇ پەقەت شېرىن ئارزۇيۇم، خالاس.

— ھە، مەن تېخى، شۇ شېئىرنى ئوقۇپ، ئەجەب بەختلىك بىر جۈپ ئىكەن، دەپ زوقلىنىپ كېتىپىمەن، — قىز بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا دېدى، — مېنىڭچە، ئەگەر خالىسىڭىز، مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ ئۆتۈپ كېتىڭ، بۇ يەرگە يېقىنلا.

مەن ئەلۋەتتە خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كىشىلىك ياتىقىغا كىردىم.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ياتاقتا قەدەم قويغان كىشى بۇ يەرنى گۈل يېتىشتۈرۈش تەجرىبىخانىسىمىكىن دەپ قالاتتى. كەڭ دې - رىزىنىڭ تەكچىسىگە تەشتەكلەر قاتار قويۇلغان بولۇپ، ياپيېشىل گۈل يوپۇرماقلىرى كىشىگە باھارنى ئەسلىتەتتى، ئىككى بۇ - لۇڭدا سوغىغا كۆچۈرۈلگەن سۆگەتگۈلمۇ باراقسانلاپ كېتىپتۇ، ھە، نادىرنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان گۈللەرنىڭ مەنبەسى مۇشۇ

ئىكەن ـ دە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆينىڭ قەيرىگىلا قارىسىڭىز گۈل ــ تامغا مىخلانغان ئاتكىرتكىمۇ گۈل، كالىپىندارمۇ گۈل ...

ــ يائاللا، بۇ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىلا گۈل ئىكەنغۇ، ــ دېدىم زوقلىنىپ.

ــ كىرگەنلا ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ، ــ دېدى قىز، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گۈل ئىچىدە ياشىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ــ بىزنىڭ ئەۋلادىمىزمۇ گۈلگە ئامراق ئىكەنمۇ دەيمەن، قاراڭ، ھەممىمىزنىڭ ئىسمىمۇ گۈل.

ــ دادىڭىزدىن باشقىسىنىڭمۇ؟

ــ دادامنىڭ ئىسمىمۇ گۈل، ئاپام گۈل نازىمخان، ئاچام گۈل ـ نازىمخان، مېنىڭ ئىسمىم گۈلئايىم، بىزنىڭ ئۆيدە ھەممىسى گۈل ئاتلىق بولغاچقا، دادامنىڭ قىزنىقچى بۇرادەرلىرى دادامنى «گۈلچى ھەسەن» دەپ ئاتاشقانىكەن، كېيىن «گۈل ھەسەن» بولۇپ قاپتۇ. بەزى يېقىنلىرى تېخى چاقچاق قىلىپ «ھەسەنگۈل» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا مېنى ئىككىمىزنىڭ چوڭقۇرراق تونۇشۇشىمىزغا ئائىت پاراڭلار بەكرەك قىزىقتۇراتتى. بىراق، ئۇ قىز مېنىڭ ھالىمغا ئانچە قىزىقماي، ھەدەپ مەرھۇم نادىر تۇغ ـ رۇلۇق سورايتتى، ئۇ ھەقتە كۆپ ئەھۋاللارنى بىلگۇسى كېلەت ـ تى، مەن بولسام ئۆزۈمنى نادىردەك تۇتۇپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى بولاتتىم. ئەدەپلىك بولۇۋېلىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ باقتىم، ئەمما پات ـ پات كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇ ـ نىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ ماڭا كۆز سالغان ـ سالمىغانلىقىنى كۆزەت ـ تىم. ھەي، نەدىكىنى دەيسىز، ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ بېقىپ قويغىنى يوق. بۇ ئىش مېنىڭ تازا ئىززەت ـ نەپسىمگە تەگدى.

ــ ئىسىت، سىز ئەقىدە باغلىغان كىشى ئۆلۈپ كەتتى، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتىنى كۆزەتمەكچى بولۇپ، ــ قانچە ئازابلانغانسىز ـ ھە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىسىت، «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەندەك، ئېتىقسىز كىشىلەر بۇ جاھاندا تىرىك يۈرىدۇ، — دېدى ئۇ ئېچىنىش بىلەن.

مەن بۇ سۆزدىن ئاچچىق كىنايە سەزدىم.

— سىز، مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشەندىڭىزغۇ دەيمەن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزى بىلەن ياخشى ئۆتۈشىدىغان بىرەرسى ئۆلۈپ كەتسە، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن، مېنىڭچە، سىز شۇ تاپتا نادىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا قانداقتۇر بىر خىل ئېيتقىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەت بارمىكىن، دەپ گۇمانلىنىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك. خاتىرجەم بولۇڭ، نادىرنىڭ سىزگە نېمە دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقى ياكى سىز ساقلاپ يۈرگەن خاتىرە دەپتەرگە نېمە دەپ يازغانلىقى ماڭا نامەلۇم. ئەمما، ھەركىمنىڭ قىلغان - ئەتكىنى ئۆزىگە ئايان. مەن نېمە ئۈچۈن نادىرغا شۇنچە چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىمەن؟ بۇنى ئادەتتىكى چاكىنا ئادەملەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەس. ئۇلار قىز بىلەن يىگىت ياكى ئەر بىلەن ئايال ئاشۇنداق بىر مۇناسىۋەت ئۈچۈنلا ياشايدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. ئەمما، مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەمزات ئوتتۇرىسىدا ئىشق - مۇھەببەتتىنمۇ ئالىي تۇرىدىغان يەنە بىر مۇھەببەت — ئالىي ئىنسانىي مۇھەببەت مەۋجۇت، — قىز ئاللىقانداق بىر ئىشنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قېتىدا ساقلانغان خەتنى ماڭا ئۇزارتتى، — مەڭ، ئاۋۋال سىز بۇ خەتنى ئوقۇڭ، ئاندىن ئاز - تولا چۈشىنىپ قالارسىز.

مەن پوچېركىسى تونۇش خەتنى زېھىن قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«سۆيۈملۈك سىڭلىم گۈلئايىم:
ياخشىمۇ سىز!

سىزنىڭ دەردكە داۋالىق، يۈرەككە شىپالىق سالام خېتىڭىز-
گە رەھمەت.

بەزى چاغلاردا كىشى قورساقتىكى دەردىنى تولۇق تۆكۈۋال-
سىمۇ خېلى يېنىكلەپ، ئەركىنلىشىپ قالىدۇ، لېكىن، دەرد تۆ-
كۈش ئۈچۈن، دەردمەننىڭ دەردىگە يېتىدىغان غەمگۇزار كېرەك.
مەن ئەنە شۇنداق دەردمەن بولۇپ ئازابلىنىپ ساناتورىيەدە داۋالى-
نىۋاتقان كۈنلەردە، سىز مۇشۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالدىڭىز. بىز
رومان - پوۋېستلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، كى-
تابلار ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ۋە پىكىر ئوخشاشلىقى ئىككىمىزنى
تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. سىزنىڭ چىراي - شەكلىڭىز، تەق - تۇر-
قىڭىز، ھەتتا بەزى مىجەز - خۇلقلىرىڭىزمۇ ماڭا تونۇشتەكلا
بىلىنىپ كەتتى. ئەمما، سىزنى ھامان بىرسىگىلا ئوخشىتاتتىم.
بىز كۆپ پاراڭلىشاتتۇق، كۆزقاراشلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز
ئوخشاش چىقىپ قالاتتى، شۇنداق كۈنلەردە سىز ماڭا بىر بەر-
گىدە ئۆسكەن بىر جۈپ قارىغاي يوپۇرمىقى تۇتتىڭىز. مەن ئەل-
ۋەتتە بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم، شۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلەردە
كۆڭۈلسىز بايقاش مېنى قاتتىق ئەندىكتۈردى: گەپ - سۆزلىرد-
ڭىزدىن — سىزنىڭ گۈلنارىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىڭىز ماڭا
ئايان بولدى!

بۇ بايقاش — خۇددى تىنچ كۆلگە قورام تاش تاشلانغاندا
داۋالغۇش ھاسىل قىلغاندەك، مەن ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇرۇ-
نۇۋاتقان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى.

مېنىڭ تۇرمۇش ئىشىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. مەن بۇنى
خۇدادىنمۇ، بەندىدىنمۇ كۆرمەيمەن، ئۆزۈمدىن كۆرىمەن. شۇڭا،
مۇشۇ ھەقتە ھېچكىمنىڭ گەپ كوچىلىشىنى خالىمايتتىم. سىز
بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مەن قاتتىق زىددىيەتلىك ھېسسىيات
ئىلكىدە قىينالدىم. سىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىيلىكىڭىزنى
دېسەم، ھەممە ئەھۋالنى سىزگە ئېيتقۇم كېلەتتى. بىراق، سىز-
نىڭ قەلبىڭىزدىمۇ يارا پەيدا قىلىشنى خالىمايتتىم. (گۈلنارىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرگەن دەردلىرىمۇ يېتەرلىك ئىدى!) شۇڭا، ئىلاج قىلىپ سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم ھەم قەلبىمدە سىزگە نىسبەتەن ئويغانغان يېقىملىق ھېسسىياتنىمۇ بىر خىل گۇناھ بىلىپ، ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم.

مانا ئەمدى سىزدىن كەلگەن خەتتىن ئايان بولدىكى، گۈلنارىم بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم سىزگىمۇ ئاشكارا بوپتۇ. ياق، يەنە بىر قىسمى تېخى سىلەرگە قاراڭغۇلۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق، گۈلنارىمنىڭ مېنى ئەپۇ قىلغانلىقى — مېنىڭ دەردلىك يۈرىكىمگە شىپالىق دورا بولدى. قاراڭ، ئەمدى مەن ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن گۈلنارىم بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن جەرياننى سىلەرگە ئاشكارىلىماقچىمەن:

بىز تېخنىكومدا ساۋاقداش ئىدۇق. گۈلنارىمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئەقىللىك، تىرىشچان، مۇلايىم قىز ئىدى. ئىلىمگە بولغان ئورتاق ھەۋەس بىزنى يېقىنلاشتۇردى. مىجەز - خۇلقىمىزنىڭ چىقىشىپ قېلىشى نەتىجىسىدە بىز چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇق، ئۇنىڭدىكى قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب پەزىلەت مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغانىدى. مەن گۈلنارغا: «سىز بىلەن ئۆتكەن ھەرقانداق كىشى بەختلىك بولىدۇ» دەيتتىم. ئۇ «ياق، ھەر ئىككىيلەن بەخت ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن بەخت دېگۈلۈك» دەيتتى. ئەمدى ھازىر سىزگە ئۇ چاغدىكى مۇھەببىتىمىزنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. كېيىنكى ئايرىلىشىنىلا يازسام كۇپايە. خىزمەت تەقسىماتى بىزنى ئايرىۋەتتى، بىز ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق ھەرىكەت باشلىنىپ، ھەممىمىز ئىنقىلاب قاينىمىغا ئۆزىمىزنى ئاتتۇق، بىراق بىر - ئىككى يىل چۇقان سېلىپ، بىزمۇ زېرىكتۇق -دە، توي قىلىۋېلىش قارارىغا كېلىشتۇق، بىز توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، مەن تەشكىلگە ئىلتىماس سۇندۇم. بىرەر ئايغىچە ئۇچۇرى بولمىدى. سۈيلىسەم، مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، دېيىشتى. كېيىن بىر كۈنى سىياسىي

خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مېنى چاقىرىپ:
— مەن تەشكىلگە ۋاكالىتەن سىز بىلەن رەسمىي سۆزلەشمەكچىمەن، — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا، — سىز ئۆز ئويىڭىز گۇلنار ھەسەننىڭ سىياسىي قىياپىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى چۈشىنەمسىز؟
— ئۇ، ئىتتىپاق ئەزاسى...
— ھىم، يەنىچۇ؟
— دەرستە ئەلاچى ئىدى. ئاندىن، ئۇ ناھايىتى ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىز ئىدى ...
— ھىم، يەنىچۇ؟
مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.
— ئۇنداق بولسا، مەن ئەمدى سىزنى تەشكىل ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ قوياي: قىزنىڭ يۇرتى — N ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىسپاتىدىن مەلۇم بولدىكى، گۇلنارنىڭ دادىسى ھەسەن ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى ئىكەن. دېمەك ...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ...
ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلابقا بولغان تونۇشۇم بىلەن «چەكسىز سادىق» بولۇشتەك «قىزىل قەلبىم» بىلەن ئەنە شۇنداق پەيتتە نېمىنى تاللىشىم مۇمكىن ئىدى!؟ ئېخ، گۈلئايىم، سىز ئويلاپ بېقىڭ، مەن نېمىنى تاللىشىم كېرەك؟!
ئويلا - ئويلا، ئاخىر «خىزمەت ئالدىراش بولغانلىقتىن، تەشكىل رۇخسەت قىلمىدى. توي ۋاقتىنى سەل كېيىنگە سۈرسەك» دېگەن مەزمۇندا ئاددىيلا بىر پارچە خەت يېزىپ سېلىۋەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن گۈلناردىنمۇ زادى خەت - ئۇچۇر كەلمىدى ...
ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتتى. ئەتراپىمدىكى غەمگۈزارلار ماڭا كۆيۈنۈپ زادى ئارام بەرمەيتتى، بويتاقچىلىقنىڭ مەنىسىزلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ كۆرۈشۈمگە قىزىقتۇراتتى، دېمىسىمۇ، يالغۇزلۇق دېگەن ئىتنىڭ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇشى ئىكەن، هاياتتىكى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنى ئويلاپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش قارارىغا كەلدىم. يۈزى چوڭ تونۇشلارنىڭ سايە قىلىشى بىلەن لايىقمۇ تېپىلدى، تويمۇ بولدى.

لېكىن، تويدىن كېيىنلا بەزى كىشىلەرنىڭ: «تۇرمۇش ئىشى ـــ ئۆمۈر سودىسى، يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن نەسىھەتىنى قۇلىقىمدا تۇتمىغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. يۈزى چوڭنىڭ يۈزىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈك چۈشەنگەن، چىن دىلىمدىن سۆيگەن قىز بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم ... مانا ئەمدى كەچۈرمىشلىرىم ماڭا ساۋاق بولدى، مىڭبىر پۇشايمان بىلەن كۆڭۈلسىز ئائىلە تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەممىدىن قول ئۈزۈپ، بويتاق ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدىم.

بىر ئايرىلىش ۋە بىر قوشۇلۇشتىن ماڭا ئوخشاشلا دەرد كەلدى، بۇ دەرد مېنى كىشىلىك تۇرمۇش، ئەخلاق، پەزىلەت، ۋىجدان، ئىرادە، بەخت ئۈستىدە كېچە ـ كېچىلەپ چوڭقۇر ئويلاندۇردى.

قەدىرلىك گۈلئايىم:

بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىم ۋە ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىمنى سىزگە يېزىپ ئەۋەتتىم، بۇ ھەسرەتلىك ياش بەدىلىگە كەلگەن تەسىرات سىزنىڭ كەلگۈسى نىشانىڭىزنى بەلگىلەشتە ئازراق رول ئويناپ، تۇرمۇشىڭىزنىڭ بەختلىك ئۆتۈشىگە ئاز ـ تولا ياردەم بېرەلىسە، ئاچىڭىزغا كەلتۈرگەن ھەسرەت تۈپەيلىدىن ئازابلانغان قەلبىم ئاز ـ تولا تەسەللى تاپارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

بىز ھازىر تۇرمۇش، مۇھەببەت، ئائىلە مەسىلىسىدە كۆپ ھاللاردا يۈز ـ خاتىرنى ئەلا كۆرۈپ، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇنى تۆۋەن كۆرىدىكەنمىز؛ ئىقتىسادىي ھالاۋەتنى ئەلا كۆرۈپ، مەنىۋى ـ ئەخلاقىي ھالاۋەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەنمىز. ھەي، بۇ نېمىدېگەن نادانلىق ـ ھە!

مەن گۈلنارىم بىلەن يۈرگەن چاغلاردا مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىكەنمەن. كېيىنچە، نەپرەت خورلۇقلىرىدا پۇچىلانغاندىن كېيىن، ئاندىن مۇھەببەت تەشنالىقىدا قايتىدىن يالقۇنلىدىم.

... مەن نەپرەت ھەسرىتى ۋە مۇھەببەت سەۋداسىدا ئازابلانغىنىمدا، بەختىمگە يارىشا، بىر دىلكەشىم ماڭا تەسەللى بېرىپ تۇردى. ئەگەر ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى بولمىغىنىدا، ھېلىغىچە بۇ دۇنيادا بولمىغان بولاتتىم، دۇنيادا دەردنى يېنىكلىتىدىغان پۇرسەتلەرمۇ بار ئىكەن. يىللارنىڭ توختامسىز ئېقىنلىرى قەلبىمدىكى يارىلارنى بارا ـ بارا ساقايتتى. ئەمدىلىكتە مېنىڭ قەلبىمدە تاتلىق ئەسلىمىلەر ۋە ھەسرەتلىك پۇشايمانلارلا قالدى. مەن بۈگۈنكى كۈندە گۈلنارىمنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشتىم. ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ھەم ئۆزۈمنىڭ ۋاپاسىز ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ۋىجدانىمنى ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنى ھەققانىي نەپرەت ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ، ئادىل نەزەرلەر ئاپتىپىدا پاكلاشتۇرۇشقا تەييارمەن.

يەنە دەيدىغان گەپلىرىم كۆپ ئىدى. بىراق، خەتنىڭ بەك ئۇزىراپ كەتكىنىنى ۋە سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ھېسابقا ئېلىپ، مۇشۇ يەردە توختاتماقچىمەن. ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ۋە گۈلنارىم كۆرۈشنى خالىسا، بۇ خەتنى كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بۇزۇۋېتىلگەن ھەممە ئىشلار ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىمىز توغرىسىدا گەپ ئېچىشقا تىلىم قىسىلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ مېنى كەچۈرسىلا، مەن مەڭگۈ ئۇنى قەدىرلەپ، يۈرەك يارىسىنىڭ ساقىيىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن مەلھەم بېرىشكە تەييارمەن!

قالدى گەپ ـ سۆزلەرنى سىز كەلگەندە سۆزلىشەرمىز.

خۇش خەۋىرىڭىزگە تەشنامەن.

ھۆرمەت بىلەن: نادىر»

www.uyghurkitap.com

## كۆتۈلمىگەن كۆڭۈللۈك نەتىجە

— سىزنىڭ نادىرغا شۇنچە چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغىنىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم، — دېدىم مەن خەتنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ.

— نېمىدەپ چۈشەندىڭىز؟

— ھەدىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى ئىكەنغۇ ...

— ياقەي، سىز تولىمۇ يۈزە ئويلاپسىز، — دېدى ئۇ، — ئويلاپ بېقىڭ، شۇنچىلىك مۇناسىۋەت ئۈچۈن مېنىڭ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى قوزغىغىنى — ئۇنىڭ ئەنە شۇ چوڭقۇر پىكىرلىرى. قاراڭ، ئۇ تېخى ياش بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قەلبى ئەزىم دەريا ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرىنى ھەتتا خاتىرىلىرىمگە كۆچۈرۈۋېلىپ، يادلاپ يۈرىمەن، مەن ئەنە شۇنداق بىر چوڭقۇر پىكىرلىك كىشى ئاچامنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى بولماي، بەلكى باشقا كىشى بولغىنىدىمۇ، ئوخشاشلا ھۆرمەت قىلغان بولاتتىم، ئۆمۈر بويى ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشنى خالايتتىم. بىراق، ئۇ تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتتى. مەن قايغۇ ھەم ئادەمگەرچىلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇردۇم، بەربىر مەن يالغۇز، بىركىم مېنى سوئال - سوراققىمۇ تارتمايدۇ.

مەن ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قايىل بولدۇم. نادىرنىڭ ماڭا ئامانەت قالدۇرغان خاتىرە دەپتىرىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، خوشلىشىپ ماڭدىم. ئۇمۇ مېنى پات - پات كېلىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزۈم كەتتىم - يۇ، قەلبىم شۇ يەردە قالغاندەك ياكى بىرەر نەرسەمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ياتاققا بېرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ئىككى ئالقىنىمنى بېشىمغا قويۇپ

تورۇسقا قاراپ ياتماقتىمەن، كاللامدا خىياللار ئۆركەشلەيتتى.

ئەمدى مېنىڭ نادىرنىڭ قەبرىسىگە ئۆتىدىغان چاغلىرىم كۆپىيىدۇ، بۇ يولدىن ئۆتكەندە مۇشۇ قىزنىڭ دېرىزىسىگە تويماي قاراپ ئۆتىمەن، پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشىنىمۇ چىن دىلىمدىن خالايمەن!

ئەمما، بىر خىيال مېنى قىينايدۇ:

ئۇمۇ مېنىڭ كېلىپ تۇرۇشۇمنى خالامدۇ، يوق؟



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# تىمتاس شەھەر

ــ يائاللا، جاق تويدۇمغۇ !

ئايالىم خەنزۇچە شۇنداق چالۋاقىغىنىچە تاقىلداپ بېرىپ تې-لېۋىزورنى تاراسسىدە ئۆچۈرۈۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئەلپازىدىن ئىنتايىن قورقىمەن، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى ھەر شەنبە كۈنى ياتىقىمغا كېلىپ كىرلىـ-رىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمنى ياماپ بېرىدىغان، سوئاللىرىمغا يەرگە قاراپ تۇرۇپ نازاكەت بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ئاشۇ قىز شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. دېمىسىمۇ، شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ھەممىلا ئىشىمنى ياقتۇراتتى، ھەممىلا ئىشتا مېنىڭ رايىمغا باقاتتى، قاچانكى ئوغلىمىز تۇغۇلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ مېنىڭ ئورنۇم بىردىنلا ئۆزگەردى.

مەن گەرچە ئوغلۇمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرسەممۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپمۇ قالىمەن. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى ۋە ئەسلىي ماڭا تەۋە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى تارتىۋالدى ئە-مەسمۇ. ھازىر ئايالىمنىڭ مىجەزىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشكە ئەگە-شىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى كەمچىلىكلىرىممۇ كۆپەيگىلى تۇردى.

ئۇ مېنىڭ كارىۋاتتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشۈمنى، كىيىـ-مىمنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىشىمنى، يول مېڭىشىمنى، تا-ماكا چېكىشىمنى، شاھمات ئوينىشىمنى... قىسقىسى، ھەممىلا ئىشىمنى ياقتۇرمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ كۈنلىرىم سىقىـ-

لىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. مەن ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئىختىيار-
سىز ئايالىمنىڭ كۆزىگە قارايمەن. ئەگەر ئۇنىڭ چىرايىدىن بى-
لىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم ياكى رازىمەنلىك ئەكس ئەتكەن
بولسا شۇ ھامان ئايالىمنىڭ ئاشۇ تەبەسسۇمى ئۈچۈن پۈتۈن دۇن-
يانى تېگىشىۋېتىشكە رازى بولىمەن.

مەن ھېلىتىنلا تولۇپ، سەمرىشكە باشلىغان ئايالىمنىڭ ئار-
قىسىدىن قاراپ قويۇپ، سوزۇپ ئەسنەپ تازا بىر كېرىلدىم-
دە، ئورنۇمدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ كەتتىم. ئاياغ ئاستىمدىكى پا-
كىزلىكتىن ۋالىلداپ تۇرغان يەرنى پاسكىنا قىلىۋېتىمىشتىن،
توغرىسى — ئايالىمنىڭ تىللىشىدىن قورقۇپ تاماكامنى ئېلىپ
بالكونغا چىقىپ كەتتىم. بالكون — مېنىڭ جەننىتىم. پەقەت
مۇشۇ يەردىلا مەن قىلچە ئەندىشىسىز ئولتۇرۇپ - قوپالايمەن.
ھە، يەنە بۇ يەردە تۇرۇپ باشقىلارغا ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ ھۇ-
زۇر سۈرەلەيمەن. نى - نى ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالار، دەل - دە-
رەخلەر، گۈللۈكلەر، راۋاقلار... كۆز ئالدىمدا خۇددى شاھمات
تاختىسىدىكى ئۇرۇقلاردەك قاتار - قاتار نامايان بولىدۇ. سۆلە-
تىدىن ئادەم ئەيمىنىدىغان نى - نى قامەتلىك ئەرلەر خۇددى
قوڭغۇزغا ئوخشاش مېڭىپ يۈرۈشكەندەك، ھاكاۋۇر، جەلپكار،
سەتەڭ ئايالالار كۆتەكتەك بەدىنى ئاستىدا بىر غېرىچ پۈتلىرى
بىلەن ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئادەتتە
ئۆزىنى سېنىڭدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى چاغلايدىغان كىشىلەر-
نى بىردەملىكتە بولسىمۇ ئاشۇ ھالەتتە كۆرۈش ئەلۋەتتە خۇشال-
لىنارلىق ئىش. مەن ئۇلارغا قاراپ ئىچىمدە كۈلىمەن، ئۇلارغا
خىلمۇخىل لەقەملەرنى قويىمەن. مانا بۇ مېنىڭ ھېچكىم تار-
تىۋالالمايدىغان ئەركىنلىكىم.

بۈگۈن بەشىنچى ئاۋغۇست. يەنە بىر كۈن مەنىسىز ئۆتۈپ
كەتتى، ئەتىمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ... ئەنە، بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇ-
رىدىغان ئابلىز شاھماتنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە گۈللۈككە
قاراپ ماڭدى. ھېلى ئۇ يەردىكى سېمونت شىرە ئۈستىدە شاھمات

قىزىيدۇ. ئابلىز، مەن، ئىككىنچى قەۋەتتىكى شاكىر ئاكام ۋە نېرىقى بىنادىكى ئۆمەر تۆتىمىز ئىدارىدە داڭلىق شاھماتچىلار ھېسابلىنىمىز. تۆتىمىز ئويۇنغا بىر چۈشۈپ كەتسەك، ئابلىزنىڭ ئايالى كايىغىنىچە چىقىپ ئېرىنى ئالدىغا سېلىپ ئەكىرىپ كەتـ-مىگۈچە ياكى مېنىڭ ئوغلۇم ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ چىقمىغۇ-چە ئورنىمىزدىن تۇرمايمىز. بىز ئەنە شۇنداق ئادەملەر، بىزگە شاھماتقا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەززىسىز تۇيۇلـ-دۇ. بىز يەنە ۋۇجۇدىمىزدىكى باشقىلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە زوراۋانلىق خۇمارىمىزنى مۇشۇ ئالىقانچە-لىك ئاق ـ قارا چاقماق سىزىقچىلار ئىچىدىلا ئېنىق قاندۇرىمىز.

گۈللۈكنىڭ ئارىسىدىكى تار يولدا پاكار، يوغان باش، سالاپەتـ-لىك بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇل قوشنام ھەم باشـ-لىقىم. ئەگەر ئىدارىمىزنىڭ كەسپىي تەتقىقات بۆلۈمىنى بىر شاھمات تاختىسىغا ئوخشاتساق، ئۇ ئاشۇ شاھمات تاختىسىدىكى شاھ، قالغان يەتتىمىز ــ پېشكا. ئۇ گەرچە بىزنىڭ تەقدىرىمىز-نى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەللىك نەچچە كىۋادرات مېتىرلىق ئىشخانىدا بىزنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمدارىمىز. ئۇ گەپدان، خۇش چاقچاق، ھەممىدىن مۇھىمى كاتتا ئادەملەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ زىيا-پەت شىرەلىرى ۋە پىكاپلىرىنىڭ بىرەر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن ئالالايدۇ. ئۇ قاچانلا قارىسا، قانداقتۇر «مۇھىم» ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرىدۇ. شۇڭا، كەسپىي ئىشلارغا زادى ۋاقىت ئاجرىتالمايدۇ، ئىشنى بىز ئىشلەيمىز، ئۇ يۇقىرىغا دوكلات قىلـ-لىپ تۇرىدۇ. كۈندە ئەتىگىنى ئىشقا كېلىپلا ھەممە چوڭ ـ كىـ-چىك باشلىقلارنى بىر باشتىن يوقلاش ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇ-يان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى. بىز ئۇنىڭ باشـ-لىقلارنىڭ ئىشخانىسىدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن، بۆلۈمنىڭ بارلىق ئىشىنى شۇنىڭ يۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقى، ئۇ بولمىسا ھېچ-

قانداق ئىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز. شۇڭا، ئىشخانىمىزنىڭ ھەرقانداق تەتقىقات نەتىجىسىگىمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىگە ئوخشاش شاھ، رۇخ، فەرزىن، پىللار يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كۆز تىكىپ ئەتراپىدىن چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدىغان ئىستىقباللىق ياش «پېشكا»لاردىن بىرنەچچىسى پەيدا بولۇشتى. بۈگۈنكى زاماننىڭ ياشلىرىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار مۇناسىۋەت دېگەن بۇ نەرسىنىڭ مۇھىملىقىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا چۈشىنىشكە باشلايدۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە بولسا خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىققىنىغا قارىماي، خۇشامەتچىلىكتە ئاجايىپ ماھارەتلىرى بىلەن چوڭلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

قىسقىسى، ئۇلار مۇھىم ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇھىم كىشىلەر، بىز بولساق ئىشتىن چۈشۈپلا شاھمات، قارتا ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئانچە ھېسابقا ئېلىنمايدىغان بەندىلەر. ئەتراپىمىزدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يېڭى ئىشلار — كىمدۇر بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز ئامىتى كېلىپ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، قايسىبىرىنىڭ بىر كېچىدىلا ئاخباراتلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالغانلىقى، يەنە بىرسىنىڭ قانداقتۇر يوللار بىلەن ئۇشتۇمتۇت بېيىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش ئىشلارغا قارىتا: «ھە، شۇنداق بوپتۇمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، جاھان شۇنداق تۇرسا...» دەپلا قويىمىز.

ئادەت بويىچە ئابلىز، ئۆمەر ۋە شاكىرلار يىغىلىپ بولۇشتى. ئۇلار كونا گېزىتنى يىرتىپ موخوركا يۆگىگەچ مېنى ساقلاۋاتىدۇ. تونۇگۈنكى مەسلىھەت بويىچە مەن ئۇلارغا بۈگۈن كارپوۋنىڭ باشلاش ئۇسۇلىنى ئۆگەتمەكچى. پەسكە چۈشمەكچى بولۇپ پۇتۇمنى يۆتكىشىمگە، كۆزۈم تونۇش بىر چىرايغا چۈشتى ـ دە،

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ جايىمدا تۈرۈپلا قالدىم. تاغام ! ... تووا، ئۇ بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كەپتۇ ـ دە... ھەيرانلىق بىلەن بىللە خىيالىمغا ئەڭ دەسلەپ كەلگىنى قورقۇش بولدى. مەن ئەھۋالنى ئايالىمغا چالا ـ بۇلا ئۇقتۇردۇم ـ دە، يۈگۈرۈپ پەسكە ــ تاغامنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كەتتىم، ئىككىمىز پەلەمپەيدە ئۇچراشتۇق. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان دەقىقىدە يېتىرقىغاندەك بىرھازا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

ــ يائاللا، تۇرسۇناخۇن، بىز كەلمىسەك تاغام بىلەن تۇغقاند. لىرىم بار ئىدى دەپ يوقلاپ بېرىش خىيالىڭغىمۇ كەلمىگۈدەك. قانداق ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۆيئىچى تىنچلىق ـ ئامانلىقمۇ؟

تاغام مەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ: «ئامىن ئاللاھۇئەكبەر» دېدى، مەنمۇ ئۇنى دو ـ رىدىم. شۇ ئارىلىقتا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ھەم مەسخىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىپادىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم. مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا تاغامنىڭ ئاشۇ قارىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتىم. چۈنكى، ئۇ خۇددى ساقىيىشىد. دىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن كېسەلگە قارىغاندەك، بىر خىل قارايتتى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىزار ئىدىم، ئۇنىڭ يېنىدىن يىراق قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى. قېرىشقاندەك، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئو ـ قۇۋاتقىنىمدا ئاتام ئۆلۈپ كېتىپ، ئاشۇ تاغامنىڭ قولىغا قالدىم. ئۇ دائىم مېنىڭ ئالدىمدىلا: «ھەي، رەھمەتلىك ئاچامنىڭ بىر تال ئوغلىنىڭ بۇنداق بوشاڭ بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، بۇ چوڭ بولسا قانداقمۇ جېنىنى باقار؟» دەيتتى ۋە داۋاملىق ئۆزد. نىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئوغۇللىرىنى ماختايتتى. مەن تا ـ غامنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلدىم. كېيىن ئۇ ـ رۇمچىدە ئىشلەپ قالدىم. تاغامنىڭ بالىلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئو ـ قۇشنى تولۇق ئوتتۇرىغىچە داۋاملاشتۇرالمىدى. دېمەك، مەن رو ـ ھىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەلەيدىغان ئاساسقا ئىگە

بولغانىدىم. بىراق، تاغام بىلەن كۆرۈشكەن دەسلەپكى مىنۇتلار ـ دىن تارتىپلا شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تىكلىگەن ئا ـ ساسىمنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاخشىمى مېھمانخانا ئۆيدە مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا تاغام قاچانلا قارىسا قىزىرىپ تۇرىدىغان سەل ئالىغاي كۆزلىرى بىلەن ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېي ـ يىن، بۇلۇڭدىكى ئون تۆت دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزورنى كۆرسىتىپ:

ــ تېخىچە مۇشۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر، يا سىلەر شۇنداق كەم ـ بەغەلمۇ؟ ــ دېدى.

چاي قۇيغىلى كىرگەن ئايالىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن خەن ـ زۇچە:

ــ ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، ــ دېۋىدى، تاغام كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئايالىمنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى ۋە ئۇ چىقىپ كەتكەندە:

ــ يائاللا تۇرسۇناخۇن، خوتۇنۇڭ باشقا مىللەتتىن ئەمەستۇ؟ چىرايىغا قارىسام ھېچ ئۇنداق ئەمەستەك، گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆ ـ زۈمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن ! ــ دېدى.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس، كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئو ـ قۇپتىكەن، شۇڭا ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەشنى ئانچە بىلمەيدۇ، ــ دېيەلىدىم قىسىلىپ تۇرۇپ.

ــ ما گەپنى ! بىلمىسە ئۆگەتمەمسەن ! ئۆز تىلىنى بىلمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ بىر خوتۇن كىشىنى باشلىيالمى ـ غاندىكىن، ئۆزۈڭ بوش، توۋا... رەھمەتلىك ئاچام بۇنى بىلسە ئۇ ئالەمدىمۇ ئارام تاپالماس !

ئۇ مېنىڭ يۈرەك يارامنى تېپىپ كوچىلىدى. بۇ ئايالىم ئىك ـ كىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ تالاش ـ تارتىش ئىدى. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك جاھىل خوتۇنكى...

گەپ ئوغۇللىرىغا يۆتكەلگەندە ئۇ مەغرۇرلانغىنىدىن ئاغزىنى يۇمالمايلا قالدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ئوقەت بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە، ئۇ يەردىن تۈركىيەگە، پولشا، رومىنىيە، ۋېنگرىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، دانىيەلەرگىچە بېرىپ كەپتۇ. ئۇ يەرلەردىن ھەر خىل ئېسىل ماللارنى ۋە خېلى كۆپ دوللار، فوند - ستېرلىڭ، فىرانك... ئېلىپ كەپتۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئىچكىرىدىكى بىر زاۋۇتنى كۆ-تۈرەگە ئېلىپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ. شۇغىنىسى، چوڭ ئوغلىنىڭ بالىلىرى ئىچىدىن بىرسى مېنى تارتىپ قاپتۇدەك. پۇل - پۇ-چەككە قىزىقمايدىكەن. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايدىكەن. دائىم كىتاب ئوقۇيدىكەن، رەسىم سىزىدىكەن، مۇزىكا ئاڭلايدىكەن. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئالغان نومۇرى ئۆلچەمگە يەتمەي قاپتۇ. تاغام ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلە-شىپ، قانداقلا قىلىپ بولسۇن ئۇنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەپتۇ.

— ياردەم قىلىدىغانلا ئادەم تاپالىسام، دوللار ئالىمەن دېسىمۇ ياكى تىللا ئالىمەن دېسىمۇ مەيلى. قۇيما ئۇزۇكتىنمۇ ئىككىنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى بارغانسېرى پەسەيتىپ.

مەن ئالدىغا سەل ئېڭىشكىنىچە بىر قېشىنى ئېگىز كۆتۈ-رۈپ، بىر كۆزىنى قىسىپ ئولتۇرغان، چاپان ئۈستىگە چاپان كىيىۋالغان، پۈتۈن تۇرقىدىن قۇۋۇلۇق ھەم بېخىللىق چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىرپەستىن كېيىن قانداقلارچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا:

— شۇنداق قىلىپزە، بىر بىچارە بالىنىڭ رىزقىغا چاڭ سې-لىۋېتىپسىز - دە ! — دەۋېتىپتىمەن.

تاغام مەن ئەنسىرىگەندەك خاپا بولۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە، مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— ئەخمەق، ئوغۇل بالا دېگەن ھاجىتى چۈشكەندە باشقىلار-

نىڭ قولىدىكى ناننى تارتىۋالالمىسا ئوغۇل بالا بولالامدۇ؟ بوزەك-
نى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار دەيدىغان گەپ بار.
ئۇنىڭ قولىدىكى ناننى سەن ئالمىساڭ يەنە بىرسى ئېلىۋالىدۇ،
شۇنداق دۇنيا بۇ، تۇرسۇنجان. كىچىك چاغلىرىمدا دادام رەھمەت-
لىك ئادەمنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن پۇلى ياكى ھوقۇقى بو-
لۇشى كېرەك دەيدىغان. ئويلاپ باقسام، بۇ گەپ بۈگۈنكى جاھان-
غىمۇ توغرا كېلىدىكەن. راست ئەمەسمۇ. پۇلۇڭ ياكى ھوقۇقۇڭ
بولغاندىلا ھەممىنى قىلغىلى، باشقىلارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرغىلى بولىدۇ. سەھرادا نى - نى ئەقىللىق بالىلار بار.
ئىمتىھاندىن ئۆتسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا بۇ
يەرگە كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئامال يوق، كىم سېنى كەمبەغەل
بولسۇن دەپتۇ؟! كىشىلەر ھۆكۈمەت ھازىر ئوقۇشنىمۇ پۇلغا سا-
تىدىغان بولدى، دېيىشىدىكەن. ساتسا نېمە يامىنى بار؟ ھۆكۈمەت-
كە پۇل لازىم، بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا ئوقۇش لازىم. پۇل دېگەن
دۆتنىمۇ ئەقىللىق قىلىۋېتەلەيدىغان نەرسە... شۇڭا ساڭا مەس-
لىھەتىم، سەنمۇ بۇنداق خاملىق قىلىۋەرمە، بىرەر - يېرىم ئە-
مەلنىڭ كەينىگە كىر، ھېچ بولمىسا كوجاڭلىق بولسىمۇ مەيلى،
شۇ قاتارغا كىرىۋالساڭ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا ئاز - تولا بىرنەرسە
سۇڭگۇتۇپ يۈرۈپ تېخىمۇ يوغانراققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن بىرسى ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن، بولۇپمۇ باشلىقلىرىڭ
بىلەن لايىقىدا سالام - سەھىتىڭ بولمىسا بولمايدۇ، يەنە بىرسى
كالىدەك بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ئىشلەپلا يۈرمەي، قىلغان
ئىشىڭنى بىرنى ئىككى قىلىپ كۆرسىتىشنى بىلمىسەڭ بولماي-
دۇ...
تاغامنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئايالىمنىڭمۇ كۆڭلىدىكى گەپ-
لەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال مېھمانخانا ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا كې-
لىپ، خېمىر يۇقى قوللىرىنى سىلكىپ دۇدۇقلىغىنىچە:
— تاغا، سىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىڭ، ئۇ بەك... ياۋاش، مەن
دېسەم ئاڭلىمايدۇ، ھازىر كىم ئۇنىڭغا ئوخشاش...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆز تىلىنى يامداپ سۆزلەپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. خۇشى تۇتۇپ قالسا تاماقـ ـنىمۇ قالتىس ئوخشىتىۋېتەتتى. قارىغاندا، بۈگۈنكى تاماقتا گەپ يوق. تاغام كەچلىك تاماقنى ماختاپ يېدى.

ئەتىسى مەن تاغامنى مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىمنىڭكىگە باشلاپ باردىم. ئىلگىرى ئۇ دائىم كىشىـ ـلەرگە قانداق ياردەم قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ماختىناتتى، ئەمما ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئانچە ئېچىلىپ كېتەلمىدى. ساق بىر سائەت گەپ يورغىلىتىپ، ئاخىر راست گېپىنى ــ بالىنىڭ نەتىجىسى نومۇر سىزىقىغا يەتمىسە ھېچقانداق ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى، ھازىر يېنىدا تونۇش ـ بىلىشلىرى يول تېپىپ بەرسەڭ دەپ زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويغان يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇل بارلىقىنى، ئەمما شۇ پۇلنى ماڭدۇرىدىغان يولنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتـ ـتى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىرنەرسە دەپ ئاغزىمنى ئېچىپ بولغۇچە، باياتىندىن ئۇندىمەي ئولتۇرغان تاغام بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ساۋاقدىشىمغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بىر قولىنى مەيدىسى بىلەن قورسىقى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەرگە قويغىنىچە قايتا ـ قايتا تەـ ـزىم قىلىپ خوشلاشقىلى تۇردى.

ــ قاراپ باقسام، تازا بىر پاقپاق نوچىدەك قىلىدۇ، مۇنداق ئىشەنچسىز ئادەملەر بىلەن ئىش پۈتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئاغزىدـ ـمىزنى بىكار ئۇپرىتىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، ــ دېدى تاـ ـغام ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋېتىپ.

تاغام ئىككىمىز ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، پەلەمپەيدە ئۇدۇل قوشنىمىز سوپاخۇنكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ تاغام بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن ھال ـ ئەھۋاللىشىپ كەتتى. سوپاخۇنكام:

ــ ئۇكام تۇرسۇنجان، تاغىڭىزنى ئۆيلەرگە باشلاپ كىرمەيـ ـسىزغۇ؟ بۇ ئىشىڭىز پەقەت بولماپتۇ. بىزدىن ئۇنداق قاچماڭ دەيمەن، سىزگە زىيىنىمىز تەگمەيدۇ، ــ دېدى.

مەن قوشنامنىڭ تەكلىپىنى «سەمەرقەنت تەكلىپى» دەپ چۈشىنىپ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. ئەمما، تاغام چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— تۇرسۇنجان، مېنى ئاۋۇ قوشناڭنىڭكىگە قاچان باشلاپ چىقىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ خەقلەرنى چۈشەنمەيسىز، تاغا. بۇ خەقلەرنىڭ «ئۆيلەرگە كىرىڭ جۇمۇ، كىرمىسىڭىز خاپا بولىمەن» دېگىنى ئەمەلىيەتتە قۇرۇق تەكەللۇپ سۆزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چاقىرىدىغان كىشى رەسمىي ئۆزى ئالدىڭىزغا كىرىپ پالانى چاغدا ئۆيىمىزگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ، دەيدۇ، — دېدىم.

تاغام شوك بولۇپ قالدى. ياغلىشىپ كەتكەن دوپپىسىنى تىزىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن تالا - تۈزنى ئايلىنىپ كىرەي، دەپ ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قوشنىمىز بىلەن نەلەردە يۈرۈپ قانداقلارچە ئاغىنە بولۇپ ئۈلگۈرگىنىنى بىلەلمىدىم. ئەمما، كەچتە پەلەمپەيدىن ئىككىسىنىڭ بىللە چىقىۋاتقانلىقىنى، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە سوپاخۇنكامنىڭ: «يۈرۈڭ، يۈرۈڭ، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ...» دەۋاتقىنىنى، ھايال ئۆتمەي قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى، ئايال قوشنىمىز تاجىنىسانىڭ ئىنچىكە ئاۋازى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى رەڭلىك تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان چەت ئەل فىلىمىنىڭ مۇزىكىسى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئىشىك يېپىلىپ كارىدور جىمجىت بولۇپ قالدى.

تاغام قوشنىمىزنىڭكىدىن بىر يېرىم بولغاندا كىردى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ مەغرۇرانە گال قىرىشلىرىنى، پۇشۇلداپ ئۇھ - ياقتىن - بۇياققا مېڭىشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ يەنە چېيىنى ئىچىپلا:

— سوپاخۇن بىلەن بىر يەرگە بارماقچىدۇق، — دەپ كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— مەن قارىسام، تاغىڭىزنىڭ بېشىمىسى باردەك قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ... سىز نې-مىشقا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ؟ — دېدى ئايالىم كىرپىكلىرىگە ئا-ياغ مېيىغا ئوخشايدىغان بىرنېمىنى سۈركەۋېتىپ خەنزۇچە.

كەچقۇرۇن تاغام خۇشال كىرىپ كەلگىنىدە، مەن ئايالىمنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزۈپتۇ، تېخى يۇرتقا ئېلىپ كەتكىلى بىرمۇنچە مال ئۇقۇ-شۇپ ماشىنىمۇ تېپىپ قويۇپتۇ. ئەتە چۈشتە مالنى بېسىپ شۇ ماشىنىدا قايتىدىكەن.

شۇ ئاخشىمى تاغام ئىككىمىز ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ ياتتۇق. ئۇ ماڭا ئانام بىلەن ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشلارنى سۆز-لەپ بېرىۋاتقىنىدا، مەن ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىنى زادىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. نېمىشقىدۇر ماڭا ئۇنىڭ ساددا، گۆدەك ۋاقىتلىرى بولمىغاندەك، ئۇ بۇ دۇنياغا مۇشۇ قورۇقلىرى، سەل ئالىغايدەك كۆرۈنىدىغان قىپقىزىل كۆزلىرى، ئىلمەك بۇرنى، ئېيىقنىڭكىدەك بوي ـ بەستى، قاتمۇقات چاپىنى ۋە ياغلىشىپ كەتكەن دوپپىسى بىلەنلا پەيدا بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ئاچامدىن كىچىك قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش، خىز-مەت بىلەن بولۇپ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان مېھرىگە قانماي چوڭ بولدۇڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەددى ـ جەمەت دېگەن ئادەم-نىڭ يىلتىزى، دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە باراقسان ئاينىغاندەك، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى جىق ئادەم تايانچسىز قالمايدۇ، ئادەمگە ئۇرۇق ـ تۇغقان لازىم. خۇدا بۇيرۇسا كېلەر يىلى خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى ئېلىپ يۇرتقا بېرىپ ئويناپ كەل. يېزىدا يەنە ئۈچ تاغاڭ (بىر تاغاڭ بۇلتۇر ئۆلۈپ كەتتى)، تۆت ئاچاڭ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز نەۋرە تۇغقىنىڭ بار. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئاتا ـ ئاناڭ تۇغۇلغان، ياشىغان يەرلەرنى كۆرۈپ كەلگىن، بالاڭمۇ ئاسمىنى كەڭ يەرلەردە يايراپ كەل-سۇن... راست گەپنى قىلسام، شۇ بالاڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى... تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي، ساپ ھاۋا، ئاپتاپ كۆرمەي چوڭ

بولىدىكەن... ھەي، ھەي...

كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزۈمنى زورلاپ ئېچىپ، تاغامنىڭ گەپلىرىگە «ھە»، «شۇنداق-مۇ» دەپ قويىمەن.

— ئەسلى بۇ مال ئۇچراپ قالمىغان بولسا، يەنە بىرنەچچە كۈن ئوشۇقراق تۇراتتىم. يوقلايدىغان يەرلەر بار ئىدى... لېتىپ دەيدىغان بىر ئاغىنەم بولىدىغان، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئاڭلىسام، يېقىندا ئۇنى ئۆرۈمچىدە چوڭ ئەمەل تۇتۇپتۇ، دەيدۇ. سوپاخۇنغا ئۇنىڭ ئېتىنى چىقىرىپ، بىز بىر يۇرتلۇق ھەم يېقىن تۇغقان، دەپ قويۇۋىدىم، ئالدىمدا قىلغىلى قىلىق تا-پالماي قالدى. بىر شەھەردە بولغاندىكىن سەنمۇ تونۇيدىغانسەن، دەپ باقە، زادى قانچىلىك ئەمىلى بار ئۇنىڭ؟

— لېتىپ؟... دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئە-جەبلىنىپ.

— مۇسىراخۇن، مۇسىراخۇنباي دېسە بىزنىڭ يۇرتتىكى چوڭلاردىن تونۇمايدىغىنى يوق. ناھايىتى زەردار ئادەم ئىدى.

كۆزلىرىم چەكچىيىپ، ئۇيقۇم بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئورنۇمدىن قوپۇپ، يوتقىنىمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

— پاھ... راستىلا شۇ بولۇپ قالسا، خېلىلا چوڭ باشلىق جۇ-مۇ تاغا! لېكىن... ئۇنىڭ سىزنى تونۇشى ناتايىن!

تاغام بىردىنلا تېرىكىپ قالدى:

— ئاشۇ لېتىپ مېنى تونۇماسما؟ ياق، ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مېنى تونۇيدۇ، ئەگەر تونۇمىسا، ئاداش، ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇققۇ؟... دەيتتىم، دەۋېرەتتىم... مۇشۇ مال ئۇچراپ قالمىغان بولسىزە، ئالدىغىلا كىرەتتىم، سېنىمۇ ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇپ قوياتتىم.

شۇنداق قىلىپ، تاغام كەتتى، تاغام چۈشكەن ماشىنا يىراقلاپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېتىۋاتقان چاغدا مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر يەككە ـ يېگانە، تايانچسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

مەن تاغامنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئەتىسىلا ئۇنتۇپ كەتتىم. ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان ئاتا ـ ئانامنىڭ يۇرتى ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەر ماڭا مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، مېنى قىزىقتۇرالمايتتى.

قاچانلاردىن تارتىپكىن ئايالىم ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە قوشنىمىز تاجىنىسا سەۋەبچى بولدى. ئۇ پات ـ پاتلا ئۆيىدە پىشۇرغان بىرەر تەخسە پىرەنىك، يەل ـ يېمىش ياكى پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان ئۆپكە ـ ھېسىپ دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى. ئايالىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ يېڭى ئالغان كۆڭلەكلىك رەختىنى، پوپايكىسىنى، چىنە ـ قاچىلىرىنى داڭلايتتى. مۇنداق چاچ پاسونى مودا بوپتۇ، پالانى يەردىكى پوكۇنى تىككۈچى ئۇستا كىيىملەرنى ئەڭ يېڭى مودىدا تىكەلەيدىكەن، دېگەندەك خەۋەرلەرنى يەتكۈزەتتى. پات ـ پاتلا ئايالىمنى بازارغا، ساتىراشخانىغا، تىككۈچى ئۇستىنىڭكىگە باشلاپ كېتەتتى.

ئايال كىشىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئۈچ ئۆلۈشى چىرايىدا بولسا، يەتتە ئۆلۈشى پەردازدا دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. مەن يېقىندىن بۇيان ئايالىمنىڭ ئىلگىرى بايقىمىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىدىم. قىزىق يېرى، چىرايىنىڭ گۈزەللىشىشىگە ئەگىشىپ مىجەزىمۇ ئوڭشىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ھازىر كەلسە ـ كەلمەس ۋارقىراپ ئادەم قورقۇتمايدىغان، ماڭا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، بەزىدە يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىدىن مېنى خۇشال قىلغىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقىنى بولدى. بىر ئاخشىمى ئۇ ماڭا ئەركىلەپ:

— سىز بەك ئەسكى، شۇنداق يوغان تۇغقان تۇرۇپ ماڭا دېمەپسىز... — دەپ كايىدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ مېنىڭ قانداق تۇغقىنىم بار ئىكەن؟

— ھەممە ئادەم دەۋاتىدۇ، ئاجىنىسا ھەدەم بەك ياخشى بولۇپ كەتتى، توي ـ چايلارغا مېنى ئالماي بارمايدۇ. ئا جۇيجاڭ، سا جۇيجاڭ، ما چۇجاڭلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دەپ بېقىڭە، ئاشۇ تۇغقان بولمىغان بولسا ئۇلار بىزگە مۇشۇنداق قىلامتى؟

خىيالىمغا «گۈپپىدە» تاغامنىڭ سۆزلىرى كېلىپ، پېشانەمگە بىرنى ئۇردۇم. سوپاخۇنكامنىڭ كۆيۈمچانلىقلىرى، باشقا باشلىقلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشخانامغا كىرىپ ھال ـ ئەھۋال سوراپ كېتىشلىرى، ئايالىمنىڭ بىردىنلا ئەتىۋارلىق خانىملار قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىشى... ئەسلىدە سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن ـ دە! بىرەرسىگە ئامەت كېلىپ ئەمەل تۇتقان كۈنى ئايالىنىڭ تاراقلاپ كېتىشى ئەسلىدە مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك! ئويلىغانچە تاغامنىڭ قىلىقىغا ۋە ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىگە غەزىپىم كېلىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. ئەتە چىقىپ سوپاخۇنكامغا تاغامنىڭ سۆزلىرىنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويماقچى بولدۇم. ئەسلى شۇ خىيال بىلەن خاتىرجەم ئۇخلاپ قالسام بولاتتى، ئەمما ئۇيقۇم كەلمىدى، توساتتىن كاللامغا «نېمىشقا بىلمەسكە سېلىپ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى تۈزىتىشكە ھەرقاچان ئۈلگۈرىمەنغۇ» دېگەن ئوي كېلىپ قالدى. مەن ئاشۇ ئوينى توغرا تېپىپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىۋاتقىنىمدا، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۆمەر، شاكىر، ئابلىزلار بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ، تاغام ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى ئىسمنى تىلغا ئېلىۋىدىم، شاكىرنىڭ قولى شاھمات تاختىسى ئۈستىدە توختاپ قالدى. بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئابلىز بىلەن ئۆمەرنىڭ ئاغزىمۇ كا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماردەك ئېچىلىپ قاپتۇ.

— ئاشۇ كىشى... راستلا سىنىڭ تۇغقىنىڭمۇ؟

خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆمەر دۇدۇقلاپراق سورىدى.

— ھەئە، بىر تۇغقان ئاكام، دادا باشقا.

ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان گەپكە ئۆزۈممۇ ھەيران قېلىۋاتاتتىم.

— ئىلگىرى... ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمىزغۇ؟

— ئىلگىرى باشقا جايدا تۇرسا، يېقىندا يۆتكىلىپ كەلدى.

مەن قورقمايلا جاۋاب بەردىم. چۈنكى، مەن يېقىندىن بېرى «ئاكام» توغرىسىدا خېلى ئىزدەنگەنىدىم.

ھەممەيلەننىڭ پىكرى چېچىلىپ كەتكەنلىكتىن شاھمات ئويناشقا ھېچكىمنىڭ قولى بارمىدى، خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۇچى بۈنىڭدىن كېيىن ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

قىزىق ئىش، مەن يالغان سۆزلەۋېتىپ ۋۇجۇدۇمدا ئىككى «مەن»نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىلگىرى ئۇلار بىر ئىدى. قاچاندىن تارتىپ ئايرىلىپ كېتىشتىكىنە؟ ۋۇجۇدۇمدىكى بىرىنچى «مەن» ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاپ يالغان سۆزلەۋاتقىنىدا، ئىككىنچى «مەن» ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق نېمە ئىكەنسەن ـ دە! يالغان سۆزلەشتىن ئۇيالمامسەن؟» دەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى بىرىنچى «مەن»نى توسۇپ قالالمىدى. مەن بارغانسېرى كۈچىيىپ ۋۇجۇدۇمنى قاپلىغان رەھىمسىز، يوچۇن كۈچ ئالدىدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «كىم بىلىدۇ، ئەسلىي مېنىڭ ماھىيىتىم مۇشۇنداقتۇ، ‹ئىككىنچى مەن› پەقەت ئىنسانلار سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلىۋالغان ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ سىمۋولىدۇ؟» دەپ تەسەللى بەردىم.

توۋا دېسەم توۋا دېگۈم كېلىدۇ. دۇنيا ئۆزگىرىۋاتامدۇ، ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتامدۇ ياكى مەن ئۆزگىرىۋاتامدىمەن، ھېچ ئۇقالمىدىم. مەن «مېھرىبانلىق»، «چۈشىنىش»، «ھېسداشلىق»قا تولغان

باشقىچە بىر مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتاتتىم. كىشىلەر مېنى ئوماق بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىشەتتى، ماختاپ كۆككە ئۇچۇراتتى. ماڭا يول قوياتتى. مەن ئەسلىي بۇ ئېگىز بىنانىڭ قاراڭغۇ ئۆيلىرىدە، تام ياقىلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان چاشقان ئىدىم، ئاشۇ كىشىلەر مېنى يولۋاسقا ئايلاندۇرۇشتى.

مەن تۇنجى قېتىم هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى خۇشامەتلىك چىرايلارنىڭ بىرسىنى قويماي تۈرلۈك هايۋانلارنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلىۋاتقان چېغىمدا، ئاشۇ چىرايلار ماڭا تېخىمۇ شېرىن تەبەسسۇملىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. مېنىڭ ئوخشىتىشلىرىم نەچچە كۈنگىچە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈردى، ھەتتا بەزىلەرگە لەقەم بولۇپ سىڭىپ كەتتى.

مەخسۇس باشلىقلارنىڭ خانىملىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان، ئىدارە بويىچە خىزمەت ئىلغارى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى... ۋەھاكازالارنى سايلاشتا داۋاملىق باشلىقلارنى كۆرسىتىپ چىڭ تۇرۇۋالىدىغان، ئىشخانىدا بىرەرسى قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسىمۇ باشلىقلارغا يەتكۈزىدىغان بىر ئايال خىزمەتدىشىمنى يوقىلاڭ ئىشنى باھانە قىلىپ راسا تىللىۋالدىم، ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا بولۇشتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھەق سۆزىنى ئاڭلايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلىمەيمەن دەپ دەۋا قىلسام، مېنى باشقا بۆلۈملەر تالاشقىلى تۇردى.

ئىدارىمىزدە ياش، گۈزەل بىر تۇل ئايال بار ئىدى. ئىلگىرى ھەر قېتىم ئايالىمدىن دەشنەم يېگەن چاغلىرىمدا ئۇنى ئويلايتتىم، ئاخشىمى ئۇنى ئويلاپ يېتىپ ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرەتتىم. ئىدارىدە بولسا ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى. كىشىلەر ئۇنى نەزىرى ئۈستۈن، نام - ئەمەلىڭ بولمىسا ئۇنى ئۇندەككە كەلتۈرەلمەيسەن، دېيىشەتتى. بىر كۈنى مەن ئۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭغا چاقچاق قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «كەچ سائەت ئوندا باغچىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا ئۇچرىشايلى» دې-دى. شۇ هامان قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئاخشىمى ئۇ دېگەن يەرگىمۇ بارمىدىم. ئۇ هازىر مېنى كۆرسە يىراقتىنلا ئاق قۇنىڭ-كىدەك ئۇزۇن بويىنىنى سوزۇپ قاراپ كېتىدۇ.

ئىنسان ئۇچۇن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە خۇدايىم بەرگەن ئو-رۇندۇقتىن قوپماي ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر جازا. بۇ ئورۇندۇققا ياپپاش ۋاقىتلىرىمىزدا ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن باغلىنى-مىز، قېرىپ ماجالىمىزدىن كەتكەندىلا ئۇنىڭدىن ئاجرىيالايمىز. بىراق، ئۇ چاغدا بىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى كېسەل كارىۋىتى بو-لىدۇ. شۇمۇ هايات بولدىمۇ؟ يېقىنىدىن بېرى تولاراق شۇ ھەقتە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. يېڭى بۆلۈمگە يۆتكىلىپ چىققان كۈ-نۈملا: «قەغەزگە بەك ئۇزاق قادىلىپ ئولتۇرسام بېشىم ئاغرىيدۇ» دېۋىدىم، بۆلۈم باشلىقى كۈلۈپ كېتىپ: «ئۇنداق بولسا پات ـ پات تالا ـ تۈزگە چىقىپ دەل ـ دەرەخلەرگە، يىراقلارغا قاراپ نېرۋى-ڭىزنى ئارام ئالدۇرۇڭ» دېدى.

ئىچىمدىكى هېلىقى ئاۋازمۇ: «ئون يىل بىكارغا ئىشلىدىڭ، ئىشلىگىنىڭنى كىم كۆردى، يەنىلا ئادەتتە جېنىڭنى ئۇپراتماي، ۋاقتى كەلگەندە ئەمەل بىلەن ئۇنۋانىنى پۇلغا سېتىۋالىدىغانلار پايدا ئېلىۋاتامدۇ» دەپ غۇدۇرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن هەر كۈنى سائەت توققۇز بولار ـ بولمايلا نېرۋامنى ئارام ئالدۇرغىلى چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئىدارىنىڭ بىقىنىدىكى قارىياغاچلىق سايە يولدا ئىدارە باشلىقىمىز ئۇچراپ قالدى. قارىغاندا، ئۇمۇ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئىككىمىز قىزغىن ئەھۋاللى-شىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مەندىن:

— ئەتىگەندە بىر ياققا بېرىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكام جىددىي ئىش بىلەن چاقىرتىپتىكەن، شۇ يەردىن

كېلىشىم. ئۆزى بېيجىڭغا يىغىنغا ماڭدى، ئايرودۇرۇمغا ماڭغاچ، مېنى ماشىنىسىدا ئاۋۇ يەرگىچە ئەكېلىپ قويدى.
شۇ گەپلەر مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقىۋاتىدۇ. يالغان سۆزلەشكە مۇنچىۋالا ئېپىم بارلىقىنى ئىلگىرى زادى ئويلىمىغانىكەنمەن.
— يېڭى بۆلۈمگە كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ ھە، شۇنداقمۇ؟ بۆلۈم باشلىقىڭلار ئوبدان ئادەم، كۆڭۈلچەك. ھە راست، يېقىندا ئۇنۋان باھالاش بولماقچى، ھەر جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ، خىزمەتتىنغۇ تىرىشىپ ئىشلەۋاتىسىز، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئەڭ ياخشىسى مۇكاپاتلانغان تەتقىقات نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، ئىلمىي ئەسەر بولسىمۇ بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئىككىنچى دەرىجە-لىكتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ؟...
بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى سىستېما بويىچە خېلىلا تە-سىر قوزغىغان بىر پارچە تەتقىقات ماقالەم ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىن قۇ-رۇق قالغانىدىم. مەن شۇ چاغدا مۇشۇ باشلىقىمىزنىڭ يېنىغا ئەھۋال ئېيتقىلى كىرسەم، ئۇ: «ئەھۋالنى ئۇنۋان باھالاش ئىش-خانىسىدىكىلەرگە ئېيتىڭ، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق» دەپ، مېنى قۇرۇق ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدى.
— ھە... كېرەك يوق، كېرەك يوق. ماۋۇ ئىشنىڭ ئۇچىدىن كەلگىنىنى قاراڭ. ھېلىقى ئىدارىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان يەن - تېخنىكا مۇ-كاپاتىنىڭ باھالىشى دۈشەنبە كۈنى باشلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلگۈر-تۈپ بىرنەرسە يېزىڭ، چېسلاسىنى سەل بۇرۇنراق — ئالتىنچى ياكى يەتتىنچى ئاي قىلىپ يېزىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، قالغىنىغا بىز بار.
— بۇ... قانداق بولار؟ ئۇلگۈرتەلمەسمەنمىكىن... ئىككى كۈن ئىچىدە قانداقمۇ...
— ماتېرىياللاردىن پايدىلانماسىز، ماتېرىياللاردىن! بولمىسا شۇنچە جىق كەسپىي ماتېرىياللارنى نېمىدەپ يىغىسىز؟ مۇھىمى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تۇتقان تېمىگىز چوگراق، كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك...

مەن ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆزۈمنى چەكچەيتكىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

ئاخشىمى بېشىمنى ئالىقانلىرىمنىڭ ئۇستىگە قويۇپ تورۇس- قا قاراپ ياتقان چېغىمدا خىيالىمغا ئايالىمنىڭ ئازغىنا مائاشىنى ساناپ ئېلىۋاتقان چاغدىكى قەھرلىك ھالىتى، تاغامنىڭ: «تېخىد- چە مۇشۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟» دەۋاتقان چاغدىكى مەنسىتمەسلىك بىلەن قىيسايغان قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزى، ئوغلۇمنىڭ باشقا بالىلارنىڭ كىچىك ۋېلىسىپىتىنى مىنىمەن دەپ تالىشىپ يىغلاشلىرى... كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئادەم ياشىشى، ياشاش ئۇچۇن شارائىتقا ماسلىشىشى كېرەك، مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئالىيجاناب ئا- دەم بولۇپ كەتسىمۇ.

مەن كېچىچە ماتېرىيال ئاختۇرۇپ چەت بىر ناھىيەدىكى بىر نامسىز تېخنىكنىڭ ماقالىسىنى تاللىۋالدىم. ئۇ بۇنىڭدىن ئۇچ يىل ئىلگىرى كەسپىي پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا بېسىلغان ماقالە ئىدى. قاراشلىرى يېڭى ھەم ئۆزگىچە، خېلىلا سەۋىيەلىك بۇ ما- قالە ئۇچ يىلدىن بۇيان خۇددى ئۆز ئىگىسىگە ئوخشاش ھېچبىر ساداسىز ياتاتتى.

ئۇنى پارچىلاپ - بۆلۈپ نەدىكى ئەرزىمەس قۇرۇق گەپلەرگە زورلاپ چاتقۇم كەلمىدى. شۇ پېتى چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقتىم، ھەتتا ماۋزۇسىنىمۇ ئۆزگەرتمىدىم. پەقەتلا بېشىغا كۆرۈنەرلىك قىلىپ ئۆز ئىسمىمنى يازدىم. ئىسمىمنى يازغۇچە قولۇم تىتىرد- مىدى، يۇزۇم قىزارمىدى. پەقەت كۆڭلۈم سوغۇق شامال سوقۇپ تۇرغان قۇپقۇرۇق دالاغا ئوخشاپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئىسسىق ياز ۋە ئىللىق كۇز ئۆتۇپ قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. دېكابىر كىرىشى بىلەنلا توختىماي قار يېغىشقا باشلىدى. قىشنىڭ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان ئۇزاق ئاخشاملىرىدا ئىسسىق ئۆيلەر ۋە زاللاردا ئولتۇرۇش، زىياپەت،

كۆڭۈل ئېچىشلار بولۇپ تۇردى. ھەر خىل ياشتىكى ئەرلەر كېچە ـ كېچىلەپ پۇخادىن چىققۇدەك ھاراق ئىچىشتۇق، ماختىنىشتۇق ۋە لاپ ئېتىشتۇق. كەيپىمىز كۆتۈرۈلگەندە، ئاياللارنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇپ پىرقىراپ تانسا ئويناشتۇق، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ساراڭ بولۇشتۇق، ياشىدۇق. ئەگەر ئاندا ـ ساندا مۇشۇنداق پۇخادىن چىقىۋالىدىغان پەيتلەر بولمىسا، ئادەم «ۋاڭڭىدە» يېرىلىپ پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بۈگۈن يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى. كەچتە چوڭ زالدا ئىدارە قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى ۋە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن كەچكى كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزۈلمەكچى.

مەن ئىشكاپ ئەينىكى ئالدىدا تۇرۇپ ئايالىم بۈگۈنگە ئاتاپ تىكتۈرۈپ بەرگەن، بەدىنىمگە چىپپىدە كەلگەن كاستۇم بۇرۇلكامغا، روھىي كەيپىياتىمغا ئالاھىدە ماس كەلگەن ئوچۇق رەڭلىك گالىستۇكۇمغا كۈلۈمسىرەپ نەزەر سالدىم. «ئادەم سەت ئەمەس، كىيىمى سەت» دەپ بىكار ئېيتىمىغان. يېڭى كىيىم تەق ـ تۇرقۇمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، گەرچە ماھىيىتىم ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنسان ھامان شەكلەن نەرسىلەرگە ئالدىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى. «ئەمەل»، «ئۇنۋان» دېگەندەكلەرمۇ خۇددى مۇشۇ بىر قۇر كىيىمگە ئوخشاش شەكلەن نەرسە. ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۇچاڭدىن سېلىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىسەن. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بار ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئارمانسىز بەھرىمەن بولۇش كېرەك.

ئۇزۇم ھارنىقىدىن ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ زالغا كىرىپ كەلگىنىمدە، كىشىلەر زالغا لىققىدە تولۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. نەدىن كەلگەن كۈچكىن، قەددىمنى رۇسلاپ سالماق قەدەم بىلەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتتۈم. قەدەم تىۋىشىم ئۆزۈمگە مۇزىكىنىڭ رىتىمىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن چىرايلار ئاپتاپپەرەستەك مەن تەرەپكە قايرىلدى.

— كېلە، كېلە، بۇياققا كەل، ساڭا ئورۇن ئېلىپ قويدۇق!

— كېلىڭ، بىزنىڭ يېنىمىزدا ئولتۇرۇڭ...

مەن مەغرۇرانە كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ ئۇلارغا ئېھ-تىرام بىلدۈردۈم، ئەمما كۆڭلۈمدە بىزارلىقىمۇ، ئىچ ئاغرىتىش-قىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى، قەدىمىمە-نى توختاتمىدىم. تۆردىكىلەردىن بىرنەچچىسى ئورنىدىن تۇردى. قالغانلىرى چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت... — دېيىشتى.

مەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. سوپاخۇن-كام ئۈستىلىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ ماڭا بول-غان ئالاھىدە يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. چاقچىقىم ئانچە قاملاشمىسىمۇ ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. چاچلىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن ما چۇجاڭ دولامغا شاپىلاقلاپ:

— بولىدىغان يىگىت جۇمۇ، شۇغىنىسى ئىدارىمىزدە مۇنداق ئىقتىدارلىق ياشلار ناھايىتى ئاز - دە! — دېدى ۋە قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — سىزگە قوشلاپ خۇش خەۋەر بار جۇمۇ، ئۇنۋانىڭىز تەستىقلىنىپ بولدى. يەنە پات ئارىدا كېچاڭمۇ بولۇپ قالىدىغان-دەك تۇرىسىز. ھە، ئەمدى بىزنى قاچان مېھمان قىلىسىز؟ — دېدى. ئۇ ئاخىرقى سۆزنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك قىلغاچقا، سو-رۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپ تەڭلا:

— ھە راست، بىزنى قاچان مېھمان قىلىسىز؟

— بىزنى ئۇنداق - مۇنداق مېھمان قىلىپلا قۇتۇلىمەن دې-مەڭ، جۇمۇ!

— مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ رېستورانىغا بارىمىز!

— ياق، «كارا OK»لىق رېستورانغا، «كۆك ئاسمان» رېس-تورانىغا! — دېيىشتى. مەنمۇ توختىماي:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە بېشىم بىلەن... — دەپ تۇردۇم.

خۇلاسە سۆزىدە باشلىقىمىز مۇكاپاتلانغان ماقالەمنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. مېنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ،

ئىدارىمىزگە ۋە سىستېمىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى، دەپ تەرىپلىدى.

ئىدارىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگىنىم، يات ئارىدا ئۇنۋانغا ۋە ئەمەلگە ئېرىشىدىغىنىم ئۇچۇن شۇنچىلىك كۆپ قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى، شۇنچىلىك تەسىرلىك قەدەھ سۆزلىرى سۆزلەندى، كۆپىنچە ھاراقنىڭ ئورنىغا گازلىق سۇ ئىچكەن بولسامۇ، ئۆزۈمنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەملىكىمگە، راستلا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋەتكىنىمگە ئىشىنىپمۇ قالدىم.

ئەلۋەتتە، تانسىدىمۇ ئەڭ چىرايلىق قىزلار ماڭا مەنسۇپ بولدى. دادىلىراقلىرى ئۆزلىرىلا كېلىپ مېنى تانسىغا تارتىشتى. بىر قېتىم ھەتتا ھېلىقى چىرايلىق تۇل چوكان بىلەن ئىدارىمىزگە يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن، ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىنىپ يۈرىدىغان قىز بىرلا ۋاقىتتا ئالدىمغا كېلىپ قالدى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرسام، ھېلىقى قىز بىر ئېغىز چاقچاق بىلەنلا رەقىبىنى قاچۇرۇپ مېنى قولغا كەلتۈردى. كېيىنكى تانسىلارنى مەن ئاساسەن ئاشۇ قىز بىلەن ئويناپ چىقتىم.

ئۇ ماڭا چاپلىشىپ كۆزلىرىمگە دادىللىق بىلەن تىكىلەتتى. ئاجايىپ ئۆتكۈر، مەنىلىك چاقچاقلىرى بىلەن مېنى مەست قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئايالىمنىڭ كۆزلىرىدە ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى بايقىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېپىشماقتا، سېھىرلىك دېڭىزغا ئوخشايتتى. مەن ئۇنىڭدا غولاچ تاشلاپ ئۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭغا ئەبەدىي غەرق بولۇپ كېتىشنى ئويلىدىم.

ئۇ زالنىڭ نەقەدەر ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن زارلاندى. مەن ئۇنى چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئىككىمىز نۇرغۇن پەلتولارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن پەلتولىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتۇق.

مۆزدەك سوغۇق ھاۋا ئىككىلىمىزنى خېلىلا سەگىتتى، ئەمما

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يۈرەكلىرىمىزدە يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتنى ئۆچۈرەلمىدى. ئۇ بەددىنگە چىپپىدە كەلگەن قاما ياقىلىق پەلتو ئىچىدە تىترىگىنىچە مېنى مەھكەم قولتۇقلىۋالغانىدى. قاما تۇماق ئاستىدىكى سۇرمە سۈرۈلگەن كۆزلىرى يۇلتۇزلارنىڭ سۇس يورۇقىدا ئاجايىپ يوغان ھەم چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئىشخانا بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئىككىمىز خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك توختاپ قالدۇق. ئۇ مۇزدەك سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتىم. سوغۇقتىن تاتارغان يۇمران مەڭزىنى خۇددى ئېرىسىل سەنئەت بۇيۇمىنى سىلىغاندەك سىلىدىم. يۈزىنى ئالىقانلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سەل يۇقىرىغا قاراتتىم، قىپقىزىل بويالغان لەۋلەرگە سۆيۈش ئۈچۈن بېشىمنى ئەگدىم ـ يۇ، بىردىنلا توختاپ سورىدىم:

ـــ مەن تېخى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن؟

تەكرارلانماس بىر دەقىقە، ئاجايىپ شېئىرىي كەيپىيات كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاۋازى بىلەن بۇزۇلدى.

ـــ ھا ـ ھا ـ ھا، قاراڭلار بۇ قاچقۇنلارنى! بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر جۇمۇ!

چىرايلىق ياش چوكان بىلەن يەنە بىر قىز كۈلۈشۈپ چىرىقىراشقىنىچە ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى.

ـــ تۇرسۇن، گۈلى، يۈرۈڭلار، كوچىغا چىقىپ يېڭى يىللىق چىراغلارنى كۆرۈپ كېلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ياخشى يەرنى تاپىمىز...

ئۇلار ئىككىمىزنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن ئىچىمدە پۈتۈن شەھەردە توك توختاپ قېلىشىنى تىلىدىم. بىراق، چوڭ كوچىغا چىقىپ قارىساق، ئەتراپ سان ـ ساناقسىز رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئاجايىپ دۇنياغا ئوخشاپ قاپتۇ. مۇشۇنداق بىر خىيالىي دۇنيادا ھۆر ـ پەرىلەردەك گۈزەللەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىرنەچچە سائەت بولسىمۇ ياشاش ھەممىلا كىشىگە ئۇچراۋېرىدىغان ئامەت

ئەمەس. كىم بىلىدۇ، كېلەر يىلى يېڭى يىلنى تەلەردە، قاندىاق ئۆتكۈزىمەنكىن...

دەرۋازا تۈۋىدە شاكىر ئاكا بىز تەرەپكە قاراپ تۇرغانىكەن، قا-رىغاندا، ئۇ مېنى ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ يېنىمدىكى قىزلارنى كۆرۈپ ئۇمىدسىزلەندى بولغاي، ئالدىمغا كەلمەي دەرۋازا بېشىدا ئۆچۈپ ـ يېنىپ تۇرغان چىراغلارنى تاماشا قىـ-لىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. تۆتىمىز ئۇنىڭ ئالدىدىن چاق-چاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتۇق. بىرنەچچە قەدەم ماڭغا ـ ماڭماي يەر ئاستى ئۆتۈشۈش يولىنىڭ ئاغزىدا بىزگە كەينىمىزدىن قىلىپ تاماكا چېكىپ تۇرغان يەنە بىر تونۇش گەۋدە كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشكەن بۇ كېلىشكەن يىگىت كەسپىي بۆلۈملەرنىڭ بىرەرسىگە يۆتكىلىش كويىدا ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېخى بۇگۈن مېنى كۆڭۈل ئېچىشتىن كېيىن بىللە ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان... ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ ماڭا مەنىلىك كۈلۈپ سالام قىلدى. مەنمۇ جاۋابەن مەنىلىك ھىـ-جىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئۈرۈمچىنىڭ يېرىمىنى پىيادە ئايلىنىپ، چىراغلىرى ئۆچۈپ ـ يېنىپ تۇرىدىغان بىر كاتتا كېچىلىك بەزمىخانىدا يۇخادىن چىقـ-قۇچە تانسا، دىسكو ئويناپ، يۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ماگىـ-زىنلارنىڭ دېرىزىسىگە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان مودېللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان گۈزەل، ئاچ كۆز غوجايىن خېنىمىنىڭ چۆنتىكىگە تاشلاپ بېرىپ، تاڭ ئاتاي دېگەندە ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، شاكىر ئاكا مېھمانخانىدىكى سافادا مېنى ساقلاپ ئول-تۇرۇپتۇ. ئۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا قو-چاقلاپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ، مۇرىلىرىمگە شاپىلاقلاپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ماختاشقا باشلىدى. گېپىنىڭ ئۇرانىغا قارىسام، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىدارىگە ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلساڭ، دېمەكچى ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يىن ئۇنداق ــ مۇنداق ئىشلارنى ياراتماي، چوڭىغا ئېرىشەلمەي، ئەمدىلىكتە جەمئىيەتتىكى بولار ــ بولماس بالىلار بىلەن ئارى-لىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. يېقىندىلا تېخى خىروئىن چېكىدىغانلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ بىرەر ئايدەك قاماقتا يې-تىپ چىققىنى ھېچكىمگە سىر ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قو-لۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، دېدىم. شاكىر ئاكام خۇشال بولۇپ كېتىپ: «ئاشۇ بالىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلدۇرساڭ، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن، ھازىرچە ماۋۇ ئاز بول-سىمۇ كۆڭلۈم» دەپ يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. شىرەدە بىر باغلام پۇل، ئۇ بىرنەچچە مىڭ ياكى بىرنەچچە يۈز يۈەندۇ، ئىشقىلىپ، مەن ھازىرغىچە ئۇنچىلىك كۆپ پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ تۇتۇپمۇ كۆرگىنىم يوق. ئۇنىڭغا رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرسى ياكى چەت ئەلنىڭ ئايالچە ئېسىل پەلتو-سىدىن بىرسى كېلىشى مۇمكىن... بىراق، شاكىر ئاكام مۇشۇن-چىلىك پۇلنى قانچە تەستە يىغقاندۇ!؟ كۆز ئالدىمغا باشقا نەرسە ئەمەس، شاكىر ئاكىنىڭ بىر چاغلاردا تۇتۇپ يۈرگەن تاماق قا-چىسى كەلدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئايالى يىراق بىر جايدا ئىشلە-گەچكە، چۈشتە شاكىر ئاكا بالىلىرىغا يوغان بىر تۇنكە قاچىدا ئاشخانىدىن تاماق توشۇيتتى. كونىراپ سىرى قالمىغان، پاختا تىقىپ قويۇلغان تۆشۈكلىرىدىن تاماقنىڭ سۈيى تېمىپ تۇرىدى-غان بۇ قاچا شۇ چاغدا ئىدارە بويىچە مەشھۇر ئىدى. باشقىلارنىڭ قاچا توغرىسىدىكى چاقچاق، ياپتا گەپ، مەسخىرىلىرىگە ئۇ پەقەت كۈلۈپلا قوياتتى. ئۇ دائىم ئاي ئاخىرىدا يىگىرمە ــ ئوتتۇز يۈەن قەرز سورايتتى. مائاشنى ئالغان كۈنى قەرزنى قايتۇرغىلى يې-نىمغا كىرگەندە: «سىلەر ياش بالىلار مەندىن ساۋاق ئېلىڭلار، بالا دېگەننى خۇدايىم بەردى دەپ تېپىۋەرسە بولمايدىكەن، مانا ئەمدى بۇ بالىلارنى باقمىساق تېخى، ئاتا ــ ئانىلارغا بەش ــ ئون يۈەن ئەۋەتمىسەك تېخى...» دەيتتى. قاچان قارىسا كىچىكلىتىپ ئۆزگەرتىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، ئەمما بىر ــ بە-

رىدىن كەيىنمۇ ئاشۇ بالىلار ئەمدىلىكتە چوڭ يىگىت قىزلارغا ئايلانغانىدى. شاكىر ئاكا بىلەن ئايالى بۇگۈنكى كۈندە ئاشۇ بالىلارنىڭ ھەربىرىگە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلىمەي ئۇلارنى قولدىن چىقىرالمايتتى.

ۋۇجۇدۇمدىكى ئىككى «مەن» بىر ـ بىرىنىڭ گېلىنى بوغۇ ـ شۇپ جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى.

ــ مۇشۇ قەدەمنى باسما! باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىپ ئۆگىنىپ قالساڭ، ئۆزۈڭنى تاپالمايسەن! ــ بىر كۆچلۈك ئاۋاز شۇنداق خىتاب قىلاتتى. خىرقىراق، زەئىپ يەنە بىر ئاۋاز ئۇ ـ مىدىسىزلىك ئىچىدە:

ــ ئەخمەق! تەييار پۇل ئالدىڭغا كەلدى، تېز يانچۇقۇڭغا سال ـ ساڭچۇ! ــ دەيتتى.

پۈت ـ قوللىرىمدىكى تىترەكنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇيياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم.

ــ بولىدۇ، شاكىر ئاكا، ئۆمرۈمدە بىر ياخشى ئىش قىلىپ قويماي. خاتىرجەم بولۇڭ... ماۋۇ پۇلنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قو ـ يۇڭ. بىز بىر ـ بىرىمىزنى بىلىشمىز، بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن ئادەملەرمىز...

شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پۇلنى ئىتتىك ئېلىپ ئۇنىڭ ياذـ چۇقىغا سېلىۋەتتىم.

ــ هاي! ھېچ بولمىسا يېرىمىنى ئېلىپ قالامسەن؟! ــ ھې ـ لىقى زەئىپ ئاۋاز بوغۇلۇپ چىرقىرىۋەتتى.

قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ ناھايىتى قىيىن ئىشتىن بىر ـ نى ئورۇنلىۋەتكەندەك، ھاسىراپ مادارىمدىن كەتكىنىمچە سافاغا يىقىلدىم. ھېلىمۇ شاكىر ئاكا ئارتۇقچە زورلىمىدى. كۆزۈمگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بىردىنلا يىغلىۋەتتى:

ــ ئۇكام تۇرسۇن، مەن بۇ دۇنيادا ئىنسابلىق ئادەم قالمىدى ـ مىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، ھېلىمۇ بار ئىكەن. مەن بەش بالامنىڭ ھەققىدە خۇدادىن ساڭا ياخشىلىق تىلەيمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن كېيىنكى كۈنلەردە شاكىر ئاكىنىڭ مۇشۇ تىلىكىنى نەچچە قېتىم ئېسىمگە ئالدىم.

ئاشۇ يېڭى يىل ئاخشىمىدىن باشلاپ يا ئىشخانىدا، يا ئۆيدە كۆڭلۈم ئارام تاپماس بولدى. ئىشخانامنىڭ ئەتراپىدا گۈلى ئەسىملىك هېلىقى قىز بالىنىڭ تاراقلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى، ئەسىر كۆچىگە باي جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلىنىپلا تۇراتتى، بەزىدە ئىشخانامنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ئۆزىلا كىرىپ كېلەتتى، ئەتراپىمدا چۆرگۈلەپ چاقچاق قىلاتتى، كۈلەتتى، قەلىمىمنى ياكى كۆزئەينىكىمنى تىقىپ قويۇپ بىرھازا ئىزدىگىلى سالاتتى. يىپەكتەك پارقىراق، قاپقارا، قويۇق چاچلىرى ئەتراپىمدا يەلپۈنەتتى، خۇددى كىلاسسىك شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەندەك مەن ئاشۇ چاچلارغا باغلىنىپ قالغاندىم. ئاخشىمى ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى، چاچلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئايالىمنىڭ كوتۇلداشلىرى، ئوغلۇمنىڭ خەقشلىك قىلىشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، بەزىدە خىيالىمدىكى ئۇ پەرىشتە سۈپەت سىيمانى كۆز ئالدىمدىكى هارغىن چىراي ئايالىمغا سېلىشتۇرۇپ تەلەيسىزلىكىمگە ئۆكۈنەتتىم. سوغۇققان بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا بۇلارنىڭ هەممىسى بىر كۈنلەردە يوق بولۇپ كېتىدىغان چۈشتەك خىيالىي كۆرۈنۈشلەرغۇ، ماڭا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ كوت - كوت خوتۇن بىلەن ئوغلۇم، دەپ ئويلايتتىم. ئەتىسىلا بۇ خىياللىرىمدىن ئەسەر قالمايتتى. بىر كۈنى يوقىلاڭ بىر ئىش سەۋەبىدىن ئايالىمنى سىلكىۋەتتىم. ئايالىم مېنى: «چۇشېڭ» (هايۋان) دەپ تىللىۋىدى، مانا ئەمىسە دەپ ئاغزىغا كېلىشتۇرۇپ بىر كاچات سالدىم. ئۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىكى قاننى سۈرتكىنىچە، مېنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەشەددىي سۆزلەر بىلەن تىللاپ بالىنى ئېلىپ يامانلاپ ماڭدى. مەن: «بالىنى قويۇپ ئۆزۈڭ نەگە بارساڭ بار، كۆزۈمدىن يوقال، سەندەك خوتۇنغا بېرىدىغان بالا يوق» دېدىم. ئىككىمىز ئەتىسى سوتقا بېرىپ ئاجراشماقچى بولدۇق. مەن كېچىچە ئۇخلىماي بۇنىڭدىن كېيىنكى

بەختلىك تۇرمۇشۇمنىڭ خىيالىي كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ چىقـ.
تتىم.

ئەتىسى باشلىقىمىزنىڭ ئالدىغا ئاجرىشىش توغرىسىدا دەۋا
قىلىپ كىردىم. مەن ئايالىمنىڭ تۇرلۇك ئەيىبلىرى، ماڭا قىلغان -
ئەتكەنلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقىنىمدا، ئۇ سۆزلىرىم-
نى ئەستايىدىل ئاڭلىمايلا قالماستىن، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ
كۈلۈپ:

— ئۇكام، بىزدەك چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قوي، كېپىـ-
نەكتەك شوخ، چىرايلىق ئاياللار كۆڭۈل ئېچىشقىلا لايىق، خوتۇن
بولۇشقا لايىق ئەمەس، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ،
ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدۇ. سەن
ئىستىقباللىق ياش، چوڭ ئىشلار تېخى ئالدىڭدا، ساڭا ئۇنداق ئا-
ياللار ياراشمايدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تىلىم شۇنچىلىك قىـ-
چىشتىكى، «سىزنىڭ سۆزىڭىزنىڭ ئەكسىچە بەزىلەر چىرايلىق
خوتۇنلىرىغا تايىنىپ ئىستىقبال تېپىۋاتامدۇ، چوڭ ئىشلارنى
قىلىۋاتامدۇ؟» دەۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەمما، ئۇنداق دېمىدىم. چوڭ
ئىشلارغا بەل باغلىغان ئادەم تىلىنى يىغىشنى بىلىشى، ۋاقتى
كەلسە قاپقارا نەرسىنى كۆرسىتىپ: «بۇ نەرسە ئەجەب ئاق، ئەجەب
سۈزۈك ئىكەن!» دېيىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ھەم-
مىدىن مۇھىمى مانا شۇ.

ئاخىرىدا ئۇ ماڭا:

— ئۇكام، سەن بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق،
سېنى ياخشى كۆرگەچ، ئاكاڭمۇ كۆڭلۈمگە شۇنداق يېقىن تۇيۇ-
لىدۇ. ئاكاڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، ئەسىر ئىشىپ ئولتۇرساق دەيدى-
غان ئارزۇيۇم بار، قاچان ۋاقتى يەتسە غېرىبخانىمىزغا كېلىپ
ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسا، خاپا بولماي بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە
جاۋابىنى بەرسەڭ، — دېدى. يۈرىكىم قارتىتىدە قىلىپ قالدى.
ئۇنىڭ ئاخىر بىر كۈنى مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا

ئالدىن ئويلاپ قويغىنىم بويىچە:

— ئاكام يېقىندا چەت ئەلگە چىقماقچىكەن، شۇنىڭ تەييارلىقىدا ئالدىراش بولۇپ قاپتۇ، — دېدىم.

— ئالدىراش يوق، ئالدىراش يوق، — دېدى ئۇ ئىتتىكلا، — چوڭ ئادەملەرنىڭ چوڭ ئىشلىرى بولىدۇ، ئالدىراش بولىدۇ. ئەلۋەتتە، قاچان ۋاقتى يەتسە شۇ چاغدا... ھە راست، شاكىرغا ئېيتىپ قويۇڭ، بالىسىنىڭ ئىشى ھەل بولۇپ قالدى، قالغان ئىشنى شاكىر ئۆزى كادىرلار باشقارمىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بېجىرىۋالسۇن...

سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتمىگەن، بىرلا قارىغان كىشىدە ياخشى تەسىر قالدۇرالايدىغان، ئىچكى دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل زىددىيەت، ئەندىشە، ئارزۇ - ھەۋەسلەر كۆزلىرىدە، چىرايىدىكى ھەربىر ئىنچىكە سىزىقلاردا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇ ئادەم ئاشۇ پەيتتە ماڭا ئىنتايىن سۆيۈملۈك كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئۇمۇ مېنىڭ مىننەتدارلىقىمنى ئەلۋەتتە ئاكىسىغا يەتكۈزىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆز - ئۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇرسام سوپاخۇنكام ئالدىراش كىرىپ كەلدى ۋە ھودۇققىنىچە:

— ئاڭلىغانسىز، يۇقىرىدىن باشلىقلار كەلدى، مەن ئۇلارنى جۇيجاڭلارنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ قويدۇم، — دېدى ۋە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپلا كەتتى، — خۇددى بىركىم كۆڭلۈمگە سالغاندەك ئىشنىڭ ئالدىغا چىقىپتىكەنمەن، قارىسام، پىكاپلار قاتارلىشىپ كېلىۋاتامدۇ، قاراپ تۇرسام، باشلىقلار بىر - بىرلەپ چۈشكىلى تۇردى. دەرھال ئالدىغا باردىم، ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ قوللىرىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى ۋە قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھېلىقىچۇ، ھېلىقى ئىدارىنىڭ ئورنىنى كۆچۈرۈش ئىشى توغرىسىدا بولمامدۇ! مەن جۈيجاڭغا بۇ يەردىن كۆچمەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇڭ، دەپ قويغان... ھە راست، بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرىسىز، ئاكىڭىز بولغاندىكىن كىرىپ جۈيجاڭغا ياردەملىشىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمامسىز؟

— ماقۇل... ئەمما... بىر ئىشىم...

نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىغىنىمچە قويغان - تۇتقىنىمنى تۇيمىغان ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. سوپاخۇنكام:

— ۋۇي، ماۋۇ ئىشخانىڭىزنى قانداق قىلىمەن؟ تاقىۋېتەيمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قالدى.

ئۇدۇل ئۆيگە باردىم. شىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېشىمنى قوللىرىم بىلەن چاڭگاللاپ ئولتۇردۇم. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى... شان - شۆھرەت، ئەتىۋارلىنىشلار، گۈزەل قىزلارنىڭ مۇھەببىتى... ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆپۈكتەك يوق بولدى. كىم بىلىدۇ، خوتۇنۇمنىمۇ ساقلاپ قالالامدىم، يوق... ئەتىدىن تارتىپ تاجىنىسا ئىشىكنى يۈزۈمگە جالاقلىتىپ يېپىپ، ئەنە گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ، ئەتراپىمدىكىلەر — ھېلىقى «ئاپتاپپەرەس»لەر، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەنلەر بېشىمغا لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرىدۇ. بىر چاغدا مەن جاجىسىنى بەرگەن ھېلىقى ئايالنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىدۇ، ئۇنى قايتا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىدۇ، باشلىقلارچۇ؟ باشلىقلار... ئۇلار قانداق قىلىشاركىن، مېنى جازالارمۇ؟ بوپتۇ، بۇ كۈن بەرىبىر كېلەتتى، ئاخىر كەلدى. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، ناھايىتى شۇ مېنى بىرەر ناھىيەگە چۈشۈرۈۋېتەر، يۇرتۇمغا كېتەرمەن. تاغامغا سەن تاپقان بالاغا مانا مەن قالدىم، دەرمەن...

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشىك ئاستا ئۇچ قې-

www.uyghurkitap.com

تىم چېكىلدى، كېيىن ئاۋازلىقراق يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. دېمەك، مېنى ئىزدەپ كېلىشكەن گەپ.

خۇددى دار ئالدىغا ماڭغان جىنايەتچىدەك كېتىۋاتىمەن. قەدەملىرىم شۇنچىلىك ئېغىر، مېڭەم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىۋاتىدۇ، كۆزلىرىمدە ئۇچقۇنلار چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. يىقىلىپ كەتمىسەملا بولاتتى... ياق، چىڭ تۇراي، مەنمۇ ئۇلارغا: «ئېمە قىپتىمەن؟ ھەرقايسىڭنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدىم شۇ» دەيمەن!

ئالدىمدا ناتونۇش بىر ئادەم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ياق، ئۇ تونۇش ئادەم، مەن بىر گېزىتتىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كېسىۋالغان، تالاي قېتىم ئۇنىڭ سۈرىتىمگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسىز پاراڭلاشقان، ئۇ مېنىڭ «ئاكام»!

بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك بولۇپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، ئەمما بۇ ھالەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. بىر چەتتە تۆۋەنچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سوپاخۇنكامنىڭ:

— ماۋۇ بالىنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى، بولۇڭ، ئاكىڭىزنى ئۆيگە باشلاڭ! — دېگەن ئاۋازى ماڭا جان كىرگۈزگەندى.

ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. سوپاخۇنكام تەزىم بىلەن:

— سەل تۇرۇپ كىرەي، سەل تۇرۇپ كىرەي، ئىككىڭلارنىڭ پارىڭىمۇ يىغىلىپ قالغان بولغىيدى، — دەپ ئۆزرە قويدى، مەنمۇ زورلىمىدىم.

«ئاكام» ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ سۈكۈتتە ئولتۇراتتى، مەنمۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە زۇۋان سۈرەلمەيتتىم. خېلىغىچە سۈكۈت ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئولتۇرۇشتۇق.

— ئاڭلىسام، بۇ يەردە مېنىڭ بىر ئۇكام بار ئىكەن، تونۇشۇپ قوياي دەپ كىردىم...

مەن بېشىمنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ بارماقلىرىم بىلەن يالتىراپ تۇرغان سولياۋ داستىخاننى سۈرتۈشكە باشلىدىم. يۈزۈم ئوت ئې-

لىپ كېتىۋاتاتتى.

— مەنمۇ ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپلا بىر ئۇكام بولسا دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇغىنىسى... ئۇنىڭ بىلەن بەك كېچىكىپ تونۇشۇپ قاپتىمەن. بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدىكەنمەن تېخى.

يەر تېگىدىن چىرايىغا قارىسام، ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلكە قايناپ تۇرۇپتۇ. دەرھال كۆزۈمنى ئەپقىچىپ بېشىمنى تۆۋەن سېلىۋالدىم. ئۇ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ياش چىققۇچە كۈلدى، كۆزلىرىنى قول ياغلىق بىلەن سۈرتكەچ:

— مەن تېخى ھېچ نەرسىدىن ھېيىقمايدىغان تازا بىر ئالىقاپنى كۆرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغانىدىم، شۇغىنىسى ئويلىغىنىمنىڭ تەتۈرى چىقىپ قالدى ئەمەسمۇ، — دېدى ۋە بىردىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ، تارتىمادىكى سۈرىتىگە ئوخشاش جىددىي ھالىتىگە قايتتى. مەن ئۆزۈمنى كۆچەپ بېسىۋېلىپ، چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا:

— ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھكار، — دېدىم.

ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. ئوتتۇرىمىزدا خېلى ئۇزاققىچە ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. بۇ سۈكۈت مەندە يەنە ۋەھىمە پەيدا قىلدى، پۇت ـ قوللىرىم بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى.

— ھارىقىڭىز بارمۇ؟ بولسا ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى...

بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدىم.

— بار، بار... قانداق ھاراق؟

— قانداقى بولسا مەيلى، زاكۇسكىغا ئازراق مايلىق دادۇر ياكى بىرنەچچە تال ئالما بولسىلا بولىۋېرىدۇ.

توڭلاتقۇدا ئازراق قاتتىق ـ قورۇق پىچىنە بىلەن بىرنەچچە تال ئاچچىق قورتتىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. دەرھال يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ سومكىنى قولۇمغا ئالغانىدىم، ئۇ:

— ئۆز ئاكىسىغىمۇ شۇنداق تۈزۈت قىلغان بارمۇ؟ — دەپ

مېنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، توڭلاتقۇدىكى پىچىنە بىلەن قۇرتنى ئۆزى ئېلىپ كەلدى، ئەينەك ئىشكاپنى ئېچىپ رومكىدىن ئىككىنى ئالدى.

— بىر چاغلاردا ئاغىنىلەر بىلەن مۇشۇنداق ئىچىشەتتۇق، ھارىقىمىز ئەرزان، زاكۇسكىمىز ئاددىي ئىدى، ئەمما چىن كۆڭ- لىمىزدىن پاراڭ سېلىشاتتۇق، كۆڭلىمىزدە كىر يوق ئىدى، قې- لىشمىغان سۆزلىرىمىز قالمايتتى. قېنى شۇ كۈنلەر - ھە؟ ھا- زىر تۇرمۇش ياخشىلاندى، ئەمما كىشىلەرنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ كەتتى. يېقىندا شۇ چاغلاردا بىللە ئىچىشىدىغان بىر ئاغىنەم ئۆ- يىگە چاقىرىپ كېتىپ، باردىم. شىرەنىڭ ئۈستىدە توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممىسى بار، ھاراقلىرى ئېسىل، ئەمما ساھىبخانا ئىلگە- رىكى ئاغىنەم ئەمەس، بىر يەرلىرى قورۇنۇپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرىدۇ، ئىچىدە بىر گېپى باردەك قىلىدۇ - يۇ، ئەمما توغرىسى- نىلا ئېيتمايدۇ. گېپىمىز زادى قولاشمىدى... قېنى ئەمىسە، خوشە! ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنىڭ تونۇشقىنىمىز ئۈچۈن!

— ...

— سالامەتلىكىمىز، ئۇزاق ياشىشىمىز ئۈچۈن!

— ...

— مېنىڭ سىڭلىم، سىزنىڭ رەپىقىڭىزنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن!

— ...

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ... تاشلاشماي ھەقىقىي ئاكا - ئۇكا بولۇشىمىز ئۈچۈن!

— ...

رومكىلارنىڭ پات - پات بوشاپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، مەندىكى ۋەھىمە، ئەندىشە، قورۇنۇش دېگەنلەر بىر - بىرلەپ يوقالدى. ئالدىمدىكى بۇ سالاپەتلىك ئادەم ماڭا راستىلا بىر تۇغقان ئاكامدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاتا - ئانامنىڭ كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر تاغام بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن قانداق

قورقىدىغانلىقىمنى، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

— مەنمۇ سەندىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيمەن (ئۇ مېنى سەنلەپلا چۈشتى). مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىم، دوست - ئاغىنىلىرىم ناھايىتى كۆپ، ئەمما مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز سېزىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى باشقا نەرسە. مەن ھەقىقىي تۇغقانغا، ھەقىقىي دوستقا موھتاج، ئەمما مۇشۇ ۋاقىتقىچە مەن ئۇنى تاپالمىدىم.

— مەن بۇ يېرىم يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتتىم، نۇرغۇن ئادەملەرنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ئۆزۈمنى رەزىلمەنمىكىن دېسەم، بۇ ئادەملەر مەندىنمۇ رەزىل ئىكەن... — شۇنداق دەۋېتىپ بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى سەرگۈزەشتىلىرىم، ھەجۋىي رەسىملەردەك تېز ئۆزگىرىپ تۇرغان خىلمۇخىل چىرايلار كۆز ئالدىمدىن بىرمۇبىر ئۆتتى.

ئۇ شىرە ئۈستىدىكى ئاددىي تاماكىدىن بىر تال سۇغۇردى، مەن دەرھال چاقمىقىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ بەردىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭكىدەك قىسقا ھەم قوپال ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

— شۇنداق، ئادەم دېگەن نەرسە بەزى چاغلاردا ئاجايىپ رەزىللىشىپ كېتىدۇ. ئىلگىرى مۆمىن ئىسىملىك بىر خىزمەتدىشىم بولىدىغان. ئۇ: ئادەم دېگەن نېمە؟ باشلىقىنىڭ ئالدىدا تۆت پۇتلۇق ئىت، تەڭ دېمەتلىكلىرى ئالدىدا تۈلكە، خوتۇنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يولۋاس، دەيدىغان. ھايات، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىق پاراڭلارنى سالىدىغان ئادەم ئىدى. رەسىم سىزاتتى، خەتنى ئاجايىپ چىرايلىق يازاتتى، ئۇ خەتلەر ئادەمگە خۇددى جېنى باردەك تۇيۇلاتتى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭدەك خەت يازىدىغان ئادەمدىن يەنە بىرسىنى كۆرگە-

www.uyghurkitap.com

نىسىم يوق. بىر چەت يېزىدا بىللە ئەپەندىچىلىك قىلاتتۇق. ئايالىم ناھىيەدە، ئۆزۈم يېزىدا، ئاتا ـ ئانىسى مېنى شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلمىسە قىزىمىزنىڭ خېتىنى بەرسۇن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئايا-لىمغا قاتتىق كۆڭلۈم بار ئىدى... مائارىپ ئىدارىسىگە تولا قاتراپ ئىشىمنى ھەل قىلالماي يۈرسەم، ئاشۇ مۆمىنكام بىر كۈ-نى ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. بۇنى ناھىيەگە ئاپارساڭ ئىشىڭ ئەتىلا ھەل بولىدۇ، دېدى. ئەسلىدە ئۇ شۇ چاغدىكى مۆ-مىن ئىسىملىك ھاكىمنىڭ پوچېركىسى بىلەن ئىمزاسىنى ئۆز ئەينى دوراپ يېزىشنى ئۆگەنگەنىكەن. قېنى بىر ئۇرۇنۇپ كۆ-رۈپ، يا بىراقلا جازالىنىپ خىزمەتتىن ئايرىلىپ كېتەرمەن، يا ئىشىم ھەل بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە مائارىپ ئىدارىسىگە ئا-پاردىم. ئىشىم ئىككى كۈنگە قالماي توغرىلىنىپ بولدى. بەخ-تىمگە، مەن ناھىيەگە يۆتكىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۆمىن ھاكىم ۋىلايەتكە ئۆسۈپ كەتتى... ئاشۇ مۆمىنكام بولمىغان بولسا، بەلكى مۇشۇ ۋاققىچە يېزىدا ئىشلىگەن بولاتتىم. بەك بولسا مەكتەپتە مۇدىر بولاتتىممىكىن...

مەن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي، سالاپەتلىك، ھاياتنىڭ تۇر-لۈك قازانلىرىدا قايناپ پىشىپ كەتكەن، ئەمما قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر پارچە پاكلىقنى ساقلاپ قالالىغان بۇ ئاجايىپ ئا-دەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ھەرقانداق ئادەم بەزى چاغلاردا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىرەرسىگە تۆكۈۋېلىشقا موھتاج بولىدۇغۇ؟

— بىراق، مەن دائىم ئاشۇ يېزىنى، ئاشۇ چاغلارنى سېغىنى-مەن. مەكتەپنىڭ ماڭا ئوخشاش بويتاق ياشايدىغان بىر كاسىرى بولىدىغان، ئاددىي راۋابىدىمۇ شۇنداق مۇڭلۇق كۈيلەرنى چالات-تى... ئېيىغا ئون نەچچە يۈەندىن مائاش ئالىدىغان ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، بۆشۈكتىكى باللىرىنى ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ دەرسكە كىرىپ كېتەتتى. باللىرى يىغلىسا قالغانلار بۆ-شۈكىنى تەۋرىتىپ، سۈتلىرىنى ئىچۈرۈپ قوياتتى. شۇنداق

ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى، بىر - بىرىدىن خەۋپسىرەپ سىر يوشۇرۇپ كېتىشمەيتتى. كۆڭلىدە نېمىنى ئويلىسا ئاغزىدىن شۇ چىقاتتى... ئەلۋەتتە، شارائىت، دەۋر ئۆزگەردى، ئادەملەرمۇ ئۆزگەردى، بىراق ئادەم ئەقىللىك بولغانچە رەزىللىشىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەتراپىڭغا، نەگىلا قارىساڭ «بولىدۇ، شۇنداق، راست» تىن باشقىنى بىلمەيدىغان، كۇلۇپ تۇرغان ساختا چىرايلار، ھەتتا كۆتىگە نەچچىنى تەپسەڭمۇ ئاياغ ئاستىڭدا يۇمىلاپ يۇرۇپ «خوش - خوش» دەيدۇ. نى - نى ئاياللار، نى - نى قىزلارچۇ تېخى، ئۆزىنىڭ ياكى ئەرلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئەمىلى، ئۇنۋانى ئۈچۈن ساڭا ھەممىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۆزلىرى مىننەتدارلىق بىلەن تەقدىم قىلىۋاتقان يەردە مەندىن نېمە كېتەتتى دەيسەن، بىراق كۆڭلۇڭدىكى سەسكىنىشنى باسالمايسەن. ئاشۇ خۇشامەتلىك ھىجىيىشلارنىڭ تېگىدىكى زەھەرنى، ئەتراپىڭدا پايپېتەك بولۇپ يۇرگەنلەرنىڭ قوينىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ تۇرىسەن، ئاشۇ ئاياللارنىڭ سەندەك بىر كۆرۈمسىز ئادەمگە ئاشىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى ھوقۇقۇڭ، ئابرۇيۇڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى، قاچانكى ھوقۇقۇڭدىن ئايرىلغان كۇنۇڭ ئاشۇ ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ سېنى كۆرەرگە كۆزى يوقلۇقىنى، سېنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى، زەھەردەك تەنە گەپلەر بىلەن يۇرىكىڭنى زېدە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىسەن، بىراق ئادەملەرنىڭ شۇنداق رەزىللىكى ئۈچۈن، ھوقۇقۇڭنىڭ باردا ئۇلارغا تازا بىر ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قويغۇڭ كېلىدۇ.

بەزىدە ئەسلىدىلا شۇنداق بۇزۇلغان، پەزىلەتسىز خەق بولغىيمىدۇق دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. بۇ ھەقتە ئىزدىنىپمۇ باقتىم. ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىكەنمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەيسەر، مەغرۇر، مۇستەقىل خاراكتېرلىك ئادەملەر ئىكەن. ئاشۇ خاراكتېرىمىز بىر كۇنلەردە ئەسلىگە كېلىدۇغۇ دەپ ئويلايمەن. نەۋرەم مەندىن: «بوۋا، 21 - ئەسىردىمۇ ھازىرقىدەك ياشامدۇق» دەپ سورىۋىدى، جاۋاب بېرەلمەي قالدىم. بىراق، بۇ سوئال مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۆزۈمچە، 21 ـ ئەسىر چوقۇم ئاجايىپ ئەسىر بولىدۇ دەپ ئويلىدىم. راستلا، ماڭا ھەممە رەزىللىكلەر، يالغانچىلىق، زورلاۋانلىق، ناھەقچىلىكلەر، پەسكەشلىكلەر كونا ئەسىر بىلەن قېلىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. يەنە بىر تۇرۇپ رەزىللىككە شۇ قەدەر ئۆگىنىپ كەتتۇقكى، ئۇ ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنى ئاشۇ دەۋرگىچە ئالغاچ بارارمىزمۇ، دەپ ئويلايمەن...

تاك، تاك، تاك...

كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى چەكتى. ئاچسام، باشلىقىمىز بىلەن ئايالى. سەل نېرىدا سوپاخۇنكام سۇۋارى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ.

خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان «ئاكام» ئۇلار بىلەن تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. رومكىنىڭ ئاخىرىدا قالغان هاراقنى باشلىقىمىز بىلەن سوپاخۇنكامغا قۇيۇپ بەردىم، ئۇلار ناچار هاراقنى تەمشىپ تۇرۇپ ئىچتى. باشلىقىمىز ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئايالىمۇ «ئاكام» بىلەن تونۇشۇپ، دىدارلىشىش ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئىزهار قىلدى. چىرايلىق ئايال ناز بىلەن سۆزلەۋاتقاندا، «ئاكام» ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ۋە دەرھال رازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار ئۇچى ئۇنى يۆلەپ مېڭىشتى، مېنىمۇ بىللە چىقىشقا شۇنچىلىك زورلاشتى، ئەمما مەن ئۇنىمىدىم، «ئايالىم بۇگۈن كەچتە قايتىپ كەلمەكچىدى» دېۋىدىم، بوپتۇ ئەمىسە دەپ رايىمغا قويۇپ بېرىشتى.

يەنە يالغۇز قالدىم. مېڭەمدە ئاجايىپ تەسىراتلار، خىلمۇخىل خىياللار تەڭلا قايناپتتى. بارا ـ بارا مېڭەم تورمۇزلىنىپ ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەس بولدى. هارغىنلىق بىلەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ھەممە ئىش ئاخىر ئاياغلاشتى. مەن بۇ يەردە تىنچ ـ ئامان ئولتۇرۇپتىمەن، قالغان ئىشلار، قالغان ئادەملەر نەگە بار-

سا بارسۇن! مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، بەك ھېرىپ كەتتىم...

تاك، تاك، تاك...

ئىشىك يەنە چېكىلدى، جاھىللىق بىلەن ئۇزاق چېكىلدى. ئاخىر چىدىيالماي بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا يوغان سومكا كۆتۈرگەن، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئىللىق چىراي بىر يىگىتچاق تارتىنىپقىنا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تاغا!

مەن ئۇنىڭغا بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئىسمىنى تەستە ئېسىمگە ئالدىم:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە... ۋۇي ياقۇپجانمۇ سەن؟! كەل، كەل، ئۆيگە كىر...

ئۇ يوغان سومكىسىنى دالانغا قويۇپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندا مەن ئۇنى سوئالغا كۆمۈپلىۋەتتىم:

— تاغام، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار تىنچ - ئامانمۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ قارا قىشتا كېلىپ قالدىڭ، ئوقۇشقىمۇ؟

— ھەممىسى تىنچ - ئامان. ساڭا سالام ئېيتتى. يازدا چوقۇم كېلىپ كەتسۇن، دەپ تاپىلىدى... مەن ئوقۇشقا كەلدىم، سەنئەت مەكتىپىگە.

— شۇنداق قىلىپزە، تاغامنىڭ ماڭغان يولى بىكارغا كەتمەپتۇ - دە، بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، ئۆزۈڭنىڭ ئامراق كەسپىڭنى تېپىپسەن.

— ياق، ئۆزۈم ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم. سەنئەت مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچى ئالغىلى بېرىپتىكەن، ئۆيدىكىلەرگە دېمەيلا ئىمتىھانغا قاتناشقانىدىم، ئۆتۈپ قاپتىمەن...

— پاھ، ئۆيدىكىلەرگە دېمەيلا ئىمتىھان بەردىم دېگىن، يارايسەن، يىگىت ئىكەنسەن! بىراق... تاغامنىڭ ماڭغان يولى، خەقلەرگە يېگۈزگەنلىرى بىكار بولدىمۇ ئەمدى؟

— بىكار بولمامدۇ ئەمىسە. ئۆزى قىلغان ئىش بولغاچ گەپ قىلالماي قالدى، لېكىنزە دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئۈچ مىڭ يۈەن

پۇل بىلەن ئىككى قۇيما ئۇزۇكنى بۇلاڭچىغا ئۆزى تۇتقۇزۇپ قويغان تۇرسا، دادام ئەرز قىلايلى دەپمۇ باقتى، لېكىن چوڭ دادام گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

قاراپ تۇرۇپ تارتقان زىيانغا ئىچىم ئاغرىغان بولسىمۇ، كۆڭ-لۇمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە خۇشال بولدۇم. تاغامنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈش، پۇلنىڭمۇ ھەممىلا ئىشقا قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. بىراق، ياقۇپجانغا بىردىنلا سېھرىم چۈشۈپ قالدى. مەن كۆزى پۇلدىن باشقا نەرسىنى تونۇمايدىغان ئاشۇ تۇغقانلىرىمنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىك بىر ئادەمنىڭ چىقىشىنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن.

مەن دەرھال سىرتقا چىقىپ كۆكتات، گۆش ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەردىن ئەكىردىم. ئايالىمنىڭ پەشتامىسىنى ئالدىمغا تارتىپ، بار ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ ئۈچ خىل قورۇما تەييارلىدىم.

ئىككىمىز تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشقاچ غىزالاندۇق، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئاخىر ئۆزۈمگە ھەقىقىي يېقىن تۇغقان تاپقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ــ شۇنداق قىلىپزە، رەسسام بولىمەن دېگىن، قالتىس ئىش بوپتۇ، قېنى سىزغان رەسىملىرىڭ بولسا ئاله، كۆرۈپ باقاي، ــ دېدىم تاماقتىن كېيىن شىرە ئۈستىنى يىغىشتۇرغاچ.

ياقۇپجان سومكىسىدىن چوڭ بىر پوپكىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئى-چىدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە سۈپىتى ھەر خىل قەغەزلەرگە سى-زىلغان ماي بوياق رەسىملەر تۇراتتى. مەن رەسىملەرنى بىر باش-تىن كۆرۈشكە باشلىدىم.

دوپپا بازىرى، يۇزىدىكى تور روملىنى سەل كۆتۈرۈپ ئەتراپ-قا تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان ياشقىنا دوپپىچى ئايال:

يىراقلاردىن، تۇمان ئىچىدىن تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئېقىپ

كېلىۋاتقان كىچىكرەك دەريا، دەريانىڭ ئىككى قېشىدىكى سۆ-
گەتلىكلەر، سۆگەتلىكتە ئوتلاپ يۈرگەن قويلار، بەزىلىرى سۇغا
چۆمۈلۈۋاتقان، بەزىلىرى قىرغاقتا ئويناۋاتقان يالىڭاچ بالىلار.

كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار... ئاسمان
شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك كۆك، بۇلۇتلار شۇنچىلىك ئاپ-
پاق... ئۇ خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئانام بىلەن سەھراغا بار-
غاندا كۆرگەن ئاسمانغا ئوخشايدۇ. قانچە يىللار بولدى - ھە،
ئۇنداق ئاسماننى كۆرۈپ باقمىغىلى...

يوغانراق قەغەزگە سىزىلغان ئاجايىپ بىر پارچە رەسىم مېنى
ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالدى. مەن ئۇزاققىچە ئۇنىڭدىن كۆ-
زۈمنى ئالالماي ئولتۇرۇپ كەتتىم.

قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالاي دەپ قالغان ئاۋات بىر شەھەر.
يوللار، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر، ئىبادەتخانىلارنى تامامەن قۇم
بېسىپ كەتكەن، پەقەت قاقشال دەرەخلەر، ئېگىز تۈۋرۈكلەر، پې-
شايۋانلار، پارقىراپ تۇرغان مۇنارلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
ئۆگزىلەردە جان تالىشىپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقان ئادەملەر. ھەم-
مىلا يەرنى قاپلىغان قۇم دۆۋىسى ئىچىدىن ئاندا - ساندا بىرەر
باش، بىرەر قول ياكى پۇت چىقىپ تۇرىدۇ.

سارغۇچ كۆل رەڭ ئاسماندا نېپىز تۇماندەك يوغان قارا سايە —
ئەزرائىل ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ قاناتلىرى شەھەر ئاسمىنىنى
بىر ئالغان...

تېنىم شۈركۈنگەندەك بولۇپ خاتىرە دەپتەرنى ياپتىم.

— تەكلىماكاندا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى شە-
ھەر، — دېدى ياقۇپجان ئەستايىدىللىق بىلەن، — مۇئەللىمنىڭ
ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ شەھەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپە-
ئەتىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىكەن، ھەممىسى ئەيش - ئىش-
رەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنىكەن، ھەق - ناھەق ئاي-
رىلمايدىكەن، جاپا چېكىپ يەر تېرىغان، كۆچەت تىككەن، رەخت

www.uyghurkitap.com

توقۇغان ئادەمنىڭ قەدرى ـ قىممىتى يوق ئىكەن. ھەممە يەرنى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بېسىپ، ئېتىزلار قاغجىراپ، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ، كىشىلەر يەنىلا چۆچۈمەي، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىر خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ شەھەر ئاسمىنىدىن قۇم ياغدۇرۇپتۇ. كىشىلەر قورقۇشقا، پۇشايمان قىلىشقا باشلاپتۇ، بىراق ئۈلگۈرەلمەپتۇ...

ياقۇپجان ئۇخلاپ قالدى. بىراق، مەن زادى ئۇخلىيالمىدىم. كۈنبويى كۆرگەنلىرىم، ئاڭلىغانلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ ـ بىر ئۆتۈپ ئۆتمۈش قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولاتتى. پەقەت ھېلىقى رەسىملا كۆز ئالدىمدىن يىتمەي تۇرۇۋالاتتى. قۇلاق تۈۋىمدە ياقۇپجاننىڭ ئاۋازى قايتا ـ قايتا ياڭرايتتى.

«ئۇ شەھەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا ئىشنى ئويلىمايدىكەن... ھەق ـ ناھەق ئايرىلمايدىكەن، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنىكەن... يەر تېرىغان، كۆچەت تىككەن، رەخت توقۇغاننىڭ قەدرى ـ قىممىتى يوق ئىكەن... ئۇلارنى خۇدا جازالىغانىكەن...»

سەھەرگە يېقىن كۆزۈم ئىلىنىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. تۇۋا، ئاسماندىن تاش يېغىۋاتقۇدەكمىش، يوغان ـ يوغان چىلگىدەك، تاۋۇزدەك تاشلار. كىشىلەر ئاللا ـ تۇۋا دېيىشىپ، باشلىرىنى قوللىرى بىلەن توسۇشۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىۋاتقۇدەكمىش، نۇرغۇنلىرىنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ قانغا بويىلىپتۇ، جەسەتلەر ھەممىلا يەرنى قاپلاپتۇ، تاش توختىماي يېغىۋەرگۇدەكمىش، ھەر يوغان تاشلار، ئادەملەر، يوللار، دەل ـ دەرەخلەر، ئېگىز بىنالار تاش ئاستىدا قاپتىمىش... شەھەرنىڭ ئورنىدا ئاجايىپ ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىر تاغ پەيدا بوپتىمىش. مەن ئوغلۇمنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتقىنىمچە ئايالىمنى ئىزدەپ تاغنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەكمەن. بىر يەرگە بارسام، تاغنىڭ تېگىدىن بىر

باش چىقىپ تۇرغۇدەك، يۈز ـ كۆزى تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما سۆۋارى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ توختىماي ھىجايغۇدەك، مەن ئۇنى تاغامنىڭ بېشى دېگۈدەكمىشمەن، ئەمما يەنە بىر قارىغىنىمدا سوپاخۇنكامغا ئوخشاپ تۇرغۇدەك، ئۇ ماڭا:

«سۇن ۋۇكۇڭمۇ تاغ ئاستىدا بەش يۈز يىل ياتقان. مەنمۇ شۇنداق ئۇزاق چىدىيالايمەن. مېنى قۇتقۇزىدىغان كارامەتلىك ئادەم ھامان بىر كۈنى كېلىدۇ» دېگۈدەكمىش. مەن ئۇنىڭغا قاراپ جېنىمنىڭ بارىچە: «ياق، ياق! ئۇنداق بولمايدۇ!...» دەپ ۋارقىراۋېرىپتىمەن، راستلا قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتىمەن ۋە ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

ئادەم ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرىدىكەن. ئۇزاقتىچە چۈشۈمدىكى ئىشلارنى ئويلاپ ياتتىم. دېرىزىدىن تاڭ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت باغراش

# تۆتقۇلاق

ئۇنى ئاخىر ئەرگە بېرىشتى. ئۇمۇ قارشىلىق قىلمىدى. بىھۇدە قارشىلىقنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمگىلا بولسۇن بىرسىگە تېگىشى كېرەك ـ دە.

ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئاشىق بولمىغانىدى. كىملەردۇر ناگان ـ ناگاندا ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا، قۇدۇق بېشىدا چۇشەكەپ قالغاندەك ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ، قاش ئوينىتىپ قالاتتى ـ يۇ، بۇنداق جازىبىسى يوق كۆز قىسىشلار ئۇنىڭ يۇرىكىگە تەسىر قىلىپ، ئۇ قارشى تەرەپكە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە ھېلىقى كۆز قىسقانلار ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك جىمىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئادەتلەنمىگەن، زوردىن ـ زورغا قىلغان تەبەسسۇملىرى بوشقا كېتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنداق ئاشىقلىق ئىشەنگىلى بولمايدىغان، بار ـ يوقنىڭ تايىنى يوق ئاشىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇنداق خۇپىيانە ئاشىقچىلىقتا بېرىلىشتىن قورقاتتى — ئاللادىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئەل ـ مەھەللىدىن قورقاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھېلىقى كۆز قىسىشلارغا، قاش ئوينىتىشلارغا بىر خىل دەككە ـ دۇككىچىلىك، بىسەرەمجانلىق، ۋەھىمە ۋە ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە گالۋاڭلارچە ئىپادىلەنگەن جىلمىيىشى ھېلىقى ئاشىقلارنى كۆيدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتەتتى. خۇددى ئىتنىڭ ھىجايغىنىدەك راستلا ئۇلارنى قورقۇتۇۋېتەتتى، ئىت كۇلەلمەيدۇ. ئىت

ھىجايسا كىشىلەر: «چىشلەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭ جىلمىيىشى دەل ئاشۇنداق ئىتنىڭ ھىجىيىشىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇ ئىت ئىدى. كۇلۇشنى بىلمەيدىغان ئىت ئىدى. بۇنى ئۆزى چۇشىنەتتى...

ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى گۇللۇكنىڭ ئىچىدە، ھويلىنىڭ قارشىسىدىكى ئېرىق بويلىرىدا ئۇچقۇلاق غۇچچىدە ئۇنۇپ چىققاندى. بىر كۇنى ئۇ ئىچى پۇشۇپ ئۇچقۇلاقلارنى تاماشا قىلغۇسى كېلىپ قالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ «كۇسۇر - كۇسۇر»، «پىچىر - پىچىر» لىرىدىن بىرەر نەرسىنى سېزىپ قالدىمىكىن؟ بولمىسا ئۇ زادىلا ئۇ ئۇچقۇلاقلارغا نەزىرىنى سېلىپ باققان ئەمەس ئىدى. بۇگۇن نېمىشقىدۇر تەلىيىنى سىناپ باقماقنى نىيەت قىلدى. چۇنكى، كىشىلەر: «توي قىلمىغان قىزغا ئۇچقۇلاقلار ئىچىدىن تۆتقۇلاق ئۇچراپ قالسا ئۇ قىز چوقۇم نىكاھتا بەختلىك بولىدۇ، ئۇنداق قىزنىڭ ئەردىن تەلىيى چىقىدۇ ...» دېيىشەتتى. ئۇچقۇلاق رەسىدە قىزنىڭ كەلگۇسى تەقدىرىدىن بېشارەت بېرەلەيتتى. قېنى ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولاركىن؟

خۇداغا شۇكۇر، ئۇ ھە دېمەيلا تۆتقۇلاقتىن توققۇز تال ــ ھويلا ئىچىدىن بەش تال، ئېرىق بويىدىن تۆت تال تېپىۋالدى. خۇشاللىقتا بېشى كۆككە يەتتى. شۇڭىمۇ كەچقۇرۇن ئۇنىڭغا «سېنى مەكۇنا خوتۇنلۇققا ئالماقچى!» دەپ ئۇقتۇرۇشقىنىدا، مەكۇنانىڭ كىملىكىنى سورۇشتۇرمەيلا ماقۇل بولدى.

مەكۇنا ــ نەدىن كەلگەنلىكى نا ئېنىق كەلگۇندى ئىدى. بىرەر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇرتۇمچى بولۇپ جان بېقىپ يۇرەتتى. ئۇنىڭ تەلەتى تولىمۇ سۆرۈن ئىدى. بويى پاكار، قۇرۇپ قالغان جىرىمدەك نىمجان، يۇز - كۆزىدە تۇكنىڭ دىدارى يوق، تۇرقى سۆلەتسىز، جۇۋىنىنىڭ يىرتىقىدەك كىچىككىنە كۆزلىرى ئەينەك قۇمىلاقتەك گۇنسىز پارقىراپ تۇرىدىغان، دورداي كالپۇك، چىشلىرى ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى قاساشقا تەييار ھالەتتە ھىڭگىيىپ تۇرىدىغان بىر ساياق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئۇنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقى — ئىشچانلىقى ۋە سۆزمەنلىكى ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى، ئىش دېسە، مۇلغۇي ئىدى. قائىدە ـ قانۇن، ئىنزامدىن سۆزلىگىلى تۇرسا، ئەمدىلا بۇردا نانغا ئېرىشكەن ئادەم قولىدىكى ناننى، ئەزرائىل خەقتىن ئالغان ئىسسىق جاننى ئۇنىڭغا قانداق بېرىپ قويغىنىنى بىلەلمەي قالاتتى. چالا ـ بۇلا ساۋاتىمۇ بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بۇ يۇرتقا ناھايىتى ئوڭايلا جايلىشىۋالدى ۋە بۇ يەردىن خوتۇن ئېلىش ئىستىكىنى بىلدۇردى. رىزىق پېشانىسى بويىچە بۇ ئۆيگە سۆز بەردى. ھەپتە ئۆتمەي نامراتلارنىڭ ھەشەمىتىنى قىلىپ تويمۇ ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ، مەكۇنا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدى. ئۇ، ئاشۇ مەكۇنانىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى.

مەلۇم بولدىكى، مەكۇنانىڭ ئەسلىي ئۇنى خوتۇن قىلغۇسى يوق ئىكەن، توي ئاخشىمىمۇ ئۇنىڭغا قارىماي قويدى. توي كېچىسى مەكۇنا قوپال بولسىمۇ بۇ دۇرۇس، سويمىدەك ياش ۋە تولغان خوتۇننى قۇچاقلاپ ھۇزۇر ئېلىشنىڭ ئورنىغا، خوتۇنىغا ئارقىسىنى چاپلاپ يېتىپ ئورۇق ۋە رەزگى بارماقلىرىنى پۇكۇپ ئېڭىلەرنىدۇر ساناپ چىقتى ۋە تاڭ يورۇماستىنلا يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

كۈنلەر ئاشۇنداق باشلاندى. مەكۇنا ئىشتىن باشقىنى زادىلا ئويلىمايتتى. تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا چىقاتتى ـ دە، ئاللىقانداق قوزۇقلارنى قېقىپ، قوشام قوشۇپ، ئېرىق ئېچىپ، چىت ـ چىتلاپ تۇن تەڭگىچە قىمىرلاپ يۈرەتتى. ئۇ توي قىلىپ ئەتىسىلا قېيىنئاتىسىغا قاراشلىق باغبارالىڭ، يەر ـ ئوتلاق، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇشى تەرتىپلىك ۋە پۇختا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرى ھەممىگە ئۇلگۇرەتتى. تالماس قول، ھارماس ئاياغ ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېكىن يەر، ئاغدۇرما يەر، تىڭ يەر ... نىڭ ھەننىۋاسى رەتلىنىپ، ئېرىق ـ سۇڭگۇچلەر قېزىلدى. تانابتەك قىر ـ تىرگەنلەر تارتىلدى. ئويمان ـ دۆڭلەر تۈز-

لەندى. ئىلگىرى قوينىڭ قۇيرۇقىدەك سېمىز يەرلەر نېمىشقىدۇر قېرى قىزدەك تاشلىنىپ قاپتىكەن، ئاشۇنچىلىك قىلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەپتىكەن، ئەسكى كىگىزنىڭ پارچىسىدەك ئۇ دۆڭدە بىر پارچە، بۇ ئويدا بىر پارچە بولۇپ بوزىرىپ قاپتىكەن، ئەمدى قارىساڭ باغباراڭ، رەندە سالغان تاختىدەك تۈپتۈز ۋە تەكشى كەتكەن ئېكىنزار ... بۇ، مەھەللىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار «توۋا» دېيىشىپ ياقىسىنى چىشلەشتى. ئۇنىڭغا قىزلىرىنى بېرىۋالمىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ ـ ئۆكۈنۈپ قېلىشتى. مەكۇنانىڭ قېيىنئاتىسى ئىلگىرى سوخرۇن بولۇپ روناق تاپمىغان، ئەمدىلىكتە مەكۇنانىڭ ھىممىتى بىلەن بىردىنلا جارۇپ كەتكەن ئىگىلىككە قاراپ پادىشاھنىڭ قېيىنئاتىسىدەك كېرىلىپ كەتتى. قىزنى بېرىپ ئۇنى كۈيئو ئوغۇل قىلىۋالغىنى ئۈچۈن مەغرۇرلاندى. مەكۇنا شەرەپلىك كۈيئو ئوغۇل بولۇپ چىقتى. ئۇ گويا بىر ئىش ھايۋىنى ئىدىكى، كۈچ بىلەن ئەقىلدىن قىسىنچىلىقى يوق ھايۋان ئىدى. يەنە كېلىپ ئەڭ ياخشى يېرى مەكۇنا ئۈچىسىغا كىيىم، قارنىغا تاماق تاللىمايتتى. ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى يەۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن، پەقەت قورساققا دال بولسىلا بولاتتى. بۇنداق تاماق تاللىماي ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، ئىشلىگەندىمۇ ئون ئەرنىڭ كۈچىنى يەيدىغان ئىگىلىكنى ئوكچە، بىر ئۆزى پىرقىرىتىۋېتىدىغان ئادەمنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. مانا، ئاشۇنداق بىر باھاسىز كىشى ئۇنىڭ كۈيئو ئوغلى، سەت، جىۋەك بولسا نېمە بوپتۇ؟ پەقەت سوقا بىلەن ساپانني يەپ قويمىسىلا مەيلى ...

لېكىن، جۇۋاننىڭ ھالى تەس ئىدى. ئۇنىڭ تازا بوغۇزلىنىدىغان ئەڭ ئىشتىھالىق ۋاقتى ئىدى. بوغۇز ئەمەس، ھەلەپكىمۇ ئېرىشەلمىدى ...

جۇۋان كەچ كىرىشنى تاقەتسىزلىك، تەشنالىق ئىچىدە تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ چاڭقىشى ۋە زارىقىشىغا ئورۇق، ئەتىسىز، مەينەت سۆڭگىچىنى پات ـ پات كار ـ

www.uyghurkitap.com

تىلدىتىپ تاتىلاپ يېتىپ، تۈگىمەس بارماق ساناشلىرى، ئاندىن قۇرتتەك تولغۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەن جاۋاب بېرەتتى. گويا ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى خوتۇن ئۇچۇن ئەمەس، ئەكسىچە ئاشۇ ئىگىلىكنىڭ غوجىدارى بولۇۋېلىش ئۇچۇن ئىدى.

جۇۋان ئىچىگە تىناتتى. ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى. مانا، ئۇنىڭ ياشلىقى شامدەك ئېرىمەكتە. ئۇ سۆيۈشكە، سىيلاشقا، ئەركىلىتىشكە، قۇچاقلاشقا، ئوتلۇق قۇچاقنىڭ ئاغرىتىپ - ئاغرىتىپ قىسىشلىرىغا تەشنا ئىدى. جىمىكى ياش جۇۋانلاردەك ... ئەمما ... ئاخىر ئۇ ئارتۇق چىدالماسلىققا كۆزى يەتتى، لېكىن ...

بىر كۈنى ئۇ ھويلىدا تۇرۇپ تامنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئەركەكنىڭ ناخشا توۋلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۇ يىگنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئەركەكنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئۇقچۇپ قوپۇپ كەتتى. ئۇ يات ئەركەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالغانىدى. ئاللىقانداق بىر سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ قورۇنىڭ ئىشىكىدىن ئېتىلىپ يولغا چىققىلى تاس - ماس قالدى. مەكۇنا ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئىش بىلەن بەند ئىدى. جۇۋان دەرۋازا ئىشىكىنىڭ ئېچىلغىنىنى ئاڭلىسا ئېرى تۇيۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ياش كۆڭلى چاپچىماقتا ئىدى. ئۇ قورۇغا كۆز يۈگۈرتتى. ھويلىدا ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوق. ئۇنىڭ كۆزى تونۇر بېشىدىكى شوتىغا چۈشتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئويلىنىپ قالدى. ناخشا يېقىملىق، ئىسسىق، ئويناق ئىدى. ئاخىر ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى - دە، شوتىنى تامغا قويۇپ تامدىن بېشىنى چىقىرىپ يولغا قارىدى.

يول تامنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتەتتى. يولدا مەھەللىدىكى پادىچى تاز بىر توپ قوينى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاز يېتىمەك ئىدى. جۇۋاندىن خېلىلا چوڭ ئىدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن بېرى بۇ تازچاق مەھەللىدىكىلەرنىڭ قويلىرىنى بېقىپ جېنىنى جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى.

جۇۋان بېشىنى تامدىن چىقىرىپ ھېلىقى تازغا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قاراپ قالدى. تاز ئاۋازىنىڭ بارىچە ئالىتاغىل توۋلاپ كېتىۋاتاتتى:

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
جېنىم ...

جۇۋان ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ قامەتلىك ياش تازنىڭ ئەتلەستەك ئالا ـ بۇلماچ كەلگەن يوغان بويىنىغا ئاچلىقتا غىلايغان كۆزلىرى ـ نى تىكتى. جۇۋاننىڭ ئەت ـ يېنى ئوتتەك قىزىپ، يۈز ـ كۆزى لاۋۇلداپ كەتتى.

تاز جۇۋاننى كۆرمىگەنىدى. ئۇ قويلىرىنى ھەيدىگىنىچە ناخ ـ شىسىنى دۆڭ توۋلاپ كېتىۋەردى. جۇۋاننىڭ تاقىتى تاق بولدى. قېرىشقاندەك قويچى تاز بۇ تەرەپكە زادىلا قارىمايتتى. جۇۋان ئاۋازىنى چىقىرىپ يالغان يۆتەلدى:

— ئۆھۆ! ۋىيەي ...

لېكىن، تاز توپا ـ چاڭغا مىلەنگىنىچە ناخشا بىلەن بولۇپ مېڭىۋەردى.

ئېتىلغاندۇ بۇ چاققا،
خېنىم ...

ئەمدى قاراپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. تاز بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر جۇۋان پايلىمىدى ـ دە، ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ئىنچكە ئاۋازدا تازغا قاراپ توۋلىدى:

— ھەي توڭرا باش، تۇخۇمۇم ئېتىلىپ كېتەي دېگىلى نەۋاق ...

ئۇشتۇمتۇت، «گۈلدۇر ـ غالاپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بە ـ خەۋەر تۇرغان جۇۋان ئېگىزدىن پەسكە ئارقىسىچىلاپ غۇلاپ چۈشتى. نېمە بالا بولغىنىنى چۈشىنەلمەي «ۋايجان، ۋايەي»لەپ

كۆزىنى ئاچتى ـ دە، قورققىنىدىن شۇ ھامان زوۋاندىن قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا غەزەپتىن چىرايى ئىستەك قارايغان مەكۇنا كۆز ـ لىرىنى چەكچەيتىپ، ئۇنى «ھاپ» قىلىپ يەۋېتىدىغان ئەلپازدا قادىلىپ تۇراتتى. غەزەپتىن ئۇنىڭ كانىيى خىرقىراپ قالغانىدى.

— سەنزە، ئېتىزىڭنى ئاشۇ تازغا بېرىپ، بۇ روزغارغا ئاشۇ قۇماق باشنى ئىگە قىلماقچىمىدىڭ؟ ...

مەكۇنا جوۋاننىڭ تامغا يامىشىپ چىققىنىنى كۆرۈپ قېلىپ ھەممە ئىشنى چۈشەنگەن ۋە تۇيدۇرماي كېلىپ جوۋان دەسسەپ تۇرغان شوتىنى تارتىۋەتكەنىدى.

جوۋان «لاغ ـ لاغ» تىترەپ، توپا ـ تۇماننىڭ ئىچىدىن تىرد ـ شىپ ـ تىرمىشىپ قوپۇپ تىزلاندى ـ دە، چۈشىنىكسىز ئىڭرىدى.

— ۋىيەي ... نېمە بولدۇڭلا ھوي ... نېمە ئىش بولدى ... ۋد ـ يەي ...

مەكۇنا خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، جوۋان تۆت پۇتلۇق بولۇشى بىلەن تەڭ جوۋاننىڭ قالماق قوينىڭ قۇيرۇقىدەك لىد ـ غىرلاپ تۇرغان ساغرىسىغا جان ـ جەھلى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى. جوۋان ئۆملەپ قوپۇپ ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىچە ئۆيگە قاچتى.

— ۋاي ئۆلەي ... بوشراق تەپ، ئوغرى !...

مەكۇنا مېكىياننى قوغلىغان جاغامبايدەك قامەتلىك خوتۇنى ـ نىڭ ئارقىسىدىن لىكىلداپ يۈگۈرۈپ قوغلاپ ماڭدى.

يىراقتىن قويچى تازنىڭ ناخشىسى بىر خىلدا ياڭرايتتى:

شەپەرەڭنى سۇگىسا ...
خېنىم ...

شۇ كۈنى جوۋان ئۆلگۈدەك دۇمبا يەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى ساڭقىپمۇ قويمايدىغان ئاشۇ بالداق تازغا بۈگۈن بويۇنداپ ۋارقىرىسىمۇ، ئۇ تازنىڭ ئۆزى تەرەپكە

كۆز قىرىنىمۇ سالماي كىتىپ قالغىنى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يېگەن تاياقتىنمۇ ئۆتە ئەلەم قىلغانىدى. جۇۋان بىرھازاغىچە دۇنيادىكى جىمى ئەركەكلەرنى (ئۆزىنىڭ دادىسىنىمۇ قوشۇپ) ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ يامان تىللار بىلەن تىللاپ يىتىپ ئاستا ـ ئاستا جىمىقتى.

جۇۋاننىڭ تولۇق تاشتەك چىڭ بىجىرىم تېنىگە مەكۇنادەك جىۋەكنىڭ تايىقى ئۇنچە تەسىرمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. جۇۋان چۇشكۇچە قىنىپ ئۇخلاپ، چۇشتىن كىيىنلا ئورنىدىن قوپۇپ هويلىغا چىقتى. تاياقنىڭ ئاغرىقى بېسىققان بىلەن كۆڭلىدىكى هىس ـ تۇيغۇنىڭ دەۋرىشى بېسىقمىغانىدى. هېلىقى تازىنىڭ قۇۋۋەتلىك تومۇ، قىزغۇچ ئالا ـ بۇلىماچ گەدىنى جۇۋاننىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى بولماي، ئۇنىڭ كۆڭۈل پىنهانىنى غۇلغۇلىغا سالماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە هېچ ئارام تاپالماي هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە هەر تۇستە رەڭ بالقىتىپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكلەرگە مۆڭلىنىپ قارىدى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت گۈللەرنىڭ تۇۋىدە بىر ـ بىرى بىلەن بوي تالىشىپ، مارىشىپ تۇرغان ئۇچقۇلاقلار ئارىسىدا «مانا مەن» دېگەندەك دىڭگىيىشىپ تۇرغان تۆتقۇلاقلارنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالماي گۈللۈكنىڭ ئارىسىغا كىردى ـ دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپ تازا سىنچىلاپ قارىدى. دەرۋەقە، بىر يەردىلا بىرمۇنچە تۆتقۇلاقلار دىرىڭشىپ تۇرۇشاتتى. قۇلاقلارنىڭ يۇمران، تەڭگىسىمان قۇلاقلىرى گويا ۋىلىقلاپ كۈلگەندەك جىلمىيىشىپ تىترىشەتتى.

جۇۋاننىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى، «خۇدايىم نىكاهتىن ئېيىتارىمىش، ئەردىن ئېيتارىمىش! ئىسسىقىنى يەپ قاپتۇ شۇنداق دېگەن بوڭقۇشلار!»

جۇۋان دەرەخ تەرەپكە كەلدى ـ دە، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، هېلىقى تۆتقۇلاقلارنى دەسسەپ ـ دەسسەپ چەيلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە «مىچچىدە» ئېزىلگەن تۆتقۇلاقلار ئايانچ-

لىق كۆرۈنۈشتە ئىپلاسلىنىپ ياتاتتى. جۇۋان پۇخادىن چىققاندەك يېنىك تىن ئالدى ۋە گۈللۈكتىن يېنىپ چىقىپ، ئابايىقى تۇرغان يېرىگە كېلىپ ئۆزى چەيلىۋەتكەن تۆتقۇلاقلارغا ئۆچلۈكى بىلەن هومايدى. «هۇ ئالدامچىلار! بىكاردىن ـ بىكارغا ئومۇندۇرۇپ قىينايدا كىشىنى! ...»

جۇۋان بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ھېلىقى تۆتقۇلاقلار بىر ـ بىرلەپ تىكلىنىپ بۇرۇنقىدەك جىلمىيىشقا باشلىغانىدى. جۇۋان ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىۋېتىپ بىردەم يۇمۇۋالدى ـ دە، ئاندىن يوغان ئېچىپ قارىدى، دەرۋەقە، ئابايىقى بىر پارچە يەردىكى تۆتقۇلاقلارنىڭ ھەممىسى قايتىدىن جان كىرگەندەك تىرىلىپ «دىڭگىدە» بولۇشۇپ تىكلىنىپ كەتكەنىدى. قىزىقى، تۆتقۇلاقلارنىڭ غولىدىكى ئابايىقى ئىپلاسلىق ۋە ئايانچلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئورنىنى بىر خىل جۇشقۇنلۇق، يارقىنلىق ئىگىلىدى. تۆتقۇلاقلارنىڭ سۇزۇك ۋە تال ـ تال قۇلاقلىرىدىن بىر خىل سۆيۈملۈك يېشىللىق ئەلەڭگىيتتى.

«توۋا قىلدىم خۇدايىم! نېمە كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم؟ ...» جۇۋان ئۆزى بىلگىنىچە ئىستىغپار ئوقۇپ ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ بىرهازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تۆتقۇلاقلار چاراقلاپ تۇرغان يېشىللىق ئارىسىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ ئابايىقى ئاياغ ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ئېگىشىپ قارىدى. راستلا تۆتقۇلاقلار! ھەقىقىي تۆتقۇلاقلار! دەسسەلمىگەن، يۇمران، ساغلام ۋە پاكىز تۆتقۇلاقلار! ئۇلار كۈلۈۋاتىدۇ، جىلمىيىشىۋاتىدۇ، ئەركىلەپ تىترىشىۋاتىدۇ، ھەتتا نېمىگىدۇر ئاغزىنى ئۆمەللىشىۋاتىدۇ ... نېمە دېمەكچىكىن؟ يەنە شۇ: «نىكاھتىن بەختىڭ، ئەردىن تەلىيىڭ بار!» دەۋاتامدىكىن؟

جۇۋانىنىڭ كۆز ئالدىغا يىگلەپ قالغان مەكۇنانىڭ يىرگىنچلىك تەلەتى، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ تولۇق ۋە ئىسسىق تېقىمىغا

چاپلىشىپ تۇرىدىغان مۇزدەك، ئەتسىز، سولاشقان، تاتىلىنىشتىن يارا بولۇپ كەتكەن سۆڭگىچى كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جوۋاز-نىڭ قۇيقا چېچى تىك بولۇپ، ئەزايى - بەدىنى شۈركۈنۈپ كەت-تى، ئۇ خورلۇقتىن «پاڭڭىدە» يېرىلغۇدەك بولدى - دە، ھېلىقى تۆتقۇلاقلارنى ئۆكچىسى بىلەن يانجىپ - يانجىپ، نېمى كەتمىگەن ھۆل يەرگە پېتىقدىۋەتتى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ پۇچۇق كەتمەننى ئېلىپ چىقتى ۋە ئابايىقى گۈللۈكنى چاناپ، قاۋان تىلغىۋەتكەندەك ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئەمدى نە بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەردىن، جىلمىيىشىپ تۇرغان ئۇچقۇلاق، تۆتقۇلاقلاردىن ئە-سەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ يەردە پەقەت قۇترىغان ۋە ئەسەبىيلەشكەن غالجىر خوتۇننىڭ قولىدا چانىلىپ پايخان بولغان گۈل غولىلىرى لاي - لاتقىغا مىلىنىپ بىچارە سىياقتا سولىشىپ ياتاتتى.

جوۋاننىڭ دەردى چىققاندەك بولدى. ئۇ، ئۆزىنى تويدىن ئىما-گىرىلا ئالداپ ئومۇندۇرغان، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى تۆپىلەپ زاڭلىق قىلغان ئاشۇ لەنىتى تۆتقۇلاقلاردىن بىراقلا قۇتۇلغانىدى. جوۋاننىڭ ئىچى سەل بوشاپ، پىغانى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. لېكىن، كۆڭلىدىكى غەش-لىك تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئېغىر «ئۇھ»سىنىپ، ئىپلاسلانغان پۇچۇق كەتمەننى سۆرەپ، بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆ-يىگە كىرىپ كەتتى.

* *

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن جوۋان قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىن-دى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك مەھەللە - ئارانىنى ئارىلايدىغان، زېرىك-سە ئېتىز - قىرلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىدىغان ئەركىنلىكتى-دىن مەھرۇم قالدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى بەكرەك جىمغىسا يەتكۈدەك يەردە بولسىمۇ، كەمدىن - كەم باراليتتى. بارغاندىمۇ

مەكۇنا ئۆزى ئېلىپ باراتتى ۋە هايال قىلدۇرمايلا خۇددى ئوتۇنچى ئېشىكنى ھەيدىگەندەك ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى.

جۇۋان كۇندىن ـ كۇنگە سارغىيىپ، سولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى هۇرۇن خوتۇننىڭ تاراقسىز چىچىدەك بىسەرەمجان ۋە مالىمان ئىدى. شۇڭا، ئۆزىمۇ تالا ـ تۇزگە چىقىشنى هېچ خالىمايتتى، گاهى ـ گاهى قورۇغا چىقىپ قالمىسا، ئەتىدىن ـ كەچكىچە سامان تەكىيەنى قۇچاقلاپ ئۇمىدسىز ۋە كىرتەيگەن كۆزلىرى بىلەن بورا ـ قومۇش پايلىرى ساڭگىلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆمۈچۈكنىڭ تورى تارتىلىپ كەتكەن، ئىستا قارايغان تورۇسقا تىكىلگىنىچە ياتقىنى ياتقانىدى. ئۆينىڭ ئىچىمۇ تەرتىپسىز ئىدى. سۇپىغا سېلىنغان كىگىز ـ شىرادىقتىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. قاچا ـ قومۇچلار يۇيۇقسىز پېتى قويغان جايىدا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. نە ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىنى تۈزىگۈدەك، نە ئۆيئىچىنى جوڭقۇرغۇدەك رىغبىتى يوق ئىدى. مەكۇنا ئۆي ۋە ئايالىنىڭ بۇ هالىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا توخۇ قىچقارماستا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەلياتقۇدا ئۆيگە كېلەتتى ـ دە، خوتۇنى ئېلىپ قويغان سوۋۇپ تاۋى قاچقان ئاشتىن ئۇچ ـ تۆت ئاپقۇرنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، ئۆينىڭ تېمى تىترىگۈدەك بىر كېكىرىۋېتىپ، دوڭغاقلاپ يوتقانغا يۇگۇرۇيتتى. بۇ چاغدا جۇۋان يا ئاللىقاچان ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولاتتى، ياكى بولمىسا تام تەرەپكە قاراپ خىيال سۇرۇپ ياتقان بولاتتى. مەكۇنا خوتۇننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى يادىغىمۇ ئېلىپ قويماي يەنە بارماق ساناشقا چۇشەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئەركەك مۇشۇكتەك خورۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى.

بىر كۇنى توپىغا ئېغىنىغان ئېشەكتەك، ئۇياققا ئېغىناپ، بۇياققا ئېغىناپ يېتىۋېرىپ جىسمى ۋە دىلى هېرىپ كەتكەن جۇۋان هويلىغا چىقتى، كۇن چۇشتىن قايرىلغان چاغ ئىدى. تامنىڭ تۇۋىدىكى دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن شۇڭغۇغان قۇياش نۇرى بۇ چاغدا كۇنگە قاراپ تۇرغان ئىشىكنىڭ شامال ۋە ئاپتاپتىن

چاك ـ چاك يېرىلغان سول تەرەپ كېشىكىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل توغرىلىنىپ ئەلەڭشىپ تۇراتتى. باھار ئايلىرى بولغاچ ھەممىلا يەردىن ھۆللۈك پۇرايتتى، ئەتراپ يۇندىسىنى سىقىۋەتمەيلا يېيىپ قويۇلغان ماتا دەسمالغا ئوخشاش مەينەت ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. قۇياشمۇ بەترەڭ ئىدى. كۆل تۆكۈۋەتكەندەك بوزىرىپ ياتقان دالادىن شۇركۈن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

جۇۋان ئۆينىڭ قىيسىق ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە ئىشىك كېشىكىدە ئەلەڭشىپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇ خىيالغا پاتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالىدىغاندەك سېزەتتى. ئۇ تېخى تۇنۇگۈنلا خوشلاشقان بالىلىق، قىزلىق چاغلىرىنى ئەسلىيەلمەيتتى — ئۇمۇ ئويناپمىدىكىن؟ ئۇمۇ كۈلۈپمىدىكىن؟ ئەمدىچۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ... ئۇ نېرىسىنى ئويلىيالمىدى. ئويلاشنىمۇ خالىمىدى، ئۆلسە نېمە بوپتۇ، ھازىرمۇ تىرىك ئەمەسقۇ؟ ...

سوغۇق شامالدىنمۇ ياكى يۈرىكىنى مۇزلاتقان خىيالدىنمۇ، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ غوللىرىنى قورۇپ شۈمشەيدى ۋە ئەتراپقا سەسكەنگەندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىردى. ئۆي بىلەن تالانىڭ پەرقى يوق ئىدى.

ئۇ قورسىقىنى غەملەش ئۈچۈن ئوچاق بېشىغا كەلدى ـ دە، بىردىنلا داڭ قېتىپ قالدى. ئوچاق بېشىدا تام بويلاپ «سىققىدە» تۆتقۇلاق ئۈنۈپ كەتكەنىدى. جۇۋان ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدى.

راستىلا تۆتقۇلاق! يەنە شۇ لەنەتگەردى! تۆتقۇلاقلار تۆكۈلۈكتىن شۇڭغۇپ كىرگەن نۇر ئىچىدە «دىرىڭ ـ دىرىڭ» ئۈچلىنىپ جىلمىيىشىپ تۇراتتى. ئۇلار گويا «بەختلىك بولسەن، ئەردىن تەلىيىڭ بار» دەۋاتقاندەك، شامال بولمىسىمۇ يەڭگىل تەۋرىنىپ، نازۇك، سۇزۇك، نەمخۇش، تازا ۋە چىرىس قۇلاقلىرىنى ھىلپىرلىتىپ قويۇشاتتى. ئاچچىقىدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك ھالغا كەلگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇۋان ھورپەيگىنىچە خۇددى چاشقانغا ئېتىلغان ئاچ مۈشۈكتەك ھېلىقى تۆتقۇلاقلارغا غەزەپ بىلەن چاك سالدى. دەل شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىدىن كىمدۇر بىرسىنىڭ «يولما، ئۇلار راست ئېيتىدۇ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. جۇۋان قوللىرىنى تۆتقۇلاقلارغا سوزغىنىچە داڭ قېتىپ قالدى. جۇۋان شۇ تۇرغىنىچە خۇددى روھى قېچىپ كەتكەندەك بىرھازاغىچە تىنالمىدى. بىركەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ـ دە، دېمىنىمۇ چىقارماستىن ئۆيئىچىگە قۇلاق سالدى. ئۆينىڭ ئىچى جىمىلىققا چۆمگەنىدى. ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئاستاغىنا بېشىنى بۇراپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆزىنى يۈگۈرتتى. ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. جۇۋان مەڭدەپ قالدى. كاللىسىدا خىلمۇخىل قىياس كاللەكلىنىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن مېڭىسى سەل ـ پەل سۇزۇلغاندەك بولدى. «راست ئاڭلىدىممۇ ياكى ... ھە ... راست، تاز دېگەن مەككار بولىدۇ دېيىشىدىغان، ھېلىقى قويچى تاز ئۆيگە ‹غىپپىدە› كىرىپ بىر يەرگە مۆكۈۋالغانمۇيا ...»

جۇۋان بېلىنى رۇسلاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسى، ئۇن سالىدىغان كات ساندۇقنىڭ كەينى ۋە ئورۇن ـ كۆرپە يىغىدىغان بىجەك تەكچىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىنتىپ چىقتى. ھەتتا سەل غەيرەتلىنىپ:

ــ كىم؟ كىم بولساڭمۇ چىق! ــ دەپ ۋارقىراپ باقتى. ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس. ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا جان يوق ئىدى. جۇۋان ئاخىر ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىغا ئىشەندى ـ دە، ئابايا ھېلىقى تازنى بىر يەردىن «لوككىدە» چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ھېلىقى كۆندىكىدەك ئۆرىدەشكە باشلىغان كۆڭلى بىردىنلا «لاسسىدە» بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جەھلى باشقىدىن قاتتى. «نېمانچە خورلۇق! نېمىدېگەن ئەلەم !...»

جۇۋان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئويۇقتىن قىڭراقنى ئالدى ۋە ئوچاق بېشىغا ئېتىلىپ باردى.

«چانىمىغىن! ئۇلار راست ئېيتىدۇ!»

جۇۋاننىڭ تۆتقۇلاقلارنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىش ئۈچۈن قىڭراقنى ئېگىز كۆتۈرگەن قولى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. بۇ، ئابايىقى ئاۋاز ئىدى. جۇۋان بۇ قېتىم بۇ ئاۋازنى شۇنچىلىك ئېنىق ئاڭلىدىكى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىدىنلا چىققاندى. ھەتتا كىمنىڭدۇر ئىسسىق تىنىقى جۇۋاننىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگە تەگكەندەك بولدى. ھودۇققۇشتىن جۇۋاننىڭ قولىدىكى قىڭراق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئېگىز كۆتۈرگەن قولىنى چۈشۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاستا - ئاستا يېنىغا ئۆرۈلدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئاۋۋالقىدەكلا تىپتىنچ ئىدى. جۇۋان قولىنى ئاستا چۈشۈردى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم يوق، كات ساندۇقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. «ئۇ ھېيلىگەر تاز، قىزىقچىلىق قىلىپ ساندۇققا كىرىۋالغان بولمىسۇن يەنە!» جۇۋان پەملەپ تۇرۇپ كات ساندۇقنىڭ ئاغزىنى «غاچچىدە» ئاچتى، ساندۇقنىڭ ئىچىمۇ قۇپقۇرۇق تۇراتتى.

جۇۋان بىردىنلا ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى. كۆڭلىگە ھەرقىسما خىياللار كېلىۋالدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىردەم ئۇنچىقماي تۇرۇۋالدى، ئاندىن سۇپىغا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، تەكچىگە تىزىقلىق يوتقان - كۆرپىلەرنى سۇپىغا بىر - بىرلەپ تاشلىغىلى تۇردى، ئورۇن - كۆرپىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس - دە!

جۇۋاننىڭ تىنىقى بىر - بىرىگە ئۇلاشمايتتى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈرىكى ۋەھىمىلىك دۈپۈلدەيتتى ... ئۇ ئاخىر يوتقان يىغىدىغان ئويۇقنى بىكارلىدى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بۇ بىرلا ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئەستىرى تېشىغا ئۆرۈۋېتىلگەندى. ئەمدى ئۆرۈپ قارىغۇدەك ھېچنەرى قالمىغانىدى. دېمەك، بۇ ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان ئۇرۇقى يوق، مۇبادا بار بولسا جىن باردۇر تايىنلىق! جۇۋان ئۆزىنىڭ خى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يالىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىپ ئۆپچۆرىسىنى سۈپكۈچلىدى، ئۆزىگە دۇئا ھورىدى: «خۇدايىم ساقلارا جىن ـ ئالۋاستىنى كۆزۈمگە كۆرسەتمىگىن، ئىلاھىم ... ئۇنداقتا ھېلىقى ئاۋاز نەدىن كەلدى؟ ناھايىتى ئوچۇق، ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاندىغۇ؟ ھەتتا ئۇ ئاۋازنىڭ تىترەپ چىققانلىقى، ئۆزىنىڭ يۈزىگە كىمنىڭدۇر ئىسسىق نەپەسىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئوچۇق سەزدىغۇ؟ ئەمىسە بۇ كىم؟ ئۇ قەيەردە؟ شۇنداق زاھىر بولدىمۇيا؟»

جۇۋاننى بىردىنلا دەھشەتلىك ۋەھىمە باستى. قورقۇنچتىن ئۇنىڭ پۇت ـ قولى لاغىلدايتتى. يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. جۇۋاننىڭ پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ چۆرىسى سارغىيىپ چېكىسىدىن مۇزدەك تەر تامچىلىرى بۇژۇلداپ چىقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ ماداردىن قېلىپ، خۇددى ئەسكى چاپاندەك لاكاسلاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ دەمدە خۇددى ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالغانىدى. ئاخىر ئۇ بىردىنلا «ۋاي ... » دەپ ئىڭرىدى ـ دە، سۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۈۋىلەنگەن يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى.

*　　*

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، جۇۋان ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئۇ توغرا كەلگەن بىر يوتقاننى تارتىپلا بېشىنى چۈمكىۋالدى. ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە ئابايىقى سادىر بولغان ھادىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمدىلىكتە قورقۇنچ ئاستا ـ ئاستا ھەيرانلىققا ئالماشتى. «زادى كىم؟ ئۇ نەدە؟ ھېلىقى تازىمىدۇ؟ قانداق كىرىۋالدى؟ نەگە مۆكۈۋالدى؟ خاتالاشمىغاندىمەن ـ ھە؟ ياق! ئىللا ـ بىللا خاتا ئاڭلىمىدىم، ئاشۇنداق بىر ئاۋاز ... ئاۋازلا ئەمەس، ھەتتا يۈزۈمگە ئۇرۇلغان بىرسىنىڭ ئوتلۇق دەم ـ نەپىسىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. يەنە كېلىپ ئەركەكنىڭ تىنىقى، مەكۇناغا ئازراقمۇ ئوخشىمايدىغان ھەقىقىي ئەركەكنىڭ !...»

ئەمدى ھەيرانلىق قىزىقىشقا ئالماشتى. «ئاشۇ تاز بولسا ـ ھە، راست شۇمىدۇ؟ مېنىڭ تام تۆپىسىدە ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭ-لىمىدى دېسەم، ئاڭلاپتىكەن ـ دە! بىر پەيتنى پايلاپ تۇرغانمىدى-كىن؟ ماڭا ئەسلىدىلا چەن سوقۇپ يۈرگەنىكەن ... ھېلىقى ناخ-شىنىمۇ ئەتەي مېنى غىدىقلاش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان ـ دە! ئاھ، چېچەن تاز، ۋاي تازچىقىم ... تۈگرا باش ... ئالتۇن كوكۇلا بەگزادەم ... جېنىم بەگچەك ...

جۇۋان پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ ـ تېپچەكلەپ، ئەزايى ـ بەدىنىگە تولىمۇ يېقىملىق بىر جۇغۇلداش تارقاشقا باشلىدى. «ۋۇي ... راست شۇ تازمىدۇ، يا بولمىسا... ئو-ھۇش ... مەيلى كىم بولسا بولمامدۇ؟ ئىشقىلىپ، ئەركەكنىڭ! ئەركەك ... ۋاي ئەركەك ... جېنىم ئەركەك ...»

ئابايىقى ئىللىقلىق ئەمدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ يۈرىكى ئۆرتەشكە، ئاندىن پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئۇچلىرىغا قاراپ تاراشقا باشلىدى. جۇۋان گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق ئويلايتتى. نېمىلا ئوي-لىمىسۇن، خىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرى-دىغان، قانلىرىنى جۇشقۇنلىتىپ تەشنا يۈرىكىگە خۇشاللىق، شادلىق، ھاياجان بەخش ئېتىدىغان خىياللار ئىدى. ئۇ ياتقان يې-رىدە تولغىناتتى، دەم ـ نەپىسى گاھ ئىتتىكلەپ، گاھ توختاپ قالاتتى. پۇتلىرىنى گاھ سۇنۇپ، گاھ يىغىۋالاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تولغان كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچاق ئىسسىق تەر بىلەن ھۆللەندى...

ئۇ بۇ ھاياجانلىق ئىزتىراپقا چىدالماي يوتقاننى قايرىۋەتتى ـ دە، سەل پەسكويغا چۈشۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇ-ڭىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەركەكنى ئۇچرىتىش ئۈمىدىدە ئىدى. لېكىن، ھېچ نەرسىنى ئۇچرىتالمى-دى. شۇنداقتىمۇ، جۇۋان خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى. ئۇ يوت-قاندىن ئاستاغىنا سوغۇرۇلۇپ چىقتى. يوتقان ـ كۆرپىلەرنى چىرايلىق قاتلاپ، قىرىنى قىرىغا كەلتۈرۈپ ئويۇققا تىزدى. قو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ خېلىدىن بۇيان سۈپۈرگە تەگمىگەن كە-
گىز - شىرداقلارنى، چاۋار - چاتقال بىلەن بېتىنى كۆرگىلى
بولماس دەرىجىدە مەينەتلىشىپ كەتكەن پەگاھنى ئالدىرىماي سۈ-
پۈرۈپ چىقتى. تۇيۇقسىز چىنە - قاچىلارنى كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ
دەستىلىدى، بىردىنلا قولىغا پۇچۇق ئەينەك چىقىپ قالدى. شۇ
چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشى ئېسىگە كەلدى - دە، تويلۇق سوۋغا -
سالام قاتارىدا كەلگەن ئەتىر سوپۇنى تېپىپ چىقىپ باش -
كۆزلىرىنى يۇدى. ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ توي-
لۇق كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. ئاندىن يەنە ئەينەكنى قولىغا ئال-
دى. پاھ!... ئەمدى قىزغا، قىزغا ئەمەس، قىپقىزىلگۈلگە، يېلىن-
جاپ تۇرغان چوغقا ئايلانغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، قىز چېغى-
دىمۇ بۇنچىلىك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. مانا بۈگۈنلا چىرايلىق
بولدى. چىرايلىق بولالىدى. ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق ئى-
كەنلىكىنى تېخى شۇ تاپتىلا بايقىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ تولۇپ
تاشقان قانائەت ئىلكىدە پىسسىڭگىدە بىر كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ لەۋ-
لىرى غۇنچىدەك چاچراپ، نۇرلىنىپ تۇرغان نۇرلۇق مەڭزى
قوشكېزەك زىنىخ تۇغدى...

ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. لەۋلىرى تىنىمسىز قىمىرلايت-
تى: «ئەركەك... ئەركەك... ئەركەك...»

ئۇ ئەينەكنى قويۇپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئوچاق
بېشىغا كەلدى. ئۇ ئابايىقى ئاۋازنى، ئابايىقى تەسىرلىك، جازىبى-
لىك ئەركەك ئاۋازنى يەنە بىر ئاڭلاشنى خالايتتى. ئوچاق بېشى-
دىكى تۆتقۇلاقلار ئابايىقىدەك ئوماق، سەبىي ۋە سۆيۈملۈك سى-
ياقتا ھىلپىرلەپ تۇراتتى. تۆتقۇلاقلارنىڭ تىللادەك قۇلاقلىرى
تۈگۈلۈكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەن نۇر بىلەن جىلۋە قىلاتتى. جۇۋان
تۆتقۇلاقلارنىڭ كۆرۈملۈكلۈكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنى يۇلۇ-
ۋەتمەكچى بولغىنىغا ئۆكۈندى. ئۇ، تۆتقۇلاقلارنى قوللىرى بىلەن
يۇمشاققىنا پەپىلىمەكچى بولسا، تېخى يۇمران قۇلاقلىرىغا قايناق
ھېسسىياتىنىڭ شىددىتىدىن تەملىشىپ كۆپۈشكەن قىزىق لەۋلە-

رىنى ياقماقچىدى. جۇۋان تۆتقۇلاقلارغا قوللىرىنى سوزۇپ ئاستا ئېڭىشتى.

«ئۇلار راست ئېيتىدۇ ...»

دەل شۇ ئاۋاز! ئابايىقى ئاۋاز! ئەركەكنىڭ ئاۋازى ...

جۇۋان پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى ــ دە، ھاڭ ــ تاڭ بولۇپ چەكچىيىپ قالدى.

سۇپىنىڭ تۆرىدە، ئورۇن ــ كۆرپە يىغىلغان تەكچىنىڭ ئۇدۇلىدا سۈرەتتەك كېلىشكەن بىر يىگىت چازا قۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. يىگىتنىڭ قىيغاچ كۆزلىرى ئوتتەك ياناتتى. قاش ــ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غۇنچىدەك يىمىرىلگەن لەۋلىرى قان تېمىپ تۇرغاندەك قىپقىزىل بولۇپ جۇلالايتتى. يىگىتنىڭ قاپقارا، قويۇق، بۇدۇر چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشكەندى. ئۇنىڭ كەڭرى پېشانىسىدە ۋە قاڭشىرىدا نۇر ــ زىيا جۇلا قىلاتتى. يىگىتنىڭ تېرىسى شۇنچىلىك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدىكى، ئاقلىقتىن كۆكۈچ كۆرۈنەتتى. يىگىتنىڭ كەڭرى يەلكىسى، تازۇك بېلى، ئۇزۇن كەلگەن پۇت ــ قوللىرى ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر قۇدرەتنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يىگىت ئۇ يەردە خۇددى ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرۈۋاتقان ھۆكۈمراندەك شۇنچىلىك بەخىرامان، ئازادە، بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ــ سىياقىدىن قورۇنۇشنىڭ كىچىككىنە ئالامىتىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

يىگىت جۇۋانغا قاراپ ئىستىھزا ئارىلاش خۇمارلىق كۈلۈمسىرىدى.

ــ بۇ يەرگە كەل.

جۇۋاننىڭ ۋۇجۇدى تىنىقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىنسان ئۇرۇقىدىن بۇنداق گۈزەل سۈباتنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. يىگىتنىڭ تەسىرلىك، ساپ ۋە جاراڭلىق ئاۋازى جۇۋاننىڭ يۈرىكىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. جۇۋان قەددىنى تەسلىكتە رۇسلاپ يىگىتكە

www.uyghurkitap.com

قاراپ جىلمايدى.

— بۇ يەرگە كەل ...

ئەمىرانە تەكرارلىدى ساھىبقىران يىگىت.

جۇۋاننىڭ پۇتلىرى تۇرغان ئىزىغا مىخلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئاياغلىرىنى يۆتكىدى ۋە سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بەگنىڭ ئالدىدىكى قۇلچاقتەك قول باغلاپ بېشىنى ئەدەپ بىلەن تۆۋەن سالدى. ئۇ يىگىتنىڭ بۇركۇتتەك قاراشلىرىغا چىدىيالمىغانىدى.

يىگىت جۇۋانغا قولىنى ئۇزارتتى. جۇۋان ۋەھىمە، تەئەججۇپ، ھاياجان ۋە شادلىق ئىلكىدە يىگىتكە قولىنى بەردى. يىگىتنىڭ قولى ئېمىشقىدۇر ھەيكەلنىڭ قولىدەك سىلىق ۋە مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يىگىت ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىپايىغىنا تارتتى. جۇۋان ئۆزىنىڭ سۇپىغا، ياق، سۇپىغا ئەمەس، ساھىبقىراننىڭ قۇچىقىغا قانداق چىقىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. يىگىت جۇۋاننى كۆكرىكىگە مەھكەم باستى ۋە لەۋلىرىنى جۇۋاننىڭ تىترەپ تۇرغان، كۆپچۇپ ـ كۆپۈشكەن تەشنا لەۋلىرىگە ياقتى. جۇۋانمۇ قورقۇنچ ھەم ۋەھىمىنى ئۇنتۇپ بىھوش بولۇپ يىگىتنىڭ بەرنا بويىغا ھەشقىپىچەكتەك ياماشتى. جۇۋان شۇ مىنۇتتا ئۆزىنى يۇكسەك چوققىلارنى چۆمكەپ تۇرغان ئاپپاق ماموق بولۇتنىڭ ئۇستىگە، گاھ گۇپۇلداپ يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈلبوستاننىڭ ئارىسىدا ئانىدىن تۇغما، ياپيالىڭاچ ھالدا كۆردى ۋە شادلىقتا ھوشىدىن كەتتى.

... ئۇلار ئىشرەت ئېتىزلىرىنىڭ نەپسى ـ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقاندىن كېيىن يەنە مۇڭداشتى، سىرداشتى، كۇلۇشتى، يىغلاشتى...

بىركەمدە يىگىت جۇۋانغا قاراپ:

— كۆزۈڭنى يۇمغىن، — دېدى.

جۇۋان يېرىم بىھوش ھالەتتە سورىدى:

— ئېمىشقا؟ سىزنىڭ جامالىڭىزغا قاراپ تويمايمەن ...

يىگىت قوشۇمىسىنى تۇردى:
— كۆزۈڭنى يۇمغىن، مەن سېنى سەيلە قىلدۇراي. جۇۋان چۆچۈپ كەتتى:
— ياق، جېنىم، ئېرىم كېلىپ قالىدۇ ...
يىگىت قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.
— رىزقى غايىب، ئەجەل غايىب، نىكاھ غايىب، سېنىڭ ھەقىقىي ئېرىڭ مەن بولىمەن. ئۇ يەر - جايىڭنىڭ غوجىسى، ئېرىڭ ئەمەس!
سىرتتا كىمنىڭدۇر تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى، جۇۋان چۆچۈپ يۇلقۇندى.
— چاققان قېچىڭ، ئېرىم كەلدى ...
ساھىبقىران ئىستىھزا بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ ئاپپاق ئۇششاق ۋە زىچ چىشلىرى مەرۋايىت تىزىقىدەك چاقناپ كەتتى.
— ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ. سەندىن باشقا ھېچكىم مېنى كۆرەلمەيدۇ.
— كۆزۈڭنى يۇمغىن.
جۇۋان قوزىدەك مۇلايىملىق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى.
— كۆزۈڭنى ئاچ! — يىگىت ئەمر قىلدى.
جۇۋان كۆزىنى ئاچتى - دە، ھەيرانلىقتىن ئەقلى خىرەلەشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پايانى يوق بىر كەڭرى زېمىن يايراپ ياتاتتى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە كۆك رەڭدە — ئاسمانمۇ كۆك، يەرمۇ كۆك، تاغ - ئېدىرلارمۇ كۆك، شامالمۇ كۆك، ھاۋامۇ كۆك ئىدى. بۇ يەردە نە زىرائەت، نە ئېتىز - ئېرىق، نە پاسىل، نە قاشا، نە ئۆي، نە سوقما تام يوق ئىدى. ھەممىلا يەردىن نەغمە - ناۋانىڭ، بەزمە - مەشرەپنىڭ ساداسى ياڭرايتتى.
ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ئويناشتى، سەيلە - ساياھەت قىلىشتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى جۇۋان ئېرىدىن خەۋپسىرىمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ دەمدە ۋاقىتنىڭ قانچىلىك بولغىنىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاسمانغا قارىدى. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىدە يا قۇياش، يا ئاي، يا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. بۇ يەر پەقەت كۆپكۆك نۇر قۇچىقىدا چاراقلاپ يورۇپ تۇراتتى. ھەممىلا يەردە كۆك نۇر، كۆكۈچ يېقىملىق ناخشا، كۆكۈچ بەزمە - مەشرەپ. مەشرەپ ئەھلى بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ھەربىر ئادەم ئۆزگىچە چىرايلىق، ئۇلار يىگىت ۋە قىز - جۇۋانلار، بىرەرمۇ ياشانغان ئادەم ياكى بىرەرمۇ ئۆسمۈر بالا كۆرۈنمەيدۇ. ھەممىسىلا ساھىبجامال، ساھىبقىران گۈزەللەر، ھەممىسىلا تەڭ قۇرداش. ھېچكىمنىڭ يۈز - كۆزىدە بىرەر تالمۇ پېچىم قورۇق يوق، مەرمەردەك سىلىق ۋە تازا، بۇ يەردە كۈندۈز ۋە كېچە يوق، ھەممىلا نەرسە ئەبەدىي تۇراقلىق ۋە ئۆزگەرمەس ...

— ئېرىم كېلىپ «نەگە يوقالدىڭ؟» دەپ سوراق قىلىدۇ. مەن كېتىۋالاي ... — جۇۋان يېلىندى.

— ئېرىڭ مەن! مەن سېنىڭ! مۇشۇنىلا بىلىپ قال. يۇم كۆزۈڭنى.

جۇۋان چەكسىز بەخت - ئىپتىخارلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى.

— كۆزۈڭنى ئاچقىن.

جۇۋان كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى چۇشەكتە غايىب ئېرى بولمىش ساھىبقىراننىڭ قۇچىقىدا ئانىنىڭ ئېتىكىدىكى بوۋاقتەك تەلپۈنۈپ - تولغىنىپ ياتاتتى.

ئىشىك ئالدىدا ئاڭلانغان قەدەم تىۋىشى بىر خىلدا داۋام قىلىۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇركۇت سۇبات ساھىبقىران بىلەن جۇۋان بىر - بىرىگە جانجىگەر، ئېجىل - ئىناق مەھبۇب بولۇپ قېلىشتى. جۇۋان ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز شادلىق قۇچىقىغا بۆلەندى. ئۇ، يىگىتنىڭ جامالىنى سېغىنغان ھامان يىگىت ھېلىقى چۇشەكتە مەيلى كېچىسى بولسۇن، مەيلى كۈندۈزى بولسۇن پەيدا بولاتتى. ئۇلار قانغۇچە مۇھەببەتلىشەتتى، مۇڭدىشاتتى، سىردىشاتتى. يىگىتنىڭ جىلۋە - جولاسى جۇۋاننىڭ

جېنىنى ياشارتسا، جۇۋاننىڭ غەمزەنازىدىن يىگىت قانائەت تاپاتتى. بۇلارنى ھېچكىم بايقىمايتتى ۋە كۆرەلمەيتتى.

خوتۇننىڭ كۆندىن ـ كۆنگە تولۇپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن ئانار قىزىللىقى بالقىپ، كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر روشەنلىك ۋە جۇشقۇنلۇقنىڭ پارلاپ تۇرغىنىنى مەكۇنا زادىلا بايقىمايتتى. ئۇ پەقەت خوتۇنىنىڭ ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان، ئۆزىچىلا ھېچ سەۋەبسىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، بىلىقتەك سىرغىتىپ ـ سىرغىتىپ ماڭىدىغان، بەزى كۈنلىرى ئايالنىڭ چېكىسىدە زەردەك تەر تارمچىلىرى جىمىرلاپ، يۈز ـ كۆزى يالقۇندەك يېلىنجاپ، لەۋلىرىدىن ئۇشتۇمتۇت «جېنىم، مېنى ئېلىپ كېتىڭ ...» دېگەن سۆزنىڭ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ھۆرۈن، دۆت خوتۇننىڭ ئۆزىچىلا ئۆي ياسايدىغان، ئۆزىنى تۈزەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى، ئەمدى ئېشەكتەك ئېغىناپ ياتماي، ئۆيئىچىدە «بېشىنى بەركەش، يەلكىسىنى ئەپكەش» قىلىپ چېپىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭغا ۋەھىمە ئارىلاش قاراپ قالىدىغان بولۇپ قالدى...

ئىشىك تۈۋىدىكى قەدەم تىۋىشى بىر خىلدا داۋام قىلاتتى. قۇياش نۇرى قاشا يېنىدىكى دەرەخنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كۆنگەيگە قارىتىلغان قىيسىق ئىشىكنىڭ ئاپتاپ ۋە شامالدا چاك ـ چاك يېرىلغان سول تەرەپتىكى كېشىكىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل چۈشۈپ تۇراتتى.

جۇۋان كۆزلىرىنى ئىشىك كېشىكىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدىن يۆتكەپ قاشانىڭ نېرىسىدىكى يولغا، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يىراق دالاغا تىكتى. ئۇ يەردە غۇچچىدە ئۇنۇپ چىققان تۆتقۇلاقلار بەرق ئۇرۇپ، ئۇزۇن ياپراقلىرىنى ھىلپىرلىتىپ، جىلمىيىپ يەلپۈنمەكتە ئىدى... قاشانىڭ سىرتىدىن ئاڭلانغان قەدەم تىۋىشى بىر خىلدا داۋام قىلىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاسىم سىدىق

# خىلۋەتتىكى چوغلۇق

## 1

كىچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى چىرايلىق بالا ئىكەنلىكىمنى، مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ، ھەتتا تونۇمايدىغانلارنىڭمۇ «مۇنۇ بالا ئەجەب چىرايلىق چوڭ بوپتا! ...» دېيىشكىنىنى تالاي ئاڭلىغانمەن. ئاپامنىڭ ئارىلاپ: «مېنىڭ چىرايلىق قوزام، نېمە بولغانسەن، ھەي ... ئاچ كىرىپتۇ ـ دە» دەپ كېپەكنى قورسىقىمغا دوملاپ، ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئاچلىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چىرايلىقلىقىمغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق! ...

كىشىلەرنىڭ چىرايىمغا قاراپلا قىلغان مۇئامىلىسى مېنىڭ گۇدەك قەلبىمدە «ئادەم ئۈچۈن چىراي ئەڭ مۇھىم نەرسە» دېگەن تۇيغۇنى ئۇندۇرگەنىدى. بىر پارچە ئاق يەرنى كۆرسىلا ئۆزىگە قىلچە لازىمى بولمىسىمۇ، ھەر خىل ئۇرۇقلارنى سېپىپ قويۇپ كېتىدىغان خالىس يولۇچىلارنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىدىن كېيىن، قانداق روھىي ئەلەم ۋە ۋىجدانىي جازالارنى كۆرگەنلىكىم خالايىققا ئەلۋەتتە مەلۇم ئەمەس. ھازىر ھەر ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە، مەنمۇ چىرايىمدىن كەلگەن مۇكاپات ۋە جازالارنى ئەسلەش بىلەن ئاۋارىمەن ...

## 2

سەككىزىنچى سىنىپقا كۆچكەن ۋاقىتلىرىمىز ئىدى، سىنىپ تەربىيەچىمىز بىزنى پارتىلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

— سىز، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — ئوتتۇرىدىكى رەت ئالتىنچى پارتىدا گۈلبەھرەم بىلەن ئولتۇرۇڭ.

مەن كۆرسىتىلگەن جايدا ئولتۇردۇم. «گۈلبەھرەم دېگىنى كىم بولغىيدى؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، بويى ئىنتايىن پاكار، سېمىزلىكىدىن ئېڭەكلىرى قاتلىنىشىپ كەتكەن بىر قىز ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كەلگىنىچە قېشىمدا ئولتۇردى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدىم. بۇنداق سەت قىز بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇش نېمىدېگەن نومۇس - ھە! ... مەن قىزدىن خېلى ئارىلىق تاشلاپ، دومسىيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ساۋاقداشىم ئەيسا ماڭا قاراپ قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى.

— بۇياققىراق ئولتۇرۇڭ، ئۇنداق ئولتۇرۇپ قانداق خەت يازىسىز؟ — دېدى ئۇ قىز مەيۈس ھالدا.

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ سېمىزلىكىڭىزگە كۆپرەك ئورۇن قالدۇرۇۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

— رەھمەت سىزگە ...

گۈلبەھرەم يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى - يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ چىرايى بەك غەمكىن ئىدى.

ئوقۇش يىلى تەستە پۈتتى. مەن تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن شۇنچە سۆيۈندۈم.

كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىش خىياللىرىم يوققا چىقىپلا قالماي، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تۈزۈك پۈتكۈزەلمىدىم.

مەن چىرايىمنىڭ ماڭا سۇنغان ھەدىيەلىرىگە مەستخۇش بولۇپ، كۈنبويى كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرەتتىم. ئاپام بىچارە مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆيلەش ئۈچۈن لايىق تېپىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— جېلىلاخۇن ئاكاڭنىڭ قىزى خۇرشىدەم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — ئەجەب ياخشى قىز بوپتۇ، بالام. ئۇيى ئىشىغا شۇنچە پىششىق ئىكەن، شۇنى ساڭا ...

— قويە ئۇ تومپاينى! ...

— نۇراخۇن ياغاچچىنىڭ قىزى خەلچەم ئوبدان قىز، جۇمۇ! ئەقلىڭ بولسا، شۇنى زادى قولدىن چىقارما ...

— ئاپا، ئادەم تېپىلماي، ئەمدى ماڭا ئاشۇ قارىۋاينى سايە قىلىۋاتامسىنا؟! ...

— نازىلەم ...

— بولدى، بولدى! سۆزلەۋېرىدىكەنسەن، نەدىكى سەتلەرنى! ...

— ھۇ جۇۋاينىمەك، قاچانغىچە سۆرىلىپ يۈرىسەن؟ ئاسماندىكى ھۆر - پەرىلەرنى ئالاتتىڭمۇيا؟ نېمانچە يوغانچى بولۇپ كەتتىڭ؟! ... بىر ئېغىز گېپىمنىمۇ ئالمايسەنغۇ؟ تېخى سىلكىشلەيسىنا؟! ... بىلەمسەن، سەندەك چىرايلىقنىچۇ، يەنىلا مەندەك سەت خوتۇن تۇغقان!...

بۇنداق تالاش - تارتىشلار بىزنىڭ ئۆيدە تولا بولىدىغان بولۇپ قالدى، كۆڭۈل دېگەن نەرسە بىرەرسىگە چۈشمىسە بىكار ئىكەن. ئاپامنىڭ تاپقانلىرىمۇ بولىدىغان قىزلار ئىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا مېنىڭ يۈرىكىم پاتىگۈلگە بەكرەك سوقاتتى. پاتىگۈل ئوقۇمۇشلۇق قىز، بەك چىرايلىق، بەك چىرايلىق! ... ئىككىمىزنىڭ تويى بولىدىغانلىقىغا زادى گۇمان قىلمايتتىم! ...

مۇشۇ كۈنلەردە ساۋۇت ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر بۆلەكچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ — «ئىسيانچىلار سىلىڭبۇسى»نىڭ سىلىڭى، ئۇنىڭ ئەيسىراخۇن ئوۋچىدىن تارتىۋالغان قوش ئېغىزلىق مىلتىقىمۇ بار. مىلتىق ئەسلىي ھۆكۈمەت تۇتىدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ تارتىۋېلىشى يوللۇق. بىراق، ئۇ ماڭا نېمىشقا گۆلىيىپ قارايدۇ، مەن ئۇنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇدۇممۇ؟ مانا بۇ — يولسىزلىق - دە!

بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋاتسام، ساۋۇت باشلىق ئالتەيلەن ئالدىمنى تورىدى، ئۆزۈمگە ياراشقان كەپكەمنى تارتىۋالدى ـ دە، «چەت ئەلنىڭ نۇسخىسى» دەپ يەرگە تاشلاپ، يەرگە ئاتتى. ئاندىن بۇدۇر چېچىمغا قايچا سالغىلى تۇردى.

ــ ئالجىپ قالدىڭمۇ، ساۋۇت؟ ــ دېدىم مەن غەزەپلىنىپ.

ــ نېمە دەۋاتىسەن، ھەي، ئەبلەخ؟! ... كونىلىقنى يوقىتىشنى «ئالجىش» دەمسەن؟!

ــ مەن كەپكىنى ھۆكۈمەتنىڭ دۇكىنىدىن نەق پۇلغا ئالغان! ...

ــ سىلەرنىڭلار! ــ دېدى ساۋۇت يېنىدىكى چاپارمەنلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ــ ئوبدان ئۆچۈقلاپ قويۇش كېرەك.

تۆت ـ بەش چاپارمەن مېنى ئوبدان ئۆچۈقلاپ بولۇپ، يولىغا راۋان بولۇشتى. مەن ئەلەمگە چىدىيالماي، ئارقىسىدىن تىل سالدىم:

ــ ئالدىرىماي تۇر، ساۋۇت! كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمىسەم ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، ھۇ قاراقچى! ...

ــ تىلىڭنى چاينىما! ــ دېدى ساۋۇت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋارقىراپ، ــ سەن ئىنقىلاب قىلىشنى قاراقچىلىق، دەيسەنا؟! ھېلى بىكار مۇشۇ مىلتىق بىلەن ئېتىپ، يۈز ـ كۆزۈڭنى توخۇ چوقۇلىغان شاپاقتەك قىلىۋېتىمەن!

يىگىرمە قەدەم نېرىدا تۇرۇپ گۇركىرەۋاتقان بۇ پوچىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. مېنى ئېتىۋېتەلەيدىغان يۈرەك ئۇنىڭغا توساتتىن قانداق پەيدا بولۇپ قالسۇن؟ پوپوزىسىنى قارىمامدىغان ...

ــ قۇشقاچنى ئېتىپ باقارسەن! ــ دېدىم مەن.

ــ نېمە؟! ــ دېدى ئۇ مىلتىقنى تەڭلەپ، ــ ھېلى جېنىڭنى ئالىمەن!

ــ پو ئاتما، ھوي! ...

ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقار ـ چىقمايلا «گۇم» قىلىپ قالدى ـ دە، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىدى، پىتىرا چاچرانىدىلىرى يۈز ـ كۆزۈمنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ

يەرگە يىقىلدىم.

ئۇ مېنى راستلا ئېتىۋەتتى. بىر مەھەللىدە ئۆسكەن، ھېچ-قانداق ئاداۋىتىمىز بولمىغان ئاشۇ توخۇ يۈرەك ساۋۇت بىر يىل ئىچىدىلا مانا شۇنداق باتۇر ساۋۇتقا ئايلانغانىدى.

## 3

جاراھەتلىرىم ساقايدى، لېكىن بىر كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قال-دى. دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈشكە ئاشۇ بىر كۆزۈممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىراق، چىرايلىق يۈزۈم «پېتىر توقاچ»تەك چوقۇر بولۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، بۇ ھۆسن پەقەت ئاشۇ مايلىق پېتىر توقاچ-قىلا يارىشىدىكەن، ماڭا سېلىنغان «چەككۈچ»لەرنىڭ پېتىر تو-قاچنىڭكىدىن زادىلا قېلىشمايدىغانلىقىغا قارىماي، شۇنچە جې-رىدارسىز نەرسىگە ئايلاندىمكى، قويۇڭلار!

پاتىگۈلگە بىر كۈنى ئوچۇق گېپىمنى قىلدىم:

— پاتىگۈل، ئىككىمىزنىڭ باش قاتۇرىدىغان ۋاقتى كەلدى، قانداق دەيسىز؟ ...

— مۈمكىن ئەمەس! — دېدى پاتىگۈل كەسكىن رەت قىلىپ.

— نېمە، ئىككىمىز شۇنداقمىدۇق؟ ... نېمىشقا مۈمكىن ئە-مەس!

— نېمىشلىقىنى سورىماڭ، ئۇنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— سىز بىلىدىغاننى مەنمۇ بىلىپ قالاي ...

— سىز مۈمكىن ئەمەسلىكىنىلا بىلىسىڭىز بولدى. دۇنيادا ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولالمايسىز.

— ياق، بۇنداق دېمەڭ، رەھىمدىل بولۇڭ! ...

— يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ! — پاتىگۈل زەردە بىلەن شۇنداق دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى، مەن ماڭىدىغان زادى قانداق يولدۇر؟ شۇڭغىچە نېمىشقا ئۇنى سەزمىگەن بولغىيدىم؟ ئىستا! ...

كېيىنچە بىلدىمكى، ساۋۇتنىڭ ئۆچمەنلىكى بىلەن پاتىگۈلنىڭ «مۇمكىن ئەمەس»لىرى بىر تۇغقان ئىكەن. ئۇ ئىككىسى ئاخىر توي قىلىشتى. توي قىلىشمۇ مەيلى ئىدى، «نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى» ئالغىلى رايونغا كېتىۋاتقاندا، مېنى ئۇچرىتىپ، پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى ـ دە، كوچىنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ئەلۋەتتە مېنى زاڭلىق قىلىشتى، بۇنىڭدا گەپ يوق، چىرايىم سەت بولغان بىلەن ئۆزۈم بەك چېچەن. مەن بىلدىم، ئۇلار مېنى ...

ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە گەپ؟ بۇ نېمە ھاقارەت؟ مەن چوڭ كوچىدا كىرپىكلىرىمنىڭ ئىختىيارسىز نەملەشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا ياش تۆكۈشكە جۈرئەت قىلىش پاك ئەقىدىگە ھەم ئۇنىڭ قۇربانىغا مەنسۇپ. شۇنداقتىمۇ، كۆز ـ ياشلىرىمنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ، قول ياغلىقىمنى ئېلىپ كۆزۈمنى سۈرتتۈم. شۇ چاغدا بىلدىمكى، بۇ پاتىگۈل سوۋغا قىلغان ھېلىقى كەشتىلىك ياغلىق ئىكەن. مەن ئۇنى ئاسفالت كوچىنىڭ چېتىدىكى ئېرىققا تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قىيالمىغاندەك قاراپ قويدۇم.

## 4

ئۆمۈرۋايەت ئۆيلەنمەيمەن، قىزلارغا پاراڭمۇ قىلمايمەن، دېگەنىدىم. «كۆڭۈل» دېگەن بۇ شەيتان مېنى يەنە ئازدۇردى. بىرقانچىسىغا گەپ قىلدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېلىشتۈرۈپ پەشۋا يېدىم.

ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ھېجىيىشىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كۆزۈمچە زاڭلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. ئەزان چىللاپ قويۇلغان ئارزۇلۇق ئىسمىمنىڭ كەينىگە ئادەملەر ھەق تەلەپ قىلمايلا «يەكپاي» دېگەن سۆزنى قېتىپ قويدى، ئا-

خىر «ئابلەھەت يەكپاي»مۇ ئەمەس، «ئەھەت يەكپاي» بولۇپ قال-
دىم. تېخى تونۇگۇنلا مەن بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلار
بۈگۈن قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشۇۋالدى. ئادەملەرنىڭ بۇ
ئىشنى چۈشىنىپ قىلىۋاتقان ياكى چۈشەنمەي قىلىۋاتقانلىقىنى
بىلمەيمەن. ھېلىقى سەككىزىنچى سىنىپتا بىر پارتىدا ئولتۇرغان
گۈلبەھرەممۇ بىر كۈنى بازاردا يولۇقۇپ قېلىپ، زاڭلىق قىلغان-
دەك ھىجىيىپ قويۇپ، سالىمىمغا جاۋاب بەرمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.
ئەمدى بۇ سەتكىمۇ ھال تېگىپتۇ! ... كىشىلەرغۇ بىر گەپ، ئا-
پاممۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك قىلىپ كەتمەيدىغان، ھەتتا سىڭلىممۇ
بىر قىسىملا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ياشلىقتىن ھالقىپ كەت-
تىم، تېخىچە ئۆيلەنمىدىم. مەن پەقەت بۇ ئۆيگىلا ئەمەس، بەلكى
دۇنياغىمۇ ئۇقۇشماي كېلىپ قالغان ئادەمدەك غەمكىن ۋە بۇرۇق-
تۇرما كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. ئەينەككە شۇنداقلا قارىسام،
كىشىلەردىن يامانلاشقا ھەددىمنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىمەن ـ دە،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىمەن.

## 5

دۇنيادا توغرا، خالىس كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار بىراۋلار ئۇ-
چۈن قايغۇرۇشقا ۋە خۇشال بولۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ روز-
غارى ساڭا بېقىنمىسىمۇ، لېكىن ساڭا قەرزدار ئادەمدەك ياخشى-
لىق قىلىدۇ ياكى ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ۋە-
دىلىرى ئورۇنلانماي قالسا، خىجىل بولۇپ سېنىڭدىن ئەپۇ
سوراپلا قالماي، يەنە تېخى بۇ «كەمچىلىك»نى تۈزىتىش ئۈچۈن
ئالدىقانداق ياخشىلىقلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا يول
ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن لەززەتلىنىشكە ئۆگەنگەن
ۋە بۇنداق لەززەتنىڭ خۇمارىغا قانمايدىغان بولۇپ قالغان. مانا
مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسى بىر تام قوشنىمىز ئابدۇراخمان
ئاكا ئىدى.

ئابدۇراخمان ئاكا مېنى كىچىكىمدىن تارتىپلا بىلەتتى، ئۇ هازىرمۇ مېنىڭ بارلىق روھىي ئازابلىرىمنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ-نىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى مېنىڭ «چىرايلىق» ۋاقتىمدىكى مۇئامىلىسىدىنمۇ يېقىملىق ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ مېنى ئۆيىگە چاقىردى. ئىككى-مىز يالغۇز مۇڭداشتۇق.

— ئۇكام ئابلەھەت، سىز ناھايىتى ياخشى بالا، جۇمۇ! (ئۇ گەپنى ھەر دائىم شۇنداق باشلايتتى)، بىراق خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن هازىرغىچە ئۆيلەنمەي كېلىۋاتىسىز، سىڭلىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، چوڭلاردىن قالغان جامائەتچىلىك قائىدىسى بويى-چە، مېنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىش ھەققىم بار ... بۇنداق ئۆي-لەنمەي يۈرۈشتە نېمە توسالغۇ بار زادى؟ ... ئۇنىڭ بىر ئائىلىنى قىلايلى. سىلەر ياشلار تولا ئىلغاپ كېتىسىلەر، ۋاپادار قىزدىن تېپىش كېرەك، جاھاندا خاتىرجەملىك ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۇكام.

مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان ئاكا نەم-لەشكەن كىرپىكلىرىمگە قاراپ بىئارام بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ماڭا ئېگىلدى ـ دە:

— نېمە بولدىڭىز؟ قويۇڭ، خۇدا نېسىپ قىلغان بولسا، «ياق» دېمەس، — دېدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ئۇ كىم؟» دېگەندەك، سوئال نەزىرىم بىلەن قارىدىم.

— سىز بىلىسىز، خەلچەم يامان ئەمەس قىز (بۇ — مەن ياراتمىغان ھېلىقى خەلچەم ئىدى)، دادىسى نۇراخۇنمۇ ناھايىتى مۆمىن ئادەم. سىزگە شۇنى تېپىۋاتىمەن، قانداق دەيسىزكىن، ئۇكام؟ ...

مەن يەڭگىل ئۇھ تارتتىم ۋە چىرايىمدا ئابدۇراخمان ئاكا چۈشىنەلمەيدىغان رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدىم. سەت يۈ-زۈمدە ئۆزۈمگە خاس كۈلكە ئالامىتى پەيدا بولدى. بۇ خۇددى كەمپۈت خەقىشى قىلىپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ كەمپۈتكە ئېرىش-كەن ۋاقتىدىكى كۈلكىسىدەك ساددا ۋە ساغلام كۈلكە ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇراخمان ئاكا ماڭا كوچىدا يولۇقۇپ قالدى، ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلاتتى، نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكىن، ياكى ھېلىقى گەپ چاك باسمىغانمىدۇ؟

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ مېنى يەنە چاقىردى. ئۆيىگە كىردىم، ئابدۇراخمان ئاكا تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، ئۇكام ئابلەھەت، سىز ناھايىتى ياخشى بالا، جۇمۇ! ... مەن سىزگە ياخشىراق ئويلاشمايلا ھېلىقى گەپنى قىلغانىكەنمەن، كېيىن يالتايدىم، ئويلاپ كۆرسەم، ئۇ قىز لايىقىڭىز ئەمەس ئىكەن! ...

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ:

— مەن سىزنى بىر ئۆيگە باشلاپ بارماقچى، سىز كىتاب ئوقۇشقا بەك قىزىقىسىز. ئۇ ئۆيدە كىتاب ناھايىتى كۆپ، ئۆي ئىگىلىرى ئەسلىي مۇشۇ شەھەردە خىزمەت قىلاتتى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۆتكەنكى «ئىنقىلاب» ۋاقىتلىرىدا نېمە بالا بولدى، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، يېزىغا «تۆۋەنگە» چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ كۈنى تۇغۇپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ھازىر يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. قۇرۇق خىياللارنى قىلغاندىن كۆرە، كىتاب ئوقۇغان ياخشى، ئۇكام، — دېدى.

«توۋا، مۇنۇ ئادەمنى، بىردەم باشنى ئوڭلاڭ دەيدۇ، بىردەم كىتاب ئوقۇڭ دەيدۇ. گېپىنىڭ زادى تۇتامى يوقتۇ» دەپ ئويلىدىم مەن.

— ئابلەھەت، خالىسىڭىز ھازىرلا بارايلى، يىراق بولمىسا ...

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن خۇشياقمىغاندەك سوكۇلداپ كېتىۋاتىمەن. ئاخىر كۆزلىگەن يەرگىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

— خۇش كەپسىلەر، — دەپ قارشى ئالدى ئاپپاق باش ياشانغان ئەر - ئايال ئۆي ئىگىلىرى. ئۇلار ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈنەتتى، ئۇلار ئادەت بويىچە داستىخان سالدى، ئىززەت - ئىكرام

بىلەن مۇئامىلە قىلدى، گەپ - سۆزلىرىمۇ ناھايىتى جايىدا ئىدى، ئۇلار ھەققىدىكى غەيرىي خىياللىرىم ئورنىنى ياخشى تەسەۋۋۇرلار ئىگىلىدى.

— بۇ بالا، — دېدى ئابدۇراخمان ئاكا ئۆي ئىگىلىرىگە مېنى تونۇشتۇرۇپ، — بىزنىڭ قوشنىمىز بولىدۇ. ئىسمى ئابلەھەت، ئۆزى كىتاب ئوقۇشقا بەك ھېرىس. سىلەرنىڭكىدە ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان كىتابلار جىق بولغاچقا، تونۇشتۇرۇپ قوياي، دېدىم قاراڭ، سادىقجان.

سادىقجان ئاكا خۇشخۇي ھالدا:

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، كىتاب دېگەن ئەقىلنىڭ ئوزۇقى دەيدۇ، بەك ياخشىلىرىدىنغۇ يوق، تولىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بارىنى خالىغانچە ئوقۇڭ، — دېدى.

چايدىن كېيىن بىز ياندىكى كىچىككىنە ئۆيگە چىقتۇق. ئۆيدىكى لامپۇچكا يورۇقىدا كۇندۇزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. يېزىق ئۈستىلىدە زىلۋاغىنا كەلگەن، چاچلىرى ئۇزۇن، غۇنچە لەۋ، ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەكى مودىدىن قالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە شۇنچە ياراشقانىدى. ئۇ قىز نېمىنىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئورنىدىن يېنىككىنە تۇردى - دە، يېقىملىق جىلمىيىپ، باش لىڭشىتىپ ھال سورىغاندەك قىلدى. ئەپسۇسكى، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.

— مېنىڭ قىزىم بولىدۇ، سائادەت، — دېدى سادىقجان ئاكا، — سىز بۇنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، تەقدىر - ئىرادە، تۇغۇلۇشىدىلا تىلسىز بولۇپ قالدى. ئۇنى ئائىلىدە ئۆزىمىز ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇ كىتاب بىلەن دوست. خۇدا بەختىنى بەرسە، چوڭ شائىر بولۇپ كېتەمدۇ، تېخى! ھا - ھا - ھا! ...

سادىقجان ئاكىنىڭ بۇ ئۈمىدۋار، ھوزۇر بەخش كۆلكىسى ماڭىمۇ تەسىر قىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سادىقجان ئاكا قىزنىڭ كىتابتىن بىرنى بېرىپ تۇرۇش زۆرۈر-لۈكىنى ئۇقتۇردى. قىز جاۋەندىكى كىتابلاردىن بىرنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنى ئېلىشقا تەمشەلگەندە، قىز كىتابنى ۋاراقلاپ، ئىچىدىن خەت يېزىقلىق بىر پارچە قەغەزنى ئالدى ـ دە، ئۇستىلدە يېيىق تۇرغان كورولېنكونىڭ «تىلسىز» دېگەن كىتابىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ھېلىقى كىتابنى ماڭا بەردى. قارىسام، چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسىرى ئىكەن.

بىز قايتماقچى بولدۇق، قىز ئاسمانىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— كېلىپ تۇرۇڭ، دەۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ماڭا سادىقجان ئاكا.

مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، قىزغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

## 6

سائادەت بىلەن ئوبدانلا دوست بولۇپ قالدىم. تەگرى ئۇنى شۇنداق گۈزەل قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر تىلسىز قىلىپ قويغانىكەن. مۇبادا، سائادەت بىلەن تونۇشمىغان بولسام، جىسمانىي ئەيىبى بار كىشىلەردە گۈزەل قەلبنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئۆمۈرۋايەت ئىشەنمەي ئۆتۈپ كېتەر ئىكەنمەن.

ھېلىقى «تىلسىز» دېگەن كىتابنىڭ ئىچىدىكى قەغەزدە نېمە بار بولغىيدىكىن؟ مۇشۇ خىيال مېنى خېلى كۈن بەند قىلىپ يۈردى.

كېيىن بىر كۈنى كىتاب ئالماشتۇرغىلى بارسام، سائادەت يوق ئىكەن، ئاپىسى مۇقەددەسخان ھەدە مېنى خۇشخۇي قارشى ئالدى. ئۇ خالىغان كىتابتىن ئېلىپ كېتىشىمنى بۇيرۇدى. مەن ئۇدۇل بېرىپ «تىلسىز»نى ئالدىم ـ دە، ئۆيگە قايتتىم.

ئۇلارنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپلا كىتابنى ۋاراقلاپ، ئىچى-دىن ھېلىقى قەغەزنى تېپىۋالدىم. ئۇ سائادەتنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان شېئىرى ئىكەن:

«دىلىمنى چۇلغىدى چەكسىز خىيالەت،
ئۆزۈمگە خىلۋەتنى ئەيلىدىم ئۇلپەت.
خىلۋەتتىن تاپمىدىم رەنجىمگە شىپا،
ئەكسىچە قەلبىمدە قوزغىدى ھەسرەت.
تۇراتتى خىلۋەتتە چۈنكى بىر چوغلۇق،
مۆڭلىنىپ، تاپالماي بىرەر ھەمسۆھبەت.
تەئەججۇپ ئىلكىدە تاشلىدىم سوئال:
«نېمىشقا چېكىسەن مۇنچە ئەلەم ـ دەرد؟
نېمىشقا گۇلشەننى تەرك ئەيلىدىڭ،
رەنجىڭگە سەۋەبچى قايسىبىر نامەرد؟»
ۋە لېكىن ئاچمىدى لېۋىنى چوغلۇق،
سۈكۈتكە ئايلاندى يالجىماي سۆھبەت.
ئاھ، ئۇنىڭ ھۆسنىدە ئەكسىمنى كۆردۈم،
باراۋەر ئىكەنغۇ بىز ئۇچۇن قىسمەت.
قەلبىمنى ھېسداشلىق يالقۇنى قۇچتى،
تەقدىرداش گۈزەلگە قىلدىم نەسىھەت ... »

مانا شۇنداق ئىكەن. تىلسىز سائادەتنىڭ شېئىرى ماڭا ئۆمە-رۈم بويى خىيالىمغا كېلىپ باقمىغان ھېسسىياتلارنى تەقدىم قىلدى: مەن ئۇنىڭ گۈزەل، ئەمما سىقىلغان قەلبىنى كۆردۈم، شۇ قەلبىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس ئېيتىـ-خار ـ مەردانىلىكنى كۆردۈم، بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدا بىر ئىس-سىق ئېقىم پەيدا بولۇپ قالدى. ئوچۇقراق ئېيتسام، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى ...
شۇ شېئىر يېزىلغان قەغەزنىڭ كەينىگە يۈرىكىمنى قاپتەك

قىلىپ تۇرۇپ، ئۇشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، دەل تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويدۇم:

«سائادەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!»

كىتابنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بارغىنىمدا، ئىچىگە قەغەز سېلىنغان كىتابنى ئەتەي ئېلىپ كەتكەنلىكىمنى سائادەت بىلىپ قالغان بولسا كېرەك، بىرمۇنچە كايىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەن «تەرجىمان»سىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. سائادەت كىتابنى كۆرسىتىپ، ئىچىدىكى قەغەزنى ئېلىپ نوقۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېلىپ باردى ـ دە، ئۇماق لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. ئاندىن ماڭا قولىنى تەڭلەپ، كىتابنى قولتۇقۇمغا قىسىپ ئىشىك تەرەپكە مېنى دوراپ قەدەم تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ: «كىتابنى مېنىڭ ئىجازىتىمسىز، ئەتەي مەن يوق ۋاقتىدا ئېلىپ كېتىپسىز» دېگىنى ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ چىمەلتىكىنى چىقاردى. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭدىن رەنجىگەنلىكى ئىدى.

ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن ھېلىقى مەن يېزىپ قويغان سۆزگە چۈشتى. مەن ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدىم. سائادەتنىڭ نازۇك قەلبى ئويىنىشىدىغان قەلب ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزىرىپ كەتتى. بۇ خىلۋەتتىكى چوغلۇق مېنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇ بىرئازدىن كېيىن مېنى قايتىپ كېتىشكە، دەپ شەرەت قىلدى. ئۇ يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى.

مەن قايتىشقا تەمشەلدىم، ئۇ مېنى يەنە توختاتتى ـ دە، يەنە بىر كىتاب بەردى. ئېھتىمال، بۇ كىتابنى ئەدەپ يۇزىسىدىنلا بەرگەندۇ ... مەن ھاماقەت ئىشنى بۇزۇپ، شۇ دەرىجىگە ئەكېلىپ قويدۇممۇ ئاخىر؟! ...

## 7

بۇ ئۆيگە كىرمەي بولمايتتى. ئەمما، ھودۇقۇپ كېتىۋاتىمەن.

ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، سائادەت ئادەتتىكىدەك قارشى
ئالدى، پەقەت كۆزلىرىنى ئەپقاچتى.
ئادىتىم بويىچە ئالدىغىنىمنى ئېلىپ قايتتىم، كىتاب ئى-
چىدىن يەنە بىر نەرسە چىقىپ قالارمۇ، دېگەن خىيال مېنى كىتاب
ۋاراقلاشقا ئالدىرىتاتتى. كىتابنى ۋاراقلىسام، دەرۋەقە ئىككى
ۋاراق خەت چىقتى:
«ئابلەھەت:
سىزنى ئېھتىمال رەنجىتىپ قويغاندۇرمەن، كەچۈرۈڭ. مەندە
كىشىلەرنى رەنجىتىش ئەمەس، پەقەت تولۇق چۈشىنىش نىيىتى
بار. ئۆتكەن كۈنى تېز قايتىپ كېتىڭ، دېگەن ئىشارىنى كۈتۈل-
مىگەن ‹ھۇجۇم›غا يولۇققانلىقىمدىن قىلدىم. چۈنكى، سىز تاسا-
دىپىي ھالدا ھېلىقى گەپنى قىلدىڭىز، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلدىڭىز، مەن ھازىرمۇ سىزنى
ياخشى كۆرىمەن ياكى يامان كۆرىمەن، دەپ ئېيتالمايمەن. سىز-
نىڭ ئەھۋالىڭىزنى مەنمۇ سۈرۈشتۈردۇم، مېنىڭ تىلىكىم — پاك
قەلب ئىزدەش.
سىز مېنى ‹ياخشى كۆرۈپ قالدىم› دېدىڭىز، بۇ مېنىڭ ھايا-
تىمدا پەقەت تۇنجى قېتىم يىگىتلەر تەرىپىدىن ئېرىشكەن ئىل-
تىپاتمۇ ئەمەس. ماڭا ئوخشاش تىلسىز قىزلار بۇ قەدەمنى ناھا-
يىتى ئېھتىياتلىق بىلەن باسمىسا، ئەبەدىي ئەلەم چېكىدۇ! تەڭرى
تىلسىز، قارىغۇ، توكۇر، سەت، قىسقىسى، مېيىپ يارىتىپ قوي-
غان قىزلار ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆپىنچە روھىي قۇۋ-
ۋەت بىلەن ياشايدۇ. ئۇلارنى چىراي جەھەتتە جازالىغان تەڭرى
يەنە ئۇلارنى كىچىك پېئىل، تارتىنچاق، كەم سۆز مىجەز بىلەن
مۇكاپاتلايدۇ. دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەكلا كېرەكمى-
دى؟ روھىي ئوزۇقمۇ كېرەك! ... ئەلىشىر نەۋايىنىڭ سۆزى بىلەن
ئېيتقاندا، ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيىمەك شەرت ئەمەس، لېكىن
نومۇس ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت. نۇقسانسىز يارالغان
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، ئاز بىر قىسمى ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىرايلىقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ياشايدۇ. چىراي بەزىلەر ئۈ-چۈن گويا ئالاھىدە بىر خىل تاۋار. شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەتىگەندە بىرسى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ئاخشىمى ئادا - جۇدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن ھازىر سىزنىڭ ھېلىقى گېپىڭىزگە جاۋاب بېرەلمەيمەن، بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئەسكەرتتىم. ئالدى بىلەن سىزمۇ مېنى ئوبدان چۈشىنىڭ، مەنمۇ سىزنى ئوبدان چۈ-شىنەي ...

بەختىڭىزنى تىلەپ:

ھۆرمەت بىلەن سائادەت»

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرالماي قالدىم. تونۇش-قان ۋاقتىمىدىن تارتىپلا بۇ قىز ئۇستازىم سۇپىتىدە ماڭا ھاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى. روھىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى. ئەمدى ئۇ ھازىر مېنىڭ قەلبىمدە بىردىنبىر ھۆكۈمرانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ نېمە دېيىشىدە قالدى.

## 8

سائادەتلەرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەپتىمەن. كىرسەم ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ مېنىڭ ھايالسىزلا يەنە كەلگەنلىكىمگە ئەجەبلەندى بولغاي، قاراپلا قالدى. مەن نېمە دەپ غەرىزىمنى ئۇقتۇرسام بولار، قانداق ئىشارە قىلاي دەپ ئويلىدىم - دە، ئالىقىنىمنى لېۋىمگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ناھايىتى خىيالچان ۋە مىسكىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىختىيارسىزلا كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى، بېشىمنى يېزىق ئۈستىلىگە قويدۇم، قولۇم بىلەن كۆزۈمنى ئېرتىشقا باشلىدىم. بىرئازدىن كېيىن بىرسىنىڭ يۇمشاق قوللىرى بېشىمنى ئاستا قايرىدى، ۋۇجۇدۇم سىمابتەك ئېرىپ، تىترەشكە باشلىدى، بۇ سائادەت ئىدى. ئۇ ئاپپاق قول ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى

سۈرتۈپ، مېھرىلىك قەلبىدىن تەسەللى بەردى. ئۇنىڭغا قاراپ غەمكىن كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ مېنى ئاخشىمى كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

بىز ۋىكتور ھيۇگو يازغان: «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» دېگەن فىلىمنى كۆرۈپ قايتتۇق.

سائادەتلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئېرىق سۇ ئاقاتتى، مەجنۇنتاللار راسا باراقسان بولۇپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئالدىدا تاختايدىن ياسالغان ئورۇندۇق بولۇپ، مەن سائادەتنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدىم، بىز ئاستا ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى. مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادىمىڭ بىللە ئولتۇرۇش نەقەدەر لەززەتلىك ـ ھە؟! ... بىراق، سائادەت تېخى ماقۇل دېمىدى. مەن ئۇنى نوقۇدۇم. ئۇ ماڭا قاراپ، «نېمە؟» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. مەنمۇ مېنىڭ سوئالىمغا نېمە دەيسىز؟ دېگەندەك قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ ئۇزاق تىكىلدى ـ دە، ئاندىن قوللىرىنى ئاستا ئاپىرىپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ، شۇ قولى بىلەن مەڭزىمنى سىلىق سىيلىدى. ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە قونغان ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتۈم. ئۇمۇ ئاستا ئەركىلەپ كۆكسۈمگە بېشىنى قويدى ...



www.uyghurkitap.com

ئارسلان تالىپ

# خىلۋەتتىكى گۇگۇم

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن كۆل رەڭ دالا يېيىلىپ ياتاتتى. تاقىر تاغنىڭ يان بەللىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. يىراقلارغا سوزۇلغان چۆللۈكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئۆسۈپ قالغان قامغاق، چاكاندا، سۆكسۆك، يۇلغۇنلار شامالدا يېنىك لىڭشىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سەپداشلىرى چېدىر ئۆيلەردە قارتا، شاھمات ئوينىماقتا ئىدى. ئۇ بولسا يىراقلارغا تىكىلگىنىچە شامالغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىق شور ھىدىنى دىماققا ئۇرىدىغان بۇ لەنىتى شامالدىن زېرىكىپ كەتكەنىدى. بۇ چۆلدىن كېتىش، شەھەردىكى قايناق تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى. ئۇ خالىغانچە دوقۇرۇپ يۈرگىلى بولىدىغان شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى، ئۆزىنىڭ كەينىدىن خۇددى لالما ئىتلاردەك ئەگىشىۋالىدىغان دوستلىرىنىڭ خۇشامەت يىغىپ تۇرىدىغان چىرايلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنىدى. تارغاق تەگمىگەن قويۇق چاچلىرى ياۋا چاتقالدەك پاخپايغان، كالپۇكلىرى قارىداپ كەتكەنىدى. بىلەك ۋە يۈزىدىكى چوڭ ـ كىچىك تاتۇقلار دائىم قىسىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە سۈر ـ ھەيۋە بېرىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىدارىدە ئېچىلغان سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئەسلەپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ گېزىت پارچىسىغا ئورالغان موخوركىسىنى شورىغىنىچە ئالدىغا قاراپ ئولتۇرغانىدى. ئىسمى ئاتالغانلار سەھنىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدانغا بېرىپ رەتلىك تىزىلىۋا-

تاتتى. نېمىگە ھىجىيىدىغاندۇ؟ ئاشۇ جاڭگالغا بېرىش شۇنچە شە-
رەپلىك ئىشمىكەن زادى؟! شەھەردىكى مەمۇرچىلىقنى تاشلاپ
چۆلگە بارىمەن دەپ يۈرگەنلەر قىپقىزىل ئەخمەق!
— جاھانزات، ئالدىغا چىقىڭ، — ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ چاقى-
رىلغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئولتۇر-
غانلار مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىدىغان تەلەيلىك كەشپىياتچىنى
كۆرۈۋېلىشقا قىزىققاندەك ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرات-
تى. كۆكبۇلاق ئېچىش رايونىغا بارىدىغان پىدائىيلار تىزىملىكى-
گە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا ئويلاپ
باقمىغانىدى. ئۇ بۇ رايوننى ئاشۇ ئەلھايات بىلەن زۇلھاياتتەك
ئاكتىپلار بارىدىغان جاي، يېڭى رايوننى ئېچىش ئاشۇنداق ئەم-
گەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ئىشى دەپلا قارايتتى.
— خەپ، ئۆتكەندە يېگەن ئىككى مۇشتنىڭ ئاچچىقىنى مۇ-
شۇنداق چىقىرىپسەن - دە، — ئۇ ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك ئۆرلەپ
كەتسىمۇ كارى بولماي چىڭقىلىپ تۇرۇپ تىزىملىك ئوقۇۋاتقان
بۇقا گەدەن، قارىمۇتۇق ئەترەت باشلىقىغا نەپرەت بىلەن تىكىل-
دى، — يىغىندىن يانغىنىڭدا ئوتتۇز ئىككى تال چىشىڭنى قو-
مۇرۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزمىسام تەلۋە جاھان بولماي كېتەي!
ئۇ ئۆزىنىڭ تەلۋە دېگەن لەقىمىدىن بەك پەخىرلىنەتتى. ئۆ-
زىنى كۆرمەي تۇرۇپ لەقىمىنى ئاڭلىسىمۇ تىترەپ كېتىدىغان
كىشىلەرنىڭ تاتارغان چىرايلىرى ئۇنى ئالەمچە خۇش قىلاتتى.
ئۆزىنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ سۆز قىلىشنى، لەقىمى توغرىسىدىكى
رىۋايەت خاراكتېرلىك ھېكايىنى بايان قىلىشنى بەكمۇ ياقتۇراتتى.
— مەن تۇغۇلغىنىمدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپ كېتەتتى
ئۇ ئۆزىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىگە مەغرۇر
تىكىلىپ، — مۇشتۇمۇم تۈگۈكلۈك پېتى يەرگە چۈشۈپتىكەن-
مەن. يېنىمدىكى سېسترا تۈگۈلگەن مۇشتۇمۇمنى ئاچالماي بىر
سائەت ھايال بوپتىكەن. بۇ سېسترانىڭ پەمسىزلىكىدىن رەنجى-
گەن سېسترالار باشلىقى ئاشۇ بوۋاققا كۈچۈڭ يەتمىسە سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانداق سېستىرا، دەپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى كەپتۇ. خېلى بىر هازا ھەپىلىشىپ ئەمدى ئاچاي دېگەندە قاڭشىرىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ساپتىمەن. ئۇ تىرىڭگىدە ئۇچۇپ چۈشۈپ، كارىۋات قىرىغا بېشى تېگىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ سېستىرالار باشلىقى بۇ بالا چوڭ بولسا قولى قانلىق تەلۋە بولغۇدەك، ئىسمىنى تەلۋە قويۇڭلار، دەپ چالۋاقاپ چىقىپ كېتىپتۇ. لېكىن، دادىلار ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنەتتىمۇ، بۇ بالا جاھانغا مەشھۇر بىر زات بولىدۇ، دەپ، ماڭا جاھانزات دەپ ئىسىم قويغانىكەن. لېكىنزە ھېلىقى سېستىرالار باشلىقىنىڭ بېشى يېرىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە سىرتقا تارقىلىپ كەتكەچكە «تەلۋە» دېگەن لەقەم ماڭا چاپلىشىپلا قالدى. شۇڭا، تەلۋە جاھان دەپ ئاتىلىپتىكەنمەن. چۈنكى، ئىسمىمدىن بۇرۇن لەقەم ئالغان ئادەم ـ دە مەن.

— راست، تۇغۇلۇپلا لەقەم ئالىدىغان تەلەيلىك كىشىلەر بەك ئاز، — ياپما قاپاق، كۆزى دائىملا ياشاڭغىراپ تۇرغانلىقتىن يىغلاپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدىغان شادىپاچاق دوستى ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى، — لەقەم دېگەننى خىزىر قويىدۇ، دەيدىكەن. بەلكىم خۇدا پېشانىڭىزگە شۇ لەقەمنى پۈتۈپ بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەن بولسا كېرەك. بولمىسا ھېلىقى سېستىرالار باشلىقىغا يەرگە چۈشە ـ چۈشمەيلا بىر مۇشت ئاتاتتىڭىزمۇ؟ سىز ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تەلۋە جاھان. مۆرىتى كەلسە تىنچ تۇرغان جاھاننى تەلۋىلەشتۈرۈپ قويۇشمۇ قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

— كەلمەي ئەمىسە، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، — تاغدا بۆرە بولمىسا مال ـ چارۋىلارغا كېسەل تېگىپ قىرىلىپ كېتەرمىش. شۇڭا، بىرەر شەھەردە مەندەك تەلۋىدىن بىرنەچچىسى بولغاندا ئادەملەرنىڭ مېڭىسى سەگەك، پۇت ـ قولى چاققان بولۇپ قالىدۇ. بولمىسا ئۇلار سەمرىپ، بىخۇدلىشىپ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ. كىشىلەر مەندەك بىر تەلۋىنىڭ

ئۆزلىرىنى قوغداپ تۇرغان بۆرە ئىككەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

— توغرا، ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

— رېستورانلارغا چاقىرىپ مېھمان قىلىشى كېرەك.

ئۇنىڭ دوستلىرى خۇددى شۇئار توۋلىغاندەك بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى ۋارقىرىشاتتى.

— قانداق، بىرەر زىختىن كاۋاپقا مەيلىڭلار بارمۇ؟ — دېدى تەلۋە جاھان دوستلىرىنىڭ مەيدىسىگە يېنىك مۇشتلاپ قويۇپ، — ھېلىقى سۆكسۆك ئوتۇن كاۋىپى بىلەن بازار تېپىۋاتقان ئابدۇل تەخەينىڭ يېڭى بازىرىنى مۇبارەكلەپ قويمىساق بولماس. ئەلۋەتتە، بۈگۈن ئاشۇ تەخەي بىزنى مېھمان قىلىدۇ. بولمىسا كاۋاپ ساتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن ئۇ ھايۋان.

— ھۇششەرە، — تەلۋە جاھاننىڭ دوستلىرى بۇ تەكلىپتىن خۇشاللىنىپ چاۋاك چېلىشتى، — بازار بىزنىڭ، باش بۇرنى بىزگە تەۋە بولمىغان ھەرقانداق سودا راۋاج تاپمايدۇ.

— باش بۇرنى تەلۋە جاھانغا تەۋە دېگىن، — دېدى تەلۋە جاھان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مەن بولغاچقا سىلەر ياشاۋاتىسىلەر، بولمىسا بىكار تاماق، هاراق نەدە سىلەرگە؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشتى ئۇلار شاتۇتىدەك ۋىچىرلىشىپ.

ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سەھنىگە قارىدى.

قېلىن كۆزئەينەك تاقىۋالغان ئاقباش ئىنژېنېر يوغان رەسىم رامكىسىغا ئېلىنغان ئېچىش رايونىنىڭ ئىسخېمىلىق خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى مېتال چوكا ئەگرى سىزىقلارنى بويلاپ تېز ـ تېز ھەرىكەتلىنەتتى. تەلۋە جاھان بۇ قېرى ئىنژېنېرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار گويا ھەممىسىلا ئىنژېنېر بولۇپ كەتكەندەك خاتىرىسىگە سان ـ سىپىرلارنى، ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلارنى سىزىپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ھاياجىنىنى باسالماي

چاۋاك چېلىشىپ كېتەتتى.

ئۆنىڭ بويىنغا بىرىنچى تۆركۆمدە يولغا چىقىدىغان پىدا-ئىيلار قاتارىدا گۈل چىقىرىلغان شەلپەر ئېسىپ قويۇلغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار تەقدىرلەش يىغىنىدىكى نەمۇنىچىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ مۇرىسىنى بېسىپ تۇرغانىدەك سېزىم بېرىۋاتقان شەلپەرنى سىلكىپ قويۇپ ئالدىغا قارىدى. مەيداندىكىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ياش پىدائىيلىرىنى تەبرىكلىشىۋاتاتتى. چاۋاك ئاۋازى گويا شارقىراتمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇ شاۋقۇنلىرىدەك كۈچلۈك ۋە رىتىملىق ئىدى.

تەلۋە جاھان بويىنىدىكى قىزىل شەلپەرنىڭ رەختىنى باھالىغاندەك ئۇنى سىلاپ قويدى. بارسام باراي، ماۋۇ خېلى بولىدىغان رەختتەك تۇرىدۇ، ئاچىقىپ ئېلىشىغا سېتىپ بىر بوتۇلكا هاراق ئېلىپ ئىچەي. ياق، ياق، هاراق، تاماكىنى يولغا ئالسام قانداق بولىدۇ. ئاۋۇ دوقمۇشتىكى بوتكىچى قېرىنى قورقۇتۇپ بىر بوتۇلكا هاراق، بىر قاپ تاماكا ئالاي. بەرمەي باقسۇنچۇ قېنى، مەندەك ياش پىدائىيغا هۆرمەت بىلدۈرمەي تىلىنى چاينىغان هەر قانداق نائەھلىنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتىمەن. مەن بۇ شەھەرنى ئاشۇنداق ناكەسلەرگە ئۆتكە تاشلاپ بېرىپ جاڭگالغا ماڭغان ئادەممەن. مۇشۇ گۈزەل شەھەر، خالىغان ئويۇننى تاپقىلى بولىدىغان كوچىلار مۇشۇنداق ئادەملەرگە قالىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار مەندەك بىر تەلۋە جاھاننىڭ بۇ شەھەردىن يوقالغانلىقىغا خۇش بولۇپ چاۋاك چېلىشىدۇ. تېخى قوي سويۇپ مېھمان قىلاي دەيدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. ماۋۇ ئەترەت باشلىقىمۇ خاتىرجەم ياشاي، قاش - قاپاقلىرىم ساق تۇرسۇن دەپلا مېنى جاڭگالغا قوغلاۋاتىدۇ. بۇنچىلىك ھېسابنى بىلمەيدىغان ساراڭ ئەمەسمەن. تېخى كەچلىك زىياپەت بېرىمەن دەپ كاركىراۋاتىدۇ. قاراپ تۇر، ئاشۇ زىياپىتىڭنى ئۆكتەي - توكتەي قىلىپ، ماڭا قىلغان بۇ ئەلمىڭدىن ھېساب ئالىمەن. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا شەلپەرلەر بويىنىنى بوغۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شەھەر بىلەن ئېچىش رايونىنى ئىككى يۈز كىلومېتىرلىق
مۇشكۇل مۇساپە ئايرىپ تۇراتتى. يول بويى يۈزىنى ماي ئارىلاش-
لەش قاپلىغان قومۇشلۇق، ئەتىيازدىن كۈزگىچە لۆمشىپ تۇرۇ-
دىغان سازلىق، توساتتىن پەيدا بولۇپ قالىدىغان كۆچمە قۇم،
ئاپپاق ئاقىرىپ تۇرىدىغان شورلۇق، قورام تاشلىق تاغلار ئۇچراپ
تۇراتتى. تەلۋە جاھاننىڭ پىدائىيلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ قېلىشى
خۇددى تىنىق كۆلگە چالما تاشلانسا سانسىزلىغان سۇ چەمبە-
رەكلىرى ھاسىل قىلغاندەك بۇ سەپتىكى پىدائىيلارغا يامان تە-
سىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ چەمبىرەكلەر ھەربىر پىدائىينىڭ كۆڭ-
لىنى غەش قىلىپ ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارى-
غاندا، كىتاب خالتىسى ئەلھايات بىلەن گەپ زاۋۇتى زۇلھاياتلار
پىدائىيلارنىڭ پىكرى بويىچە نەچچە ئون ۋاراقلىق دوكلات تەي-
يارلاپ، بۇ تەلۋىنىڭ يېڭى ئېچىش رايونىدا ئىشلەپچىقىرىشقا
توسالغۇ بولىدىغان مىتە قۇرت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى بۇ
سەپتىن قالدۇرۇۋېتىش توغرۇلۇق ئەرز قىلغانىمىش. لېكىن،
شىركەت رەھبەرلىكى ئېمە ئۈچۈندۇر بۇ دوكلاتقا تەستىق سال-
ماي، تەلۋە جاھاننىڭ ئېچىش رايونىغا بېرىشىدا چىڭ تۇرغانى-
مىش. بەلكىم ئۇلار تەلۋە جاھاننى شەھەردىن ئايرىلىپ جاڭگال-
دىكى ئۇپچە تۇرمۇشتا بىر مەزگىل ياشاپ، چۆلنىڭ جاپا - مۇ-
شەققەتلىرىنى سەپداشلىرى بىلەن بىللە باشتىن كەچۈرسە ئادى-
مىيلىك ھېسسىياتى ئويغىنىپ، كىشىلەرگە مېھرلىك قاراشنى
يېتىلدۈرەر، دەپ ئويلىغاندۇ.

لېكىن، تەلۋە جاھان ئۇنداق قارىمايتتى. ئۆزىنىڭ بۇ سەپكە
قېتىلىپ قالغانلىقىنى ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ناكەسلەرنىڭ
ئۆزىنى كۆزدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنى دەپ چۈ-
شىنەتتى.

ئېچىش رايونى تەلۋە جاھاننىڭ پاخپايغان چاچلىرىدەك رەت-
سىز ۋە قالايمىقان ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. يىراقتىن قارىغان
كىشىگە ساپسېرىق قۇم بارخانلىرىنى ئەسلىتىدىغان چېدىرلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىگىرمە تونىنىلىق سۇ باكى جايلاشقان كىچىك دۆڭلۈكنى قورشاپ تۇراتتى. يىراقتا قورام تاشلىق تاقىرتاغ قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان بۇلاقلارنىڭ ماي ئارىلاش سېسىق سۈيى ئېرىق بويىدىكى يېكەن، يالپۇز، چىغىرتماقلار ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئۆتۈپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان قومۇشلۇققا قۇيۇلاتتى. قومۇشلۇق ئارىسىدىن تورغاي، كەكلىك، قىرغاۋۇل، سېرىق قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاپ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يېقىنلا يەردىكى سۆكسۆك، يۇلغۇن، توغراق قاپلىغان شور توپىلىق چۆللۈكتە ئېچىش رايونىنىڭ پىدائىيلىرى بورغىلاش تاماملانغان قۇدۇقلارغا نېفىت ئېلىش ئۈسكۈنىسى بېكىتىۋاتاتتى.

ئۇلار گويا بۇ جاپالىق تۇرمۇشنى ئەستىن چىقىرىشقاندەك ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى، نېفىت ئېلىش نورمال تەرتىپكە چۈشسە ئۇلارنىڭ يۈكى يەڭگىللەپ قالاتتى ـ دە، شەھەر قۇرۇش پىلانى بويىچە تۇرالغۇ ئۆيلەر سېلىنىپ، چېدىرلاردىن بىنالارغا كۆچۈش ئەمەلگە ئاشاتتى. مانا شۇ غايىۋى پىلان ئۇلارنى شادلاندۇراتتى. ناخشا ھەۋەسكارى ئالىم ئۆزى يازغان ناخشىسىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يانتاق قاپلىغان دۆڭلۈكتە گىتار چېلىپ تۇرغان تۇرقى ئاجايىپ قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى.

گۈزەللىككە تويۇنغان،
يۇلغۇن، توغراق قويۇلغان،
قومۇشلىرى سايرىغان،
كۆكبۇلاق دەپ شەھىرىم بار.

ــ مۇشۇنداق لاۋزا گەپتىن ناخشا قۇراشتۇرۇپ ئالىتاغىل تۇۋلىغۇچە ئۇمىچىڭنى ئىچىپ ئۇخلىساڭچۇ، ئەخمەق! تۆت چېدىرنى تىكىپ قويۇپ «شەھىرىم بار» دەپ ناخشا تۇۋلاشقا ئۇيال-

ساڭچۇ. شەھەر دېگىنىڭ شۇنداق بولسا قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق شەھىرىڭ! — تەلۋە جاھان قولىدىكى كۇلۇچنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، قومۇرۇپ تاشلاپ قويۇلغان توغراقنىڭ غولىغا ئولتۇردى - دە، تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— ھە جاھانزاتكا، باشقىلار جىددىي ئىشلەۋاتسا، سەن بۇ يەردە تاماكاڭنى تارتىپ ئولتۇرۇپسەنغۇ!

تەلۋە جاھان ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا مايلاشقان ئىش كىيىمى كىيگەن ئەلھايات قاراپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، ئىشچىلار بىلەن كېچە - كۈندۈز ئارام ئالماي ئىشلەپ يۈرۈپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، تەلۋە جاھان ئۇنىڭ ئۆزىگە باشلىق بولۇپ قالغىنىنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى، بۇ كىتاب خالتىسى ئۇنىڭ قارىشىچە تېخى سېرىق تۈكىنى تاشلىمىغان توك سويما ئىدى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ نېفىت ئىلمىنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمىش. بەلكىم شىركەتتىكىلەر ئۇنىڭ ئادەم چۈشەنمەيدىغان غەيرىي سۆزلەرنى تولا قىلىدىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ باشلىق قىلىپ قويغاندۇ. ئۇنىڭ ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسى تەلۋە جاھانغا ئېغىر يۈكنى بولۇشىغا كۆتۈرۈۋېلىپ پۇت - قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتقان ھامماللىرىدەك ئاجىز ۋە بىچارە كۆرۈنەتتى.

— تاماكا چېكىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەستۇ، جانابىي كىتاب خالتىسى ئەپەندى؟ — دېدى تەلۋە جاھان تاماكىنى كۈچەپ شوراپ ئىسىنى پۈۋلەۋېتىپ.

— ھەممە ئادەم ئىشلەۋاتسا، سەن ئولتۇرۇۋالساڭ بولامدۇ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىرلىكتە ئولتۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئانداق بولسا ئاۋۇ دۆڭگە چىقىۋېلىپ ئالىجۇقا تۈۋلاۋاتقان ساراڭمۇ ئىشلەيدىغان ئادەممۇ يا ئۇ بىزگە ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان ئارتىسمۇ؟

— ئۇ دېگەن كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەن. ئارام ئېلىش

ۋاقتىدا نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى.

— كىم ئىشلىمىگەن ئۇ ئىسمىنىدا؟ — تەلۋە جاھان تامـا-كىسىنى غەزەپ بىلەن تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن لىككىدە قوپتى.

— ھوي، ئاچچىقىڭنى يامان قىلما، جاھانزات، ئارام ئالساڭ ئېلىۋەر، سېنىڭ ئىشىڭنى بىز قىلىۋېتەيلى، — زۇلھايات تەلۋە جاھاننىڭ جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالدى.

— مانا ئارام ئالدى دېگەن!

تەلۋە جاھان شۇنداق دېگىنىچە زۇلھاياتقا مۇشت ئاتتى. لېكىن، ئۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئەسلىدە زۇلھايات تەلۋە جاھاننىڭ مۇشت ئاتىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ ئارقىسىغا داجىغانىدى. ئەتراپتىكىلەر قىزىق ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك كۈلۈشۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنى كۈلكىدىن توختىتالماي قالغانىدى. ئەلھايات بىلەن زۇلھايات تەلۋە جاھاننىڭ ئەمدى جىم تۇرمايدىغانلىقىنى پەملەپ سەگەكلىك بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ، قاراپ تۇرۇشاتتى.

— نېمىگە كۈلۈشىسەن؟ — تەلۋە جاھان كۈلۈۋاتقانلارغا ھەيۋە قىلدى، — بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قاپتۇمۇ؟ — ئۇ يۈگۈرۈپ بارغان پېتى بىرەيلەنگە مۇشت ئاتتى. مۇشت يېگەن يىگىت خۇددى ھەرىدەلگەن دەرەختەك پۇلاڭلاپ يىقىلدى. يەر بېتىدىن ئاپپاق توپا كۆتۈرۈلۈپ، دىماققا ئاچچىق شور ھىدى ئۇرۇلدى.

— ساراڭمۇ سەن، جاھانزات، — ئەلھايات يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە يىقىلىپ چۈشكەن يىگىتنى دەسسەشكە تەمشەلگەن تەلۋەنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋالدى. تەلۋە جاھان ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ يۇلقۇندى. لېكىن، ئەلھايات ئۇنىڭ ئىككى قولىنى قوشۇپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

تەلۋە جاھان ئۆمرىدە مۇنداق خورلۇققا ئۇچراپ باقمىغان، شۇ چاغقىچە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختىتىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھېچكىم ئۇنىڭ

تەڭدىشى ئەمەس، ھەرقانداق كىشى ئۇنى كۆرسە تىترەپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. دادىسىمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا سىلىق ۋە يالـۋۇ-رۇش ئاھاڭىدا سۆزلەيدىغان تۇرسا، ئۇنى ئەمدى مۇشۇ ئەلھاياتتەك شادىپاچاقلار بوزەك قىلسا بولامدۇ؟!

ئۇنىڭ كاللىسىغا دادىسىنىڭ قورقۇپ تىترەپ تۇرغان ھالىتى كەلگىنىدە بەكمۇ كېرىلىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئاشۇ قورقۇنچاق دادىسى ئۇنى مۇشۇنداق يۈرەكلىك، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋە قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى. شۇنى ئويلىسا، ئۇ دادى-سىدىن پەخىرلىنىپمۇ قالاتتى. كىچىك ۋاقتىدىكى ئەركە، بىغەم تۇرمۇشىنى ئەسلەپ قالاتتى. نېمىدېگەن ئېسىل چاغلار ئىدى ــ ھە!

ـــ بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا، ـــ دەيتتى تەلۋە جاھاننىڭ ياۋاش دادىسى ئەمەت ئاۋاق دائىم. ئۇ ئوغلىنىڭ شوخ، ھېچكىمگە بوزەك بولمايدىغان باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىـ-لىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆز تىلىكىدەك شوخلۇق بىلەن يېتىـ-لىۋاتقان ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇزاقتىن ــ ئۇزاقتا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. تەڭ دېمەتلىكلىرىگە بوي بەرمەي يۈرگەن ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن ھالدا قاراپ قالاتتى.

ئۇنىڭ ئوغلى ناھايىتى تېزلا بىشەملىك بىلەن داڭ چىقىـ-رىپ، باللار قورقىدىغان كىچىك «قوماندان»غا ئايلاندى. باللار-نى ئىككى سەپكە ئايرىپ ئۇرۇش قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. گەپكە كىرمىگەنلەر بۇ كىچىك «قوماندان»نىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئۆيىدە ئۇ پادىشاھ ئىدى. ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە قولىغا تۇتقۇزۇلاتتى. بەزىدە ئۇ دادىسىنى ئات قىلىپ مىنىپ ئۆيىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. قوشنىلار چىپ ــ چىپ تەرلىگەن ھالدا تۆت ئاياغلاپ مېڭىپ يۈرگەن ئاۋاق ئاتىغا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى.

ـــ بالام، يەرگە چۈش، قوشنىلار ئالدىدا دادىسىنى مىنىپ يۈرسە سەت بولىدۇ. ئۆيدە مىنىپ ئوينىغىنىڭمۇ يېتەر، ـــ دەيت-

تى ئاپىسى ۋە ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەتتى. تەلۋە جاھان كىچىك-
كىنە مۈشتىنى تۈگۈپ ئانىسىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇش-
قا باشلايتتى.

— سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ دادام! مېنى
مىندۈرۈپ ئوينىتىدىغان ياخشى دادام!

بەزى چاغلاردا ئەمەت ئاۋاق بالكوندا تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ بالىلار
بىلەن مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلاتتى. تەلۋە جاھان ئۆزد-
دىن چوڭ بالىلارغىمۇ ھۆرپىيىپ مۇشت ئېتىۋېرەتتى. ئۇنىڭ
باشقا بالىلاردىن ئۈستىلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تولغىنىپ
تۇرۇپ مۇشت ئېتىشلىرى، بالىلارنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ
كاللا قويۇشلىرى بالكوندىكى ئاتىنى سۆيۈندۈرۈۋېتەتتى. ھەببەل-
لى، ئوغۇل بالا، ئەركەك، ياشاپ كەت، جاھانزات، دەيتتى ئۇ
چاۋاك چېلىپ. ئۆمرىدە بىرەرسىگە قاش يىمىرىپ باقمىغان
ياۋاش ئاتا ئۇچۇن بۇ قالتىس ئىش ھېسابلىناتتى. ئوقۇش يېشى-
غا يەتكەندە مەكتەپكە كىردى. شۇ كۈندىن باشلاپ سىنىپ ئىن-
تىزامى بىراقلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئالىقاپ
بالىدىن زېرىكىپ، ئەمەت ئاۋاق ئائىلىسىگە تېلېفون بېرىشەتتى.

— مەن بالامنى سىلەرگە تاپشۇرغان، ئاق قىلساڭلارمۇ، كۆك
قىلساڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار. بالا شوخ، جىم ئولتۇرمايدۇ دېيدى-
ڭىزما؟ بالىنىڭ سەل شوخراق بولغىنى ياخشى، بولمىسا مەكتەپ
دېگەندە بالا جىق تۇرسا، بالىلار بوزەك قىلىۋالسا بولمايدۇ — دە.
سىنىپ ئىنتىزامىنى بۇزغان بولسا، كېيىنچە بۇزمايدىغان بولار،
ھۆكۈمەت بالىلارنى ئوقۇتىدۇ دەپ مائاش بەرگەندىكىن، ئۆزۈڭلار
باشقۇرمامسىلەر بالا دېگەننى، — ئەمەت ئاۋاق تېلېفون بەرگەن
مۇئەللىمنى ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن تويدۇرۇۋېتەتتى.

تەلۋە جاھان باشلانغۇچ مەكتەپنى ئون يىلدا پۈتكۈزدى. بۇ
چاغدا ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

شۇ چاغدا ئادەم قىسمىدىكىن ياكى نېفىت ئالدىنقى سېپىگە
جىددىي ئادەم لازىم بولۇپ قالغانمۇ، ئۇ ئىشچى بولۇپ قالدى. ئۇ-

نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلى تىندى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ئوغلى ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىدىكى ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

لېكىن، ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ بۇ ئويلىرى خاتا بولۇپ چىقتى. ئىشچى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەر خىل قىلىقلىرى، يېگىدىن ـ يېڭى خۇيلىرى چىقىشقا باشلىدى. تەلۋە جاھان ئاتا ـ ئانىدىن ھېيىقىش دېگەننى پەقەت بىلمەيتتى. ئۇنىڭ لۈكچەك ئاغىنىلىرى هاراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرىۋېرەتتى. بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ سىرتتا جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلى بۇيرۇغان كۆك ـ گېزەك، تائاملارنى تەييار قىلىپ، ئۇلارنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. تەلۋە جاھاننىڭ خۇشى تۇتۇپ قالسا دادىسىغا بىرەر رومكا هاراق بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپمۇ قوياتتى. چۈنكى، هاراق ئىچىشنى توققۇز يېشىدا مۇشۇ دادىسى ئۆگىتىپ قويغانىدى.

— قوشنىلىرىڭ بالاڭنى بەك مۇشتلاشچى دەيدۇ، تېخى ئۆزىدىن چوڭ بالىلارنىمۇ مۇشتلاپ ياتقۇزۇۋەتكۈدەكمىش. خېلى يۇرىكى بار ئىكەن جۇمۇ، — سورۇندىكىلەر ئۇستەلدىكى نازۇ نېمەتلەرنى خۇددى چوڭ كىشىلەردەك بەھۇزۇر تالىلاپ يەپ ئولتۇرغان تەلۋە جاھانغا قاراپ ئەمەت ئاۋاقنى گەپكە سېلىشقا باشلىدى، — ئۆزۈڭ ياۋاش بولغان بىلەن بالاڭ قالتىس ئىكەن. شۇ تۇرقىدا ئۇ قانچە ياشتىكى بالىلار بىلەن مۇشتلىشالايدۇ؟

— ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلىق بالىلارنى گەپ يوق ياتقۇزۇۋېتىدۇ. تۈنۈگۈن بالكوندا قاراپ تۇرسام، قوشنىمىز ئەلقەم چاپاقنىڭ ئون ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى بىر كاللا قويۇپلا يەرگە مىخلاپ قويدى.

— قالتىس ئىكەن، ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. بۇ بالا چوڭ بولسا ھېچقانداق كىشىگە بوي بەرمىگۈدەك.

— بۇ بالا تۇغۇلغان چېغىدا مۇشتى تۈگۈكلۈك چۈشكەنىدى، — ئەمەت ئاۋاق سورۇنلاردا تولا تەكرارلايدىغان بۇ ھېكايىسىنى يەتە

باشلىدى، — ئۇنىڭ مۇشتىنى نەچچە سېستىرا بىرلىشىپ ئاچال-مىغان. ئاخىر سېستىرالار باشلىقى ئاچماقچى بولغاندا ئۇنىڭ بىر مۇشت سېلىشى بىلەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ بېشى يېرىلىپ كەتكەن.

— بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بالىلار يېشى كىچىك بولغان بىلەن خۇيى چوڭلارغا تارتىپ كېتەرىمىش، — دېدى ساقىي ئال-دىدىكى رومكىغا هاراق قۇيۇپ، — مۇشۇ بالىنى بىر رومكا هاراق ئىچۈرۈپ سىناپ باقمايلىمۇ؟

— سىنىساق سىنىدۇق، — دېدى ئەمەت ئاۋاق ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ هاراقنى ئېلىپ، — قانداق بالام، قورسىقىڭمۇ تويدى، بىرەر رومكا ئىچىپ ئۆزۈڭنى دەڭسەپ باقمامسەن؟

— چاتاق يوق، — بالا خۇددى چوڭ كىشىلەردەك مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقتى. دادىسى تەڭلەپ تۇرغان رومكىنى خۇددى ئۇزاق مۇددەت هاراق ئىچىپ ئادەتلەنگەن ئادەم-دەك ئىككى قوللاپ ئالدى - دە، بىر كۆتۈرۈشتىلا غورتۇلدىتىپ يۇتۇۋەتتى. لېكىن، گېلىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان هاراق ئۇنى سىلكىندۈرۈپ، ئاچچىق تىترەك تاپىنىدىن مېڭىسىگىچە چىقتى. ئۇ بۇ زەربىدىن پۈكلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. لې-كىن، ئۇ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، قۇرۇقدالغان رومكىنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. چوكىنى قولىغا ئېلىپ بىر پارچە كالا گۆشىنى قىسىپ ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— ھوششەرە، قالتىس، ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بالا ئىكەن بۇ، قاراڭلار، ئەللىك گىرام هاراقنى كۆزىنى مىت قىلماي يۇتۇۋەتتى!

شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ هاراققا خۇمار بولۇپ قالدى. دادىسى يول قويمىسىمۇ ئەگىشىۋېلىپ سورۇنلارغا بىللە باراتتى. بىرەر - ئىككى رومكا هاراق ئىچىۋېلىپ، دادىسىنىڭ تولا هاراق ئىچىپ مىجەزى بوشاپ كەتكەن ئۇلپەتلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. دەس-لەپتە ئويۇن - چاقچاق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا هاراق ئىچۈرۈشنى

دەۋەت قىلغانلار كېيىنچە ئۇنىڭدىن قورقۇپ قېلىشتى. ھەتتا ئۇ-
نى سورۇنغا ئەكەلمەسلىك توغرىسىدا بىغەم ئاتىغا مەسلىھەت بې-
رىشكەنمۇ بولدى. بىراق، ئەمدى ئۇلارمۇ، ھەتتا تۇنجى رومكا
ھاراقنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقان ئاتىمۇ كېچىككەنىدى. چۈنكى،
بۇ ئۆسمۈر بالا ئەمدى سېپى ئۆزىدىن ھاراقكەش بولۇپ قالغانى-
دى. تاماكا چېكىشنى بولسا ئۇ چوڭلار تاشلىۋەتكەن تاماكا كۆ-
تەكلىرىنى تېرىپ چېكىش ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغانىدى.

تەلۋە جاھان ئەلھاياتنىڭ قولىدىن ئاخىر بوشىنىپ چىقتى.
ئۇ سىلكىنىپ تۇرۇپ خۇددى زەنجىرىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىتتەك
ئەتراپتىكىلەرنى رەھىمسىزلەرچە تالاشقا باشلىدى. زۇلھاياتنىڭ
قاڭشىرى، يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ قاش - قاپاقلىرى يېرىلدى.
غەزەپلەنگەن ئىشچىلار ئامبۇر - كۇلۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ
بۇ تەلۋىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ قورشاۋاتقىنىدا،
قوغداش بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتىنى
ئەنسىز چىرقىرىتىپ يېتىپ كەلدى - دە، ئۇنى تۇتۇپ قولىغا
كويزا سالدى.

ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ساقچىخانىغا پات - پات كىرىپ تۇرىد-
ىغان بولۇپ قالدى. ھەر كىرگىنىدە ئۇن - ئون بەش كۈن يې-
تىپ چىقاتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئورۇنسىز جېدەللىرى
ئاۋۇپ كەتتى. ئۇ نەدىلا بولسا، شۇ يەردە جېدەل چىقماي قالمايت-
تى. ئۇ ئالتە ئاي كېسىلىپ تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن
ئىشتىن ھەيدەلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا پاشا چاققانچىلىكمۇ تەسىر
قىلمىدى. ئىشتىن ھەيدەلگىنى ئۈچۈن جېدەل چىقىرىپمۇ كەت-
مىدى. ئۇ ئىسقىرتقىنىچە ياتاققا كىرىپ يوتقان - كۆرپىسىنى
يىغىشتۇردى - دە، شەھەرگە ماڭغان ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئول-
تۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بىغەم ئاتا، ئوغلىنىڭ كەپسىزلى-
كى تۈپەيلى يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن بىچارە ئانا ئۇنى قورقۇم-
سىراپ قارشى ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىشتىن ھەيدەلگىنىگە كۆڭلىدە
رازىلىقى بولمىسىمۇ، ئۈن - تىنسىز رازىلىق بېرىشتى. ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا دەرد ـ ھەسرەت ۋەجىدىن يۈرىكىنىڭ ئېزىلىپ كېتىۋاتقانلىقى سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئوغ- لىنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى ماختاپ يۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇنداق كېرەكسىز ئادەم قىلىپ قوي- غانلىقلىرىنى ئازاب ئىچىدە ئەسلەپ ياش تۆكۈشەتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقاردى. چىرايلىرىغا تورلاشقان قوغۇندەك يول ـ يول قورۇقلار چۈشتى. تېخى ئەللىك ياشقا كىرمەي تۇ- رۇپلا ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان نىمجان ئادەملەردەك ئىچىگە تىنىدىغان، ئازراق يول ماڭسا يۈرىكى تىنىمسىز سوقۇپ، ئۆپ- كىسى غىژىلدايدىغان، پۇتلىرى تىترەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئاتا ئوغلىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز كۆنىنى ئۆزى ئالا- لىدىغان ئادەم قىلىپ قويۇشنى ئويلاپ تولا يول مېڭىپ كەتتى. تەلۋە جاھاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئىدارە، زاۋۇت، شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرى باشلىرىنى چايقاپ، ئۆزلىرىدە ئىش- تات تولۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. بەزىلىرى ئىشتاتتىن ئېشىپ كەتكەن بىرمۇنچە ئىشچىنىڭ ئىشتاتىنى ھەل قىلالماي يۈرگەن- لىكىنى ئېيتىپ زارلاپ بېرىشەتتى. ئەمەت ئاۋاقنىڭ دوستلى- رى، ئازراق ئەمەلى بار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ سىياسەت سۆز- لەپ، پىرىنسىپلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. ئاتا بۇ ئىشلاردىن ھەممىنى چۈشەندى. ئۇلار ياماندىن يار بويى قاچ، دېگەن تەمسىلدىكىدەك بۇ كەپسىز بالىدىن ئۆزىنى قاچۇ- رۇۋاتاتتى.

تەلۋە جاھان بىكار يۈرگەنسېرى تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دادىسىدىن، ئاپىسىدىن پۇل سوراپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن سىرتقا ماڭاتتى. ئەگەر پۇل بېرىش رەت قىلىنسا ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەكلىكى نەرسە بولسا ئاچىقىپ كوچىدا ئېلىشىغا سېتىۋېتەتتى. ئۇ ئەتىگەندە بىر چىقىپ كەتسە يېرىم كېچىلەردە ياكى تاڭ سۈزۈلگەندە غەرق مەست قايتىپ كېلەتتى. بىچارە ئانا

ئوغلىنىڭ بىرەر خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىـ
رەپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
ئەمەت ئاۋاقنىڭ مائاشى ئەمدى ئوغلىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىـ
گە ئاران يېتىدىغان بولۇپ قالدى.
— پۇلنى ئايايراق خەجلە، ئۇيەدە ئۇن ئەكېلىشكىمۇ پۇل يەتـ
مەيۋاتسا پۇل ـ پۇل دەۋېرىدىكەنسەن. سېنىڭ يا ئىش ئورنۇڭ
بولمىسا، بىر ئادەمنىڭ مائاشى بىلەن قانداق جان باقىمىز،
بالام؟
— ئىش ئورنۇڭ بولمىسا دەۋاتامسەن تېخى، سەن ئىش تېپىپ
بەرمەي نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىـ
غان سەندەكمۇ دادا بولامدۇ جاھاندا؟
دادا بۇ زەھەردەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي
ئولتۇرۇپ قالدى. ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ياش تۆكتى. ئۇنىڭ
ياشلىرى يۈزىدىكى تارام ـ تارام قورۇقلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتـ
تى. ئوغلى ئانىسىنىڭ قولىدىن يۈز كوي پۇلنى يۇلۇپ ئېلىپ،
دادىسىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.
ئىشىكنىڭ جالاقلاپ يېپىلىشىدىن ئۆي سىلكىنگەندەك بولدى.
— بالام، ئاناڭ كېچىسى يولۇڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ يۈرەك
كېسەل بولۇپ قالدى. نېمە دېسەڭ شۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېرەي.
تالاغا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرساڭ بولمامدۇ، — دېدى ئەمەت ئاۋاق
ئوغلىغا يالۋۇرۇپ.
— ئۇنداقتا ئاغىنىلىرىمنى قانداق قىلىمەن؟ — دېدى تەلۋە
جاھان ئۇچۇشقا تەمشەلگەن بۈركۈتنىڭ رەسىمى سىزىلغان قولىـ
نى شىلتىپ تۇرۇپ.
— ئۇلارنىمۇ ئۆيگە چاقىر، ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ، قارتا
ئويناپ ئولتۇر. ئىشقىلىپ، تالاغا چىقىپ جېدەل چىقارمىساڭلا
بىز ھەممىگە رازى، بالام.
لېكىن، بۇ بالىلارنىڭ توڭگۇز توپاق ئويناشلىرىغا ئاتا ـ ئانا
ئاران ئىككى كۈن چىدىيالىدى.

— بولدى، ئاغىنىلىرىڭنى ئەمدى ئۆيگە ئەكىرمە، سىلەرگە ئۆچ ۋاخ تاماق ئېتىپ ئاناڭنىڭ بېلى ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى. ئاناڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئۆيدە ئۆزۈڭلا ئولتۇر.
— مەن بۇنداق يالغۇز ئولتۇرۇشقا چىدىيالمايمەن.
— مەن بىلەن ئاناڭ بار، بالام، بىللە ئولتۇرساق بولىدۇ. ئەگەر ئىچكۈڭ كەلسە تەڭ ئىچىشىمىز. مەن ساڭا ئۈلپەت بولاي.
— سەن بىلەن ئىچىشكەنىنىڭ نېمە قىزىقى بولسۇن، ئىككى رومكا ئىچسەڭ قولۇڭ تىترەيدۇ. نەدىكى پاراڭنى قىلماي پۇل چىقىرە، تالادا ئاغىنىلەر ساقلاپ قالدى.
— پۇل تۈگەپ كەتتى، بالام، مائاش چىقىدىغانغا يەنە ئون كۈن بار. شۇ چاغدا بېرەي.
— ئون كۈن ساقلامدىمەن؟ بولمايدۇ، بانكىدىن پۇل ئاچىق.
— بانكىدىكى پۇلنى بۇ قېتىم ئۆيگە تۆلىدۇققۇ، ئەمدى نەدىكى پۇل بولسۇن؟!
— يالغان گەپ قىلما، پۇل بېرەمسەن، يوق؟ — تەلۋە جاھان خىرىلداپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە يېلىنىۋاتقان دادىسىنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ گېلىغا خەنجىرىنىڭ ئۆتكۈر تىغىنى سۇركىدى.
— ۋاي خۇدايىم، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۇ سېنىڭ داداڭ ئەمەسمۇ، — بىچارە ئانا دىرىلدەپ تىترىگىنىچە ئوغلىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى.
— داداڭ؟ توغرا، ئۇ مېنىڭ دادام، مەن بۈگۈن بۇ سۆيۈملۈك دادامدىن يا پۇل ئالىمەن ياكى جان ئالىمەن.
ئەمەت ئاۋاقىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە ئوغلۇم مېنى قورقۇتۇپ قويۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، بۇ ئويىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تېزلا سېزىپ قالدى. چۈنكى، ئوغلىنىڭ كۆزى قان قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، قولىدىكى پىچاق هازىرلا باش بىلەن تەننى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدىغاندەك ئۇنىڭ بوغۇزىغا سۇركىلىپ تۇراتتى. ئۆتكۈر بىسلىق پىچاق ئەمەت ئاۋاقىنىڭ گېلىنىڭ تېرىسىنى ئاللىقاچان تىلىۋەت-

كەندى. پىچاق بىسىدا قىپقىزىل قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

— قاراملىق قىلما، بالام، مەيدە يانچۇقۇمدا يۈز كوي بار، شۇنى ئال.

تەلۋە جاھان پىچاقنىڭ بىسىدىكى قان يۇقۇندىسىنى دادىسىنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈۋېتىپ غىلاپقا سالدى ـ دە، پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمەت ئاۋاقنىڭ گېلىدىن قان تەپچىرەپ چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى.

— نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن؟ مەندىن نېمە كۇپۇرلۇق ئۆتكەندۇ؟ ئاھ، خۇدا، ماڭا بۇنداق قارا كۈنلەرنى كۆرسەتكۈچە جېنىمنىلا ئالساڭ بولمامدۇ؟!

پىچاق تەڭلەپ پۇل ئېلىش ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا ئۇ ئاخىر ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپ ساقچىخانىغا كىردى. يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكۈپ، ئوغلىنى تۇتۇپ يىراقلارغا ئاپىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ساقچىلار ئاتىغا چۈشەندۈرۈشتى. تەلۋە ئوغۇل گەرچە ئاتىسىغا پىچاق تەڭلىگەن بولسىمۇ، ئۇنى زەخىملەندۈرمەپتۇ. ئادەم زەخىملەنمىسە جىنايەت شەكىللەنمەيدىكەن. جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن ئادەمنى قولغا ئېلىشقا بولمايدىكەن.

ئەمەت ئاۋاق ساقچىخانىدىن خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇغىنىچە قايتىپ چىقتى. خۇدادىن ئوغلىغا ئىنساب تىلىدى. ئاتىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئاخىر ئەمەت ئاۋاقمۇ يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدى. دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئارىلىقىدىكى يولدا ئاتا بىلەن ئانىنىڭ سانسىزلىغان قەدەم ئىزلىرى قالدى.

ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانىدى. ئۆي بىر نەچچە يىلدىلا چاشقانمۇ يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان غېرىبانە كەپىگە ئوخشاپ قالدى. چۈنكى، دوختۇرخانا پۇل تەلەپ قىلاتتى، تەلۋە ئوغۇل پۇل تەلەپ قىلاتتى، پۇلنىڭ ئەلىمى ئوغۇلنىڭ دەرد ـ ئەلىمىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى.

كۈن پېتىپ زېمىنغا گۇگۇم پەردىسى تارتىلدى. ئوبدانلا تەڭـ

شىلىپ قالغان تەلۋە جاھان راستلا تەلۋە بولۇپ قالغاندەك يول ياقىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى تېپىپ، سىم تاناب تۈۋرۈكلىرىنى مۇشتلاپ، ئالىتاغىل توۋلاپ كەلمەكتە. ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزىنى قاچۇرۇشاتتى. يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئۇنى يانداپ ئۆتەتتى. بەزىلىرى يىراقتىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تار كوچىلارغا كىرىپ كېتەتتى.

— ھۇ لاتا ئەبگارلار، ھەممىڭنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ كېتىپتۇغۇ، قورقۇنچاق لەقۋالار، سەنلەرنىڭ ئالايغان كۆزۈڭلارنى ئويۇۋالىمەن ...

نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۆي ئاستا ـ ئاستا گۇگۇم قاراڭغۇلۇققا چۆمۈلدى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. نىمجان ئاتا ـ ئانا كونا يوتقان ـ كۆرپىگە يۆلەنگىنىچە ئۆز يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

كۈندە تەكرارلىنىدىغان ئالىتاغىل ناخشا، قوپال ئاياغ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. شۇ تاپتا بۇ ئاياغ ئاۋازى دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن بىچارە ئاتا ـ ئانىغا خۇددى مېڭىسىگە مىخ قېقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاياغ ئاۋازى ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە توختاپ ئىشىكنى تېپىشكە باشلىدى. ئەمەت ئاۋاق قورققىنىدىن يوتقانغا پۈركىنىپ تۈگۈلۈۋالدى. چاچلىرى سۈتتەك ئاقىرىپ كەتكەن ئانا دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا ئىشىكنى ئاچقىلى ماڭدى.

# بۇ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس

## 1

ئاسىيە كەچلىك ئىسمېنادا ئىشلەۋاتاتتى. سائەت ئون بىرلەر ئەتراپىدا ئۈستىبېشىدىن گۈپۈلدەپ بېنزىن پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، قولىغا مايلىشىپ، قارىداپ كەتكەن پەلەي كىيىۋالغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاق بىر ئادەم بىھوش بىمارنى كۆتۈرگىنىچە بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— شوپۇرمەن، — دېدى ئۇ بىمارنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە تۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەن كىيىملىرىنى تۈزىگەچ، — كۆمۈردىن كېلىۋاتاتتىم، بۇ كىشى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا يېتىپ قاپتۇ، قارىسام، ھالى بەك يامان، شۇڭا ئۇدۇللا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

ئاسىيە پىلاندوسكوپنى ئېلىپ بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ تام تەرەپكە قىيسىيىپ تۇرغان بېشىنى ئوڭشىماقچى بولۇپ سەل كۆتۈرۈپ ئۆزى تەرەپكە بۇرىدى-دە، گويا دىققەتسىزلىكتىن ئۆزى ئەڭ قورقىدىغان بىرنەرسىنى تۇتۇۋالغاندەك قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ كەينىگە داجىدى ۋە بىرنەچچە دەقىقە ئېسىگە كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— مەست ئىكەن، — دېدى يەنە بىر سېسترا ئاسىيەگە قاراپ.

— سىلەر بولغاندىكىن مەن قايتاي، — دېدى شوپۇر دوختۇر

www.uyghurkitap.com

بىلەن سىستىرادىن ئەپۇ سورىغاندەك، — كۆمۈرنى ئاپىرىدىغان جاي خېلى يىراق. ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپلا يوقلاپ كېلىمەن.

ئاسىيە شوپۇرنىڭ سۆزى بىلەن ئېسىگە كېلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك ئارىلاش شالى قۇيۇلۇپ تۇرغان بىمارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بىر دەملىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن سىستىراغا بۇيرۇدى:

— ھاراقتىن زەھەرلىنىپتۇ، ئالدى بىلەن ئاشقازىنىنى يۇيۇپ ئاندىن دەرھال ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ئۇ ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى رېتسېپ قەغىزىگە ئالدىراپ دورا ئىسىملىرىنى يازدى.

## 2

ئاسىيەنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قېچىپ كەتتى. كېچىنىڭ تەنىنى شۈركۈندۈرىدىغان سوغۇق ھاۋاسى گويا ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى مۇزلىتىپ، ئەسەبىي تىترەك ئولاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاستا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ئىدى. يانچۇقىغا تىقىلغان قولى پىلاندوسكوپنى چىڭ سىقىملاپ تۇراتتى. ئاسىيەنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ خۇددى كېزىك كېسىلىدىن ئەمدىلا قوپقان، تېخى ماغدۇرىغا كېلىپ بولالمىغان بىماردەك تىترىدى، كۆز ئالدىدا ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر پارچە قويۇق تۇمان پەيدا بولدى، مانا شۇ تۇمانغا ئۇنىڭ نېرىقى ئۆيدىكى كارىۋاتتا يېرىم ھوشسىز ھالەتتە ياتقان ئابايىقى بىمار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ھاياتى سىڭگەن، ياق! بۇ تۇماننى ئاشۇ ھايات، ئاشۇ ھاياتتىن كۆتۈرۈلگەن ئازابلىق نالىلەر پەيدا قىلغان: ئاھ، ئاسىيەنىڭ ئاشۇ ھاياتتىن كۈلەلمەي، ئەلەم بىلەن زارلىنىپ ئۆتكەن كۈنلىرى! بۇنىڭ سەۋەبچىسى مانا مۇشۇ خۇددىنى بىلمەي ئۆزىنى ئاسىيەگە تاپشۇرۇپ ياتقان ئەر. ئاسىيە ۋۇجۇدىغا ئاشۇ ۋاقىتلاردا ياماشقان جان قاقشاتقۇچ ئاغرىقتىن ئەمدىلا

قۇتۇلغاندەك قىلىۋىدى، يەنە شۇ ئەر ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاچچىق ئاغ-رىقلارنى ئەسلىتىپ ئالدىدا يېتىپتۇ...

*   *

ئاشۇ يىللاردىكى «قايتا تەربىيە» ئۇنىڭ باھار چېچەكلىرىدەك ياشناۋاتقان تۇرمۇش ئارمانلىرىنى بەرگىمدىلا ئۇششۇتۇۋەتتى. تېبىبي ئىنستىتۇتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەن ئاسىيە چەت بىر تاغلىق رايونغا ئۆزى يالغۇز تەقسىم قىلىنىپ جۆنەپ كەتتى. ئۇ يۈك - تاقلىرى بېسىلغان ئات هارۋىسىدا يىراقتىن قوغۇشۇن رەڭگىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا، ئۇنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان قازاق ئۆيلىرىگە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرات-تى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۇ تېخى ئەمدىلا خوشلاشقان مەكتەپ هاياتى، مەكتىپى، ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى سېغىنغانىدى. ئاشۇ جۇشقۇن هايات، كۆڭۈللۈك چاغلار راستىلا تامام بولغانمىدۇ؟ ئۇ هاياتىنىڭ ئاشۇ گۈزەل بىر باسقۇچىنى ياشاپ بولغانمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇلارنى بۇرۇنراق سەزمىدىكىن؟ ئاسىيە-نىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار كەتكەن تېرەكلەردە سارغىيىپ ئارانلا ئېسىلىپ تۇرغان ئاخىرقى غازاڭلار تاغ تەرەپتىن سوققان ئىزغىرىن شامالنىڭ تەۋرىتىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بەرگىدىن ئايرىلىشقا قىيماۋاتقاندەك تو-لىمۇ ئاستا پەسلەپ يەرگە قوناتتى.

ئاسىيە ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇق يولدا تولا سىلكىنىپ ئىچ - باغرى ئاغرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بىئارامىلىق ئىچىدە ئول-تۇراتتى. لېكىن، يېڭى بىر هايات — بۇگۈندىن باشلىنىدىغان مۇستەقىل تۇرمۇش ۋە خىزمەت هاياتى، ناتونۇش ماكان ۋە ئادەم-لەر بىلەن ئۇچرىشىش ئاسىيەنى بەكمۇ قىزىقتۇرماقتا ئىدى.

— سەندە بىر لاۋشياڭ[1] بار، ئەنە كۆردىمۇ؟ — دېدى يول

① لاۋشياڭ — يۇرتداش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بويى گەپ - سۆزسىز كىلىۋاتقان خوٖيزو هارۋىكەش توساتتىن ئالدى تەرەپنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ. ئاسىيە بويىننى سوزۇپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئوٖچ ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا مورىسىگە سىرىق سومكا ئىسىۋالغان بىرسى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ، ئۇلار كىلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

— ئابدۇ، سەن بۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ — هارۋىكەش ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سورىدى ۋە ئاسىيەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دىدى، — قارا، سەندە بىر لاۋشياڭ كەلدى، ئۆزى دوختۇر.

ناتونۇش كۆزلەر «لاپ» قىلىپ بىر - بىرىگە قىزىقىش بىلەن باققاندىن كىيىن، ئاسىيە دەرهال نەزىرىنى يىغىپ، يىگىتنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئورۇن بوشىتىپ بىرىش ئۈچۈن يۈك - تاقىسى تەرەپكە سىلجىدى، يىگىت هارۋىغا چايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كىيىن، ئاسىيەگە بايىقىدەكلا قىزغىنلىق ۋە قىزىقىش بىلەن سەپسالدى ۋە:

— دوختۇر كىلىدىكەن دىۋىدى، سىز ئىكەنسىز - دە، — دىدى هارۋا قوزغىلىش بىلەن تەڭلا گەپ باشلاپ، — ئىسمىڭىز نىمە؟

— ئاسىيە.

— مىنىڭ ئىسمىم ئابدۇللا، يىزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغانىدىم. ئىككى يىل بولدى، چارۋا دوختۇرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

يول بويى مىسكىن كىلىۋاتقان ئاسىيەگە بۇ يىگىتنىڭ قىزغىنلىقى بەكمۇ يىقىپ كەتتى. ئۇ گويا بىر تۇغقان قىرىنداشنى تىپىۋالغاندەك خۇش بولدى.

— ئابدۇ، خۇش بولدىمۇ، سەندە پايداڭزا بار، — دىدى هارۋىكەش قامچىسىنى ئات ئۇستىدە ئوينىتىپ قويغاندىن كىيىن كەينىگە قاراپ كۈلۈپ.

يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋە قىلدى. ئۇ بىشىدىكى كونا شەپكىسىنى بىردەم - بىردەم ئىلىپ ئۆسكىلەڭ، يىرىك

قارا چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارايتتى، سەۋەبسىزلا كۈلەت-
تى ۋە ئاسىيەگە يەر تېگىدىن ئىتتىك - ئىتتىك باقاتتى. لەۋ-
لىرى بىر شېرىنلىكنى تەمشىپ قانمايۋاتقاندەك قىيا ئېچىلغانىدى.

*　　　*

ئابدۇللا مەھەللىدىكىلەرنىڭ قىزىقسىنىپ كۈلۈشلىرىگە،
ھەر خىل گەپلەر بىلەن ئاسىيەگە چېتىپ چاقچاق قىلىشلىرىغا
پىسەنت قىلماي، دادىي ئىشخانىلىرى قاتارىدىكى دوختۇرخانا
قىلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن كونا ئۆينىڭ ئىشىك - دې-
رىزىلىرىنى رېمونت قىلدى. گۆشى بازىرىدىن گۈللۈك قەغەز
ئەكېلىپ ئۆينىڭ تورۇسىنى خۇيلىدى، ئون نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى خۇمداندىن ھاك ئەكېلىپ ئاسىيەنىڭ: «بولدى،
ئۆزۈم قىلاي» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى ئاقار-
تىپ چىقتى. ئاسىيە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىنى ئاق داكا چىمىلدىق
بىلەن ئايرىپ ياتاق ياسىدى. قالغان يەرگە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى،
دورا - ئوكۇل ئىشكاپى ۋە ئۈستەل قويۇلدى. گەرچە ئۆي كىچىك
بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇللا بىلەن ئاسىيەنىڭ تىرىشچانلىقىدا بەكمۇ
سەرەمجان، رەتلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى. كۈندۈزلىرى بۇ
يەردىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەتتا بەزى كۈنلىرى نۆۋەت
ساقلاپ ئولتۇرۇپ كەتكەن كېسەلنىڭ جىقلىقىدىن ئالدىراشچى-
لىقتا ئاسىيە كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزمەيلا قالات-
تى. كۈن تاغ كەينىگە قايرىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر
شالاڭلاپ دادىي ئىشخانىلىرى جايلاشقان بۇ يوغان قورۇدا ئاسىيە
يالغۇز قالاتتى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بۇ يەردىن يىراقراق ھەم
شالاڭ جايلاشقانلىقى ئۈچۈن كەچ كىرگەنسېرى ئاسىيەنىڭ يۈرى-
كىنى قورقۇش ۋە غېرىبسىنىش ئىگىلەيتتى، بۇ سېزىم ئۇنى
ئەندىكتۈرەتتى، چۆچۈتەتتى، نەپەسلىرىنى بوغۇپ ھەربىر تىنى-
قىنى تىڭشايدىغان قىلىپ قوياتتى. دادىي باشلىقلىرى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىپ ـ قوپۇشىنى ئەزالارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولـ ـ
غاندا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن مىگىر پۇشايمان قىلاتتى. چوڭ
شەھەرنىڭ تاكى تۈن تەڭ بولغۇچە بېسىلمايدىغان شاۋقۇن ـ
سۈرەنىگە، كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىراغلىرىغا
ئۆگىنىپ قالغان ئاسىيەدە بۇ خىلۋەت قورۇدا يالغۇز قالغاندا
پەيدا بولىدىغان بۇ خىل قورقۇنچ ئۇنى ئادەمگە موھتاج قىلىپ
قويدى.

پەقەت بىرلا ئابدۇللا ھەر كۈنى نامازشام بىلەن يوقلاپ كې ـ
رەتتى.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دەيتتى ئۇ قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇ ـ
رۇپ، — نېمىگىز كەم، نېمىگىز تولۇق، نېمىگىز يىراق، نېمە ـ
گىز يېقىن؟ خىزمىتىگىزگە قۇللۇق!

شۇنىڭ بىلەن ئاسىيەنىڭ غېرىبلىقى غايىب بولۇپ، ئابدۇللا
بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. ئۆزىگە ئەتكەن تاماقلىرى
بىلەن مېھمان قىلاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي مەھەللىدە ئۇلار توي قىلغۇدەك دېگەن مىش ـ
مىش پاراڭ چىقىشقا باشلىدى. بۇنداق پاراڭنىڭ چىقىشى تەبىئىي
ئىدى. چۈنكى، بىرنەچچىلا داۋي بار بىر گوڭشېدا ئىككىسىدىن
باشقا مىللەتداش بولمىسا، ئىككىسى بىر مەھەللىدە، بىرسى ئا ـ
دەم دوختۇرى، بىرسى مال دوختۇرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسى
ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنى تازا ئارزۇ قىلىدىغان ياشتا كې ـ
تىۋاتقان نەۋقىران يىگىت، يەنە بىرسى ھۆسنىگە تولۇپ تەييار
بولغان قىز تۇرسا، قانداقمۇ بۇنداق گەپنى چىقمايدۇ دېگىلى
بولسۇن؟ بىراق، بۇ گەپتىن ئاسىيە بەكمۇ خاپا بولاتتى. شۇنداق
گەپنى قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى يېلىملىۋەتكۈسى كېلەتتى. گەپ ـ
نىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئاسىيە ئابدۇللانى ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ
يىگىتنىڭ تازا قۇرامىغا يەتكەن مۇشۇنداق چاغلىرىدا شارائىتى ـ
نىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن بويتاق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا
ئېچىناتتى، ئىچ ئاغرىتاتتى، لېكىن ئاسىيە كۆڭلىنى ھەرقانچە

ئاختۇرسىمۇ تېپىلمىدىغىنى مانا شۇلا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ
كۆڭلىدە زەررىچە نەرسە يوق. شۇڭا، ئۇ تېرىكتى، ھەتتا بۇ گەپ
ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. تېببىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغ-
لىرىدا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىكى ئابدۇللادىن نەچچە ھەسسە
ئارتۇق تۇرىدىغان يىگىتلەرنىمۇ نەزەر كۆزىگە ئىلىپ قويماي
يۈرگەنىدى. ئەمدى قانداق قىلىپ ئۇنىڭدا ھېچقانداق سۆيۈش
ھېسسىياتى قوزغىمىغان بۇ قارىمۇتۇق، كېلەڭسىز يىگىتكە ئۆ-
زىنى بېغىشلىغۇدەك؟ بۇلارنى ئويلىسا ئاسىيەنىڭ بەدىنىنى سو-
غۇق تىترەك باساتتى. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇللاغا
بۇرۇنقىدەك چىراي ئاچمايدىغان، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ كىرگىنى-
نىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇپ تۇرىۋېرى-
دىغان بولۇۋالدى. ئابدۇللاچۇ؟ ئۇ ئاسىيەنى يولدا، ھارۋىدا
ئۇچراتقان چاغدىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئاسىيە كەلگەن
كۈندىن باشلاپ ئۇ بىر گۈزەل ھاياتقا قايتىدىن قەدەم قويغاندەك ھا-
ياجانلىق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاسىيەنى بىر
كۈن كۆرمىسە چىدىمايتتى، ئۇنىڭ ئۆتىدا پۇچىلىنىپ تۈنلەرنى
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. بۇ ۋىسال تەشنالىقى ئۇنىڭ يۈرىكىگە
شېرىن ئازاب سېلىپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان قىلىپ
قويدى. ئۇ بۇ كۆڭۈل ئىستىكىنى ئاسىيەنىڭ قوبۇل قىلىشىغا
ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بىرقانچە قېتىم ئاسىيەگە تەلەپ قويدى.
بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئاسىيە ئۇنى رەت قىلدى. بۇ ئىش
ئابدۇللانى خىجىل قىلدى، رەنجىتتى ھەم ئازابلىدى، ئەمما كۆڭ-
لىنى قايتۇرالمىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن مەھەللىدە تۇيۇقسىزلا ھاۋا ئۆزگىرىپ
دەھشەتلىك بوران چىقىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆي - ئۆيلىرىگە
قاچتى. بوراننىڭ ئەۋجىگە ئېلىپ سۈرلۈك گۈركىرىشى ئادەمنىڭ
كۆڭلىگە ئاللىقانداق قورقۇنچ ۋە ئەندىشە سالاتتى، كەچ كىرىپ
بوران تېخىمۇ كۈچەيدى، ئاسىيە ئىشىك - دېرىزىلەرگە قور-
قۇمسىراپ قاراپ قوياتتى. دېرىزىنىڭ ئەينەكسىز كۆزنىكىگە

چاپلانغان قەغەز يىرتىلىپ، بوراننىڭ زەربىسىدە تېخىمۇ ئەنسىز شاراقلاپ ۋەھىمە سالاتتى. ئۆي سوغۇق بولغانلىقتىن، ئۇ يوتقانغا كىرىپ كىتاب كۆرمەكچى بولدى. ئەمما، سوغۇق ۋە بوراننىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە ھېچ نەرسە چۈشمىدى. ئۇ ئاخىر كىتابنى قويۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتتى. ئاللىقا-ياقلاردىن كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك ئۇشقىرتىش يەر بېغىرلاپ ئۇقتەك ئۇچۇپ كېلىپ دېرىزە ئالدىدىن كېتەتتى. نېمىلەردۇر تاراقلاپ ئۆرۈلەتتى. يىراق - يىراقتىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋ-غان ئاۋازى كېلەتتى. ئاسىيە قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. بىر چاغدا ئۇ خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كېچىسى ھۇۋۇلداپ قالىدىغان بۇ يالغۇز قورۇدا ئۆتكۈزگەن ئۈچ يىللىق ھايات ئۇنى تولىمۇ ھوشيار قىلىپ قوي-غانىدى. ئۇ چاشقاننىڭ تىرىقلىشىدىنمۇ ئويغىنىپ كېتەتتى. تۇ-يۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا غەيرىي، يېقىمسىز بىر ئاۋاز كىرگەندەك قىلدى. ئاسىيە لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى. ئەينەكسىز كۆزنەككە چاپلاپ قويۇلغان گېزىت يىرتىلغان، جەينىكىگىچە ئېچىگە كىر-گەن بىر قول ھە دەپ تاقاقلىق دېرىزە قاناتلىرىنى ئېچىش ئۇ-چۇن ئىلگەكنى ئىزدىمەكتە ئىدى. دېرىزىگە خۇددى شەپەرەڭدەك چاپلىشىپ تۇرغان بىر قارا گەۋدە دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقلۇقنى توسۇپ، ئۆينى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەنى-دى. ئاسىيەنىڭ كاللىسىدا چاقماق چېقىپ كەتتى. قورقۇش، ھودۇقۇش ئۇنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، ئۇ خۇددى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— ئوغرى كەلدى، ئابدۇللا قوپۇڭ! ئىتتىك بولۇڭ! مانا چېي-دۇ، ياق، چىراغنى ياقماڭ! ... — ئاسىيە بىر تەرەپتىن، ۋارقىرايتتى، بىر تەرەپتىن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇرۇپ نەرسە - كېرەكلەرنى تاراقشىتاتتى. قارا گەۋدە ھا-پىلا - شاپىلا قولىنى تارتىپ دېرىزە ئالدىدىن يوقالدى. ئاسىيە-نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۆمدى، ئاۋازى بوغۇلدى. سىرتتا

بوران گۈركىرىمەكتە. يىرتىلغان قەغەز توختىماي شاراقلىماقتا،
ئاسىيە ئۆزىنى تۇتالماي جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. ئىچ ـ ئى-
چىدىن يامراپ كېلىۋاتقان يىغا بوغۇزىغا ئۇرۇلۇپ ھېقىقلاپ كەت-
تى، چانىقىغا پاتماي ئۆرلەپ چىققان ياش يامغۇردەك تۆكۈلەشكە
باشلىدى. ئۇ ئۈن چىقارماسلىققا تىرىشىپ، يوتقان بىلەن ئاغزى-
نى ئېتىۋالدى، ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلمەكتە، ئىچ ـ ئىچىدىن
يىغانى قايناپ بوغۇلماقتا ئىدى.

بوران ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ توختىدى. يىراقتىن خوراز
چىللاپ تاڭدىن بەلگە بەردى. ئاسىيە قورقۇنچ، غېرىبلىق، ئەلەم
بىلەن ئۇزاققىچە ئاشۇنداق ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا ھەممە
نەرسە كەچتى. ئۆتكەن ھاياتى، ھازىرقى ھاياتى ۋە كېيىنكى ھايا-
تى كەچتى. يىراق ـ يېقىندىكى توخۇلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن
قىچقىرىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ چىقمىدى. يەر ـ جاھاننىڭ
سۈتتەك يورۇپ كەتكىنىنى كۆزى كۆرمىدى. ئىشقا چىققان دېھ-
قانلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى خىيالىنى بۆلەلمىدى. ئۇ پەقەت قا-
رىچۇقى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا ـــ دېرىزىنىڭ قەغىزى
يىرتىلغان كۆزنىكىگە تىكىلگەن پېتى تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئول-
تۇراتتى، بىر چاغدا ئىشىكنىڭ جالداقشىتىپ تارتىلىشى ئۇنىڭ
خىيالىنى بۆلدى. دەسلەپ ئىشىك ئالدىدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ
گۇدۇڭلىغان ئاۋازى، ئارقىدىن كىمدۇر بىرسىنىڭ: «ئاسىيە
دوختۇر!» دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى. ئاسىيە ئورنىدىن تۇرماقچى
بولدى، بىراق تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مادار مۇشۇ بىر
كېچىدە سەرپ بولۇپ تۈگەپ كەتكەندەك، ئورنىدىن قىمىرلىيال-
مىدى. ئۇنىڭ بېشى ھەم كۆزى چىڭقىلىپ لوقۇلدىماقتا، پۇت ـ
قوللىرى دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە خىزمەتكە
كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان تۈنجى قېتىم دوختۇرخانىسىنى ئا-
چالمىدى. ئاسىيە يوتقىنىنى تارتىپ يېپىشقىمۇ مادارى يەتمىگەن
ھالدا يېنىغا ئۆرۈلۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كېچە بولۇپ ئۆت-
كەن ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئۇ بۇ خورلۇققا چىدى-

ماي تولغاندى. ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئۇنى سوغۇق تىترەك باساتتى. ئۇ شۇ دەمدە نېمە ئۈچۈن ئابدۇللانى تىلغا ئېلىپ قالغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ قوغدىنىشنى ئويلاپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى. راستىلا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئابدۇللادىن غايىبانىسىگە پايدىلاندىكىنە؟ ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇ ئابدۇللانىڭ تەلمۈرۈشلىرىگە پىسەنت قىلماي، ھەتتا شۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىسىلا تېرىكىپ يۈرگەنىدى. بىراق، ئۇ ئاخشامقى قورقۇنچلۇق پەيتتە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۇنى ئاغزىغا ئېلىپ قالدى. بۇ يەردە ئاسىيە ئۈچۈن مەيدە كېرىپ ئالدىغا چىقىدىغان، ئاسىيەگە موھتاجلىق ئازابى يەتكەندە ھازىر بولىدىغان ئابدۇللادىن باشقا كىم بار؟ ئۇ ئاسىيەگە مۇشۇ توغرۇلۇق مىڭ مەرتەم، ئون مىڭ مەرتەم ۋەدە قىلغانىدىغۇ. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي ئابدۇللانى تىلغا ئالدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۇرمۇشتا ئاشۇنداق بىر ھەمراھنىڭ بولۇشىغا موھتاج بولسا كېرەك. ئۇ ئەمدى ئابدۇللانىڭ ئۈچ يىلدىن بېرىقى مەجنۇنلارچە مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇھەببەت بولمىسىمۇ، بەخت، لەززەت بولمىسىمۇ، تەشۋىش بولمىسىلا، يالغۇزلۇق بولمىسىلا، ئاخشامقىدەك قورقۇنچلۇق كېچىگە دۇچار بولمىسىلا مەيلى.

بىر كۈن كەچكىچە ئويلانغان ئاسىيە ئاخىر شۇ قارارغا كەلدى.

## 3

ئابدۇللا بىلەن ئاسىيە ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان قوشنا ناھىيەگە يۆتكەلدى. ئاسىيە ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا، ئابدۇللا ناھىيەلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئورۇنلاشتى.

— قانداق بولۇپ بۇ كىشىگە تېگىپ قالغاندىڭىز؟ ئۆزىڭىزگە پەقەتلا ماس ئەمەسقۇ؟ — ئۇلار يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆت-

مەيلا ئاسىيەنىڭ بەزى خىزمەتداش ھەم قوشنىلىرى ئاسىيەدىن ھەيران بولۇپ سوراشتى، — ئۆزىڭىزگە قارىسا بىر قوشۇق چاي بىلەن ئوتلاپ يۇتۇۋالغۇدەك، ئەمما ئۇ ياق...

بىر كۈنى قىرىق ياشتىن ئېشىپمۇ ئۆيلەنمىگەن بىر قېرى يىگىت ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىپ، كېتەر ۋاقتىدا ھېيىقمايلا مۇنداق دېدى:

— قىز بالا توي قىلغۇسى كەلسە كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەسمىش، بىز ئەرلەر ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلىمىز چۈشمىسە قېرىپ كېتىشكە رازىمىزكى، ئۇنداق توينى قىلمايلا ئايرىلىشىپ كېتىمىز. سىلەر ئۇنداق ئەمەس ئىكەنسىلەر. ئاسىيە دوختۇر، ئالتۇن بېلىقنىڭ قارا پاتقاقتا ئۆزگىنىنى كۆرگەنمىدىڭىز، بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ـ ھە؟!

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كەلسە ـ كەلمەس ئارىلىشىشنىڭ ئۆزى مەدەنىيەتسىزلىكقۇ، بىلگۈڭىز كەلسە ئېيتىپ بېرەي، مەن ناھايىتى بەختلىك، — ئاسىيە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

ئاسىيە ئۆز تۇرمۇشى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگۈسى كېلىپ قالغان ھەرقانداق ئادەمگە: «مەن ناھايىتى بەختلىك» دېگەن سۆزنى پەخىر ۋە ئىپتىخار بىلەن ئېيتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئۇلارغا قىزىقىدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ، ئىچىدىن نېمىنىدۇر تېپىشقا تىرىشىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاسىيە بىلەن ئابدۇللانى ئەر ـ خوتۇن دېيىشكىمۇ ئاغزى بارماسمىش.

ئاسىيە ئابدۇللانى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلار توي قىلغان ئون يىلدىن بۇيان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇ ئالدى بىلەن ئابدۇللانى ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تىك كەلگۈدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. جېدەل ـ ماجىرا دېگەنغۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. ياق، ئۇلار جېدەل قى-

لىشقان، ئەمما پەقەت بىر قېتىملا، تويىنىڭ ئەتىسىلا.
ئابدۇللا شۇ كۈنى بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل بىلەنلا بېزەلگەن ئاددىيغىنا ئۆيدە ئاسىيەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بەختتىن يىغلى-ۋەتكەنىدى.
— بىلەمسىز، ئاسىيە، مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاخىر تەۋەككۈل قىلدىم.
— نېمىگە تەۋەككۈل قىلدىڭىز؟ — ئاسىيە بېشىنى كۆتۈر-مەي تولىمۇ پەس ئاۋازدا سورىدى.
— مەن... ھېلىقى كېچىسى سىزنى قورقۇتۇپ...
— نېمە؟ — ئاسىيە ئەندىككەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى، — ئۇ سىزمىدىڭىز؟ بۇ ياخشى ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. سىزنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىز مېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتۇ. ئىسىت، بىلگەن بولسام... — ئاسىيە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.
— مېنىڭ سىزنى قورقۇتۇش نىيىتىم يوق ئىدى، ئاسىيە، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، تەلىپىمنى ئارقا - ئارقىدىن رەت قىلى-ۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئالجىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتىم، مېنىڭ قىلغىنىم مۇھەببەت ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن... سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، — ئابدۇللا بەكمۇ بىچارە قىياپەتتە ئاسىيەگە تەلمۈردى.
ئاسىيە ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى. ئاسماننى ئاق تۇمان قاپلىغان، كۆك قەرىدە موللاق ئېتىپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان قۇشلار نەگىدۇر يوقالغانى-دى. ئاسىيە غەمكىن كۆزلىرىنى ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن بوشلۇققا تىككىنىچە تۇرۇپ قالدى.
ئاسىيەنىڭ بىردىنلا دىلى يۇمشاپ ئابدۇللاغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. شۇڭا، بېلىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوپال قوللارنى سىلكىۋې-تىشتىن يالتىيىپ مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۇنجى قېتىملىق جېدەل.
ئاسىيە ئابدۇللا بىلەن توي قىلىپ خېلى كۈنلەرگىچە ئازاب-
لىنىپ يۈردى. چۈنكى، ئۇ ئارزۇسىغا — كۆڭۈل دۇنياسىغا باھار
گۈزەللىكى بېغىشلايدىغان ئىنسانغا يېتەلمىگەنىدى. بىراق، ئاب-
دۇللانىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆيۈپ - پىشىپ سەدپارە بولۇشى، ئۇ-
نى ئائىلىسى، ئېرى، بولغۇسى پەرزەنتى ئۈچۈن مۇھەببەت قو-
يۇشقا ئۈندىدى. ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئائى-
لىسى ئۈچۈن تېخىمۇ جان تىكىدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى،
ئابدۇللا ئۇنى جاھاندىكى ھېچقانداق نەرسىنىڭ يېقىنچىلىقى ۋە
تەڭداشسىزلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان ئىككى بالىغا
ئانا قىلدى. ئاسىيەنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى، بارچە مەشغۇلا-
تى، ھەتتا ياشاش ئىستىكى پەقەت ئاشۇ ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈ-
چۈنلا، ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈنلا ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ دىلىنى شاد
قىلىدىغان كىچىككىنە بىر پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماس-
لىققا تىرىشاتتى.
... باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىسىدە بۇنداق پۇرسەتتىن بىرسى
كەلدى. بۈگۈن ئابدۇللانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئاسىيە ئىش-
تىن قايتىپ بازار ئارىلاپ يۈرۈپ بىرمۇنچە نەرسە - كېرەك ۋە
ئابدۇللا ئۈچۈن نەچچە كۈن بۇرۇن كۆرۈپ قويغان چاقماق كۆڭ-
لەكنى سېتىۋالدى. ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ، ئالدى بىلەن ئۇس-
تەلنى تاتلىق - تۈرۈملار، تۇغۇلغان كۈن ئۈچۈن مەخسۇس تەي-
يارلانغان تورت بىلەن راسلىدى. ھېلىقى چاقماق كۆڭلەكنى پەت-
نۇسقا سېلىپ ئورۇن ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. ئاندىن ئابدۇللا
ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى تەييار قىلىپ، ئابدۇللانى داستى-
خانغا تەكلىپ قىلدى. بىراق، ئابدۇللا شۇ ھامان سائىتىگە قارى-
دى - دە، سىرتتا بەكمۇ مۇھىم بىر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ
ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئاسىيەنىڭ بىر كۈن كەچكىچە قىلغان
تەييارلىقى بىكار بولدى. ئۇ ئىككى بالىنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق
يېيىشىگە قاراپ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇردى. ئۇ شۇنداق ئولتۇ-

روْپ نەچچە سائەت ئۆتكىنىنى بىلمەي قالدى. پەقەت بالىلىرى ئوْخلايمىز، دەپ دەۋا قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، ئابدۇللانىڭ ئالدىغا قويماقچى بولغان ھېلىقى كۆڭلەكنى ئېلىپ چامادانغا سېلىۋەتتى. بالىلىرىنىڭ ئورنىنى جايلاپ، ئۇلارنىڭ قېشىدا خىيال بىلەن يېتىپ ئوْخلاپ قالدى. بۇ ئىش ئاسىيەنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئۇ كىم ئۇچۇن شۇنچە ئاۋارە بولغاندى؟ ئابدۇللا ئۇنىڭ شۇنچە پايپېتەك بولۇشلىرىنى قىلچىلىكمۇ نەزىرىگە ئېلىپ قويماي ئەجەب قىلدى ـ ھە؟ كاشكى، تاماقتىن كۆڭلىگە يارىشا بىرەر قوشۇق ئېغىز تەگكەن بولسىچۇ؟ بۇنداق ئىش يېقىندىن بۇيان مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئىشى چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال؟ مۇھىم ئىش دېگەن ۋاقتىدا بولمىسا بولمايدۇ ـ دە، ئىلاجى بولسا ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئاسىيە ئامبۇلاتورىيەدە ئۆز خىيالى بىلەن ئەنە شۇنداق سىردىشىپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ چىرايىنىڭ ئۆڭسۇلى قالمىغان ئىككى قوشنىسى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

ـــ بولسىلا، ئاسىيەخان، چاققان بولسىلا، دەرھال قوپسىلا!

ئاسىيەنىڭ يۈرىكى ئېغىپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ سورىدى ئاسىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋېتىپ.

ـــ چاققان بولسىلا، چاققان!

ـــ زادى نېمە بولدى؟ ـــ ئاسىيە ئۇچىسىدىكى ئاق خالاتنى قانداق سېلىپ تاشلىغىنىنى سەزمىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئەگەشتى. دوختۇرخانا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمچە يول ئىدى.

ـــ ئۆيگە كىرسىلە بىلىلا، ئاسىيەخان. ئابدۇللاخۇن ياخشى

ئادەم ئەمەس ئىكەن، بۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە بىرىنچى قېتىم چېـ ـلىقىشى ئەمەس، خېلى ئۇزاق بولدى. قولۇم ـ قوشنىلار كۆرەر دەپ بىزلەرنىڭ كۆزىگە ئىلىپ قويمىسۇن، سىلىدەك ئايدەك خو ـ تۇننى ئەسلى ئايىمىدى. سىلىگە ئىچىمىز ئاغرىپ چىدىماي قال ـ دۇق. ھازىر ئۇلار ئۆيدە، كىرگەندە كۆرىلا.

بۇ گەپ قۇلىقىدىن كىردىمۇ ياكى يۈرىكىگە ئوق بولۇپ ئې ـ تىلىپ كىردىمۇ، ئاسىيە بىلمەيتتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى بىلمە ـ دى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا تارتتى. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىك ئىدى. ئۇ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىن قىلىپ تىڭشاپ باقتى. ئۆيئىچى ئۈن ـ تىنسىز جىمجىت ئىدى. ئۇ ئىشىكنى جالداقشىتىپ تارتتى.

— كىم؟ — خېلىدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ئابدۇللانىڭ قو ـ پال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، ئىشىكنى ئېچىڭ.

ئالاھازەل ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئاب ـ دۇللانىڭ چىرايىنى جىددىيلىشىش، تەمتىرەش، ئالاقزەدىلىك ئىگىلىگەنىدى، ئۇچىسىدىكى ئاسىيە ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى چاقماق كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسى ئالمىشىپ ئېتىلگەنىدى.

— ئىشلىمىدىڭمۇ؟ — ئابدۇللا ھودۇقۇش ئىچىدە سورىدى.

ئاسىيە گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە ھېچكىم يوق، ئەمما ئورۇن ـ كۆرپىلەر ئېگىز ـ پەس تۇراتتى.

— ئىشقا بارمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئاسىيە ئادەتتىكىچە تە ـ لەپپۇزدا.

— مىجەزىم يوق، قايتىپ كېلىپ ياتاي دەپ تۇراتتىم...

ئاسىيەنىڭ كۆزى توساتتىن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ ئاياغقا چۈشتى ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ كارىۋات ئايغىنى قايرىدى. كارىۋاتنىڭ تېگىدە ناتونۇش بىر ئايال ئىككى

www.uyghurkitap.com

پۇكلىنىپ تۇگۈلۈپ ياتاتتى.

— چىق بۇياققا، رەسۋا! — ئىزىدا قىمىرلىماي ياتقان ئايالغا قاراپ زەردە بىلەن بۇيرۇق قىلدى ئاسىيە.

ئايال ئاستا سوزۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ تېخى ئېتىشكىمۇ ئۇلگۈرەلمىگەن ئالدى ئوچۇق كوپتىسىدىن يالىڭاچ كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسىيە ئۇنىڭغا بىر قارىدى ـ دە، سەسكىنىپ يۈزىنى ئۆرۈدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقماي قالدى. ئۇ ئالدىدا ئۆلۈكتەك تاتىرىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇللانى كېلىشتۈرۈپ ئىككى كاچات سالدى ـ دە، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئورۇندۇقنى قانداق تېپىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمىدى.

ئۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە كۆزلىرى نامەلۇم بىر نۇقتىغا قاراپ چەكچەيگەن، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغان، ئۈن ـ تىۋىشسىز ھالدا ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇردى. ئۆتكەن كۈنلەر، تۇرمۇش خاتىرىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپ يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇ بېشىنى ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ۋۇجۇدى تەقدىر ئۇنىڭغا بۈگۈن كۆرسەتكەن رەسۋا كۆرۈنۈشنىڭ ئەلىمىدىن مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. قەلبىنى بىر خىل ئاچچىق ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەت ۋە چىداپ بولماس پۇشايمان ئىگىلىگەنىدى. رۇخسارىدىكى دائىم ئۆچمەيدىغان شەپەق شولىسىدەك قىزىللىقنى خورلۇقنىڭ قارا تۇمانلىرى يۇتۇپ كەتكەن، قاپقارا نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى مېھىر ـ شەپقەت جۇلاسىنى ھاقارەتلىنىش ۋە ئازاب پاراكەندىچىلىكى كەلكۈندەك باستۇرۇۋقا ئالغانىدى.

ئاسىيە ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ئىشخانا ئىچى قاراڭغۇلۇققا پاتقان بولۇپ، ئەتراپ تىمتاس جىمىغانىدى. ئۇ دوختۇرخانىدا تۈنەشنى ياكى باشقا بىر ياققا كېتىشنى ئويلىدى. بىراق، گۇناھسىز نارەسىدە باللىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇلار نېمە

بولۇۋاتىدىكىن؟ ئانىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق تىكىپ تالاغا
تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتامدىكىن؟ ئۇلار تۇغۇلغاندىن بۇيان ئاسىيە
ئۇلارنى بىر كۈنمۇ يالغۇز تاشلاپ باقمىغان، بىر ۋاخلىقمۇ ئىس-
سىقسىز قويمىغان، ئەگەر ئۆيگە كەتمىسە باللىرى تەرەپ - تە-
رەپكە ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىدۇ.

دېگەندەك، ئۇ ئۆيگە كەلگەندە باللار دۈگدىيىپ ئىشىك ئال-
دىدا ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىكەن.

— ئاپا، نەگە باردىڭ؟ بىز سېنى بەك ساقلاپ كەتتۇق، —
دېدى ئۇلار چۇرقىرىشىپ.

ئاسىيە ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ، قۇربى
يەتمەي كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ باللىرىنىڭ
بېشىنى باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق مېھرى بى-
لەن سىلىدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چاي بەردى. ئورۇن -
كۆرپىلىرىنى سېلىپ، پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ ياتقۇزۇپ قوي-
دى. ۋاقىت ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ
كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ باللىرىنىڭ قېشىدىلا يوتقان - كۆر-
پىسىز داق يەردە دۈم يېتىپ بىر كېچە ئۈنسىز يىغلاپ چىقتى.

## 4

«ئاسىيە ئابدۇللانى تۇتۇۋاپتۇ» دېگەن سۆز چاقماق تېزلىكىدە
ئەتراپقا پۇر كەتتى. ئاسىيەنىڭ قولى زادى ئىشقا بارمىدى. ئەمدى
ئۇنىڭ ئىشلىرى قانداق بولار؟ ئۇ خورلۇق ۋە ئاھانەت كۆلەڭگى-
لىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىنى ئۇنى خورلىغۇچى ۋە ئاھانەت
قىلغۇچى ھېلىقى ئەرگە قانداق توغرىلار؟ ئۆزىنى ئابدۇللانىڭ
ئەمرىگە راۋا كۆرۈپ، نىكاھقا رازىلىق بەرگەن كۈندىن باشلاپ
ئاسىيە ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىنى ئاندەك پاك ساناپ كەلگە-
نىدى. شۇڭا، ئۇ ئەتراپىدىكى بىرەر ئەركەككە تىكىلىپرەك قارى-
غان بولسا!

ئۇ ئابدۇللانىڭ قەلبىنىمۇ ئۆز قەلبىنىڭ ئەينىكى ئارقىلىق كۆزەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەلدى. بىراق، تۇنۇگۇن ئۇ باشقا بىر ئەمەلىيەتنى كۆردى. پاكىت ئۇنىڭ ئىشەنچىنى بىتچىت قىلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى مەنسىتمىگەن، گويا ئەقىدە خالىغان چاغدا خالىغان جايدىن تېپىۋالغىلى بولىدىغان ئەرزىمەس نەرسىدەك نەزىرىگە ئىلمىغانىدى. دېمەك، ئاسىيەنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قىممىتى، ھۆرمىتى بولمىدى. شۇڭا، ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئاسىيەنى جاھاندىكى ئەڭ ئىپلاس ۋاستە ئارقىلىق ھاقارەت قىلدى. گەرچە ئاخشام ئابدۇللا جىنايەتچىگە خاس تەڭقىسلىق بىلەن ئۇنىڭغا: «خاتالىشىپتىمەن، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، مېنى مۈشۈك بىر قېتىم كەچۈرسەڭ، ئۆمۈر بويى ئايىغىڭغا سۆيۈپ ئۆتەتتىم» دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئاسىيە بەربىر ھاقارەتلەندى. بۇنى قانداقمۇ كۆڭۈل خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈپ يوق قىلغىلى بولسۇن؟ بىر سەممى قەلبتە ياغراپ تۇرغان ھايات ناخشىسىنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خورلۇق زارى، ئەلەم ئاھلىرى پەيدا قىلغان ئادەم ئەمدى ئاسىيەگە ئەر بولالارمۇ؟!

ئاسىيە تاماقتىن، ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇ كېچىلىرى ئاھ ئۇرۇپ، كۈندۈزلىرى ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ ئۆتتۈۋاتاتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەمكىن تەبىئىتى ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مادارمۇ بېغىشلاۋاتاتتى. مال دوختۇرلۇق پونكىتنىڭ باشلىقى قاسىمجان ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئاسىيەنىڭ بىر كېلىشىنى سورىدى. ئاسىيەنىڭ ۋاپا ۋە ساداقەت بىلەن ئاچقان باغرىغا پاتماي قالغان ئابدۇللانى ئۆز نىيىتىگە لايىق نېسۋە كۈتۈپ تۇراتتى. مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ بۇ قىزىققان باشلىقى ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاسىمجان بىلەن ئابدۇللانىڭ بىر يەردە ئىشلىگەندىن بېرى پۇرچىقى پىشماي كېلىۋاتاتتى. دېمەك، ئابدۇللانىڭ يانپاشقا چىقىدىغان قەرەلى كەلگەنىدى. خورلۇق يۇ-

رىكنىنى چاك ئەتكەن ئاسىيە نەچچە كېچە ـ كۈندۈزنى ئويلاش بى ـ
لەن ئۆتكۈزۈپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ـ دە، ئېرىنىڭ ئىش
ئورنىغا باردى. ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشى قاسىمجاننى بەكمۇ هايا ـ
جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاسىيەنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن
كېيىن، ئاڭلىغانلىرىنى زەردىگۈش بولغان هالدا بىرقۇر سۆزلە ـ
دى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتتى. ئاسىيەنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ
يېنىپ كەتتى. قەلبى چىداپ تۇرغۇسىز هاقارەتنىڭ زەربىسىدە
يەنە بىر قېتىم پۇچىلاندى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قاتتىق
تىرىشتى.

— ئاڭلىغىنىمدەك، ئۇلارنى ئۆزىڭىز تۇتۇۋالدىڭىز، شۇنداق ـ
مۇ؟ — دېدى قاسىمجان ئېچىنىش ئارىلاشقان سوئال نەزىرى بى ـ
لەن ئاسىيەگە قاراپ.

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق، مەن پەقەت هېلىقى ئىككى خوتۇ ـ
نىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۆيدىن ئەنسىرىدىم. قانداق بىرىپ قالغا ـ
لىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— ۋۇي، — قاسىمجاننىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، —
سىز ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشۈپ قاپسىزغۇ؟

— ئۆيدە ئىككىسى بار ئىكەن، بۇ راست، بىراق مەن كىرسەم
ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىككىسىدىن گۇمان قىلغۇ ـ
دەك هېچقانداق ئالامەت كۆرمىدىم. هەتتا ۋاقىتسىز كىرىپ قال ـ
غىنىمغا خىجالەت بولۇپ قالدىم، — ئاسىيە لەۋلىرىنى قاتتىق
چىشلىدى. نېپىز لېۋىدە چىشنىڭ چوڭقۇر ئىزى قالدى.

— دېمەك، بۇ بىر ئويدۇرما گەپ دەڭ، — قاسىمجاننىڭ ئاۋا ـ
زى پەسلەپ، كەيپىياتى سۇسلاشتى.

— شۇنداق، بۇ بىر ئويدۇرما، بۇ گەپلەرنىڭ قانداق قىلىپ
ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، سىلەر ئاب ـ
دۇللاغا ئىشىنىڭلار.

— لېكىن، ئۇ ئىككىسى توغرىسىدىكى پاراڭ خېلىدىن بۇ ـ
يان... — قاسىمجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى نېمە دەپ چۈشۈرۈشنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەلمەي توختاپ قالدى.

دەرۋەقە، قاسىمجانغا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. خو- تۇن ئەرنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ پاكلىقىغا گۇۋاھ بېرىپ تۇرغان يەردە باشقىلار ئەرنى قانداق قارىلىيالىسۇن؟ ئابدۇللانى راۋۇس جازالاش توغرىسىدىكى پىلانى يوققا چىققان قاسىمجان بوشاشقان هالدا ئاسىيەنى ئۆزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاسىيە ئۇچۇن بۇنداق دېيىش ئاسانمىدى؟ ياق، ئۇ بۇنىڭ ئۆز ئىززەت - نەپسىگە قىلىنغان ئاسىيلىق، غۇرۇرىنى پەسلەشتۇ- رۇش، ئۆز ۋىجدانىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلە- دۇ، ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلاندى. دەسلەپ ئۆزى ئۇستىدە ئويلاندى. بۇ ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسى ئۇنى: «ئابدۇللادىن ئۇزۇل - كېسىل قول ئۈزۈش كېرەك، ئۇ تارتىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئەمەس» دېگەن قارارغا كەلتۇردى. بىراق، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ قارارى مۇجمەللەشتى. ئۇ ئەمدى ئاياللىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئە- مەس، ئانىلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئويلاندى. بۇ ئايرىلىش يالغۇز ئابدۇللا بىلەن ئاسىيە ئۇچۇنلا بولىدىغان ئايرىلىش ئەمەس، مۇ- ھىمى، بالىلارنىڭ ياكى ئانىسىدىن، ياكى دادىسىدىن ئايرىلىشى بولىدۇ. ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان ئاشۇلارنى ياتلارنىڭ چىرايى- غا تەلمۇرتۇش ئانا چىداپ تۇرالايدىغان ئازاب ئەمەس. ئاسىيە تې- خى قېرىپ كەتمىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تامشىنى چا- كىلىتىدىپ يۇرىدىغانلار ئاز ئەمەس. ھەتتا ئابدۇللادىن نەچچە ھەسسە ياخشىلىرى چىقىشى مۇمكىن. بىراق، بالىلىرىغا دادا چىقمايدۇ، ھەرگىز چىقمايدۇ. ئۆز ئىززەت - نەپسى ئۇچۇن ئۇلارنى ھەقلىق باشپاناھىدىن ئايرىۋېتىش ئاسىيە ئۇچۇن گۇ- ناھ، ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۇپ كەت- كەن. ئۇ ئەمدى ئانا، ھازىر ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇچۇن ئويلايدى- غان ۋاقتى. ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا قۇربان قىلالمايدى- غان نېمىسى بار؟ ھەتتا ئىش جانغا تاك كەلگەن تەقدىردىمۇ!

مانا بۇ ئويلار ئاسىيەنى ئابدۇللانى ئاقلاشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئابدۇللانىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئابرۇيىنى قوغداپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئاز بولمىغان بەدەل تۆلىدى. «دەرد پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن گەپ بار، ئاسىيە ھېلىقى ئىپلاس مەنزىرىنى قانداق قىلىپ ئۇنتۇپ كېتىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ باغرى گويا بىر نىجىس كېسەلنىڭ ئازابلىشىدا قالغاندەك كۆڭۈل تۇن تۇختىماي ئاغرىيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە شۇنچە زورلىسىمۇ، بىراق يۈرىكىدە توختاپ قالغان بىر ئاغرىق ئۇنىڭغا ئۇ ئىشلارنى ھامان ئەسلىتىپ، خۇشاللىقى ۋە كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى، لېكىن ئاسىيە ھەممىنى ئىچىدە بىلىپ، تىنۋىش چىقارمىدى. يۈرىكىدىن قان تېمىپ تۇرسىمۇ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. قەلبى ئازاب ئاسارىتىدە غەزەپ دولقۇنى ئېتىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىگە خاتىرجەملىك تۇسى بەردى.

ئاسىيەنىڭ ئابدۇللانى ئاقلاپ چىققىشى قوشنا ـ قولۇملارنى ھەيران قالدۇرۇپ، قاسىمجاننى غەزەپلەندۈردى.

— يانپاشقا ئۆزىلا يامىشىپ چىققانىدى ـ دە، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە جىلە بولۇپ، — بۇ ئاسىيەنىڭ نېمە قىلغىنى، تازىمۇ ۋىجدانى يوق خوتۇنمۇ نېمە بۇ؟!

قوشنا ـ قولۇملارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مۇلاھىزىدە بولۇپ:

— ئەمدى ئۇنى قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈپ ئەر قىلىدىكىنتاڭ؟

— چىراي ـ ھۆسنى، بىلىمى بولغىنى بىلەن كۆڭلى پەس ئوخشايدۇ، — دېيىشتى. بۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە دارىتمىلاپ دېگەنلەرمۇ بولدى. بۇنداق چاغدا ئاسىيەنىڭ يۈرىكى ئازابتىن ئېچىشىپ كېتەتتى. ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلىناتتى. ئۆز ھالىغا بەكمۇ ئېچىناتتى. بىراق، مانا مۇشۇ «بىراق»لا ئاسىيەنى يەنىلا باشقىچە يول تۇتۇشقا، ئابدۇللا بىلەن يەنىلا بىر ئۆيدە ياشاشقا مەجبۇر قىلىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5

ئاردىن بىر يىل ئۆتتى.

ئەتىيازدا ئاسىيە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئۈچ ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى، قايتىدىغانغا يېرىم ئاي قالدى دې-گەندە كۈتۈلمىگەندە ئۇ قاسىمجاندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋال-دى. قاسىمجان خەتتە قىسقىچىلا قىلىپ ئابدۇللانىڭ ھېلىقى خوتۇن بىلەن قولۇم - قوشنىلار ۋە قاسىمجان تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، ھازىر ئابدۇللانىڭ خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇلغانلىقى توغرۇلۇق يازغانىدى. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇ-دىغا بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ياماشقان ئەلەم - ھەسرەت ۋە خورلۇق ئوتى قايتىدىن تۇتاشتى. ئۇ بۇ ئوت ئىچىدە نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۇنىسىز ئىڭراپ، تولغىنىپ كۆيدى. پۈتۈن قۇدرەت - مادارى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئۇ ئەمدى ئارتۇق بەرداشلىق بې-رەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاشۇ ئىپلاس ئەر بىلەن بىللە ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. شۇڭا، ئۆگىنىشنى تۈگىتىپ قاي-تىدىغان كۈنلەردە تەۋەككۇل قىلىپ، دوختۇرخانا مەسئۇلى بىلەن مۇشۇ دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ ئىشلەش ئارزۇسى ئۈستىدە سۆز-لەشتى.

— سىز ئاۋۋال قايتىپ تۇرۇڭ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ باقاي-لى، سىزنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىڭىزغا بىزمۇ قايىل، كەم ئورۇن يوقمۇ ئەمەس، — دېدى باشلىق ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

ئىش ھەقىقەتەن قاسىمجان خەتتە يازغاندەك بولغان، ئاسىيە كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا ھېلىقى خوتۇن بىلەن ئوچۇق - ئاش-كارا ھالدا ئەر - خوتۇندەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ناھىيەلىك دوخ-تۇرخانىدىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسى بىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئاسى-يەنىڭ قايتىپ بېرىپلا ئاجرىشىش توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلىشى ھېچكىمنى ھەيرانلىقتا قالدۇرمىدى. دوختۇرخانا ۋە مال دوخ-

تۇرلۇق پونكىتى ئۇنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە ئاسىيە بالىلىرىنى ئېلىپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ كەتتى.

## 6

ئەتىسى چۈشتە ئاسىيە ئابدۇللانىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — دېدى ئۇ قوللىرىنى خالتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ، — بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

ئابدۇللا دەسلەپ ھودۇقتى، بۇ ھودۇقۇشتىن ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرىگە ئەسەبىي تىترەك ئولاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا ئوڭشىۋالدى ـ دە:

— خېلى ياخشى، — دېدى ياستۇقتىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— بېشىڭىز يەنە ئاغرىپ تۇرامدۇ؟

— ئانچىكى.

— تاماقنى قانداق قىلىسىز؟

— تاماققا تىزىملىتىپ قويدۇم، — بۇ گەپنى قىلىۋاتقان ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز پەسلەپ كۆزى يەرگە ئاغدى.

— دورىلارنى ۋاقتىدا ئىچىڭ، — ئاسىيە ئابدۇللاغا قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى تەلمۈرۈشتىن خۇمارلاشتى. ئاسىيەنىڭ گەۋدىسى يوقىلىپ خېلى ۋاقىتقىچە كۆزىنى ئىشىكتىن ئالالماي ياتتى.

— بىزنىڭ دېگىنىمىز مۇشۇ دوختۇر، — دېدى ياتاقداشلىرىدىن بىرسى ئابدۇللاغا قاراپ، — ئاخشام سىزنىڭ يۈز ـ كۆزىڭىزنى يۇدى، دورا ئىچۈردى. بۇلغانغان كىيىملىرىڭىزنى سالدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولسا كېرەك،

www.uyghurkitap.com

دېيىشتۇق.

ئابدۇللا ياتاقتا بىر ھەپتە ياتتى. بۇ جەرياندا ئاسىيە ئۇنى داۋالاشتىن سىرت، تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ تۇردى. ئاسىيە ئابدۇللانىڭ تەلپىنگە بىنائەن بالىلىرىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇنىڭ قېشىغا كىرگۈزۈپ تۇردى. ئەمدى ئابدۇللانىڭ چىرايىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق ئويناپ تۇرىدىغان بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھازىر، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا پەقەتلا يات بولۇپ كەتكەن بىر تۇيغۇ — پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىۋالغانىدى. بوينىغا پىلاندوسكوپ ئاسقان، ئاق بۆك، ئاق خالاتلىق ئاسىيەنىڭ قىياپىتى — ئۆزىنى تۇتۇشى، ھەتتا قەدەم ئېلىشلىرىغىچە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قايتا ـ قايتا پەيدا بولاتتى. ئەجەب شۇ چاغلاردا ئۇ ئاسىيەنىڭ بۇنچىلىك جازىبدار ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان!؟ ئۇنىڭ ئەتكەن شۇنداق مەززىلىك تاماقلىرى قاچانلاردىن باشلاپ ئاغزىغا تېتىماس بولۇپ قالغان بولغىيدى؟!...

بىر كۈنى سەھەردە ئاسىيە ئابدۇللاغا چوڭ قىزىدىن تىترەپ تۇرغان بىر تەخسە يۇتازا بىلەن بىر چەينەك سۈت كىرگۈزدى. ئابدۇللا كۈندىكىدەك راھەتلىنىپ غىزالاندى. ئۇ ئاسىيەنىڭ كۈتۈشىدە مۇشۇ ياتقانچە ئۆمۈر بويى ياتسىمۇ مەيلى ئىدى! بىراق، ئەتىگەنلىك تەكشۈرۈشتە ئاسىيە ئۇنىڭغا ئەمدى ياتاقتىن چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ قان بېسىمى چۈشۈپ نورماللاشقانىدى. ئابدۇللا خالىمىسىمۇ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى، لېكىن ئاسىيەنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

— چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشەرمىكىن، — دېدى بىر سېسترا ئۇنىڭغا مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ.

ئابدۇللا ئامبۇلاتورىيە بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈك يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. جىددىيلەشكەنلىكىدىنمۇ ياكى بىرنەچچە كۈن تالاغا چىقماي ياتقانلىقىدىنمۇ، ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇ-

غان ھالدا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئىشقا چۈشىدى-
غان ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ جىددىيلىكى ئاشتى. بىراق،
ئۇ ئۆز نىيىتىگە ئىشەنچى كامىل بولغاچقا كۆڭلى توق ئىدى.
ئابدۇللا يىراقتىن كەلگەن تونۇش كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ
ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. پۈتىغا ئېگىز پاشنىلىق پارقىراق قارا
تۇپلەي، ئۇچىسىغا بېغىر رەڭ سارجىدىن كاستۇم ـ يوپكا كىي-
گەن ئاسىيە بىر ئايال بىلەن ياندىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ مۈرىسىگە تاشلىنىپ دولقۇنلاپ تۇرغان بۇدۇر چېچى ئاق
چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى.
ئابدۇللانىڭ يۈرىكى تەرتىپسىز سوقۇپ، تىنىقى ئىتتىكلەپ
كەتتى. ئۇ ھەدەپ گېلىنى قىرىپ شەپكىسىنى تۈزەيتتى. ئاسى-
يەگە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن كاللىسىغا ھېچنېمە كىرمىدى.
ئاڭغىچە ئاسىيە ئۇنىڭغا يېقىنلاپلا قالدى. ئابدۇللا ئالدىراپ ئال-
دىغا بىر قەدەم ئۆتۈپ ئاستا چاقىردى.
— ئاسىيە!
ئاسىيە ئابدۇللانى كۆرۈپ يېنىدىكى ھەمراھىغا كۈلۈپ باش
لىڭشىتىپ خوشلاشتى ـ دە، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.
— ئاسىيە، ۋاقتىڭىز بولسا ئازراق پاراڭلاشساقمىكىن
دېگەنىدىم.
— ئىشقا چۈشىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى، مانا قاراڭ، — ئا-
سىيە بېغىنى سەل ئۆستىگە سۈرۈپ سائىتىگە قاراپ قويدى.
ئابدۇللا بىرنەچچە دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ «كەچتە،
ياكى سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بار بىر چاغدا» دېگەن تەكلىپىنى بېرىش-
نى ئويلىدى. بىراق، تەقەززالىقتىن ئارامىنى يوقاتقان كۆڭلى
ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىگە، ھەتتا گەپنى بىر مىنۇت كېچىكتۈ-
رۈشكىمۇ يول قويمايتتى.
— ئاسىيە، — دېدى ئابدۇللا دۇدۇقلىغان ھالدا، ئۇنىڭ
چىرايى سەل قىزاردى، بىراق ئاھاڭىدا بىر خىل ئىشەنچ ئۇرغۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، — سىزنىڭ بۇ قېتىم قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرارمەن، دەپ بەك ئويلاندىم. ئاسىدە، ئەگەر قارشى پىكرىڭىز بولمىسا يېنىشىپ قالايلى، بالىلىرىمىزنى بىرلىكتە بېقىپ، بەختلىك ئائىلىمىزدە بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتەيلى، قانداق دەيسىز؟ — ئابدۇللا ئاسىيەنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— بالىنىستتىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولدىڭىزمۇ؟ — بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئاسىيە كۆزىنى ئابدۇللاغا دادىل تىكىپ تۇرۇپ يۇمشاق ئاۋازدا سورىدى.

— بېجىرىپ بولدۇم، — كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا.

— ياخشى بوپتۇ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشلار شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئابدۇللا ئاسىيەنىڭ گېپىدىن ھېچ نەرسە ئۇقالماي گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى.

— بولدى، — ئاسىيە يۇمشاق تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى، — سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدى دەپ ئويلامسىز، چۈشەندىم، ناھايىتى ياخشى چۈشەندىم، بىراق سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنمىدىڭىز. سىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن كۈنى ئەھۋالىڭىز ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، مەن سىزنى داۋالىدىم، بۇ مېنىڭ كەسپىي بۇرچۇم.

بىراق، ئابدۇللا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك بىر قىياپەتتە تۇراتتى. ئاسىيەنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ئاسىيە، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئارانلا ئاڭلاندى. ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەۋاتاتتى، — سىزدىن ئايرىلىپ مۇنداق كۈنلەرگە قالارمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى بەكمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى. ئاسىيەنىڭ كۆڭلى شۇررىدە ئېرىپ كۆز ئالدى غۇۋالاشتى. بىر چاغلار-

دىكى گۈزەل ياشلىقىغا سىرداش، جاپالىق تۇرمۇشىغا ھەمدەم بولغان ئابدۇللا ھازىر ئۇنىڭ ھايات خاتىرىسىنى قايتىدىن ۋاراقلاپ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ تاتلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەتكەندەك قىلدى. ئاسىيەنىڭ باغرى يېقىملىق ئەسلىمىدىن ئېلىلدى. ئۇ گويا تۇنجى سۆيۈشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك بوشىشىپ قالدى. مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ خىيالى شېرىن ئايلاردا كۆرگەن لەززەتلىك چۈشلەر دېڭىزىنى كەزدى. ئانا بولۇش پەيتلىرى سۈرگەن شادلىق ۋە ئارزۇ - ئارمانلار ئۇپۇقىنى سۆيدى. ئۇنىڭ قەلبى مۇڭلاندى. ئاشۇ ئۇنتۇلۇپ بولماس خاتىرىلەرنى تەڭ يازغان بىر چاغلاردىكى ھالال جۈپتىنىڭ ھالى بۈگۈن نېمە بولغان - ھە؟! ئاسىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇللا ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن دەسسەپ - چەيلىگەن بەتبەشىرە مەنزىرە كەلدى. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدى گويا تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن جۇدۇن - چاپقۇندا قالغاندەك مۇزلاپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. ئىزىدا ئەندىكىپ تەۋرەندى. ئاسىيە لېۋىنى مەھكەم چىشلىدى. ئۇ ئابدۇللاغا بىر تامچىمۇ يېشىنى كۆرسىتىشنى خالىمىدى.

ئابدۇللا ئاسىيەدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزمىدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن ئېڭىكىنى ئېچىشتۇرۇپ سىرغىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئاستا دېدى.

— بۇ چاغقىچە ئاچچىقىڭىزمۇ يېنىپ قالغاندۇ، يېنىشىپ قالايلى.

ئاسىيە ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى.

— ئايالىڭىز قېنى؟ — دېدى ئۇ پەس، ئەمما كەسكىن ئاۋازدا.

— ئاجرىشىپ كەتتىم.

— دېمەك، مەن بىلەن ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرماقچى ئىكەنسىز - دە؟

ئابدۇللا بىرنەچچە دەقىقە جاۋاب ئىزدەپ ھودۇققاندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

نىمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇرىدى. ئاسىيە بۇ غۇدۇراش ئىچىدىن ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىدى ھەمدە ئابدۇللاغا «يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟» دېگەندەك نەزەردە تىكىلدى.

— ئازماس ئاللا ئىكەن، ئاسىيە بىر مەزگىل مېنى شەيتان ئازدۇرۇپ...

— شۇنداقمۇ؟ — ئاسىيەنىڭ رۇخسارىغا سوغۇق كۈلكە تەپتى، — راستلا شەيتان ئازدۇرغانمۇ ياكى كۆڭلىڭىزنىڭ ئەسلىي خاھىشىنىڭ ۋەسۋەسىسى شۇ كويغا سالغانمۇ؟ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بارلىقىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ سىزنى شۇ نىشانغا باشلاپ بارغان كۆڭۈل بوگۈن ئەجەبا ۋۇجۇدىڭىزدىن جاي يۆتكەپ كەتتىمۇ؟ ئابايا «بەختلىك ئائىلە»، «بالىلار ئۈچۈن» دەپ قالدىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاللىقاچان ئەھمىيەتىنى يوقاتقان ئەمەسمىدى؟ مەن سىزنىڭ ئادەم سىياقىڭىزنى يوقاتقانلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ سىزنى ئاقلىدىم، بىر ئېغىز گەپ - سۆزسىز كەچۈردۈم. بۇ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن، سىز ئابايا دېگەن «بەختلىك ئائىلە» ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ بىراق، سىز بۇنى بىلمىدىڭىز. ئەكسىچە، «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ» كېتىۋەردىڭىز. مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىمنى پەقەت سىزگىلا بېرىشكە تىرىشتىم. بىراق، بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلمىدىڭىز. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ خوتۇن سىزگە بېرەلىگەنچىلىك مېھىر - مۇھەببەت يوقمىدى؟ راست گەپنى قىلسام، ئەينى چاغدا مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئەمەس، توي قىلغاندىن كېيىن گەرچە مېنىڭ سىزگە نىسبەتەن مۇھەببىتىم بولمىسىمۇ، ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزۈمدە كەم بولغان بۇ نەرسىنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشقانىدىم، ئەمما، سىز ھەممىنى يوقىتىپ قويدىڭىز... ئەمدى كېچىكتىڭىز، ئابدۇللا، بىر ھەپتىدىن بېرى قىلغانلىرىم سىزدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. چۈشىنىڭكى، بۇ ھەرگىز مۇھەببەت ئۈچۈن

ئەمەس، — ئاسىيە ئابدۇللاغا يەنە بىر قېتىم دادىل تىكىلدى-
دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ
كەتتى.

ئابدۇللا تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك گەپ - سۆز-
سىز ھالدا ئىزىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاسىيەنىڭ گەۋدىسى
يىراقلاشقانسېرى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئاسىيەنىڭ ئوبرازى
شۇنچە زورىيىپ، بۈيۈكلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئاسىيە بىنانىڭ ئى-
شىكىدىن كىرىپ كەتكەندە ئابدۇللانىڭ يۈرىكىدىن نېمىدۇر سۇ-
غۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە
تەكرارلايتتى:

— ئاشۇ ئايال بىر چاغلاردا مېنىڭ ئايالىم ئىدى - ھە؟

ئاھ، ئۇ قانچىلىك بەختلىك چاغلار ئىدى! ئاسىيە، سەندىن
ئايرىلىشنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئەجەب تەسەۋۋۇر
قىلالمىغانىكەنمەن، سەن مېنىڭ قېشىمدىن قاچان كەتتىڭ، ئا-
سىيە؟ شۇ چاغدا مېنىڭ ئەس - ھوشۇم ئۆز ئىلكىمدە بولغىي-
مىدى، سەن نېمىشقا مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ بولسىمۇ، مېنى
ئۇ ھوشسىز ئۇيقۇدىن ئويغىتالمىغان بولغىيدىڭ؟ ئەمدى سەن
ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بولماسسەنمۇ؟ ئاھ، ئاسىيە، ئاھ، خۇدا!...

# توختى يوقلام

باشلىقىمىزنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالدىمىكىن، ئىدارىدە بىر ئوبدان خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنى ئويان - بۇيان يۆتكەپ، خۇددى ياغاچچىنى ئۆتۈك تىكىشكە، موزدۇزنى ئىشكاپ ياساشقا بۇيرۇغاندەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى. بۇنداق ئىشلار كۆپەيگەنسېرى بىز ھەيران بولۇشقا ئۈلگۈرۈپ بولالماي قالدۇق. لېكىن، مۇشۇ سەۋەبلىك بىر خىزمەتدىشىمىزنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى، زىيادە سەزگۈرلۈكى ھەممىمىزنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىشخانىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىز بۇنىڭغىمۇ يەنىلا كۆنۈپ كەتتۇق. بۇ خىزمەتدىشىمىزنىڭ ئىسمى توختى، ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، كۆتمەك بۇرۇتى بار، چىرايى قارامتۇل ئادەم ئىدى. ياپما قاپىقى چىرايىنى سۇرلۇك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئىقتىدارىغا ھەممىمىز قايىل ئىدۇق. ھەرقانداق چىگىش، مۇرەككەپ ئىشنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىۋېتەتتى. ئۇ خىزمەتكە بىر چۆكۈپ كەتسە، تاماق يېيىشنىمۇ، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا بەزىلىرىمىز: «ھەي توختى، خوتۇنۇڭلار ئۆيدىن قوغلىۋەتمىگەندۇ ھە، ئۇنداق ئىش بولسا راستىنى دەڭلا، بىز خوتۇنۇڭلىغا نەسىھەت قىلىپ سىلىنى ئۆيۈڭلىگە ئەكىرىپ قويايلى» دېسەك، بەزىلىرىمىز: «ئۇنداق ئەمەس، ئۆيگە بارسا پەشتامىنى تارتىپ، لەڭمەن سوزىدىغان، كىر - قات يۇيىدىغان گەپ. شۇنىڭدىن قورقۇپ يۇ

يەردە ئولتۇرىدۇ» دەپ كۈلۈشەتتۇق. توختى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئۇ چاقچاققا چاقچاق قايتۇرمىغاندىن كېيىن بىزمۇ جىم بولۇپ قېلىشاتتۇق.

بىر قېتىملىق كادىر تەڭشەشتە توختى ئىدارىمىزدە يېڭى قۇرۇلغان «ئىنتىزام تەكشۈرۈش» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. بۇ، ئىدارىمىزدىكى كادىرلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرى بولسا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشخانا ئىدى. بۇ ئىشخانىدا توختىغا قىلغۇدەك نېمە ئىش بار دەيسىز؟! ئىدارىمىزدىكى كادىرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە زىيالىيلار تۇرسا، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلاتتىمۇ؟ ئىش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان توختى بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر ئىش قىلغۇسى باردەك، لېكىن نېمە ئىش قىلىشنى ئۆزىمۇ تازا بىلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىشسىزلىقتىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارىنىڭ يوقلىما خىزمىتى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇپ قالدى. ئاللا كارامەت، ئۇ بۇ ئىشقا نەچچە يىل كېيىن قاپتىكەنمۇ نېمە؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا چۈشۈشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىدارىگە كېلەتتى. يوغان يوقلىما دەپتىرىنى قولتۇقىغا مەھكەم قىستۇرۇپ تەخ بولۇپ تۇراتتى. گىمناستىكا باشلانغان ھامان ئوڭ پۇتىنى بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ پەشتىقىغا ئېلىپ، يوقلىما دەپتىرىنى تىزىغا مەھكەم چاپلاپ، كۆزلىرىنى دەرۋازىغا تىككىنىچە سىڭار يان بولۇپ دىققەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بىر قاراشتا قانات قېقىپ ئۇچقىلى تەمشەلگەن قاندىقتۇر بىر قۇشقا، يەنە بىر قاراشتا خۇددى ئۇجمە كۆتىكىگە پۇتىنى كۆتۈرۈپ سىيىشكە تەمشەلگەن ئىتقا ئوخشاپ قالاتتى. بىر مىنۇت كېچىكسىڭىز، ئىسىم - شەرىپىڭىز ئۇنىڭ مۇبارەك دەپتىرىدىن ئورۇن ئالاتتى. دەپتەردىن ئورۇن ئالسىغۇ مەيلى، بىراق ھايت - ھۇيت دېگۈچە خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قارا

دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويۇلاتتى. دوسكىدا: «مەتقاسىم بىر مىنۇت، ئايشەم بەش مىنۇت كېچىكتى، بەلگىلىمە بويىچە پۇل تۆلىدۇ. ئەمەت ئىككى سائەت كەلمىدى، بىردەك سەۋەبسىز ئىشتىن قالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېگەندەك خەتلەر پات ـ پات كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاغىنىمىزنىڭ «توختى» دېگەن چىرايلىق ئىسمىنىڭ كەينىگە «يوقلام» دېگەن لەقەم قوشۇلۇپ خۇددى ئۆز فامىلىسىدەك ئۆزلىشىپ كەتتى.

سىرتقا خىزمەتكە بارماقچى بولساقمۇ توختىنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزمەي بارالمايتتۇق. بىر يەرگە بارىدىغان ۋاقىتتا «ھوي، ئاغىنىلەر، توختى يوقلامنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ماڭايلى جۇمۇ، بولمىسا يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قالمايلى يەنە» دېيىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. سىرتقا خىزمەتكە بارماقچى بولساق ئاۋۋال دوكلات يېزىپ ئىدارە باشلىقىغا تەستىقلىتىشقا، ئاندىن ئىشخانا مۇدىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ رەسمىيەت بېجىرىشكە، ئەڭ ئاخىرىدا توختى يوقلامنىڭ سەمىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. سىرتقا چىقىپ كېچە ـ كېچە ئىشلەپ كەتسىڭىزمۇ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىش بېجىرسىڭىزمۇ بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ ئاڭلىمايسىز، ئەمما يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، ئەتىگەندە بىرەر مىنۇت كېچىكىپ قالسىڭىز، ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. توختى يوقلامنىڭ يوغان دەپتىرى بىلەن قارا دوسكىسى سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھېچ بىلمىدۇق، ئىشخانىسىدا پەقەت ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشخانىمۇئىشخانا تىمىسقىلاپ، ماراپ يۈرەتتى. يوقلىما قىلىشنىڭ قەرەلى يوق ئىدى. باشقا ئىشخانىدىكى خىزمەتدىشىڭىزنىڭ يېنىغا چىقىپ، بىرەر ئېغىز گېپىڭىزنى دەۋېلىپ قايتىپ كىرسىڭىزمۇ سىز «يوق» بولۇپ قالاتتىڭىز. سەۋەبىنى چۈشەندۈرسىڭىزمۇ بىكار، توختى يوقلام بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئاغزىڭىزنى تۇۋاقلاپ: «باشلىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى قىلدىم، پىكرىڭىز بولسا باشلىققا دەڭ» دەيتتى.



www.uyghurkitap.com

توختى يوقلامنىڭ بۇ خىزمىتىنى رەھبەرلىكمۇ قوللاپ تۇراتتى. ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. يوقلىما قىلىش، پۇل تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈزۈمنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىنى ھېچكىم ئويلاپ قويمايتتى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز ياندىكى ئىشخانىدا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئىشخانىدا بولمىغاندىكىن يازدىم ئەينا، — توختى يوقلامنىڭ ئىنجىقلاپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھاجەتكىمۇ بارغىلى بولمامدۇ سىزنىڭ دەردىڭىزدە؟ — تىترەپ چىققان بۇ ئاۋازنى تونۇدۇق. بۇ خىزمەتدىشىمىز ئايشەمنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ھاجەتخانىغىمۇ سىزدىن سوراپ بارساق بولامتى؟

— ئىشقىلىپ، ئىشخانىدا بولمىغاندىكىن يازدىم، پىكرىڭىز بولسا باشلىققا دەڭ!

— باشلىققا ئۆزۈڭ دەۋەرگىن! تۇتساڭ پۇل تۇتىدىغانسەن؟

— ھەي، نېمىدەپ سەنلەيسەن؟

— سەنلىسەم قانداق قىلاتتىڭ؟

بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتۇق. ئۇلار خۇددى چۆجە ـ خورازدەك ھۆرپىيىشىپ تۇراتتى. ئايشەمنىڭ غەزەپلىك ياشلىرى كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە تولغانىدى.

— سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدەكلا ھوقۇققا ئېرىشىۋېلىپ يوغىناپ كەتكىنىنى بۇ قەلەندەرنىڭ، — ئايشەم توختى يوقلامغا غەزەپلىك ئالايدى.

— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دېمەمسەن؟ — توختى يوقلام يادلىۋالغاندەكلا يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىدى. بىز بىرنەچچىمىز ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر بۇ جېدەلنى بېسىقتۇردۇق.

ئىشلار شۇ تەرزدە كېتىۋەردى. توختى يوقلام ھېيت ـ بايرام ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئۆيىگە ئانچە قايتمايدىغان بولۇپ

قالدى. ئۆيىگە قايتقاندىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرمايتتى. ئۇ پات ـ پات ئىدارىگە كېلىپ چۈشلۈك ھەم كەچلىك نۆۋەتچىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھېچكىممۇ نۆۋەتچىلىككە كېچىكىپ كېلىشكە، بەش ـ ئون مىنۇت بالدۇر كېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

بىر كۈنى خىزمەتدىشىم مەتقاسىم بىلەن كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتە تۇرۇپ قالدۇق. ئارىلىقتا توختى يوقلام ئىدارىگە نەچچە قېتىم كەلدى. نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا بويۇن سوزۇپ قاراپ قويۇپ گەپ ـ سۆزسىز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئادىتىنى بىلگەچكە بىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇخلايدىغان چاغمۇ بولۇپ قالغانىدى. مەتقاسىم يوتقانغا پۈركىنىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. تۇۋا، مەتقاسىم شۇنداق ئۇستا خورەكچى ئىكەن ئەمەسمۇ، بۇرنىدىن، ئېغىزىدىن، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن، ئىشقىلىپ، ھەممىلا يېرىدىن تەڭلا ئاۋاز چىقىرىدىكەن. ناۋادا دۇنيادا خورەك تارتىش مۇسابىقىسى بولۇپ قالسا خىزمەتدىشىم چېمپىيون بولغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق بىئارام ئىچىدە كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلەشكەندى، ئەنسىز جىرىڭلىغان تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قول ئۇزارتتىم.

— ۋەي، كىمۇ؟ — دېدىم كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— مەن توختى.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى.

— توختى بولساڭ قانداق قىلىمەن؟ — دېدىم غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — نېمىدەپ كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلىسەن؟

— شۇ سىلەردىن ئەنسىرەپ...

— بىزنى ئوغرى ئالمىدى، بىزدىن ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ئۇخلاۋەرگىن.

— مەتقاسىم بارمۇ؟

— بار، مانا ئاۋازىنى ئاڭلىغىن، — مەن تېلېفوننى كۆتۈرۈپ بېرىپ تۇرۇپكىنى مەتقاسىمنىڭ خورەكنى بولۇشىغا تارتىۋاتقان

ئاغزىغا تەڭلىدىم. تۆرۈپكا مەتقاسىمنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كەتتەمىكىن، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— نېمانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ مەندىن خاپا بولغاندەك قىلىپ، — ئادەم ئۇخلاۋاتقاندا ئۇنداق چاقچاق قىلساڭ بولمايدۇ.

— چاقچاق قىلمىدىم، توختى يوقلام سېنىڭ بار ـ يوقلۇقىڭنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ.

— تازىمۇ بىر قاملاشمىغان، — دېدى مەتقاسىم تېرىكىپ، — ئىشنى قىلسا بولمامدۇ ئۇ گوي كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلغۇچە.

— ھە، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدىم تۆرۈپكىنى قۇلىقىمغا تۇتۇپ، — مەتقاسىم بارمىكەن؟

— ۋاي بار ئىكەن، — دېدى توختى يوقلام، — بىراق نۆۋەتچىلىكتە بەك بىخۇد تۇرۇۋېتىپسىلەر، ھازىر ئىدارىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى قانداق؟ مەسىلە يوقتۇ؟

— ئامانلىق ئەھۋالى، ئابايا سەن كۆرگەندەك.

— ئىشقىلىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈڭلار.

— خاتىرجەم بول، شۇنداق قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، بىر كېچىلىك نۆۋەتچىلىك ئەنە شۇنداق تاماملاندى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر پېشقەدەم خىزمەتدىشىمىز توختى يوقلامغا ئېيتىپ قويمايلا سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ قالغانىكەن. ئەتىسى ئۇنىڭ ئورنى ئىش ئورنىدىن سەۋەبسىز ئايرىلىپ كەتكەنلەر قاتارىدا قارا دوسكىغا چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتدىشىمىز توختى يوقلام بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالدى.

— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دېگىن، — دېدى توختى يوقلام.

— مېنى باشلىق ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان، نېمىشقا باشلىققا دەيدىكەنمەن؟ — دېدى خىزمەتدىشىمىز.

ئۇلار خېلى سەتلەشكەندىن كېيىن جېدەل بېسىقتى. بىراق، خىزمەتدىشىمىز كەچتە ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن تۇيۇق ـ

سىز بىر يانغا قىڭغىيىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى. مېڭىسىگە قان چۈشكەنىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر نەچچىمىز ھە ـ ھۇ دېيىشىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. بىراق، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىدى. خىزمەتدىشىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى. ھەممىمىز قايغۇ ئىچىدە ئۇنى يەرلىكىدە قويدۇق. ئىشلار شۇ تەرزدە كېتىۋەردى. توختى يوقلامىنىڭ قىلمىقلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچ. قايسىمىز قادىر بولالمىدۇق. ئاخىرى خۇداغا يەتكەن چېغى، بىر كۈنى ئېغى پېنسىيە يېشىغا توشمىغان توختى يوقلامىنى پېنسىيەگە چىقارغانلىق ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان توختى يوقلامىنىڭ چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ كەتتى. بىزمۇ ھەيران قالدۇق. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل شادلىق ئۇچقۇنلىرى جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

كۆڭۈل ئازادىچىلىكىمۇ ئادەمگە بىر خىل شادلىق ئاتا قىلىدىكەن. توختى يوقلام بولمىسىمۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتى بىر ئوبدان يۈرۈشۈپ كېتىۋەردى. ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، چىرايىدا شادلىق كۈلكىلىرى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئىدارىمىز بەشتە ياخشى ئورۇن، مەدەنىيەتلىك ئورۇن، دېگەندەك تۈرلۈك شان ـ شەرەپلەرگە كۆمۈلۈپلا كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتە ئۇچ ـ تۆتىمىز تاماق يېگىلى بىرىپ كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز بىرسى ئالدىمىزنى توستى، قارىساق، توختى يوقلامىنىڭ ئايالى ئىكەن.

— نېمە بولدىكىنتاڭ، ئۇ ئادەم غەلىتە بولۇپ قالدى، — دېدى توختى يوقلامىنىڭ ئايالى كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — سىلەر بىللە ئىشلىگەن بولغاندىكىن بىر تەربىيە قىلغان بولساڭلار.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — سورىدۇق ھەممىمىز تەڭلا.

— نېمە بولغىنىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، ھەر كۈنى قولىغا بىر دەپتەرنى ئېلىۋېلىپ ھەممىمىزنى سوراققا تارتى-

دۇ. مەن ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىۋالغانمىكىن دەپ قالدىم. خېلى داۋالىتىپ باقتۇق، ئوڭشالمىدى.
بىز توختى يوقلامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھالڭ - تالڭ قالدۇق. ئۇ راستلا قولىغا يوغان بىر دەپتەرنى تۇتقىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزنىڭ سالام - سەھەتلىرىمىزگىمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.
— كېچىكىپ كەلدىڭغۇ؟ — دېدى توختى يوقلام ئايالىغا چەكچىيىپ قاراپ، — كەچلىك تامىقىڭ تۇتۇپ قېلىنىدۇ.
توختى يوقلامنىڭ ئايالى لام - جىم دېيەلمەي بىزگە لۆمۈلدەپ قاراپ تۇردى. شۇ ئەسنادا توختى يوقلامنىڭ نەۋرىسى بولسا كېرەك، ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىز بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.
— سەن نېمىشقا كېچىكىپ كېلىسەن؟ — سورىدى توختى يوقلام قىزنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.
قىز توختى يوقلامنىڭ سۇرلۇك چىرايىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە ئۆي ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭلار، توختاخۇن؟ — دېدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن، — ئوقۇغۇچى دېگەن مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە كەلمەمدۇ؟
— پىكرىڭ بولسا باشلىققا دېگىن، — دېدى توختى يوقلام ئىرەنسىزلىك بىلەن، — باشلىق شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان.
بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي ياقىمىزنى چىشلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتۇق. بىر ھازادىن كېيىن بىرسىمىز بىر نېمە دەپ، يەنە بىرسىمىز بىرنېمە دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان بولدۇق. لېكىن، ئۇ ھەممىمىزنىڭ گېپىگە ئوخشاشلا «پىكرىڭ بولسا

www.uyghurkitap.com

باشلىققا دېگىن» دەپلا جاۋاب بەردى. بىز. ئاخىر ئوڭايسىز ھالدا بۇ ئۆيدىن قايتىپ چىقتۇق. توختى يوقلامىنىڭ ئايالى بىزنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى. بىز، ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ توختى يوقلامىنىڭ «خەپ، بۇ نېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى سەۋەبسىز ئىشتىن قالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلمىسام ھېساب ئەمەس» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق.



ئابدۇرېشات مۇساجان (مۇراد)

# ئېچىلماي توزۇغان غۇنچە

مەن ھەمراخان بىلەن ئۆتكەن يىلى ئۆرۈك پىششىقىدا تونۇ-شۇپ قالغانىدىم. ئۇ چاغدا مېنى نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە مۇشۇ كەنتكە تەقسىم قىلغانىدى، كەنت تەشكىلىنىڭ نە بىرەر ئېغىز-لىق ئىشخانىسى، نە ياتاق قىلغۇدەك بىرەر ئېغىزلىق ئۆيى بول-مىغاچقا، ياتاق - تاماقنى ئالدىن بېيىغان دېھقان قادىر چوقىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

قادىر چوقا ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، سەل مۈكچەيگەن، شالاڭ ساقاللىق چىرايىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار باسقان يۇمۇق كۆز كىشى ئىدى، ئۇ ئەتىدىن - كەچكى-چە ئېتىز - ئېرىق ئىشى بىلەنلا بولاتتى. ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق نەۋرىسى ياسىن تاڭ سەھەردە ئىككى ناننى پوتىسىغا چى-گىپ، قوي پادىسىنى ھەيدەپ بىر چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈش-كەندە قايتىپ كېلەتتى.

قادىر چوقىنىڭ ئايالى ھەمراخان ھەمىشە قېرى ئاياللاردەك كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا ئاق داكا ياغلىق ئارتىپ يۈرىدىغان ياشقىنا جۇۋان ئىدى. ھەمراخاننىڭ قېرىلارغا خاس كىيىمى زىلۋا بويىنى يوشۇرۇپ، ئۇنى ئوتتۇز ياشتىن ئاشقاندەك كۆرسىتەتتى. يۇمىلاق يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بو-لۇپ، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. ھەرقانداق كىشى بىر قاراپلا ئۇنىڭ قىز

ۋاقتىدا نى ـ نى يىگىتلەرنى كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىگە ئوت ياققان گۈزەل ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالايتتى.

بىر كۈنى كەنت كادىرلىرى بىلەن دېھقانلارنى خامان ئېلىشقا ئالدىرىتىپ قويۇپ بالدۇر قايتىپ كەلدىم ـ دە، بىرەر سالقىنراق يەر تېپىپ بىردەم ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن بىر پارچە كىگىزنى ئېلىپ باغقا كىردىم. مەن تال بارىڭى ئاستىغا كىگىز سالدىم ـ دە، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا ھەمراخانىنىڭ ئۆرۈك تېرىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پىشىپ تۆكۈلۈپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنى تېرىپ سېۋەتكە قاچىلاۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئورنىدىن تۇرغاندا ئىككى قولى بىلەن يانپېشىنى چىڭ قامالالاپ، قەددىنى ئارانلا رۇسلايتتى.

ئۇ كېسەلچان ئايال ئۇ يەردە ئاشۇنداق قىينىلىپ ئۆرۈك تېرىۋاتسا، كۆزۈمگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟ شۇڭا، مەنمۇ بېرىپ ئۆرۈك تېرىشىپ بەردىم.

— قادىر ئاكام يوقمۇ؟

— ئەتىگەندىلا ئۆرۈك ساتقىلى شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى.

مېنىڭ خىلىدىن بېرى، شۇنچە ياش تۇرۇپ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىغا تېگىۋالغان بۇ چوكاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كوچىلاپ گەپ سوراشقا باشلىدىم:

— نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— يىگىرمىگە، — تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ.

— يىگىرمىگە؟ — قايتىلاپ سورىدىم ھەيرانلىقىمنى باسالماي.

— ھەئە. بۇ يىل ئۇجمە پىششىقىدا يىگىرمىگە كىردىم. ھەيران قېلىۋاتامىلا؟ سىلەر شەھەرلىكلەر تەييارنى يەپ، جاپا تارتماي، ئاتمىش ياشقا كىرىپمۇ ساقال قويماي يىگىتلەردەك يۈرگەنلەر بىلەن بىز سەھرالىقلار جاپانىڭ دەستىدىن مانا مۇشۇنداق بالدۇرلا قېرىپ كېتىمىز.

— ئۇنداقتا سىلى ئەرلىرىدىن قىرىق ياشتەك كىچىك ئىـ

كەنلا ـ ھە؟
— شۇنچىلىك.
— قادىر ئاكامنىڭ سىلىدەك نەۋرىسىمۇ باردۇ؟
— چوڭ نەۋرىسى مەئدىن ئىككى ياش چوڭ، پەيىنەۋرىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.
— سىلى قانداق بولۇپ چوڭ دادىلىرىدەك بۇ كىشىگە تەگدىلە؟
ئۇ مېنىڭ بۇنداق سوئالنى سوراپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بىر سىقىم ئۆرۈكنى تۇتقان پېتى كۆز-لىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، قولىدىكى ئۆرۈك-لەرنى سېۋەتكە تاشلىدى ـ دە، ماڭا لاپپىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ گەپ باشلىدى:
— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. ئۇ چاغلاردا ئائىلىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى. ئانام ھەمىشە ئۆزىنىڭ كونا كۆڭلەكلىرىنى سۆكۈپ ماڭا كۆڭلەك تىكىپ بېرەتتى. تاكى تويۇم بولىدىغان چاغقىچە بىرمۇ يېڭى كىيىم كىيىپ باقمىغانىدىم. جان سانىمىز كۆپ بولغاچقا، كۈنىمىز تولىمۇ غورىگىل ئۆتەتتى. دېمىسىمۇ، بىزلا ئەمەس، مەھەللىمىزدىكى تولا ئادەملەر بەك نامرات بولغاچقا، ئالتە ـ يەتتە جان بىر يوتقاننى يېپىنىپ ياتىدىغان ئائىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.
مەن ئون بىر ياشقا كىرگەندە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بوغال-تىرنىڭ ئائىلىسى بىلەن باردى ـ كەلدىسى ئاۋۇپ كەتتى. ماڭا بىرقانچە قېتىم يېڭى كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈپ بەردى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرسىدە ئانامدىن: «تويۇڭنى قىلىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن توي قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، شۇڭا ئانامدىن:
— ئانا، تويۇمنى قىلسا قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— تويۇڭنى قىلساق، كۈندە يېڭى ـ يېڭى كىيىملەرنى كى-يىسەن، گۆش، كاۋاپ، پولۇ يەيسەن، — دەپ چۈشەندۈردى ئانام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلىق دېگەن بالىلىق ـ دە؟! مەن ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، توي قىلغان كىشىلا يېڭى كىيىم كىيىپ، گۆش، كاۋاپ يېيەلەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. شۇڭا، ئانامدىن يەنە سورىدىم:

— ئانا، سىزمۇ توي قىلغانمۇ؟

— ھەئە، — جاۋاب بەردى ئانام كۈلۈپ كېتىپ.

— ئەمىسە، سىز نېمىشقا كۈندە يېڭى كىيىم كىيمەيسىز، گۆش، كاۋاپ، پولۇ يېمەيسىز؟

ئانام بىرھازا تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپ جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنداق كۈندە ماڭا يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ، گۆش، كاۋاپ ئېلىپ بېرىدىغان باي ئادەمگە تېگەلمىگەن. ئەمدى سەن ئاشۇنداق باي يىگىتكە تېگىدىغان بولدۇڭ، قىزىم.

— كىمگە؟

— بوغالتىرنىڭ ئوغلى قاسىمجانغا.

— ياق، ئۇنىڭغا تەگمەيمەن، ئۇ بەك ئەسكى. ئۆتكەندە تىراكتورىغا ئېسىلسام مېنى ئۇرغان.

— ئەمدى ئۇرمايدۇ، سېنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ، تىراكتورىغا چىقىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ بازارغا ئاپىرىدۇ، كاۋاپ، لەڭمەن ئېلىپ بېرىدۇ.

— ئۇ ماڭا ئاكا بولامدۇ؟

— ياق، سېنىڭ ئېرىڭ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دائىم يېڭى كىيىم كىيىش، گۆش، كاۋاپ يېيىشنى تولا ئارزۇلاپ «تويۇم تېزرەك بولسىكەن» دېگەننىلا ئويلايدىغان بولدۇم.

— سىلى ئوقۇمىغانمۇ؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئۆمرۈمدە مەن يا مەكتەپتە، يا ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ باقمىغان، ئېلىپىنى چوماق دېيەلمەيدىغان قارا قورساق خوتۇنمەن. كىچىك چاغلىرىمدا: «ئوقۇيمەن» دېسەم، ئاتا ـ ئانام: «قىز بالا دېگەن ئوقۇيمەن دەپ سەكىلدەپ يۈرسە ئوبدان بولمايدۇ، ئۇكى-

لىرىڭنى باقىسەن» دەپ مەكتەپكە بەرمىگەن.

— ھە، كېيىن قانداق بولدى؟

— بالىلىق دېگەن ئاجايىپ ـ دە؟! «تويۇم بولىدۇ» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرسىدە قويغا ئوت ئېلىپ بوغالتىرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كوچىدىن چوڭ يولغا چىقسام، قاسىمجان يول بويىدا تۆت ـ بەش كىشى بىلەن تىراكتورنىڭ چاقىنى ئوڭشاۋېتىپتۇ. مەن تا ـ غارنى يۈدۈگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ تۇردۇم. بىر ـ دەمدىن كېيىن باشقىلار كۈلۈشكەن پېتى قاسىمجاننى نوقۇپ، مېنى ئىشارەت قىلدى. قاسىمجان مېنى كۆرۈپ ھۇپپىدە قىزى ـ رىپ كەتتى ۋە دۈدۈقلاپ دېدى:

— بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ يۈرسەن؟ ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت!

— قاسىمجان ئاكا، مېنى قاچان ئالىسىز؟ — بۇ گېپىم ھەممەيلەننى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى. قاسىمجان يەردىن بىر سىقىم شېغىل ئارىلاش توپىنى ئېلىپ، ئاچچىقى بىلەن ماڭا ئات ـ تى. مەن ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى قايتىپ كەتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەي تويىمىز بولدى. شۇ چاغدا مەن ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەنىدىم.

— ئون ئىككى ياشقا؟ — سورىدىم مەن ھەيرانلىقىمنى با ـ سالماي، — توي خېتى بەردىمۇ؟

— بوغالتىر يۈز ـ ئابرۇيى بار، قولى ئۇزۇن، قىلىمەن دې ـ گەننى قىلالايدىغان ئادەم تۇرسا، توي خېتىنى ئالالمايدۇ دەمىلا؟ بوغالتىرنى سىلىمۇ چۈشىنىپ قالغانلا ھەرقاچان.

— مۇشۇ كەنتنىڭ بوغالتىرى تۇرسۇن كالتەكمۇ؟

— ھەئە، شۇ.

— ھە. كېيىن قانداق بولدى؟

— توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مەن ئايالّلار كېسىلى بولۇپ قېلىپ جىق داۋالاندىم. ھازىرغىچە سۆرىلىپ كېلىۋاتقان بەل ئاغ ـ رىق كېسىلىم شۇ چاغدىن قالغان. شۇ كېسەل بىلەن تولا بويۇم ـ دىن ئاجراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە بىر يىلدا ئىككى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچ قېتىم بويۇمدىن ئاجراپ كەتتى. بويۇمدا قالاتتى ـ يۇ، ئۈچ ئاي بولار ـ بولمايلا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇنىڭغا قىلمىغان داۋا قالمىدى. قېيىنئاتام خېلى يىراق يەرلەردىن داخان چىللاپ كېلىپ ئوقۇتۇپ باقتى، پال سالدۇرۇپ باقتى، كۆز كۆرگەن، قۇلاق ئاڭلىغان سەۋەب ـ ئىرىملارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، قاسىمجان بىلەن تۆت يىل ئۆي تۇتتۇم. ئاخىر قېيىنئاتام سۆزۈمنى بەرگۈزدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆت قېتىم ئەرگە تەگدىم. ئۇلار بىلەن ئۇزۇنقى بىر يىل، قىسقىسى ئۈچ ئايلا ئۆي تۇتالىدىم. بۇلتۇر قادىر ئاخۇن ئەلچى كىرگۈزۈۋىدى، تارتىنىشىپ تۇرمايلا ماقۇل بولدۇم. لېكىن، قادىر ئاخۇننىڭ بالىلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆي تۇتقىنىمغا بەك نارازى. ھەتتا ئۇلار بۇ ئۆيگە كېلىپ، مېنى نەچچە قېتىم ئۇرۇپ ـ تىللاپ قوغلاپ چىقاردى. شۇڭا، ھازىر قادىر ئاخۇن بالىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن گەپلەشمەيدۇ، ئۇلارمۇ قادىر ئاخۇنغا قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەن قادىر ئاخۇننىڭ پۇل ـ مېلىنى قەستلەپ تېگىۋاپتىمەن. ماڭا پۇل ـ مالنىڭ نېمە كېرىكى؟! بىر خالتا ئۇن بولسا، يالغۇز جېنىمغا بىر يىل يېتىدۇ. ماڭا پەقەت «مېنىڭ ئۆيۈم» دەپ ئېچىپ كىرىپ، ئېتىپ چىقىدىغان بىر ئائىلە، خاتىرجەم تۇرمۇش بولسىلا بولدى. مەنمۇ ئېرىم بولغۇچىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، رازى قىلسام، ئېرىم بولغۇچىمۇ ئۇستۇمنى يالىڭاچ، قورسىقىمنى ئاچ قويماي باقسا، خاتىرجەم ياشىغىلى قويسا، ماڭا شۇ بولدى.

ياش كىشىلەرگە تەگسەم «تۇغمىدىڭ» دەپ جېدەللىشىپ سۆزۈمنى بەردى. قادىر ئاخۇن پەيغەمبەرنىڭ يۇزى كۆرگەن كىشى بولغاندىكىن، «تۇغمىدىڭ» دېمەيدۇ ھەم دېمىدى. مېنىڭمۇ كۆزلەيدىغىنىم دەل مۇشۇ. مانا، قادىر ئاخۇن بىلەن ئۆي تۇتقىلى بىر يىل بولدى. ئۇمۇ مەندىن رازى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن رازى. خۇدايىم بۇ ياۋاش بەندىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

*　　*

ئۇ گەپلەرگە بىر يىل بولدى. بۇ يىل يەنە يېزا خىزمىتى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەنتلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۈچ ئاي تۈز - تاماق يېيىشىپ بىر ھويلىدا تۇرغان كىشىلەر — قادىر چوقا بىلەن ئۇنىڭ ئايالى — نامراتلىق، نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدە روھى ۋە جىسمى زەخىم بولغان، رەسىدە چاغلىرىدا قېرىلىق ھالىتىنى باشلىغان ھەمراخاننى يوقلاپ ئۆتۈش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئىزدىگەنىدىم. ئەپسۇس، ئىككى ئاي ئىلگىرى ھەمراخان بالىياتقۇ راكى بىلەن ۋاپات بولغانىكەن.

مەن چوڭقۇر ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش، ھەسرەتلىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە، قادىر چوقىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ھەمراخاننىڭ روھىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن تۇپراق بېشىغا كەلدىم.

مانا، ئالدىمدا تۇرغىنى ھەمراخاننىڭ بىرقانچە كەتمەن توپا دۆۋىلىنىپ نىشانە قىلىپ قويۇلغان قەبرىسى — نامراتلىق، نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ، ياشلىق، سۆيگۈ - مۇھەببەت، تۇرمۇش، بەخت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرغىچە تۈزۈپ پايخان بولغان غۇنچىنىڭ قەبرىسى.

«ئاھ، ھەمراخان، سەن بىر ئۆيىنىڭ ئىگىسى بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدىڭ. ئارىدىن تېخى بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەي پانىي ئالەمنىڭ رەزىل - ئىپلاسلىقىدىن تويۇپ ئەبەدىي خاتىرجەم ماكانغا — باقىي ئالەمگە ۋاقىتسىز كېتىپ قالدىڭمۇ؟»

مەن كۆز ياشلىرىمنى تەستە بېسىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۈم: «تىرىكلىكىڭدىغۇ بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىدىڭ. بۇ ئالەمدە بولسىمۇ تىلىگىنىڭگە يېتەرسەن. خۇدايىم جايىڭنى جەننەتتە قىلغاي، ھەمراخان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# تەۋەررۇك ئۇسترا

ياشانغان ئادەمنىڭ كۆڭلى جانان چىنىگە ئوخشايدۇ دېيىشىدۇ، كونىلار. بۇ گەپنىڭ جېنى بار، دېمىسىمۇ، ياشانغان كۆڭۈل چېقىلىشقا تەييار تۇرغان ئەڭ نازۇك چىنىدۇر. سېنىڭ بىلىپ - بىلمەي چىقارغان قاتتىقراق نەپىسىڭمۇ ئۇنى ھەر ۋاقىت چېقىۋېتىشكە قادىر بولالايدۇ.

كەچ كىردى، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ھارغىنلىق يەتكەن يەر ئانىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلىرى چاراقلاپ تۇرغان گىرىمسەن يۈزىنى كۆرسىتىپ، خۇددى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك جىلمايدى. ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ قويۇلغان ئالتۇن تۈگمىنى ئەسلىتىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ شوخلۇق بىلەن جىمىرلاشلىرى شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بېسىلغان يەر ئانىنىڭ ھاردۇق يەتكەن جىسمىغا ئەڭ زور تەسەللى بولاتتى. كەچ كىرىش بىلەن تىنچىق ھاۋا كېچىنىڭ سالقىن غۇر - غۇر شاماللىرىغا ئورۇن بوشاتتى. كوچا - رەستىلەرنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تىنچىق ئىسسىقتا دېمى كېسىلگەن قارا تېرەكلەرنىڭ تەڭگە يوپۇرماقلىرى يېنىك شىلدىرلاشقا باشلىدى. ئۆيلەرنىڭ كەينىدىن، چىتەنلىرىگە چىڭگىلىك ياماشقان باغ چىتلاقلىرى ئارىسىدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كېچىنىڭ كېچىگە، كۈندۈزنىڭ كۈندۈزگە تۇشلۇق نەغمىسى بولىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن. مانا، كېچىنىڭ ئارامبەخشلىك قوينىدا كېچە ھاشاراتلىرىنىڭ

مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ناخشىسى ــــ چېكەتكىلەرنىڭ ئۆزگىلا خاس بولغان چىرىلدىشى باشلانغانىدى.
ھەمدۇللا تاشنىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قان-لىرى قىزىپ، پەي - مۇسكۇللىرى چىڭىپ، ئەمدىلا يورغىلاشقا باشلىغان كۆڭۈل تۇلپارى مۇدىرۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي ئۇزارتقان قولىنىڭ ئايالى تەرىپىدىن مۇنداق قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىلىشىنى كۈتمىگەنىدى. تىرىك ئادەم دېگەننىڭ ۋۇجۇ-دىدا تىرىكلەرگە خاس ھەۋەس ئوتلىرى گۇرۇلدەپ تۇرىدۇ. گەرچە ياشانغان چېغىڭدىكى ھەۋەس ئوتلىرىنىڭ تەپتى ياش چاغلىرىڭدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان تەڭداشسىز ياشلىق ئوتلىرىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن سەن يە-نىلا شۇ ئوتتا كۆيۈپ بېقىشنى خالايسەن. مانا، ھەمدۇللا تاشنىڭ ئەمدىلا ئىسى چىقىشقا باشلىغان ھەۋەس ئوتلىرىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋېتىلدى. سېمىز خانىم ئۇيقۇچان ھالدا ئۆزىنى قۇچاقلاشقا سۇنۇلغان ئېرىنىڭ تۇكلۇك بىلەكلىرىنى خالىماس-لىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەن سىلكىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن نا-زۇك چىنە قولدىن چۈشتى ۋە چېقىلىپ كۇكۇم - تالقان بولدى. ھەمدۇللا تاش ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىگەن بۇ گۆش تاغىرىغا غەزىپى كەلگەندەك شارت قىلىپلا كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە تام تەرەپ-كە قاراپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئېغىر تىنىشلىرى، ھاسىراپ پۇ-شۇلداشلىرى خانىمنىڭ قۇلىقىغا كۈھىقاپ ئېغىزىدىكى بورانىنىڭ گۈرۈلدىشىدەك، بويى ئاسمانغا يەتكەن دېۋىنىڭ دۇت پۇرقۇپ تۇرغان تىنىقىدەك ئاڭلاندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچ-قاندى. ئۇ ئاستا ھەمدۇللا تاش تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، يۇمشاق، دىق-ماق قوللىرى بىلەن ئۇنى سىلاپ قويدى. كۆڭلى سۇنغان ھەم-دۇللا تاش ئالۋۇنلىرى جىمىرلىشىپ تۇرغان ساي قويىنىدا ياتقان قورام تاشتەك خوتۇنىنىڭ سىلاپ - سىيپاشلىرىغا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەستىن تامغا قارىغىنىچە يېتىۋەردى. ئۇنىڭچە بولغاندا، سۇنغان چىنىنى قاداپ چىقىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئە-

مەس. بىر چېلەك سۇ قويۇۋېتىلگەن ھۆل ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇ-
رۇش تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، ئۇ خوتۇنى ئايىم سەيدىنىڭ تېرى-
لىرى سەل يىرىكلەپ قالغان گۆشلۈك ئالىقىنى بىلەن ئۆزىنى
سىلاشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ئاۋۋالقى ھاسىرىشىدا يېتىۋەردى.
ئۇ خوتۇنىنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. خوتۇن
ئاۋۋال چىنىنى چاقاتتى، ئاندىن ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن
ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇ خۇددى خان لەشكەر-
لىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى يارىلاندۇرۇپ بولۇپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ بارغىنىدەك ئىش ئىدى. جاراھەت ساقايغاندا بولسا جىنا-
يەتچىنى يېڭى ھۆكۈملەر ۋە يېڭى جازالار كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى.
جىنايەتچىنىڭ شىپا تېپىشى پەقەتلا ئادالەتلىك يېڭى جازانى قو-
بۇل قىلىش ئۈچۈنلا ئىدى. ھەمدۇللا تاش خوتۇنىنىڭ مۇشۇ مى-
جەزىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.
بىراق، ئۇنىڭ خوتۇنى ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، ھېلىھەم
شۇنداق ئىدى.

ئايال ھەرقانچە تىرىشىپمۇ سۇنغان چىنىنى قادىيالمىدى.
ھەمدۇللا تاش ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە تامغا قاراپ ياتاتتى. پېنسە-
يەگە چىققاندىن بۇيان ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق، ئاسان چېچىلاتتى
ۋە سەۋەبسىز قېيىداپ قالاتتى. خانىم ئۇنى سەۋەبسىز پۇشۇلداپ
قالىدۇ، دەپ كايىيتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا، ئېگىز پەشتاختىدىن
بىراقلا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان كىچىككىنە كۆلبىگە چۈشكەندەك
ھېسسىياتتا قىينىلىۋاتقان ھەمدۇللا تاشنىڭ ئازابلىرىنى بەك
يېنىك مۆلچەرلەپ قويغانىدى، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش، بىر سى-
نىپنىڭ ئاچقۇچى، يوقلىما دەپتىرى، دەرسلىك كىتاب ۋە با-
لىلارنىڭ بىر توقۇم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى مەكتەپ مۇدىرىغا
تاشلاپ بېرىپ ئۇھ دېگەندەكلا ! ئۇ ئارامغا چىقىشنى مۇشۇنچە-
لىك ئىش چاغلىغانىدى. ئەلۋەتتە، خانىمنىڭ قارىشىدا ئارامغا
چىقىش خۇشال بولغۇدەك، باشقىلارغا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز چاي
بېرىپ تەبرىكلىگۈدەك ياخشى ئىش ئىدى. مۇنۇ قېرى بولسا



www.uyghurkitap.com

باشقىچە، ئۇ ئارامغا چىقىشنى ھەممىدىن قۇرۇق قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئارامغا چىقىشنى ئۆزىگە ئوخشاش داتلى-شىپ، ئۇپراپ كۆتمەكلىشىپ كەتكەن بىر قوتۇر ئاچقۇچنى ۋە چەت - چۆرىسى يىرتىلىپ كەتكەن بىر توقۇم تاپشۇرۇق دەپتەر-لەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەندەك بىلمەيدىغانلىقىنى نەدە يۇرۇپ چۈ-شەنسۇن؟ مانا ئەمدى ئۇ شۇنچىلىك قىيىدىغاق بولۇپ كەتكەنكى، خۇيى ئەڭ ئەسكى بالىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئىدى. مانا، ئۇنىڭ شۇنچە سىلاپ - سىيپاشلىرىمۇ جاۋابسىز قېلىۋاتامدۇ؟ ناۋادا خانىمىنىڭ سىلىغىنى ھەمدۇللا تاش ئەمەس، ھەقىقىي قورام تاش بولغىنىدىمۇ، ئۇنىڭغا ئاللىقاچان جان كىرىپ بولار ئىدى.

— ھە راست، — دېدى بىر چاغدا ئايىم سەيدى مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئېرىنىڭ يەلكىسىدە يۇگۇرۇپ يۇرگەن سىمىز ئالىقىنىنى چىپپىدە تۇختىتىپ، — كەچتە سەنەۋەر كەپتىكەن، سىلىنى بىرھازا ساقلىدى. لېكىن، سىلى تۇزچىنىڭ ئېشىكىدەك داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۇرۇپ زادىلا ئۆينى تاپالمىدىلا، سىلىنى ساقلاپ - ساقلاپ بالىنىڭ كۆ-زى كۆكىرىپ كەتتى. ئاخىرى بولماي قايتىپ كەتتى.

ھەمدۇللا تاش كەنجى قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھاسىراشتىن توختىدى. ئۇ تىنىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئايالىنىڭ گېپىنىڭ ئا-خىرىنى كۇتۇپ خېلى ئۇزاق ياتتى. ئايىم سەيدى دەل شۇنى كۇت-كەندەك جىم بولۇپ، لەۋلىرىنى تەمشىپ، ئۆزىچە ئېغىر تىنىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۇلۇپ قويدى. ئۇ ھەمدۇللا تاشنى قانداق چاغدا تەقەززا قىلىشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلەتتى.

— خوش، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئايالىنى جەينىكىدە نو-قۇپ، — قۇلىقىم سىلىدە، گەپ بولسا غاچچىدە دېمەمسىلە؟ سە-نەۋەر نېمىگە كەپتۇ؟ قولى قىسقا بولۇپ قالمىغاندۇ قىزىمىنىڭ؟

— باشقا ئىش يوق، — ئايىم سەيدى قانداقتۇر بىر يېرى ئاغرىغان ئادەمدەك ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن ئەزمىلىك بى-لەن ئەسنىدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇلار ئەتە ئەلقەم-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جاننىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرغۇدەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەمدۇللا تاشنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆرە بولدى ۋە ماموق ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ تامغا يۆلەندى.

— پاھ، نەۋرىمىزنىڭ سۈننىتى بولىدىكەن - دە؟ يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە؟

ئۇ تېخى تونۇگۈنلا قۇچاقتىكى بىر پارچە گۆش ئىدى. مانا ئەمدى يىگىت بولاي دەپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ قايتىدىن ھاسىراپ ئورنىدا بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايالىدىن سورىدى:

— ئەلقەمجاننى خەتنە قىلدۇرغىلى كىمنى تېپىپتۇ؟ — ئۇ ئايالىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشقا ئوبدانراق تەييارلىق قىلماي بولمايدۇ، سۈننەتچىنى جايىدا تاللىمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى قولنىڭ ئۇدۇمى بار بىرەرسىنى تاپقان تۈزۈك.

— سەنەۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بالىنى «نۇرلۇق» دوختۇرخانىسىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدىغان ئوخشايدۇ، كورپىيەچە خەتنە قىلدۇرىمىز، دەيدۇ.

— نېمە؟ كورپىيەچە؟ — ھەمدۇللا تاشنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇنىڭ پۇشۇلداپ ھاسىرىغىنى، قېقىلىپ يۆتەلگىنى ئايىم سەيدىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شۇنداق ئېنىق ئاڭلاندىكى، بوۋاينىڭ ئاچچىقىنىڭ دەھشەت كەلگىنى ئۇنىڭغا ئوتتەك تىنىقتىنىلا مەلۇم بولدى، — نېمىكەن ئۇ كورپىيەچە خەتنە قىلىش دېگەن؟ كورپىيەچە خەتنە قىلسا بىرسى ئىككى بولامدىكەن؟ تېخى ئوپېراتسىيە دەۋالغىنىنى؟ ئەتتىگىنەي، سەنەۋەر دېگەن كىسپۇرۇش كەلگەندە ئۆيدە بولمىغىنىم، بۇ كەمنىڭ كۆڭ ماڭقىلىرىغا نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى كورپىيە، كورپىيە دەپلا كەتتىغۇ؟ مانا بىزدەك مۇسۇلمانچە خەتنە قىلغان ئادەممۇ بىر ئوبدان ياشاۋاتمايمىزمۇ؟ ھېچكىمدىن ھېچ يېرىمىز كەم ئەمەس ...

— كورپىيەچە خەتنە قىلدۇرسا پەقەتلا ئاغرىمايمىش، — دېدى

ئايىم سەيدى پەس ئاۋازدا، — بالا دوختۇرنىڭ ئالدىغا مېڭىپ كىرىپ، مېڭىپ چىقىدۇ، دېيىشىدۇ...

— ئاغرىسا نېمە بوپتۇ؟ ئاغرىغانغا ئادەم ئۆلەمدىكەن؟ — ھەمدۇللا تاش قارا بوراندەك گۈركىرىدى، — مانا بىزنىمۇ ئاغ-رىتىپ تۇرۇپ خەتنە قىلغان. ھېچ يېرىمىز ھېچنېمە بولمىدىغۇ؟ تېخى سىلىدەك چوكانلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك ئەر بولدۇق-قۇ ! مانا، ئۇن ئالتە يېشىڭدا قۇچاققا بىر چىقىۋالغانچە ھەرەم-نىڭ رودۇپايلىرىدەك چاپلىشىپ، بىرەر كۈن ئاناڭنىڭكىدە قونۇپ قېلىشقىمۇ كۆزۈڭ قىيماي كېلىۋاتىسەنغۇ؟ ئەته ئەتىگەندىلا سەنەۋەرگە ئېيتىپ قوي، بالىنى ئۇ قىلىمىز، بۇ قىلىمىز دەپ يۈرگۈچە قازىنىنى قىرسۇن، نەۋرەمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم ئوڭ-شايمەن!

— ھەي ئالجىغان قېرى، — دېدى ئايىم سەيدى ئۇنىڭ بىقد-نىنى قاتتىق چىمداپ، — نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ بالىسى، سىلىگە نېمە كەپتۇ؟ قارىسىلا دېگەن گەپلىرىنى، تېخى مەن ھەرەمنىڭ رودۇپايلىرىدەك سىلىگە چاپلىشىۋاپتىمەنمۇ؟ ئۇن ئالتە ياشتا قۇچاقلىرىغا بىر چىقىۋالغانچە چۈشكىلى ئۇنىماپتىمەنمۇ؟ يېتىم قوۋۇرغامنى ئەگمىسىلە، كىم كىمنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى، ياراتقان ئىگەمنىڭ كۆزى بار. كەينىمدىن سايىدەك ئەگىشىپ، ماڭا چۈشكەن ياتنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ يۈرگەن كىم؟ ئەمدى دەسمايە غالتەككە چىقىپ، ھەممىدىن خامان ئېلىپ بولغاندا يو-غان گەپ قىلمىسىلا جۇمۇ !

ئۇ ئايالىنىڭ چاقچىقىغا جاۋاب بەرمەستىن ياستۇق يېنىدا قويۇپ قويغان تاماكىسىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىۋالدى ۋە بىر تال تۇتاشتۇرۇپ كۈچ بىلەن بىرنەچچىنى شورىدى.

— ئىشقىلىپ، قىزىڭغا دەپ قوي، نەۋرىمىزنى بۇزىمەن دې-مىسۇن، ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن. مۇشۇ يۇرتتا جامال سۇننەتچى دەيدىغان بىرسى بولىدىغان. مېنىڭ خەتنەمنىمۇ شۇ قىلغان. مەن ئەتىلا ئۇياقنى سۈرۈشتۈرىمەن. بەلكىم ئۆزى، ھېچ

بولمىسا، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان ئوغۇللىرى باردۇ. ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئادەمنى تاپماي قويمايمەن. ئۇنىڭغىچە ئۆپكە-سىنى بېسىۋالسۇن. ئەتىگەندىلا تېلېفون قىل.

— سىلىگە ئىش چىققتى، — دېدى ئايىم سەيدى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئىشقىلىپ، قۇلاقلىرى بىر گەپنى ئاڭلىغۇسىز ئا-دەمغۇ سىلى، چېپىلمايدىغان ئىشلىرى يوق. نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ؟ ئاتا - ئانا دېگەنمۇ بالىسىغا يامان بولسۇن، دې-مەيدۇغۇ؟

— مەنمۇ نەۋرەمگە يامان بولسۇن، دېمىدىم، سۈننىتىنى جا-يىدا قىلىپ، ھەقىقىي ئەركەك قىلىپ چوڭ قىلساق، كېيىنلىك-تە كىمنىڭ پۇشتى ئىكەن دېسە، بىزگىمۇ ياخشى..

ئايىم سەيدى «ھىم» قىلىپ دىمىقىنى قېقىپ قويغاندىن كې-يىن ھەمدۇللا تاشقا كەينىنى قىلىپ ياتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كال-لىسىمۇ زىددىيەت بىلەن تولغانىدى. قىزىنىڭ «كورېيەچە خەتنە قىلدۇرىمىز... » دېگىنىنى ئاڭلىغاندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەشلىك پەيدا بولغانىدى. شۇ كۇنلەردە قۇلاق ئاڭلىمىغان، كۆزى كۆرمىگەن نى - نى ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرسىمۇ، لېكىن بەزى يېڭىلىقلار ئادەمنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ كەمدىكى خېنىملارنىڭ ئېغىزىدىن كورېيەچە قاش چېكىش، كو-رېيەچە پەرداز قىلىش، ئامېرىكىچە كىيىم كىيىش، غەربچە يا-سىنىش دېگەنلەر چۈشىنىسىمۇ، كورېيەچە خەتنە قىلىش دېگەننى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ تېنى تىكەنلەشتى. ئۇ قىزىنىڭ كورېيەچە خەت-نىنىڭ پايدىسى ھەققىدە قىزىشىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمىدى. خەتنە قىلىش ئادەتتە ئىسلام دىنىدا بارلىققا كەلگەن سۈننەت تۇرسا، بۇنىڭغا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىنمۇ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىنمۇ بىر نېمە دېيىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، ئايىم سەيدىنىڭ قەلبىنى بىل-گىلى بولمايدىغان ئاچچىق ئۆرتىۆپە قىلماقتا ئىدى. ئۇ سەنەۋەر-

نىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ھېچنېمە دېمىدى. بىراق، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئېرىنىڭ جەزمەن قايناپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدى. مانا دېگەندەك، ھەمدۇللا تاش بىرمۇنچە كوتۇلـ-دىغاننى ئاز دەپ، ئۆينى ئىسقا توشتۇرۇپ تاماكا چەكمەكتە. تا-ماكىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى ئايىم سەيدىنىڭ ئۇيقۇ قاچقان كۆزلە-رىنى لازا سۈيى سۈرتكەندەك ئېچىشتۇرماقتا.

ھەمدۇللا تاش ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى تال تاماكا چەكتى ۋە بېشىنى گىرەلەشتۈرۈلگەن بىلىكىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، دېرىزى-دىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. ئاشۇ چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ئۆتمۈش ئەس-تىلىكلىرى ھەققىدە نېمىنىدۇر ئەسلىتىپ قويۇش زۆرۈر، دەپ ئويلىدىمىكىن، ئۇنىڭ قەلب كۆلچىكىدىكى تىنىپ ياتقان ئەس-لىمە سۇلىرىنى زەرب بىلەن قوچۇشقا باشلىغانىدى. خىيال كەپ-تىرى ئۇچۇپ بېرىپ چەللىلەردىكى ساڭگىلاپ تۇرغان قومۇش پىچانلىرى ئارىسىدا قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ تۇرغان بىر ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە قوندى. قوش قاناتلىق ئىشىكى بار، كۆنگەي تامدى-كى دەرەبزۇنلار ئارىسىدىن ئۈششاق نۇر مونچاقلىرى چۈشۈپ تۇرغان بۇ ئۆيدە شۇ تاپتا كاتتا بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. قارا كىگىز سېلىنغان، سۇپىغا يۇمشاق كۆرپە ۋە يېپىپىگى يوتقان سېلىنغان سۇپا لېۋىدە ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بېشىغا كى-يىۋالغان قارا كۆرپە تەلپىكى يۈزىنىڭ يېرىمىغا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئادەم ئىشتىنى سالدۇرۇۋېتىلگەن يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇلنى تېقىمىدىن تۇتۇپ، خۇددى ئانىلار بوۋاقنى تو-سۇۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۆڭ-لۈكتىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرىدا ئوبدانلا يورۇپ تۇرغان بىر يەر-دە قاڭشارلىق، ئورا كۆزلىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرغان، قارامتۇل لەۋلىرى دۇرۇت ئوقۇۋاتقان مومايلارنىڭكىدەك توختى-ماستىن مىدىرلاپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بالىغا قاراپ قويۇپ، ئۇستىرىنى يانپىشىغا تارتىۋالغان كاپقا سۈركىمەكتە ئىدى. با-

لىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئۇنىڭ دادىسى، ئۇستىرىسىنى كاپلاپ تۇرغىنى مۇشۇ يۇرتتا داڭقى بار جامال سۇنەتچى، ئاشۇ ئىشتانسىز بالا ھەمدۇللا تاشنىڭ ئۆزى ئىدى...

ھەمدۇللا تاش ئېغىر تىنىپ قويدى. قەلبىدە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك شۇنداق ئېنىق ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يەنە بىر رەت ئۆتۈشكە باشلىدى...

پۈتكۈل تەبىئەت ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئاشۇ چاغدا، تاش قۇربان ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن شۇنداق بىر مۇراسىم بولۇپ ئۆتكەنىدى.

بەگنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشىدىن باش ئالالمىغان تاش قۇربان ئۆز ئۆيىدە سۈننەت يېشىغا يېتىپ قالغان بىر ياغاچ قوۋلاقنىڭ مىدىرلاپ يۈرگىنىنى بەكمۇ تەستە يادىغا ئالغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تېزلا بوي تارتقىنىنى، ئەمدى كېچىكتۈرمەستىن سۈننىتىنى قىلدۇۋېتىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، قىش بويى خاۋاتىرلىنىپ چىققانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئەنسىرىگۈدەكقۇ ئىش يوق. بىراق، سۈننىتىنى قىلدۇرغان بالىنى ئوبدان كۈتمەي بولمايتتى. ئۆيدىكى قوشناچىممۇ تاپقىنىنى شۇ ئىش ئۈچۈن تىقىشتۇرۇپ، چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. قاتتىق زاغرىنى غاجاپ قورسىقىنى گوللاپ كېلىۋاتقان كىچىك ھەمدۇللا ئۆزىنىڭ سۈننىتىنى قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ھەم خۇش بولغان، ھەم تەشۋىشكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىدىن چوڭ بالىلارنىڭ سۈننىتىنى قىلدۇرغاندا نۇرغۇن توخۇمغا ئېغىز تەگكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. كۆزلەر بىر بۇردا نان ئۈچۈن مۆلدۈرلەپ تۇرغاندا، توخۇم ئۇنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپ تۇراتتى. بىراق، سۈننىتىنى قىلدۇرغان بالىلارنىڭ چاترىقىنى كېرىپ، ۋاي - ۋايلاپ يۈرگىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ئۇنى سۈر باساتتى. بىراق، ئاخىرىدا توخۇم يېيىش ھەۋىسى يەنە غالىب كېلەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ مورا ئوچاق ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دادىسىدىن سورايتتى:

— مېنى قاچان خەتنە قىلدۇرىسەن؟

— باھار كېلىپ ئۆرۈك چېچەكلىگەندە!

ھەمدۇللا مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارىقاتتەك چىرايلىق كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ۋاقىتنى ھېسابلايتتى. ئۇنىڭغا باھار بەكمۇ كېچىكىپ كەلگەندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئاخىر يۇرتقا قارا بوران بىلەن قارلىغاچ كەلدى. ئاندىن شەپە چىقارماستىن باھارمۇ جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاۋۋال سۆگەتلەرنىڭ قىش بويى شىنىدەك قېتىپ تۇرغان شاخلىرىدا بوغۇم پەيدا بولدى. ئاندىن قارا رەڭ ئاستا ـ ئاستا كۆكىرىشكە باشلىدى. دالالارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە قومۇشلارنىڭ يىڭنىدەك ئۇچلىرى كۆرۈنۈپ ئاز ئۆتمەي بېدىلىكلەردە كۆك تېرىپ يۈرگەن بالىلارنىڭ كۆلكىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مانا شۇنىڭدىن كې- يىن خۇددى بىرسى «سۇپ» دېگەندەكلا، ئۆرۈكلەر بابباراۋەر چې- چەكلەپ كەتتى. ھەمدۇللا كۈتكەن چاغ ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى.

بىر كۈنى تاش قۇربان خۇشال ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ سۇپىدا سىڭلىسىنى بېقىپ ئولتۇرغان ھەمدۇللاغا قاراپ ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— سۈننەتچى جامال بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. ئۇ يۇقىرىقى قاشتىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، بۇ يەرگە ئۆتكۈنلۈككە كېلىدىغان بولدى.

ئەلۋەتتە، بۇ گەپلەر يالغۇز بالا بېقىپ ئولتۇرغان ھەمدۇللا ـ غىلا ئەمەس، ئوچاق بېشىدا قازان يۇيۇپ ئولتۇرغان قۇشناچىمە ـ غىمۇ قارىتىلغانىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدە ھاياجانلىق ياشلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئىتتىكلا قازناققا كىرىپ، تەكچىگە ئېلىپ قوي ـ غان پۇلۇققا قارىدى. ئۇنىڭدا ئوتتۇز ـ قىرىقچە تۇخۇم يىغىپ قويۇلغانىدى.

— بۇ ئازلىق قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئانا ئۇھسىنىپ، — خۇدايىم بالامنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلغايسەن، ھاجەتمەنىنىڭ بېشىنى خۇدا ئوڭشايدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ، مۇشۇ يالغۇز ئوغلۇم ـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ چېھرى چىگىلىپ قالمىغاي. يارىشىقىنى ئۆزۈڭ قىلارسەن، ئىلاھىم...

ۋاقىت ئۇقۇمى كاللاڭدا بولمىغاندا كۈنىنىڭ نەدىن چىقىپ، نەگە كىرىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىسەن. ئەمما، بىر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بەلگىلەنگەندە بولسا بەئەينى پۇتىغا تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك، ۋاقىت بەكمۇ تەستە ئۆتىدۇ. ھەمدۇللاغا نىسبەتەنمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. دادىسى دېگەن «ئۆگۈنلۈككە» شۇنچىلىك ئاستا، شۇنچىلىك ئەزمىلىك بىلەن كەلدىكى، ئاشۇ ۋاقىتقا تەشنا بولغان كىچىك ھەمدۇللانىڭ مۇشتۇمچىلىك يۈرىكى قانچە قېتىم سەكرەپ، قانچە قېتىم پىلتىڭلىغانلىقىنى ئۇ پەقەتلا ھېسابلىيالمايتتى. قىستاپ كېلىۋاتقان ئاللىقانداق خۇشاللىق بىلەن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان قانداقتۇر ئەندىشە ئۇنىڭ ئاشۇ مۇشتۇمچىلىك يۈرىكىدە دەممۇدەم ئورۇن ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن تالاغا چىقاتتى، پارقىراپ تۇرغان كۈنگە ئەلەم بىلەن قاراپ قوياتتى، يۇقىرىقى قاشتىن كېلىدىغان توپىلىق يولغا چىقاتتى، بىراق سۈكۈتكە چۆمگەن غېرىبانە يولدا ئىنس ـ جىنىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قازناققا كىرەتتى، تەكچىدىكى پۇلۇقتا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان تۇخۇملار «قېنى سەن، بىزنى چاپسانراق يېمەمسەن؟» دېگەندەك قىلىپ كۆز قىساتتى. ھەمدۇللانىڭ نەپسى قورۇقداپ قالغان تۈگمەننىڭ تېشىدەك تاراقلاپ كەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئارامى تامامەن بۇزۇلغانىدى.

مانا، كۈتكەن پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. جامال سۈننەتچى ئىزمىسى ئېتىلمىگەن خورجۇننى يۈدۈپ تاش قۇربانىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئېگىز بويى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئورا كۆزلىرى، يول ماڭغاندا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان كېلەڭسىز قوللىرى بىر قارىغان ئادەمدە سۇر پەيدا قىلاتتى. توپىغا بىر ئىلىك پېتىپ تۇرىدىغان يالاڭخىداق پۇتلىرى بەئەينى تۆگىنىڭ تاپىنىدەك سالماق تاشلىناتتى. چېكىلىكى قىيىلغان كۆرپە تەلپەك ئۇنىڭ پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىغا خۇددى تېرىسىنى شىلىۋېتىپ

قايتىدىن چاپلاپ قويغانىدەك چىپپىدە كەلگەنىدى. ئۇ ھويلىدا تۇ-
پا سورۇپ ئويناۋاتقان ھەمدۇللاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.
ئۇ ئاشۇ ھەرىكىتى بىلەن «ھەي بالا، سېنى ئوڭشىغىلى كەلدىم»
دېگەننى ئىپادىلىگەنىدى. جامال سۇننەتچىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ
ھەمدۇللانىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر تەشۋىش بوشقىنا سىيپاپ
ئۆتۈپ كەتتى.

ھەر يىلى تەبىئەتكە باھارنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغاندا،
ئۆرۈكلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ، ھەممە يەرنى چېچەك بەرگىلىرى
قاپلىغاندا جامال سۇننەتچىنىڭ ئالدىراش كۈنلىرى باشلىناتتى.
ئۇ گۇلدىن - گۇلگە قونۇپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىسىدەك، مەھەل-
لىمۇمەھەللە، ئۆيمۇئۆي كېزىپ يۈرۈپ يېشىغا توشقان نوچىلار-
نىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ ئىشتىن ئۆزىگە خۇشال-
لىق تاپاتتى. ھەربىر بالىنىڭ ئىشىنى تامام قىلغاندا، ئۇڭ مۇ-
رىسىدىكى ساۋاب پەرىشتىلىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىرتالاي ساۋاب
خاتىرىلىرىنى يازىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ھېرىش - چارچاش
دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ بۇگۇنمۇ ئىشنى بۇ-
رۇنراق تۈگىتىپ، يەنە بىر ھاجەتمەننىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن
ئالدىرايتتى.

— تۇخۇم پىشتىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئوچاق بېشىدىكى قوش-
ناچىمدىن.

— پىشاي دەپ قالدى، چوڭگۇننىڭ شىڭىلدىغىنىغا خېلى بول-
دى، ئۇستام.

— قېنى ئەمىسە، ماڭا يېڭى پاختىدىن ئازراق بېرىڭلار.

يۈزلىرى ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەن ئانا پايپاسلاپ يۈرۈپ
قازناقتىن بىر تۇتام پاختا ئېلىپ چىقتى. جامال سۇننەتچى ئۇنى
كۆيدۈرۈپ قاپقارا بىر نەرسىگە ئايلاندۇردى.

— بالىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدى سۇننەتچى قولىدىكى
توپىلارنىمۇ قېقىشقا پېتىنالماي ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئەندى-
شە بىلەن قاراپ تۇرغان ھەمدۇللاغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن نەزەر

تاشلاپ.

— ھەمدۇللا... ھەمدۇللائاخۇن...

— ھەمدۇللا... — سۇننەتچى ئۆزىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قويدى، — ھەمدۇللا، ئۆزىدەك چىرايلىق ئىسىم ئىكەن. مانا قارا، ھەمدۇللا، — ئۇ خۇرجۇنىنىڭ ئالدى پېيىدىن كىرلەشكىنىدىن ئەسلىي رەڭگىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر لۆڭگىنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا ئورالغان ئۇستىرىسىنى قولىغا ئالدى، — سېنىڭ بەڭباشلىقىڭ ئەمدى تۈگەشتى، بالام، سالپاڭ قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ئەمدى سەن پوتلىسى ئىككى ئاچىماق بولۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان كىچىك بالا ئەمەس، مانا مۇشۇ ئۇستىرام بىلەن كىرتلا قىلسام، سەن كىچىك بالىدىن راۋرۇس ئەركەككە ئايلىنىسەن. يىگىت بولىسەن. شۇڭا، ئەركەكتەك، يىگىتتەك ئادەم بولمىساڭ بولمايدۇ. جېنىم بالام، كۆزلىرىڭ چوڭ، كىرپىكلىرىڭ شاھ قىزلىرىنىڭكىدەك قويۇق، چىرايىڭدىن كۈلكە چىقىپ تۇرىدىغان بالا ئىكەنسەن، كەلگۈسىدە يولۇڭ ئاق، مەرتىۋەڭ ئېگىز، يۈزۈڭ چوڭ ئادەم بولغۇدەكسەن. شۇڭا دەيمەن، جامال سۇننەتچىنىڭ قولىدىن ناباب يىگىت چىقىپ باقمىدى. مەيلى سەن نەدە ۋە قانداق مەرتىۋىلىك ئادەم بول، مۇشۇ كۈن ئېسىڭدە تۇرسۇن. بۇ ھەربىر ئوغۇل ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس كۈن. قېنى بولمىسا مەن ئەتىدىن باشلاپ سېنىڭ ئىشتانسىز يۈرگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ؟

ھەمدۇللا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قورقۇپ تۇرۇپ ئاڭلىدى.

— تۇخۇم پىشتى!

ھەمدۇللا ئانىسىنىڭ بۇ گېپىدىن «ۋاقىت توشتى» دېگەن مەنىنى ئېنىق چۈشەندى. تاش قۇربان ھەمدۇللانى قۇچىقىغا ئالدى. ئىشتىنى سالدۇرۇلغاندا، ھەمدۇللانىڭ بىردىنلا يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئانام... ئانام چىقىپ كەتسۇن، — دېدى ئۇ خىجىل بولۇپ، — ئانام قاراپ تۇرسا ئىشتاننى سالمايمەن.

— ئۇھۇي، كىسپۇرۇش، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشتاننى پوقلاپ يۈرگەندە بىرەر قېتىم ئانام نېرى تۇرسۇن دېگەنمىدىڭ؟ ئەمدى سايەڭ ئۇشۇققا چۈشۈپ بولغۇچە ئاناڭنى يېنىڭدىن قوغلاۋاتامسەن؟

جامال سۈننەتچى خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۈستىرىسىنى ئېلىپ، كاپقا تۈكۈرۈپ ئۈتنى بىلەشكە باشلىدى. تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان غەلۋىرسىمان نۇر دەستىسى ئىچىدە كاپقا سۈركىلىۋاتقان ئۈستىرىنىڭ سىپسىلىق بىسى كۆزنى قاماشتۇراتتى. كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ئۈستىرا سۈننەتچىنىڭ قولىدا بەئەينى گەپ ئاڭلايدىغان كىچىك بالىدەك رايىش، رېزىنكىدەك يۇمشاق ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك ئىدى. سۈننەتچى ئۈستىرىنى بىلەپ بولۇپ تىرنىقىغا سېلىپ، تىغىنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن - ئۆتكۈرلەشمىگەنلىكىنى سىناپ باقاتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى ۋە بالىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان تاش قۇربانىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— تۇخۇمغا تازا بىر تويىدىغان بولدۇڭ، سالپاڭ قۇلاق، — دېدى ئۇ ئۇرا كۆزلىرىنى ھەييارلاچە قىسىپ قويۇپ، — مەن سەندەك چاغدا تۇخۇم تۇگۇل ھەتتا جىگدىمۇ تېپىپ يېيەلمىگەنىدىم. يەنىلا سەن بەختىباش تەلەيلىك چىقتىڭ مانا، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىدە سويغان تۇخۇمنى تۇتۇپ تۇرغان قوشناچىمغا بېرى كەلسىلە، دېگەندەك شەرەت قىلدى. ئانا پاكىز سۇيۇلغان ئىككى تۇخۇمنى ھەمدۇللانىڭ يېنىغا ئەكەلدى. سۈننەتچى قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇپ ئۈستىرىسىغا ھۈرگەندىن كېيىن، «بىسمىللا» دەپلا ئىشنى باشلىدى. ھەمدۇللا چات ئارىسىدا خۇددى ھەرە چاققاندەك چىمىمدە بىر ئاغرىقنى سەزدى ۋە: «ئانا! » دەپ ۋارقىرىدى. دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئانىمۇ قولىدىكى تۇخۇمنى ئوغلىنىڭ ئاغزىغا كەپلىدى ... ئۆيئىچىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. سۈننەتچى بىرھازا ھەپىلىشىپ، كېسىلگەن يەرگە كۆيدۈرۈلگەن پاختىنى

بېسىپ قاننى توختاتتى ۋە خىر- خىر كۆلگىنىچە قولىنى يۇدى.

— مانا مۇشۇنچىلىكلا، — دېدى ئۇ ھەمدۇللاغا قاراپ قويۇپ، — تۇخۇمنى تويغۇچە يەپ، ئورنۇڭدا جىم يات. بىرنېمەڭنىڭ قاقىچى چۇشۇپ بولغۇچە توخۇ پوقىدىن ئاتلاپ سالساڭ كۆرگۈلۈكۈڭ ئۆزۈڭگە. توخۇ دېگەن كاساپەتنىڭ تۇخۇمى پايدا قىلغان بىلەن پوقى زىيان قىلىدۇ. شۇڭا، ئاناڭنىڭ گېپىگە كىرىپ، يېتىشنى بىل. ئاڭلىدىڭمۇ، سالپاڭ قۇلاق؟

ئېغىزىغا تۇخۇم كەپلەنگەن ھەمدۇللا بېشىنى لىڭشىتتى. سۇنەتچى بىر پىيالە چاي ئىچىشكىمۇ توختىماي ئالدىراپ خۇر-جۇنىنى مۇرىسىگە تاشلىدى. تاش قۇربان خىجالەت ئارىلاش سۇنەغان ئازغىنا ئاقچىغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماستىن قىسقىلا دۇئا قىلدى - دە، گۇس - گۇس دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...

شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ھەپتىگىچە تاش قۇرباننىڭ ئۆيى ھېيت تەنتەنىسىگە چۆمدى. قولۇم - قوشنىلار تاپالىغىنىچە، بەزىسى بەش - ئالتە تال، بەزىسى ئون - ئون بەش تالدىن تۇخۇم، بىر قاچىدىن ئىسسىق تاماق كۆتۈرۈپ، بالىلىقتىن ئەركەكلىككە قاراپ ماڭغان ھەمدۇللانى مۇبارەكلەپ كىرىپ تۇرۇشاتتى. قولۇم - قوشنىلار ئېلىپ كىرگەن تۇخۇم ئۇدۇللۇق پىشۇرۇلۇپ تۇرغاچقا، قازناقتىكى تەكچىدە ھەمدۇللانىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تۇخۇملارغا يەنە بىر مەزگىل كۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئانىنىڭ غەم - ئەندىشىلىرى تۈگىدى. ھەمدۇللا تۇخۇمنى يەۋېرىپ سېسىق كېكىرىپ كەتكەنىدى. بالىنىڭ ھەمىشە سېغىزدەك سارغىيىپ تۇرىدىغان سولغۇن چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، جاراھىتىمۇ تېزلا ساقىيىشقا يۈزلەنگەنىدى.

گىرەلەشتۈرۈلگەن بىلىكىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتقان ھەمدۇللا تاش ھەرقاچان بالىلىق چاغلىرىنى خىيال قىلسىلا، ئاشۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا رامكىغا ئېلىپ قويۇلغان رەسىمدەك شۇنداق ئېنىق ئايان بولاتتى. ئۇ جامال سۇنەتچى دې-گەندەك، بالىلىقى، بەڭباشلىقى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدىغان

ئاشۇ كۈننى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

ھەمدۇللا تاشقا بۇگۈن كېچە بەكمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىپ، ئاشۇ يەردىن جامال سۇننەتچىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى تاپماقچى بولغاندەك ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كەتتى. ئاشۇ پىلدىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار جامال سۇننەتچىنىڭ ھەييارلارچە قىسىلغان كۆزلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ئۇ چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر تال تاماكا چەكتى. بۇ چاغدا ئايىم سەيدى ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پات - پات لېۋىنى تەمشىپ، ئېغىر تىنىپ قويۇشى ئۆيىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ھەمدۇللا تاش ئايالىغا مۇنداقلا قاربۇيدى، يەنە خىيالى چېچىلدى. ئۇن ئالتە يېشىدا قولىغا چۈشكەن بۇ ئايال ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن بەش بالا تۇغۇپ بەردى. بىراق، تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى قىز ئىدى. ئۇ تەقدىرگە ئەلھۆكمىلىلا دېدى. قىزلىرىمۇ چوڭ بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن تالالىق بولدى. قېرىشقاندەك، ئۆلارمۇ بىرنەچچىدىن قىزنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇردى. بۇ ئائىلىدىكى ھەممىلا خوتۇنىنىڭ — ئانىسىدىن باشلاپ قىزىغىچە — ھەممىسى خۇددى بىرسىدىن قىز تۇغۇشقا توختام ئالغاندەك ئارقا - ئارقىدىن قىز تۇغۇشى ھەمدۇللانىڭ ئوغىسىنى قايناتاتتى. ئۇ بەزىدە مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆيگە شىركەيپ كەلگەن چېغىدا پىغانى ئۆرلەپ: «بۇ ئائىلىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئوغۇل كۆرىدىغان قورسىقى يوق، ئوغۇل تۇغىدىغان بىرنېمىسى تېخىمۇ يوق!» دەپ قايناپ قالاتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ كەنجى قىزى سەنەۋەر بۇ ئائىلىگە كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، بۇدۇرۇققىنا بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. شۇ كۈنى ھەمدۇللا تاشنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قۇياش پارلىدى. ئۇنىڭ قەلب بوشلۇقى شۇنچىلىك يورۇپ كەتتىكى، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى زارلىقىپ كۈتكەن چىرايلىق ئاپتاپ بىچارىنىڭ دىلخانىسىنى باھار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسمىنىدەك يورۇتقانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەۋرىسى ئەلقەمجاننى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلەشكە تۇتۇندى، ئەتىۋارلىق نەۋرە خۇددى دۆلەت گۆھىردەك قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، بوۋاقنىڭ نەپىسچىلىك شامال، يىڭنىنىڭ ئۇچىچىلىك سوغۇق كۆرمەي چوڭ بولماقتا ئىدى. ئەلقەمجان ئوينىاپ يۈرۈپ مۇشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيگە ئوت قويۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ باشقىلار ھەمدۇللا تاشنىڭ كۆزىچە ئوتنى ئۆچۈرۈشكە پېتىنالمايتتى. مانا ئەمدى كېلىپ سەنەۋەرلەر — بالىنىڭ ھاماقەت ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى كورپىيەچە خەتنە قىلدۇرماقچى! مۇشۇنى ئويلاپ بوۋاينىڭ ئۇيقۇسى قاچقان، غەزەپتىن ۋۇجۇدى تاش بولۇپ قاتقانىدى.

ئۇ قايتىدىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە دېرىزىدىن گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى. ئۇ تېخىچە جامال سۈزنەتچىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى تاپالماي ئاۋارە بولاتتى. بىچارە ھاياتمىدۇ؟ ھايات بولسا قانچىلىك قېرىپ كەتكەندۇ؟ ھېلىمۇ خۇرجۇننى ئېسىپ، ئۆيمۇئۆي، مەھەللىمۇمەھەللە كېزىپ يۈرۈپ ھۈنىرىنى قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنى نەدىن ئىزدەش مۇمكىن؟ ھەي، ئۇ تېپىلسا ياخشى بولاتتى، ئەتىۋارلىق نەۋرەمنى ئۆز قولىدا خەتنە قىلسا، پەرزنى جايىدا ئادا قىلىۋەتسەم، ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ ئەجدادىم ئالدىدىمۇ ئىككىلا ئالەم يۈزۈم يورۇق بولغان بولاتتى... ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى مۇشۇ دائىرە ئىچىدە كېزىپ يۈرەتتى. پەرزەنتلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قىز تۇغۇلۇش سەۋەبلىك جامال سۈننەتچىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىزدەشكە پۇرسەت بولمىغانلىقىنى ئويلاپ ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئاشۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ يېتىپ كۆزىنىڭ قاچانلاردا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى...

تاڭ ئاتتى. كېچىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ھەمدۇللا تاشنىڭ بىر جۈپ كۆزى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىم سەيدىنىڭ تەييارلىغان ناشتىلىقىغىمۇ

قارىماستىن ۋە «نەگە؟» دەپ سورىغان سوئالغا جاۋابمۇ بەرمەس-تىن سىرتقا ماڭدى. ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، تېز - تېز چامداپ يېزا ئورگىنىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇ-نىڭ ئىزلىرى تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن، ئۇ ھېلىھەم «يېزا باشلى-قى» دېگەن نام بىلەن چاقىرىلاتتى. ئۇ بىر نەچچە يىلەننى يېنىغا چاقىرىپ، ئەتىگەندىلا كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇلاردىن بىرسى جامال سۇنەتچىنىڭ دېرىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ھايا-جان بىلەن گېپىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— بۇ ئادەم ھېلىمۇ ھايات، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ئازنا بازار مەھەللىسىدە تۇرىدۇ. تېخى بۇرناكۇنلا ئۇنى كۆرگەنىدىم.

— راستمۇ؟ — ھەمدۇللا تاشنىڭ قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرى ئوينىاپ كەتتى. ئۇ ئىزدىگەن ئادىمىنى بۇنچە تېز تېپىۋېلىشنى خىيال قىلمىغانىدى. ئۇ بۇ ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن كېرەم ئىسىمە-لىك كىشىگە چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ دولىسىغا ئەمەلدارلارچە كىبىر بىلەن بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى.

— زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا مېنى باشلاپ بارامسىز؟ — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — ئاشۇ ئادەم بىلەن بۇگۈنلا كۆرۈشمىدىغان جىددىي ئىشىم بار ئىدى. كېچىكتۈرۈشكە زادى بولمايدۇ.

— ئۆزلىرىنىڭ شەپقىتى بىلەن نانغا ئۇلاشقان ئادەم تۇرساق، جىددىي ئىش بولغان تەقدىردىمۇ سىلى ئۇچۇن تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاش بەرگەن قازاننى تاشلىمايدىغان دۇرۇس ئادەملەرمىز، شاڭ-جاڭ، سىلى خالىسىلا ھازىرلا يولغا چىقايلى ئەمىسە، — دېدى كېرەم ئۇنىڭغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ.

ئۇلار يېزا ئورگىنىدىن چىقىپ، بىر ماشىنىنى كىرا قىلدى-دە، ئازنا بازارنى مولجاللاپ يۈرۈپ كېتىشتى.

ئەپسۇس، جامال سۇنەتچى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندەك سىياقتا ئەمەس ئىدى. بېلى مۈكچەيگەن، ساقىلىلا ئەمەس، قاش - كىر-پىكلىرىمۇ پاختىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بوۋاي قېقىلىپ يۆتەلگى-نىچە ھاسىراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ئورا كۆزلىرى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن، لەۋلىرىمۇ چىشسىز ئېغىزنى مەسخىرە قىلغاندەك ئۇمچەيگەن، قارامتۇل يۇزىدىكى يول ـ يول قورۇقلار ساقىلى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئىنچىكە بويۇنلىرىنى بويلاپ قويۇنلىرىغىچە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنى باشقىلار جامال سۇننەتچى، دېمىگەندە ئىدى، ھەمدۇللا تاش ھەرقانچە قىلىپمۇ تونۇيالمىغان بولاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جامال ئاتا، — دېدى ھەمدۇللا تاش ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا؟

بوۋايىنىڭ قۇلىقىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ تەئەججۇپ قايناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە ئۇندىمىدى. بوۋايىنىڭ كۆكسى سۇس غىژىلداپ تۇراتتى.

— شاڭجاڭ سىلىدىن ئەھۋال سوراۋاتىدۇ، — دېدى كېرەم بوۋايىنىڭ قۇلىقىغا ئۈنلۈك ئاۋازدا.

جامال سۇننەتچى كىر دەستىدىن قارىداپ كەتكەن ياستۇقىدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ غىژىلداق ئاۋازى بىلەن، — ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇپلىمۇ، غوجام؟

ھەمدۇللا تاشنىڭ بوغۇزىدىكى كەپلىشىپ تۇرغان نەرسە تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ نەپەسىمۇ ئالالماستىن خىرىلداپ، بوۋاينىڭ تىترەپ تۇرغان قورايدەك بارماقلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

— مېنى تونۇيالىدىلىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئۇمچىيىپ تۇرۇپ.

بوۋاي ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ بىرھازا قارىغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— قېرىغاندا ئەقىللىرىدىن ئازغان ئوخشايدىلا، — دېدى كېرەم خاپا بولۇپ، — مۇشۇ يېزىنى نەچچە يىل چۆرۈگەن شاڭجاڭنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ قاللىما؟

ھەمدۇللا تاش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قاتتىق ئالايدىكى، كېرەم ئۆزىمۇ سەزمەستىن تىلىنى چىشلىۋالدى. بوۋاي ئۇنىڭغا يەنە

ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەزىرىنى يەرگە ئاغدۇردى.

— مەن قوشلاشتىكى تاش قۇربانىنىڭ ئوغلى، سىلى سۇنۇندۇرمىنى قىلىدىغان چاغدا ئانام يېنىمغا كەلمىسۇن، دەپ يىغلىغان ھېلىقى سالپاڭ قۇلاق ئەمەسمۇ، ئاتا!

بوۋاينىڭ خاتىرىسى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئاشۇ چاغدىكىدەك ئوماققىنا بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ھەمدۇللا تاشنىڭ گەزنىدەك سالپىيىپ تۇرغان قۇلىقىنى بوشقىنا تارتىپ قويدى.

— ئۇزاق يىللار بولدى، — دېدى جامال سۇنۇنەتچى ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئۆزلىرىنى شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرۈش نېسىپ بولماپتۇ، غوجام.

— شۇنداق، ئارىدىن بەك ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ھەمدۇللا تاش مەغزىگە دومىلاپ چۈشكەن يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، — مۇشۇ يېزىدا شۇنچە يىل دەۋران سۈرۈپمۇ سىلىنى ئەسكە ئالالماپتىمەن. شۇ سەۋەبتىن يوقلاپ كېلىشكىمۇ پۇرسەت بولماپتۇ. ئالدىلىرىدا ئېغىر گۇناھىم بار، ئاتا.

— ياق! — دېدى بوۋاي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — بەندىنىڭ بەندە ئالدىدا ھېچقانداق ئېغىر گۇناھى بولمايدۇ، غوجام. مېنى سىلىلا ئەمەس، مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ ئۆتكەن، مېنىڭ قولۇمدا سۇنىنىتى ئادا بولغان نۇرغۇن ئادەم ئۇنتۇپ كەتتى. مانا، ھېچ بولمىغاندا، سىلى بۇگۈن مېنى ئاتايىن يوقلاپ كەپتىلا، كۆڭلۇم خۇش بولدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، غوجام!

ھەمدۇللا تاشنىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى، ئۇ بوغۇزىغا كەپلىشىپ تۇرغان ھېلىقى نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىماقچى بولۇپ ھەدەپ گېلىنى قىراتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ ئاستا سورىدى:

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىلە، غوجام؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قىرىق يىل ئىتتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئاران ئىرىشكەن شاھزادىدەك بىر نەۋرەم بار ئىدى، شۇنىڭ سۈننەت يېشى توشۇپ-تىكەن، سىلىنى بىر مالال قىلاي دەپ كېلىشىم ئىدى...

— ھە... ي، قېرىلىق! — ئىبغىر خورسىنىدى بوۋاي يۆتىلىپ تۇرۇپ، — يىللار بەك يامان ئوغرى ئىكەن، غوجام، مەن - مەن دېگەن پادىشاھلارغىمۇ رەھىم قىلمايدىكەن. مانا كۆرۈپ تۇرۇپ-تىلا، ئىككىلا پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىمەن. قولۇمدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزۈممۇ ئۇنچە ياخشى ئە-مەس. بۇ ئىشتىن قول ئۈزگىنىمگە نۇرغۇن يىللار بولدى. ئالدى-لىرىدا ئۆزرىلىكمەن، غوجام.

دېمىسىمۇ، بوۋاي بەكلا قېرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا يەنە سۈننەتچىلىك قىلىشقا مادارى يەتمەيتتى.

— بۇ ھۈنەرنى بالىلارغىمۇ مىراس قىلىپ بەرگەندىمىز، ئاتا؟ — ھەمدۇللا تاش تىلىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان سوئالىنى ئاخىر سورى-دى. بوۋاينىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەڭ ئىبغىر گۇناھلىق ئىش ئۈستىدە بولارغا يولۇقۇپ قالغاندەك تۇگۇلدى.

— ئىتىز - ئىرىقنىڭ ئىشىدىن بوشىنىپ بولالمىغان با-لىلارغا بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكۈدەك ۋاقىت نەدە تۇرۇپتۇ دەيدىلا، غو-جام؟ ھەممىسى سۈننەتچى ئەمەس، كەتمەنچى بولۇپ كەتتى با-لىلار.

بوۋاينىڭ كۆزىدە پەيدا بولغان خۇش تەبەسسۇم تېزلا ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەسرەت - نادامەت تۇمانلىرى كېزىشكە باشلى-دى. ئۇ ئىچىگە تىنىپ ئازراق ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەمدۇللا تاشنىڭ ياش يۇقى پارقىراپ تۇرغان يۈزىگە مۇنداقلا قارىدى.

— ئاشۇ يىلى بىرسىنىڭ ئۆيىدە بىر ئوغۇلنىڭ خەتنىسىنى قىلىۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — تۇيۇقسىز قاسقان شەپكىلىك بىرنەچچىسى بېشىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ مېنى پايلاپ يۈرگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار مەندىن سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى سورىدى.

ئۆرۈق ــ ئەجدادىمدىن باشلاپ بۇ ھۈنەرنى ھېچكىمنىڭ ئىجازە-
تىسىز قىلىپ كەلگەن ئادەم تۇرسام، مەندە ئۇنداق كىنىشكا نې-
مە قىلىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا مىڭ كوي جەرىمانە قويىدى
ۋە ئەمدى سۈننەتچىلىك قىلىشىمغا بولمايدىغانلىقىنى، ناۋادا
شۇنداق ئىش يەنە بايقىلىپ قالسا كۆرىدىغان كۈنۈم بارلىقىنى
ئەسكەرتتى. بۇنى ئاڭلىغان بالىلارنىڭ بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە
رايى بارمىدى. مەنمۇ راھەتتىمدىن كۆرە ئاۋارىچىلىكى كۆپ بۇ
ئىشنى ئۆزۈم بىللە ئېلىپ كېتەي دېدىم...

ھەمدۇللا تاشنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ ئولتۇراتتى.

ئارىنى بىرپەس سۈكۈت قويىنىغا ئالدى. ھەممەيلەن يۈرىكىنى تىڭشاپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا ھويلىغا ئېگىز بوي، ئورا كۆز، ئىككى قولى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان كەكە ساقال بىرسى كىرىپ كەلدى. ئۇ ھويلىدا، يەنە كېلىپ دادىسى-نىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرۈپ بىرەر كېلى-شىمەسلىكنى سەزگەندەك چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ھەمدۇللا تاش ئۇنى كۆرۈپ نەچچە يىللار ئاۋۋال، خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، تۆگىنىڭ تاپىنىدەك كەڭ پەنجىلىك يالاڭئاياغ پۇتلى-رىنى مەزمۇت يۆتكەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن جامال سۈننەت-چىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول بەردى.

ــ بۇ مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم جاپپار بولىدۇ، ــ دەپ تونۇش-تۇردى بوۋاي ھاسىراپ تۇرۇپ.

ــ مەن ئۇنىڭ بەستىدىن ئەينى چاغدىكى سىلىنى كۆرگەن-دەك بولۇۋاتىمەن.

ھەمدۇللا تاش ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. ئۇ ئېغىر ئورۇنسىنىپ قويغاندىن كېيىن يەنە بوۋاينىڭ يېنىغا چۆكتى.

ــ ئاشۇ چاغدا ئىشلەتكەن ئۈستىرىلىرى ھازىرمۇ بارمۇ؟ ــ دېدى ئۇ بوۋاينىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. جامال سۈننەتچى گەپ قىلماستىن بېشىدىكى سامان تەكىيەنى ئۆرۈدى ۋە ئۇنىڭ تېگى-

دىن ئاشۇ چاغدا ئىشلەتكەن ھېلىقى لۆڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قې-
تىنى ئاچتى. لۆڭگىنىڭ ئارىسىدا خۇددى قىلى ئۇپراپ كەتكەن
چىش چوتكىسىنى ئەسلىتىدىغان، داتلىشىپ كەتكەن، ياغاچ تۇت-
قىسى سىلىقلىشىپ، بىسىمۇ قىزلارنىڭ تۇجۇپىلەپ تەرگەن قې-
شىدەك ئىنچىكىلەپ قالغان بىر ئۇستىرا تۇراتتى. ھەمدۇللا تاش
ئۇستىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئەينى چاغدا، تۆڭ-
لۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنۇدەك پارقى-
رىغان ئۇستىرا شۇمىدۇ؟ مۇشۇ يېزىدا نۇرغۇن ئوغۇلنى ئەركەك-
كە ئايلاندۇرغان ئۇستىرا شۇمىدۇ؟ نۇرغۇن ئوغۇلنى قىزلارنىڭ
ئىچى كۆيگۈدەك يىگىتكە ئايلاندۇرغان ئۇستىرا شۇمىدۇ؟ بىر-
سىنىڭ كەينىدىن بىرسى قىستاپ كېلىۋاتقان سوئاللار ئۇنىڭ
بېشىنى ۋاڭشىتىۋەتتى. ھەمدۇللا تاش ئۇستىرىنى قولىغا ئې-
لىپ، ئۇنىڭ ئۇپراپ يۇلغۇن چېچىكىدەك بولۇپ قالغان جىسمى-
غا ئېچىنىش نەزىرىدە قارىدى.

— ئاشۇ چاغدا سالپاڭ قۇلاق بالىنىڭ ۋايجىنىنى چىقارغان
ئۇستىرا مۇشۇمۇ؟

— مەن بۇ ئۆمرۈمدە پەقەت مۇشۇ بىرلا ئۇستىرىنى ئىشلەت-
تىم، غوجام، — دېدى جامال سۇننەتچى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، —
بۇنى مەمتەك ئۇستام سوققان. ئۇستىرىنىڭ قىپقىزىل چوغ ئا-
رىسىدىن سەندەل يۈزىگە قانداق قويۇلغىنى، بولقىنىڭ ئۇستىدىن
قانداق سوققىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەمتەك ئۇستام مېنىڭ ئۆز-
زىدىن ئۇستىرا سوراپ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ئۇنى نېمىگە ئىشلە-
تىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن سۈننەتچىلىككە ئىشلىتىدىغانلى-
قىمنى ئېيتىۋىدىم، مەمتەك ئۇستام كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ماڭا:

— «ئوغلۇم، مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن ئۇستىرا سوقۇپ-
تىمەن. مەن سوققان ئۇستىرىنىڭ بەزىسى ساتىراشنىڭ قولىغا
چۈشۈپ باش چۈشۈردى. بەزىسى شۇمپەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ
ئادەم ئۆلتۈردى، سەن بولساڭ ساۋابلىق ئىشقا تۇتۇش قىلغىلى-
ۋېتىپسەن. سۈننەتچىلىك ساۋابى تولا ئىش، بۇ ھۈنەر بىلەن

بولساڭ ئەلنىڭ دۇئاسىغا كۆمۈلۈپ كېتىسەن. خۇدايىم تىلى-
كىڭگە يەتكۈزسۇن، بالام. ئال مانا، چىنتۆمۈر باتۇرنىڭ قىلىچى-
دەك ئۆتكۈر ئۇستىرا بولدى. مەن سەندىن بىر يارماقمۇ ئالماي-
مەن، ئەمما بۇنى يوقىتىپ قويساڭ بولمايدۇ. مېنى كۆرگەن
كۆزدە ساقلا» دېدى. مەنمۇ خۇددى شۇنداق قىلدىم. ئۇستىرا ھې-
لىھەم بېشىمدا، تەكىيەمنىڭ ئاستىدا تۇرۇپتۇ. ھەر قېتىم ئۇ-
نىڭغا قارىسام مەممەتەك ئۇستامنىڭ گەپلىرى يادىمغا كېلى-
دۇ، غوجام. ئۇستىرا بېشىمدا تۇرسا يۇرىكىممۇ پۇتۇن تۇرىدۇ
دېسىلە.

ھەمدۇللا تاش ئۇنىڭغا قايىللىق نەزىرىدە قاراپ قويدى. ئاشۇ
كىشىلەر بىر - بىرىگە قانچىلىك ئەقىدە قىلىدۇ - ھە؟

— ئۇستىرىنى ماڭا خاتىرە قىلىپ بېرەمدىلا؟ — دېدى ھەم-
دۇللا تاش قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، — يا-
كى بولمىسا سېتىۋالسامۇ بولىدۇ. مانا، ئالدىلىرىدا مىڭ كوي
پۇل، خالىسىلا، مەن سىلىنى پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن، ئاتا.

بوۋاي ئۇنىڭ پۇلىنى ئاستا سۈرۈپ قويدى ۋە ئۇستىرىنى
لۆڭگىگە قايتىدىن ئوراپ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىشتۇردى.

— كەچۈرسىلە، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ
ئەمدى سىلە بەرگەن مىڭ كوي پۇلنى قولىقىدىن تۇتۇپ خەجلى-
گۈدەك ھالىم يوق. مەن مەممەتەك ئۇستامغا لەۋزى قىلغانمەن.
كۆزۈم مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، ئۇستىرا مېنىڭ يېنىمدىن ھېچنە-
گە كەتمەيدۇ. ناۋادا مەن كۆز يۇمۇپ قالسام، ئۇ چاغدا ئۇستىرا
سىلىدە قالسۇن. سىلىنىڭ مۇشۇ ئەقىدىلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ
ئوغلۇم جاپپار ئۇنى سىلىگە ئاپىرىپ بەرسۇن. شۇنىڭغىچە خەق-
نىڭ ئامانىتى مەندە تۇرغىنى ياخشى.

ھەمدۇللا تاش كۆز جىيەكلىرىگە قايتىدىن يامرىغان ياشلىرى-
نى سۈرتۈپ قويدى. ئۇ بارلىق مېھرى بىلەن بەستى قورايدەك
سىزىپ كەتكەن سۇننەتچىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ئۇ چۇشكە يېقىن ئازنا بازاردىن قايتىپ كەلدى. ئۆيدە قىزى

سەنەۋەر، كۈيۈ ئوغلى مۇرات ۋە ئەتىۋارلىق نەۋرىسى ئەلقەمجان ئۇنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پىكرى يەنىلا كورپىيەچە خەتنە قىلدۇرۇش ئىدى. بۇ قېتىم ھەمدۇللا تاش ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى. ئۇنىڭ جامال سۈننەتچىگە باغلىغان ئۈمىدى بىراقلا يوققا چىققانىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان سۈرۈشتۈرۈپ مۇشۇ يېزا تەۋەسىدە ئەمدى ئۆز ئالدىغا سۈننەتچىلىك قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، گەپ - سۆز قىلماستىن ئەلقەمجاننى يېتىلەپ ئۆزى ئاۋۋال ئۆيدىن چىقتى.

يېزا مەركىزىگە قۇرۇلغان يەككە ئامبولاتورىيە — «نۇرلۇق» دوختۇرخانىسى مۇشۇ كۈندە بەكمۇ روناق تېپىپ كەتكەنىدى. كورپىيە تۇرماق، ئۈرۈمچىنىڭ نېرىسىغا چىقىپ باقمىغان ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر بۇ يەرگە كورپىيەچە خەتنە قىلىشنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ھەر كۈنى بۇ يەردە نۇرغۇن ئوپېراتسىيەلەر بولۇپ تۇراتتى. نۇرغۇن بالىلار ئۆزى كۆرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان يىراق بىر ئەلنىڭ ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ سۈننىتىنى قىلدۇراتتى. «نۇرلۇق» دوختۇرخانىسى باشقا كېسەللىكلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ساقايتالمىسىمۇ، كورپىيەچە خەتنە قىلىشتا داڭ چىقارغانىدى.

ھەمدۇللا تاش ئاق خالاتلىق بىر سېستىرانىڭ ئەلقەمجاننى قولىدىن تۇتۇپ ئوپېراتسىيەخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىگە مەيۈس ھالەتتە قاراپ تۇردى. رەسمىيەت بېجىرىپ قايتىپ كەلگەن كۈيۈ ئوغلى بىر تۇتام تالونلارنى نۆۋەتچى دوختۇرغا ئۆتكۈزدى. پۇلنىڭ ساق - سالامەت تۆلەنگەنلىكىگە ئىشەنگەن نۆۋەتچى دوختۇر ئاق خالىتىنىڭ پېشىنى ئۈچۈرغىنىچە ئوپېراتسىيەخانىغا كىرىپ كەتتى.

— قانچە ئالىدىكەن؟ — سورىدى سەنەۋەر ئاياللارغا خاس قىزىقىش ئىلكىدە.

— بىر يۈز يەتمىش بەش كوي.
— كۆپ ئەمەس ئىكەن، ناۋادا مۇشۇنداق بىر ئوپېراتسىيەنى كورپىيەگە بېرىپ قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە بىر يۈز يەتمىش بەش كوي دېگەن نەچچە قاتلىنىپ كېتەر...

قىزى بىلەن كويۇ ئوغلىنىڭ قىلغان گەپلىرى ھەمدۇللا تاش- نىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ دېرىزە تۈۋىگە باردى - دە، سىرت- تىكى چىملىقلارغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا جامال سۇننەتچىنىڭ سولغۇن چىرايى كەلدى. ئۇ نېمىگىدۇر يۈز كې- لەلمەيۋاتقاندەك يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

بىر چاغدا ئوپېراتسىيەخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ھېلىقى دوختۇر ئەلقەمجاننى يېتىلەپ چىقىپ كەلدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئۇلۇغ ئىشنى پۈتكۈزگەندەك گىدەيگىنىچە، بالىنىڭ ئاتا - ئانى- سىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى جېكىلەشكە باشلىدى:

— ياللۇغلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرەر ھەپتىگىچە بالىغا تۇخۇم بەرمەڭلار، سۈت - قايماق، لازا، ئاچ- چىقسۇ دېگەندەك نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇڭلار. بالا قاتتىق ھە- رىكەت قىلمىسۇن. ھەپتىدىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتى- دۇ. ئۇنىڭغىچە ماۋۇ دورىلارنى ئىچۈرۈپ بەرسەڭلار بولىدۇ...

دوختۇر سەنەۋەرگە بىرنەچچە قۇتا تابلېت دورىلارنى بەردى.

ھەمدۇللا تاش بىرنەرسە دېمىدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ ئېغىزىدا، بىر يېرى ھەرە چاققاندەك ئېچىشقاندا ئانىسى سېلىپ قويغان تۇخۇمنىڭ تەمى پەيدا بولغانىدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق، ئەتىگەندىن بې- رىدىكى سەپەر ۋە دوختۇرخانىدىكى كۈتۈش ئۇنى ئوبدانلا ھار- غۇزغانىدى. ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي سافاغا يانپاشلانىدى ۋە چاي شىرەسى ئۈستىدە تۇرغان تىزگىنەكنى قولىغا ئېلىپ تې-

لېۋىزورنى ئاچتى. شۇئان ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن تىزگىنەكنى تامغا ئاتتى، تامغا قاتتىق تېگىپ ئىچ ـ قارنى چۇۋۇلغان تىزگىنەكنىڭ باتارېيەسى چاچراپ چىقىپ ئۆيىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا ئۇچۇپ كەتتى. چۈنكى، تېلېۋىزوردا بىر دىكتور ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ ئەڭ ئېسىل دورىسى ھەققىدە كۆچەپ ئېلان ئاڭلاتماقتا ئىدى...



ئەخمەت مۇساق

# ئايبۇلاق

تېخى ئېسىمدە، مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان لاي تاملىق ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى يارلىق ئاستىدىن كېچە - كۈندۈز شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۈيى مېنىڭ بالىلىق ھېسلىرىمنى تۇنجى قېتىم ئويغاتقانىدى. دەرۋازىدىن بەش قەدەم يىراقلىقتىكى قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان ئۈجمىنىڭ تۈۋىدىن بۇلاق بويىغا چۈشىدىغان چىغىر يول بار ئىدى، بۇ يولنى بۇلاقتىن سۇ ئالغىلى كەلگەن يالاڭ ئاياغ ياكى چورۇقلۇق پۇتلار ھاسىل قىلغان. بىزنىڭ ئۆي مەھەللىدىن بەك چەت بولغاچقا، بۇ يەرگە ئويىنىغىلى باشقا بالىلار كەلمەيتتى. ئانام بىلەن دادام مېنى ھويلىغا سولاپ قويۇپ سەھەردىلا ئىشقا كېتىشەتتى. لېكىن، مەن شورىدىن چىقىپ بۇلاق بېشىغا بېرىپ كەچكىچە ئوينايتتىم ...

تېخى ئېسىمدە، ئالتە - يەتتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، دادام ھېلىلا ئېتىزلىقتىن كېلىپ جامائەت ئاشخانىسىدىن بەرگەن زاغرىنى ماڭا بېرىپ كەتكەنىدى. مەن دادامنىڭ تاپانلىرىغا ئوخشاش يېرىلىپ تۇرغان زاغرىنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يەۋاتاتتىم، بىردىنلا ئىشىك ئالدىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. يۈگۈرۈپ چىقسام، بىرقانچە تاغىلىرىم دادامنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. كىمدۇر بىرسىنىڭ: «ھەي بىچارە، ئاچلىق گۇستۇمەك بىر ئادەمنى ئېلىپ كەتتى - دە!» دېگىنىنى قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولدى.

www.uyghurkitap.com

«ئاھ، دادام! ئەتىگەندە ئاشخانىدىن بەرگەن بولاق سۈيىدىن سەل پەرقلىنىدىغان ئوماچنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىشىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاخىرىدا قاچىنىڭ تېگىنى قىرىپ ئىچىپلا چىقىپ كەتكەنىدى. چوشتىكى كۆزۈمگە باراۋەر نانىمۇ ئەكېلىپ بەرسە ... مەنزە !...»

دادامنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتقىنىمچە ھېلىقى ناننىڭ ئېرىشىپ قالغان پارچىسىنى ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن ئاغزىغا تىقماقچى بولاتتىم. بىراق، ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى زادى ئېچىلمايتتى ...

شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بولاق سۈيى دادىسىز كۈنلىرىمنى تېزلا ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئانام كۈنسېرى مۆكچىيىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئەمدى خېلىلا ئىش ئۇقۇپ قالغانىدىم. ئانام كەچلىرى ھېرىپ - سولىشىپ ئىشتىن كىرگۈچە ئوچاقنىڭ كۈللىرىنى ئېلىپ، بولاقتىن ئاز - ئازدىن سۇ ئەكېلىپ قويىدىغان بولدۇم، بۇ چاغلاردا ئانام مېنى ئەركىلىتىپ سۆيگىنىچە كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش تۆكۈشكە باشلايتتى.

— ئانا، يىغلىمىساڭچۇ، سەن يىغلىساڭ ...

كۆزۈمگە ياش كەلگىنىنى كۆرگەن ئانام دەررۇ ياشلىرىنى ئېرتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. چۈنكى، مەن كىچىكىمدىنلا باشقا بالىلار بىلەن ئويناپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدە ھېچكىمدىن ئازار يەپ باقمىغاچقا، دادام ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈندىن باشقا چاغلاردا يىغلاپ باققىنىم ئېسىمدە يوق ئىدى. مەن يىغىنى يامان كۆرەتتىم.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئانامنىڭ جايناماز ئۇستىدە نېمىلەرنىدۇ ئوقۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئانا، يىغلىمىساڭچۇ، مەنمۇ چوڭ بولدۇم، — دېدىم بېشىمنى يوتقاندىن چىقىرىپ.

— بالام، نامازنى بۇزما، يامان بولىدۇ، مەن ئاللادىن بەختىڭنى تىلەۋاتىمەن، — دېدى ئانام.

«يامان»نىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەممۇ، ئانام جايىنامازدا ئول-تۇرۇپ يىغلاۋاتقان چاغدا مەنمۇ «ئاللا»دىن ئانامغىمۇ بەخت تىلەپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىرقانچە ئاياللار ئانامنى زەمبىلدە كۆ-تۈرۈپ كىرىشتى. ئەسلىدە ئانام ئەتىگەنلىك دولقۇن ۋاقتىدا قىغ ئۇسقان تاغارنى يۇدۇپ كېتىپ بېرىپ بىر يىقىلغانچە تىلدىن قاپتۇ. ئاھ ... بىچارە ئانام ... مېنى نېمىشقا بالدۇرراق تۇغمىغان بولغىيدىڭ؟!

ئاتا ـ ئانىسىز كۈنلىرىم باشلاندى. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا تۇغقان-لىرىمىز يوق ئىدى. يۇرتداشلار مېنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىش-تى. بىراق، ئاخشىمى ئاپارسا، ئەتىگىنى قېچىپ كېلىۋالاتتىم. چۈنكى، بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىنى ئاڭلىماي يېتىپ بىر كېچە ئۇخلىيالىشىم بەكمۇ قىيىن ئىدى.

بىر كۈنى ئاۋۇت ئاكام (سېكرېتار دېيىشنى بىلمەيتتىم) مە-ھەللىنىڭ نېرىقى چېتىدە ئولتۇرىدىغان ھەمراخان ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايالنى باشلاپ كەلدى.

— قۇزغۇنغا تاغ ياخشى، بۇلبۇلغا باغ دېگەندەك، بۇلاق بېشى-دىن ئايرىلغۇڭ كەلمىدى، بالام. مۇنۇ ھەمراخان ساڭا ئانا بولى-دۇ، — دېدى ئۇ مېنى بۇلاق بېشىدىن چاقىرىپ كېلىپ.

بىلىمەن، ئانام رەھمەتلىك دائىم ھەمراخان ئاچام بىلەن بىلە-لە چاق ئېگىرەتتى. ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، قۇچىقىدىكى كىچىك-كىنە بالىسى بىلەن قالغان ھەمراخان ئاچام بەزىدە يانچۇقىدىن گۈلە ـ جىگدە ئېلىپ ماڭا بېرەتتى ...

— ھەمراخان سىلەرنىڭ ئۆيدە تۇرماقچى، — دېدى ئاۋۇتكام بېشىمنى سىلاپ، — سەن كىچىك، بالام، يالغۇزلۇق يامان.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ھەمراخان ئاچام ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان قىزى ئايىنىسانى يەرگە قويۇشىغا، ئۇنى يېتىلەپ بۇلاق بېشىغا چاپتىم. ئايىنىسامۇ شۇنداق خۇشال بولدىكى، چو-رۇقلاپ بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە مەن بىلەن كەچكىچە بۇلاق بې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىدا ئوينىدى.

ئېھ، مېھرىلىك بۇلاق! ئەمدى مەن يالغۇز ئەمەسمەن! سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز ئەتىدىن - كەچكىچە بۇلاق بويىدىن كىرمەيتتۇق. سۇپسۇزۇك بۇلاق سۈيى مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدىكى ھەسرەتنى تېزلا يۇيۇۋەتتى ...

* *

مەن يېتىملىك ئازابىنى تارتمايلا چوڭ بولدۇم. كىچىككىنە جېنىمنى ئېسىپ مەكتەپكە باردىم. يۇرتىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، گوڭشېدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم. بىراق، ئانام ئاينىسانى مەكتەپكە بەرمىدى. بىر كۈنى بۇ ئىش توغرۇلۇق ئانامغا ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىمغا:

— بالام، سەن ياخشىراق ئوقۇپ، كېرەكلىك ئادەم بولساڭلا بولدى. قىز بالا دېگەن ... — دېگىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئاھ، ئانىلارنىڭ يېشى! بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش نېمىدېگەن كۆپ - ھە!؟ ئانام شۇنداق دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىككىمىزنى ئوقۇتۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئالمىدىم. بىراق، ھەمىشە مەكتەپتىن قايتقىنىمدا ئاينىسا ئالدىمغا چىقسىلا، خۇددى بىرەر گۇناھ قىلغان بالىدەك بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالاتتىم. كېيىنچە مەن ھەر ئاخشىمى كېچىلەرگىچە ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىدىغان بولدۇم.

ئانام نېمە ئۈچۈندۇر ئاينىسا مېنى «ئاكا» دېسە ئاچچىقى كېلەتتى. كىشىلەر سىڭلىمنى چىرايلىق دېيىشىدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇلغان يۈزلىرى بەئەينى بۇلاقتا چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ ئۆزى، كۆزلىرى بۇلاقنىڭ ئۆزى. قاپقارا بوستان چاچلىرى كىشىگە بۇلاقتا ساڭگىلاپ چۈشكەن مەجنۇنتالنى ئەسلىتىدۇ. سىڭلىم چىرايلىق، مەھەللىمىزدىكى قىزلار-

نىڭ ھەممىسى چىرايلىق، بولمىسا، نېمىشقا يىراق يەرلەردىن كېلىپ، كاتتا تويلاپ ئېلىپ كېتىشىدۇ؟ ئاھ! مېنىڭ سىڭلىم-نىمۇ كۆنلەرنىڭ بىرسىدە شۇنداق ئېلىپ كېتىشىدۇ! ھەي قىزلار، نېمىشقىمۇ چوڭ بولۇۋېلىپلا تەرەپ - تەرەپكە كېتىدى-غانسىلەر؟! سىلەرمۇ شۇ سۆيۈملۈك بۆلاقتا ئوخشاش مەڭگۈ مۇشۇ يەردە قېلىپ، مەھەللىمىزنىڭ باغۇبوستانلىرىنى ياشارتساڭلارچۇ دېگۈم كېلىدۇ.

شۇ خىياللار بىلەن بۇلاق بويىدا ئولتۇرغان بىر كەچتە، ئار-قامدىن ئاڭلانغان قوڭغۇراقتەك كۆلكە ئاۋازى مېنى قايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئەپەندى، بۇلاق بىلەن مۇڭدىشىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى سىڭلىم ئەركىلەپ.

— بۇلاقنىڭ سىرىنى ئىزدەۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— قېنى ئېيتىڭا، تاپالىدىڭىزمۇ؟ — ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆز-لىرى ماڭا تىكىلدى.

— ئاينىسا، سەپسالدىڭمىكىن، ئەتىياز، قىش پەسىللىرىدە بۇلاقنىڭ سۈيى ئازلاپ، ئوتتۇرىدىكى چوققا چىقىپ قالىدۇ، ياز پەسلىدە يۇپيۇمىلاق بولىدۇ. ئېيتقىنا، بۇلاق نېمىگە ئوخشايدۇ؟!

— ئايغا! — دېدى ئۇ قولىنى چىشلەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن.

— تاپتىڭ، بۇلاققا ئىسىم قويايلى.

— ئايبۇلاق! ...

— توغرا، ئايبۇلاق!

ئاينىسا خۇشاللىقىدىن سەكرىگىنىچە كېلىپ بوينۇمغا ئېس-سىلدى - يۇ، دەرھال قولىنى تارتىۋېلىپ قىزارغىنىچە:

— ئەسكى! — دەۋەتتى ۋە خۇيلىنىپ يانغا قارىۋالدى.

كۆرۈۋاتىمەن، ئۇنىڭ خاپا بولۇپ تۇرۇلگەن چىرايى سەكرەپ كۆلگەن ۋاقتىدىكىدىنمۇ يارقىن، گۈزەل ئىدى.

— ئاينىسا، — دېدىم مەن ھودۇققان ھالدا، — سەن چوڭ بولغاندا ئايبۇلاقتىن كېتىپ قالارسەنمۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەن گەدىنىمگە چىپچىلغان سۇدىن ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئەپەندى، ئىبغىزلىرىنى بۇلاق سۈيىدە چايقىۋەتسىلە، مەن ئايبۇلاق بويىدىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن! — ئۇ يەنە ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— راستمۇ؟

— راست.

ئۇ قولىنى تەڭلىدى. بىز بەئەينى ئون ياشلاردىكى ۋاقتىمىزدىكىدەك قوللاشتۇق. بىراق، ئۇ دەررۇ قولىنى تارتىۋېلىپ قىپچىپ كەتتى.

— ئەپەندى، ئۆزلىرىدىن ئەنسىرىسىلە!

ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي خۇددى بىزگە مەستلىكى كەلگەندەك بۇلاق ئىچىدىن كۈلۈپ قاراۋاتاتتى ...

*                *

جاھان ئۆڭشىلىپ، تەبىئەت ياشارغان، ئانامنىڭ چىرايىغىمۇ قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۈلكە كەتمەيدىغان بولغان كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىسىدە، مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئانام بىر تەرەپتىن كۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن يىغىسىنى سۈرتۈپ دېگەندەك خۇشلاشقىلى كەلگەن يۇرتداشلارنى يولغا سالدى.

ھەي، بىچارە ئانام، ئۇ ئۆيگە كەلگەندە تېخى ئوتتۇرا ياشلاردىكى تولۇق، ساغلام ئايال ئىدى. ئون نەچچە يىللىق جاپالىق تۇرمۇش ئۇنى مۈكچەيتتى، قېرىتتى، چاچلىرىغا تال ـ تال ئاقلار سانجىلدى، يۈزلىرىگە قورۇق كىردى. مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈنلا بىچارە ئاينىسانى نومۇرغا ئىشلىگىلى سالدى. ئۆز ئانام بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار ئىدى ـ ھە!؟

— ئانا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مەن ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزۈپلا قېشىڭىزغا كېلىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— بالام، ئاناڭ خۇشاللىقىدىن يىغلاۋاتىدۇ. ئوقۇ، بالام، جاھان ئۆزگىرىپ كەتتى... كۈنىمىزدىن قالغۇدەك ھالدا ئەمەس، سىڭلىڭمۇ ... — ئانام دەررۇ توختىۋېلىپ دېدى، — ئاينىسامۇ بىر ئەر كىشىنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ، ۋاقتى - ۋاقتىدا خەت ياز، پۇل - پۇچەك لازىم بولسا، تارتىنماي ئېيتىمۇ، بىزنى ئۇنتۇپ قالما ...

ئادىتىمنىڭ ئەكسىچە كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. سۆز بېرىپ - بېرىپ ئاينىسا بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلگەندە، ئۇ دەررۇ ئانامنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، بىراق كۆزلىرى ...

— ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئايىمۇلاقنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، سىزنى ۋە سىڭلىمنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرىمەن.

ئانام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ كۈلدى، سىڭلىممۇ سەل كۈلۈمسىرەپ يەر تېگىدىن ماڭا تىكىلدى ...

*          *

تۆت يىللىق مەكتەپ ھاياتى ئالدىراشلىق ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۇچقاندەك ئۆتۈپ باراتتى، ئۆيدىنمۇ ئۇزمەي دېگۈدەك خەت - خالتا كېلىپ تۇراتتى. سىڭلىم يازغان خېتىنى ھەر قېتىم «ئاكا ...» دەپ باشلاپ، ئانامنىڭ سالامەت ئىكەنلىكى، ھازىر يەرلەرنىڭ ھۆددىگە بېرىلگەنلىكى، بۇ يىل موزايلىق كالا سېتىۋالغانلىقىدىن تارتىپ، قويلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قوزىلاۋېرىپ، بېقىپ بولالمايۋاتقانلىقىغىچە، ھەتتا ئايىمۇلاقتىكى مەجنۇنتالدا بىر جۈپ قارا قۇشقاچنىڭ ئۇۋا سالغانلىقىغىچە ... ئىنچىكىلەپ، ھەممىنى يازاتتى - يۇ، ئۆزى توغرىسىدا بىرنەرسە يازمايتتى. مېنىڭ ئەگىتىپ يازغان خېتىمگە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ياشلار پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ئاددىيلا يازاتتى. بۇ خەت-

لەر سەل قىڭغىر بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇچۇن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق خەت ئىدى. چۈنكى، ئايبۇلاقنىڭ شىلدىرلاش سادالىرى ئىچىدە يېزىلغان بۇ خەتتىن، ئۇنىڭ نەم خۇشبۇي ھاۋاسىنى پۇ-رىيالايتتىم.

ئېھ، ئايبۇلاق! كۆڭلەرنىڭ بىرسىدە مەنمۇ ئاشۇ قارا قۇشقاچقا ئوخشاش، سېنىڭ يېنىڭغا ئۇچۇپ بارىمەن ــ دە، مەڭگۈلۈك ئۇۋا سالىمەن.

ئوقۇشۇم ئاخىرلىشىپ، ئۆز ناھىيەمگە تەقسىملەندىم، ئەمدى مەن بۇرۇنقىدەك خەت تارتىپ، يىگىرمە ياشلاردىن ھالقىغان يىگىت بولۇپ قالغانىدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر نەرسە يۈرەكىمنى پىژىلدىتىپ تۇراتتى. ئەگەر مەن ئايبۇلاق بويىغا ئۇچۇپ بارغىنىمدا، ئاينىسا «ئاكا» دېمەستىن، ئىسمىمنى تولاپ ياكى ئىلگىرىكى چاقچىقى بىلەن «ئەپەندى» دەپ ئالدىمغا چىقسا، سۈپسۈزۈك ئايبۇلاق سۈيى ئىككى گەۋدىنى تەڭ ئەكس ئەتكۈزسە ... ھە، بۇ مۇمكىن! ئايبۇلاق بويىدىكى مەجنۇنتالغا بىر جۈپ قارا قۇشقاچ ئۇۋا سالغان!

تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىلگىرىكى كاللەك تام يېقىلىپتۇ، ئەتراپىغا دەل ــ دەرەخ تىكىلگەن ھويلا كۆرۈنمەيلا قاپتۇ. دەرھال سومكامنى تاشلاپ يارنىڭ بويىغا بارغاندىلا كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشتى. بۇلاق! ... مېنىڭ ئايبۇلىقىم ئىلگىرىكىدەكلا رىتىملىق شىلدىرلاپ ئېقىۋېتىپتۇ، مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى سۇغا چىلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۆزۈمنى بۇلاققا ئېتىپ قانغۇچە چۆمۈلگۈم كەلدى.

ـــ ئاكا!

چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم، ئاينىسا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەل كۆيۈپ قىزارغان مەڭزىلىرى، بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش سۈزۈك كۆزلىرى، كەچكى قۇياشنىڭ نۇرلىرى يورۇتۇپ تۇرغان سىيماسى ئۇنى بەئەينى چۆچەكلەردىكى بۇلاق تېگىدىن چىققان پەرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— ئايىنسا! — كۆزلىرىمىز قانچە تېز ئۆچراشقان بولسا، شۇنچە تېز ئايرىلدى.

— قاراڭ سىزنى، كېلىپلا ئۆيگىمۇ كىرمەي، بۇلاق بېشىغا كېلىۋاپسىز، ئۆينى ئەمەس، بۇلاقنى سېغىنغان ئوخشايسىز، — دېدى ئۇ نارازى قىياپەتتە.

— ھەممىنى تەڭلا سېغىندىم.

*　　　*

مېنىڭ خىزمىتىم ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىملەن-گەندىن كېيىن، شەنبە كۈنلىرى كەچتىلا ئۆيگە قايتالايدىغان بولدۇم. ئايىنسا مېنى ئىلگىرىكىدەكلا «ئاكا» دەپ چاقىراتتى، ئانام بۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك بەك خاپا بولۇپ كەتمەستىن، قوشۇمى-سىنى تۈرۈپ «ئۇھ» تارتىپلا قويىدىغان بولدى. مەنمۇ بۇنى ئانچە كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمىدىم. چۈنكى، كىچىككىمىزدىن تارتىپ «ئاكام، سىڭلىم» دېيىشىپ كەلگەچكە، يەنە شۇنداق دېيىشىشنى تەبىئىي دەپ بىلەتتىم. يەكشەنبە كۈنلىرى بەزىدە ئۇچىمىز ھۆد-دە يەرگە ئىشلەپ كېتىمىز، سىڭلىم كۈندۈزلىرى ئەمگەككە قات-ناشسا، ئاخشاملىرى دادىيدىكى مەدەنىيەت ئۆيىگە كېتەتتى. ئۇ-نىڭ ئېيتىشىچە، ياشلار ئۇ يەردە كىتاب ئوقۇيدىكەن، تېلېۋىزور كۆرىدىكەن، بەزىدە پەن - تېخنىكا كۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سە-مەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدى-كەن. سەمەت مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغىچە بىللە ئوقۇغان ساۋاق-دىشىم ئىدى. ئۇ ھازىر دادىيدە دېھقانچىلىق باش تېخنىكى ئىكەن. ئۆتكەن يىلى ئۇلار كېڭەيتكەن «تاڭشەن 6898» بۇغدايىنىڭ موسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز يۈز سەكسەن نەچچە جىڭدىن مەھسۇلات ئېلىنىپ، دادىينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىراقلا ئىككى قاتلانغانىكەن، ناھىيە ئۇلارنى بىر تېلېۋىزور بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر شەنبە كۈنى كەچتە ئانام بىلەن ئىككىمىز مۇڭداشقاچ
بىر ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ ئولتۇرغان بولساقمۇ سىڭلىم قايتىپ
كەلمىدى، ئانام سەل چېچىلىپ، ئۇنى ئىزدەپ بارماقچى بولغان-
دى، مەن دەررۇ ئۇنى توسۇپ ئۆزۈم بېرىپ تېپىپ كەلمەكچى
بولدۇم. شۇ باھانىدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىنى كۆرۈپ كېلى-
مەن، يەنە يولدا كەلگۈچە ئايىنىسا بىلەن بەزى ئىشلارنى سۆزلى-
شىۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئەمەس، چۈنكى كەلگىلى بىر يىل
بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئانام ئىككىمىز ئاچمىغاچقا ھەم ئايىنى-
سامۇ قېشىمدا يالغۇز تۇرمىغاچقا، ئىككىمىز ئاچالماي تۇرغان بۇ
ئىش بەزىدە مېنى بىئارام قىلاتتى.
ئاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ئاخشاملار - ھە! بۇلاق سۈيىنىڭ يەڭ-
گىل شىلدىرلىشى مېنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلدى. لېكىن،
ھېلىقى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە بېرىپلا توختاپ قالدىم. مەجنۇن-
تاللار ئارىسىدىن چۈشكەن ئاي شولىسى ئىككى گەۋدىنى بۇلاق
ئىچىدە ئەكس ئەتكۈزۈپ تۇراتتى. «ۋاھ، بۇلاق بويى قىز - يى-
گىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان جايى بوپتۇ - دە!» ئىچىمدە
ئىختىيارسىز كۈلۈپ، كەينىمگە ياناي دېيىشىمگە، گۇدۇڭلىغان
ئاۋاز مېنىڭ توختاتتى:
— ئۇنداق قىلساق ئاكىمىزنىڭ كۆڭلىگە تېگىدۇ. بىز كە-
چىكىمىزدىن ساۋاقداش، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ بېشىڭلار
كىچىككىلاردىن چېتىلغان، — بۇ سەمەتنىڭ ئاۋازى ئىدى.
— ئاكام ئاڭلىق ئادەم، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ.
مەن ئايىنىسانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە
ئۈجمىگە يۆلىنىۋالدىم.
— بىراق، ئانىڭىز ...
— گەپ ئاكامدا، ئاكام قوللىسىلا، ئانامغا بىر قىزدىن ئىككى
قىز ياخشى - دە، بىرسى يېزىدا، بىرسى شەھەردە ...
— لېكىن، سىز بۇ يەردە توپىغا مىلىنىپ يۈرگۈچە، شەھەردە
تۇرسىڭىز ...

— بولدى، سۆزلىمەڭ! شەھەردە يارى بىزدىمۇ بولىدۇ، بىراق ئايبۇلاق شەھەردە يوق.

— ئايبۇلاق! ...

ئىككى گەۋدە قوشۇلۇپ كەتتى. مەن ئاستا كەينىمگە قايتتىم. كىچىچە قانچە قىلسامۇ ئۇيقۇم كەلمىدى. نامەلۇم نەرسىلەر يۈرىكىمنى غاجايدۇ. يەنە تۇرۇپ ئويلىنىپ قالىمەن. بىر چاغدا يان ئۆيدىن ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ گۇدۇڭلىشىشى ئاڭلاندى:

— بالام، يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، توي گېپىنى قىلساملا سەمەتنى تىلغا ئالىسەن، ئۇيالساڭچۇ! ئاكاڭ بىچارە ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئازابلىنىپ يۈرىدۇ.

— ئانا، ئۇ دېگەن ئاكام تۇرسا، يەنە كېلىپ قېشىڭىزدىن كەتسەم قېرىغان چېغىڭىزدا كىم قارايدۇ؟

— قىز بالا دېگەننى هامان ياتلىق قىلىدىغان گەپ، ئىككىڭلار ئۆز بالام بولغاندىكىن، قېشىڭلارغا كەتسەممۇ بولىدۇ. بولمىسا، كېلىپ - بېرىپ تۇرارسىلەر.

— ياق، ئانا. مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— بارمىساڭ، ئاكاڭ ھەر ھەپتە كېلىپ تۇرغاندىكىن ...

— ئانا، مېنى زورلاۋەرمىسىڭىزچۇ؟!

— ھەي، توخۇ بىلىندۇرمىسە، چۈجە بىلىندۇرىدۇ، دېگەن شۇ - دە! بىچارە. بىزنى دەپ ھەر ھەپتە كېلىپ - كېتىپ يۈرىدۇ، — ئانامنىڭ يەڭگىل يىغىسى ئاڭلاندى.

— ئانا، جېنىم ئانا، سىز ئاكامغا ئېيتىڭ، ئۆزىگە خىزمەتداشلىرى ئىچىدىن لايىق تاپسۇن، مەن يەڭگەمنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن. لېكىن، مېنى زورلىماڭ! — ئەمدى سىڭلىممۇ يەڭگىل ئىسەدەۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن بېرى ئانام مېنى كۆرسىلا، خۇددى بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغاندەك تۆۋەن قاراپ باشلىرىمنى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇزاققىچە سىلايدۇ، بىرەر گېپى باردەك ئېغىزىنى ئۆمەللەيدۇ -

يۇ، گەپ ئاچالمايدۇ. سىڭلىم بولسا ئويچان كۆزلىرىنى يېلىنىش نەزىرى بىلەن بىردە ئانامغا، بىردە ماڭا تىكىدۇ، ئۆينىڭ ئىچىدە دائىم شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ھالەت ھۆكۈم سۈرىۋەرگەندىن كېيىن، مەن ئىختىيارسىز بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسكە ئالدىم.

ئۇ چاغلاردا كەچقۇرۇنلىرى سىڭلىم بىلەن پومىداقلىشىپ ئۆينى بېشىمىزغا كىيەتتۇق، ئانام ئىككىمىزگە قارايمەن دەپ، بارماقلىرىغا يىڭنە سانجىۋالسىمۇ، يەنىلا بىزنى جىملىمەستىن خۇشال كۈلەتتى. ھەي، بالىلىق! پاك، غۇبارسىز بالىلىق دەۋر، قايتىپ كەلسەڭچۇ؟!

ئاستا بۇلاق بويىغا چىقتىم. ئايبۇلاق يەنىلا بۇرۇنقى پېتىچە رىتىملىق شىلدىرلاپ، يېقىملىق ناخشىسىنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ بالىلىق چاغلىرى بولغاندۇ، لېكىن مەڭگۇ قىرىلىق دەۋرى بولمايدۇ!

ئارقامدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. دېمەك، ئانام كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئەمدى قىيناۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ خۇددى ئايبۇلاققا ئوخشاش ماڭا پۈتۈن مېھىر - شەپقىتىنى بەردى. ھەممىنى مەن ئۈچۈن قۇربان قىلدى. ئەمدى مەن يەنە نېمىنى تەلەپ قىلىمەن؟

— ئانا، — دېدىم ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — بىر ئىشنى مەسلىھەتىڭىزگە سالماقچىدىم.

— نېمە ئىش، بالام؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— ئانىلىق قەرزىڭىزنى ئادا قىلىپ، بىر قېتىم ئەلچى بولسىڭىز، — دېدىم يەرگە تىكىلگىنىمچە. بىراق، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى.

— كىمگە؟ — ئەمدى ئانامنىڭ تەنلىرىمۇ تىترەيتتى.

— بۇ ... بۇ ...

نېمە دېگۈلۈك؟ خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدىكى بەزى سىرداشلار ماڭا يېڭىدىن تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ كەلگەن بىر قىزچاقنى سايە قىلىشقان، ئۆزۈممۇ ئۆتكەنكى كېچىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ، بىر - بىرىمىزنى خېلى چۈشىنىش-

كەن بولساقمۇ، تېخى ئەلچى ئەۋەتىش گېپىنى قىلىشمىغانىدۇق. مەيلى، ئارىلىقتىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى يوقىتىش مۇھىم ...

— مەكتىپىمىزدە بىر ئوقۇتقۇچى قىزچاق بار ئىدى، يولداشلار شۇنى سايە قىلىشىدۇ.

— هەي، بالدۇرراق ئېيتساڭ بولمامدۇ، بالام. ئەتىلا بارىمىزمۇ؟

— بىر - ئىككى ھەپتىدىن كېيىنرەك بارساقمۇ بولىدۇ.

— بالام، ئەسلىدە ئاناڭنىڭ خىيالى باشقىچە ئىدى، ئايىنىسا دېگەن ئەسكى ...

— بولدى، ئانا، ئۇ دېگەن سىڭلىم تۇرسا ...

— ئاكا! — قاياقتىندۇر پەيدا بولغان سىڭلىم مۇرەمگە ئېسىلىپ سەكرەپ كەتتى، — يەڭگەمنى قاچان ئەكېلىمىز؟

— ھۇ، شەيتان، بۇنىڭغا ئالدىراش يوق، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭكىنى ئەكېلىپ، ئاندىن ...

— سىز ... سىز نەدىن بىلىسىز؟ — ئۇ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئايبۇلاق ئېيتىپ بەردى.

— يالغان ... يالغان ... — ئۇ مېنى مۇشتلاشقا باشلىدى.

— ئايبۇلاق يالغان ئېيتمايدۇ ...

تۇيۇقسىز چېچىلغان سۇدىن ئەندىكىپ كەتتىم، قارىسام، سىڭلىم تىزىغىچە سۇغا كىرىۋاپتۇ. ئانامنىڭ: «هاي، كىيىمىڭلار ھۆل بولۇپ كېتىدۇ» دېگىنىگىمۇ قارىماي، سۇ چېچىشقا باشلىدۇق. ئىككىمىزنىڭ خۇشال كۈلكىمىز ئايبۇلاقنىڭ رىتىملىق، يەڭگىل شىلدىرلىشىنى بۇزۇپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى. چۇۋ-چۇپ ئويغانغان قارا قۇشقاچلارمۇ قاياقلاردۇر ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئېھ، ئايبۇلاق! سەن مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى قايتۇرۇپ بەردىڭ! سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭمۇ ساڭا ئوخشاش مەڭگۈ قېرىمايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# قارا ئۆڭكۈر

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز تۇرمۇشىدىن ۋايساپ، قاقشاپ ئۆتىدى-غانلار كۆپىيىپ كەتتى. قارىماققا ھەممە ئادەم بىر ئوبدان ئۆ-تۈۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاللىقانداق بىر قارا سايە ئەگىشىپ يۈرگەندەك، بىر قارىسا مۇنداق دېيىشكىمۇ بولمايدىغاندەك، بەلكىم قارىغۇغا جا-ھان قاراڭغۇ بىلىنگەندەك، ماڭا ئوخشاش نېمىلەردىندۇر ئەنسى-رەپ، تايىنى يوق بىر ئىشلاردىن قورقۇپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئادەمگە ئىشلار شۇنداق تەشۋىشلىك ھەم بىمەنە كۆرۈنىدىغاندۇ. ئۆزۈمچە تۇرمۇشۇمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن بىزار بولۇپ كې-تىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە قىينىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قال-دىم. ئۆي بىلەن ئىدارە ئارىلىقىدا ئۆتىدىغان بىر خىل رىتىمدى-كى ھاياتتىن كۆڭلۈمدە بىراۋغا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدى-غان غەلىتە بىر بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك ئىدىم. يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار روھىمنى غاجىلاپ ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتاتتى. خۇددى روھىم ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەندەك، كۆڭلۈم تولىمۇ تارلىشىپ، قېتىپ كەتكەن-دەك، ھېچ بىر نەرسىنى قوبۇل قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقان-دەك ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە تۆت تەڭگىنى كۆرۈپ جاھان مېنىڭ ئوخشاي-دۇ دەپ ئالچاڭشىپ كېرىلىپ تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان ئەر-

لەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشىنىڭ پۇرستىنى ئىزدەپ يۈرگەن خوتۇنۇم، قاتناشمىسام يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ كوتۇلداپ يۈرۈپ، شۇنچە قارشى تۇرغىنىمغا قارىماي ھېلىقى قاتار چاي دېگەن بىمەززە ئىشقا قاتنىشىپ قالدى. چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ چىدىدىم، نېمە ئامال؟ سەن ئىشلىسەڭ مەنمۇ ئىشلەيمەن، سەن تاپقان پۇلنى مەنمۇ تاپىمەن، دەپ ئەرلەر بىلەن تۆر تالىشىپ، ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈۋاتقان ئاياللارنىڭ بىرسى بولغان خوتۇنۇممۇ ئاخىر دېگىنىنى قىلدى. مەن قورچاقتەك ياسىنىپ تاكاسلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان خوتۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەر كىشىگە خوتۇن كىشىنىڭ پۇلى ھارام، دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالغىنىمنى تا ھازىرغىچە ھېچكىمگە دەپ باقمىدىم...

سەۋر قىلىپ كۈتۈپ، ئاخىر بۇ قاتار چاي دېگەن بىر نېمىسى ئاياغلاشتى. بىر مەزگىللىك پاتىپاراقچىلىق ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاشۇنداق سەكىلدەپ خېلى ئېچىلىپ قالغان خۇدا ئۇرغۇر قاپىقى يەنە تۈرۈلۈپ قالدى. ئىدارىگە بارسام باشلىقىمنىڭ، ئۆيگە كەلسەم خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قاراپ تەس بىر كۈنگە قالغاندەك قىلاتتىم. شۇڭىمىكىن، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلارغا شۇنداق تەشنا بولۇپ كەتتىم. بەزى چاغلاردا تۇرۇپلا ئاسىيەنىڭ كىشىگە تولىمۇ ئىللىق كۆرۈنىدىغان كۈلكە كەتمەيدىغان، ئىككى مەڭزىدىكى زىنىخلىرى، يېقىشلىق چىرايى يادىمغا يېتىپ قالىدىغان، بۇنداق چاغلاردا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئازادىلىشىپ يالغۇز بولسامۇ ئۆزۈمچە ھىجىيىپ سالىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئىشخانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىمدەم ھال - مۇڭ بولۇپ قالساق ئۆزۈمنى كەڭ بىر يايلاققا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. بىر يىلنىڭ ئالدىدا باشقا بىر يۇرتتا خىزمەت قىلىدىغان ئېرى بىلەن نېمە سەۋەبتىندۇر ئاجرىشىپ تۇل ئولتۇرۇۋاتقان ئاسىيە ئىدارىدىكى بەزىبىر ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە تەييار لوق گۆش ئىدى... بىلىشىمچە، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سۇۋۇشۇپ يۈرگىنىدىن ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىد-

غان چىرايىغا كۆيۈپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

ئايالىمنىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ قېلىشىنىڭ مەن بىلمەيدىغان بىرەر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى ئۇنى جاھاننىڭ يەنە قانداق شەيتانلىرىنىڭ بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى ھازىرچە بىلگىلى بولمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىمدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نېمىگە غوم ساقلاپ يۈرگىنىنى ئۇزاققا قالماي بىلىۋالاتتىم. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇرۇنۇپ ئاۋارە بولۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق، يىرىڭلىق جاراھەت بىر كۈنلەر ئۆتۈپ، تولۇپ، چىقىلىپ ئاخىرىدا ئۆزى يېرىلغاندەك، ئۇمۇ ئاخىر ئۆز كۆڭلىدىكىنى دېمەي قالمايدۇ... شۇ چاغدا بىلىۋېلىشىم مۇمكىن، ئەمما بىلىش بىلەنلا توختاپ قالىدىغان ئىش نەدە؟ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۇچۇن پالاقلاپ يەدەل تۆلەيدىغان ئادەم يەنىلا مەن. ئىشنىڭ قاملاشمىغان تەرىپىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. ئەگەر ئۇ ئۆزى قىلالايدىغان ئىش بولسا غەلىبىسىدىن تېرىسىگە سىغماي قالاتتى. مېنىڭ ئەر كىشى تۇرۇپمۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇمسىزلىقىمنى يۈزۈمگە سېلىپ تازا بىر ماختىنىۋالاتتى...

زەن سالسام، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ قېلىۋاتقان ئادەملەر ئاز قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. كۆپلىگەن ئادەملەر بىنورمال بىر ھالغا كېلىپ قالسا بەلكىم نورمال ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نورماللىقىدىن گۇمانلىنىپ، بىنورمال كىشىلەرگە ئەگىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئۆزى توغرا باھا بېرەلەيدىغان ئادەملەردىن قانچىلىك قالدى؟ باشقىلارنىڭ يەنە بىراۋلارغا بەرگەن باھاسىنى توغرا دېيىشكە جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان مۇشۇ كۈنلەردە ئادەم ئۆزىنى تىڭشاپ باقىدىغان بولۇپ قالدى.

نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ساۋاقدىشىم رىشىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىمىزدە ئۇ پائالىيەتچان ئوقۇغۇچى ئىدى. بالىلار باي-

رىمى، كۆچەت تىكىش بايرىمى دېگەندەك خاتىرە كۈنلەر ئۆچۈن مەكتەپ تام گېزىتلىرىگە شېئىر، نەسر دېگەندەك بىر نېمىلەرنى يېزىپ ھارمايتتى. ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن مەكتەپتىن چىقىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلەلمىگەندىم. ئىلگىرى كۆرگەنلىرىمدە ئۇ قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن، روھلۇق بىر يىگىت ئىدى... ئەمدى قارىسام، قان تېمىپ تۇرىدىغان يۇزلىرى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك غەلىتە پارقىراپلا قاپتۇ. ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق.

— ئۆزۈڭ نېمە بىلەن... — دېدى رىشىت ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا ئالاڭلاپ قارىغاچ، نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا، ماڭا گەپ قىلىۋېتىپ باشقا بىر ياقلارغا قاراپ تۇرىدىغۇ؟

— يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىدارىدە ئىشلەۋاتىمەن.

— ئۆزگىرىش يوقمۇ؟

— قانداق ئۆزگىرىش؟

— مەسىلەن، ئۆسۈش ـ پۆسۈش دېگەندەك...

— ياق، ئۇنداق ئىشلار بىزلەرگە نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ... — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ. كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا تامدىن تارىشا چۈشكەندەك نەدىكى بىر گەپلەرگە چۈشۈپ كەتكىنى مېنى سەل گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— دەردىمىز ئوخشاش ئىكەن، — دېدى رىشىت تولىمۇ مەيۈس بىر ھالدا، — مۇشۇنداق چەككە ـ چۈككە ئىشلار بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتەرمىزمۇ؟ پۇرسەت كەلمەيۋاتىدۇ... ئىسسىت، خەقلەرنىڭ كۆزى كور بولغان ئوخشايدۇ... ئاھ خۇدا... بىزلەرنىڭ نېمە گۇناھىمىز بولغىيدى دەيمەندە...

— پۇرسەت، ئۆسۈش دېگەنلەر ئۇنچىۋالا زار بولۇپ كەتكۈدەك ئىشلار ئەمەسقۇ... كېلىپ قالسا قەدىرلىگۈلۈك، بولمىسا، ئاھ، دەپ كەتكۈچىلىكى يوق...

بۇ گېپىم رىشىتقا قاتتىق تەگدى بولغاي، ئۇنىڭ ئەسلىدىمۇ تاتىراڭغۇ بولغان چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. ئىشىمنى قىلسامچۇ. مېنىڭ نېمە كارىم... ھە سېنىڭ راست دەپلا قويسام بولىدىغان ئىشقا...

رىشىت ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ ماڭا گۆلەيدى:

ــ دۇنيادا ئىككى خىل ئادەملەر ئازابلانمايدۇ. بىرسى ساراڭلار، يەنە بىرسى نادانلار. سەن ئىككىسىدىن قايسىسىغا تەۋە؟ ــ ئۇ شۇنداق ۋارقىرىدى ـ دە خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالدى.

«بۇ ئاداشمۇ ئوخشاپتۇ... » دېدىم مەن ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئالدىراپ كېتىۋاتقان رىشىتنىڭ كەينىدىن قاراپ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ناھايىتى ئېغىر غەم بېسىۋالغان ئادەملەردە بولىدىغان بىر تۈرلۈك بىچارىلىك تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك ئىدى. بۇ ساۋاقدىشىممۇ ھايات ئۆزىگە ئاتا قىلمىغان نەرسىلەرنى قوغلىشىپ، قوغلىشىپ ئېرىشەلمىگەچكە، ئاخىرىدا سەۋدايىلىققا يېقىنلىشىپ قالغانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان چېغى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ساراڭ ۋە نادان بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى ئازابلىنىپ ياشىغۇدەك... بولۇپمۇ ھېلىقىدەك كالتە ئەمەللەرنىڭ پېشىنى تۇتالمىغانلار... ئازابنىڭ ئۆزى كاتتا نەرسە، ئەمما ئۇ چوڭكۈنەم، تايىنى يوق، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن بولۇپ قالسا يوققا ھېساب.

نېمىسى نېمە بولدىكىن، مۇشۇ كۈنلەردە ئىدارە باشلىقىنىڭ مەن بىلەن پەقەت خۇشى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئىلگىرىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ئانچە ۋاي دېيىشىپ كەتمەيتتۇق. شۇنداقتىمۇ، ھەر ھالدا سابىتكا، دېسە، سابىتكا دەپ يولىدا ھۆرمىتىنى قىلىپ قوياتتىم. شۇنداق قىلماي بولامدۇ؟ ھازىرقى كۈندە باشلىق بولغانلار مەن شۇنىڭغا لايىقمۇ، ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقماي، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىنى تەمە قىلىدۇ. ئۇ ـ نىڭغا تىرى ـ پىرى قىلىپ خاتىرجەم ياشىغىلى بولمايدۇ. باشلىقىمنى ماڭا نىسبەتەن قانداق قارايدىكىن دېگەنلەرنى ئىلگىرى

ئانچە ئويلاپمۇ كەتمەيتتىم. لېكىن، مۇشۇ يېقىندىن بۇيان بەكلا دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم... مۇشۇ كۈنلەردە ھېچبىر تايىنى يوق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىچە ماڭا يېنىچە ـ قىرىچە تېگىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسى ئۆزۈمنىڭ ئەمگەك ھەققىمنى ئېلىۋاتىمەن دەپ ئويلىماي، مائاشنى ماڭا باشلىقىم بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشقا كۆنۈپ قالغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىرسى بولغان مېنى خېلىلا سوغۇق تەرلىتىپ قويۇۋاتاتتى.

شۇنچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم. زادى قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپ بۇ «پاسسىبانىم»نىڭ چىشىغا تېگىپ سالغىنىمنى چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتىم.

دەسلەپكى كۈنلەردە تولا پاراكەندە بولۇپ، كۆڭلۈم پەقەت خاتىرجەم بولماي قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە باشلىقنىڭ بۇنداق ئورۇنسىز توك تېگىشلىرىگىمۇ كۆنۈپ قالدىم. كۆنمەيمۇ نېمە ئامال؟ ئۇ بىچارە ئۆزىدىن چوڭ بىر مەنسەپكە بارنىڭ قېشىدا تولكىدەك قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قىرى مېكىيانغا ئوخشاپ قالغان بىلەن بىزلەرنىڭ ئالدىمىزدا قوزىنىڭ يېنىدىكى يولۋاستەك بولۇپ كېتىدۇ... نېمىلا بولسا مەيلى، ئىش قىلىپ، كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ... بۇنداق غوجاملارنىڭ ھەرقانداق مۇئامىلىسىگە ھە دېمەي نېمە چارە؟ گاھىدا ھېلىقى رىشتىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن. بەلكىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەن چۈشەنمەيدىغان ناھايىتى چوڭقۇر مەنىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش ئۇچۇن ئەمەس، باشقىلارغا خالىغانچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاشۇنداق بىر ھالغا كېلىپمۇ قالغاندۇ... ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ مەندىن ئەقىللىق ئىكەن...

«ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ ياشايدىغان ئادەممەن، يەيدىغان نېنىم ئۆيۈمدە.» ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ تەسەللىي بېرىپ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدىم. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك بىئارام، تەشۋىشلىك ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان.

بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولسۇن؟ بۇگۈنكى كۈندە باشلىقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان ئادەمنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنىڭ تازا ياخشى بولمايدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مە - لۇم.

ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەستەك قىلىس - مۇ، لېكىن جانغا ئېكەك سالىدىغان قورساق ئۆرۈشى بىر تەرزدە داۋاملىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن خۇددى سەللا دىققەت قىلمىسام مىناغا دەسسىۋېلىشتىن قورققان ئادەمدەك بىر خىل تەشۋىش، ئەلەملىك ئىچكى ھاياجان ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. كۆڭ - لۈمدىكى بۇنداق خاپىلىقلىرىمنى بىراۋغا تۆكۈپ بېرىپ ئىچىمنى بوشىتىۋالاي دېسەم، مۇشۇ كۈنلەردە بىراۋلارغا ئىشىنىپ بولغىلى تېخى بولمايدۇ. پوكۈنى ئۇنى قىلدى، بۇنى قىلدى دېگەن سۆزلەر - نى قىلىپ سېلىشتىن خۇددا ساقلىسۇن... بەزى نائەھلىلەر ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئادەمدىن گەپ ئالىدۇ، ئاخىرىدا بىرگە ئىككىنى قوشۇپ ساداقەت بىلدۈرۈش دەسمايە - سىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولماقچى؟ بىر بولسا ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ ياكى نۇقسان ئىزدە - مەكچى بولسا، سىنچىلاپ قاراۋەرسە، يامان غەرەزدە كۆزىتىۋەرسە ئۇنىڭدىن ئەيىب چىقماي قالمايدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىر ئوبدان ئادەملەرمۇ بالا - تۆھمەتكە قېلىشى مۇمكىن، تۇز ماڭسا غادايدىڭ دەپ، ئېڭىشسە دوڭغايدىڭ دەپ توقۇمنى ئارتىۋەرسە بو - لىۋېرىدىغان گەپ... مۇشۇلارنى ئويلاپ ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قو - يىدىغان ئادىتىمنىمۇ تاشلىدىم. بۇ نەرسە گېلىمدىن ئۆتۈپلا كەت - سە كۆڭلۈمدە بارنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋېتىدىغان بىر ئوسال خۇ - يۇم بار... بىلىپ - بىلمەي بىرەر ئالا قاغىنىڭ ئالدىدا بولار - بولماس سۆزلەپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ يۈرەكلىك ھالدا ھاراقمۇ ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ۋېلسىپىتىمنى يېتىلەپ چىد - قىۋاتسام، ئىدارىمىزنىڭ تازىلىق ئىشچىسى ساۋۇتكام چاقىرىپ

قالدى. ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان بىر گېپى باردەك قىلاتتى. لېكىن، دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان-دەك ئوڭايسىز بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇكام، بىر ئىش بار ئىدى، ھەي، دېسەم كۆڭلىڭىزگە كې-لەمدىكىن دەيمەن... دېمەي دېسەم بۇ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ قال-سا، سىزگە تازا ياخشى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

مەن ساۋۇتكامغا قارىدىم. ئورۇق، ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئاق سانجىپ قالغان بۇ ئادەم يەرنىمۇ ئاۋايلاپ دەسسەيدىغان، تولىمۇ ئېھتىياتچان بىر كىشى ئىدى. ئاڭلىسام، ساۋۇتكامنىڭ بالىلىرى كۆپ ئىمىش، بىر ئۆزىنىڭ ئازغىنا ئىش ھەققى بىلەن پۈتۈن ئا-ئىلىسىنى قامدايدىكەن، ئايالى ئاغرىقچان، ئۆيلۈك بولغان بالى-لىرىمۇ مۇشۇ ئادەمنى قاساپ ئۆگىنىپ قالغان نېمىلەرمىكىن دەيدۇ. نېمىشقىكىن، ساۋۇتكام كىشىگە ناھايىتى جىق دەردى بار ئادەمدەك تەسىر بېرەتتى. دائىم قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك، يەنە بىر تۈرلۈك تەشۋىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولسا دەۋېرىڭ، ساۋۇتكا، سىز - بىز ئۆز ئادەمغۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا رىغبەت بېرىپ.

— تۈنۈگۈن باشلىق سەل كەيپ بولۇپ قاپتىكەن، ئۇ ماڭا سىز توغرۇلۇق ... ئەستا.. بۇ ... — ساۋۇتكام تىلىنى چايناپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەيۋاتاتتى.

— دەۋېرىڭ، ساۋۇتكا، مەن ئۇقۇپ قالساملا بولدى...

— ئۇ ... ئۇ ... ئاۋۇ ئاداشقا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۆزىنى بىلىپ يۈرسۇن... دېدى... گەپ شۇ، ئۇكام... خۇدا ھەققى، بۇنى مەندىن كۆرمەڭ...

ساۋۇتكامنىڭ ئېپىز لەۋلىرى بىر نېمىدىن قورققاندەك سې-زىلەرلىك تىترەپ كەتتى.

مەن تۇرۇپلا قالدىم. ئەمدى بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى. ئاۋۇ ئاداش ئۆزىنى بىلىپ يۈرسۇن دېگەن گېپىنىڭ تېگىدە نېمە بار؟ بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئاخىر ئەنسىرىگىنىمدەك بىر ئىش بول-

دى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئۆچلۇكىنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن. مۇنچىۋالا چىشىغا تەگكۈدەك زادى قايسى ئىشنى خاتا قىلغان بولغىيدىم؟ ئىلگىرى بىرەر سورۇندا خاتا سۆزلەپ سالغانمىدىمكىن يا؟ ھەي مۇشۇ ھاراق دېگەننىزە...

— ساۋۇتكا، بۇنى ھەرگىز سىلىدىن كۆرمەيمەن، ياخشى كۆ-ڭۈللىرىگە رەھمەت. ئەمما، ھېچ بىلمىدىم. قايسىبىر ئىشتا باش-لىقنىڭ زىتىغا تېگىپ قويغاندىمەن؟...

ساۋۇتكام موخۇركىسىنى قاتتىق شورىدى. ئارقىدىن قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، بىچارە ئادەم. بەزى ئادەملەر مۇشۇنداق ئاددىي ھالدا ياشاپ جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر كۆپ-مىكىن... ساۋۇتكامنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى كونا ھەم كىرلىد-شاڭغۇ ئىدى. بۇ ئادەمگە قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قال-دى. ئۇنى ئادەتتە ئىدارىدىكى ھەممەيلەن بىر ئىشلارغا بۇيرۇۋې-رەتتى. ھەتتا تېخى تونۇگۈن كەلگەن سىرىق تۇكلەر جىينىدا ئۇنى باشقۇرۇپ كېتەتتى.

ساۋۇتكام ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ قويۇپ، ماڭا بويىنىنى سوزۇپ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى:

— سىزنىڭ ئاسىيە بىلەن بىر ئىشىڭىز يوقتۇ ــ ھە؟

ئاسىيە بىلەن... ما گەپنى... ئەمدى بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى.

— يوق، — دېدىم مەن گاڭگىرىغان ھالدا.

— يوق بولسا ياخشى، ئۇكام... دېدى ساۋۇتكام، — باشلىقنىڭ كەيپچىلىكتە دېگەن گەپلىرىنىڭ ئۇراندىن قارىغاندا، ئۇ سىزنى ئاسىيە بىلەن بىر ئىشى بار دەپ ئويلايدىغاندەك...

ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئاسىيە بىلەن ئىككىمىز ئا-دەتتە تولىراق پاراڭلىشىپ قالىمىز. ئۇمۇ بىر ئىشلاردىن خاپا بولسا ياكى خۇش بولسا ماڭا دەپ بېرىدۇ... مەنمۇ بەزىدە بىر قى-سىم كالۋا ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا كۆڭۈل سىرلىرىمنى تۆ-كۈپ سالىمەن... شۇنداق چاغلاردا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىمەن... بەزىدە ھەتتا خوتۇنۇمغا دېمەيدىغان

گەپلەرنىمۇ ئۇنىڭغا دەپ سالىمەن...

ئەسلىدە باشلىق مۇشۇ تۇل چوكاننىڭ پېيىگە چۈشۈپتىكەن ـ دە؟ قىزىق ئىش، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىرسى ئۇچۇن كۇنچىلىك قىلىپ يۇرۇشمۇ ئىشمۇ؟ قانداق بولىۋەرسە مەيلىغۇ. ئەمما، مەن بىكاردىن بىكار يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قالمىسام بولاتتىغۇ، مۇشۇ كۇنلەردە خادىم قىسقارتىشنىڭ غەلۋىسى ئەدەپ قالغىلى تۇردى. مۇشۇ پالاكەتچىلىك بىلەن بىرىنچى ئىشان مەن بولۇپ قالمىغىيدىم...

ساۋۇتكام بىلەن خوشلىشىپ ماڭدىم. يېتىلىۋالغان ۋېلىسىـ پىتىم بەكلا ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەندە ئاسىيە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئارىلىقتا ئۇ باشلىقنىڭ گېپىنى چىـ قىرىپ قالدى.

ــ سىز ئۇزاق يىل بىللە ئىشلەپسىز، قانداقراق ئادەم ئۇ؟

ــ ئىشقىلىپ، بولىدۇ، ــ دېدىم مەن، ــ ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ــ ئەمدى دەيمىنا... بەزى قىلىقلىرى سەل بىر قىسما كۆـ رۇندى...

ئىشلار ئەسلىدە سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۇگۇرتكەندەك، كىشى ئاسان سەزگىلى بولمايدىغان بىر هالدا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىـ شىپ كېتىپتىكەن ـ دە... تازا هاڭۋاقتىنىڭ ئۆزى ئىكەنمەن، مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاپ تۇرۇپ يوق يەردىن بېشىمغا پىت چۈشۈۋاتسا سەزمەي يۇرگىنىمنى... نېمە بولسا مەيلى ئىدى. ئەمما، هېچنېمىدىن هېچنېمە يوق، نەدە بىر تايىنى يوق خاپىـ لىققا مېنىڭ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان؟

باشلىقنىڭ بۇ ئاسىيەگە كۆز سېلىپ يۇرگىنىنى پەقەت سەزـ مەپتىمەن. ئۆزىنىڭ قىزى دېمەتلىك بىرسىگە قانات سۆرەپ يۇـ رۇشتىن ئۇيالمامدىغاندۇ؟ ئۆزى قېرىسىمۇ كۆڭلى قېرىمايدىغان، چىشىنىڭ بارىدا گۆش يېيىشنى بىلىدىغان ئادەملەر تولىراپ كەتتىمۇ نېمە؟

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشلارنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئويلاپ كەتتىم، تۇرۇپلا شۇنى ھېس قىلىپ قالدىم: ناۋادا باشلىق ئاسىيەگە خىرىس قىلىپ مەقسىتىگە يەتسە، ئىچى تارلىقىم كەلگۈدەك... ئەمدى بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ ئەجەب بۇرۇن كۆڭلۈمگە مۇشۇنداق بىر شەيتانىنىڭ ئۇۋا سالغىنىنى ئۆزۈم بىلمەي قاپتىمىنا... ئەمما مۇشۇ ھالدا مېنىڭ باشلىق بىلەن تۆشەك تالىشىشقا ھەددىممۇ؟

ئەنسىزلىكىنىڭ قارا سايىسى كۆڭلۈمگە ئاچچىق بىر غەشلىك تارتىپ ئۆتتى. باشلىقنىڭ يېقىندىن بۇيانقى يېنىچە، قىرىچە تېگىپ يۈرۈشلىرىنىڭ سىرى ئاشۇ ئاسىيە ئىكەن ـ دە... مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ ئەسلىنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرگىلى بولسۇن؟ بۇ دېگەن چۈشەندۈرگەنسېرى تەتۈرگە يانىدىغان ئىش. بۇ ئەسلىدە ئۇنداق ئىش ئەمەس، بۇنداق ئىش ئىدى.. دېمەكچىنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ ـ دە... جىددىي تۈتۈش قىلىپ ئاسىيە بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزسەم بولغۇدەك... لېكىن، ئالاقە دەپ كەتكۈدەك ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بولسۇن؟ بۇ نەس باسقۇر باشلىقنى قارا... جاھاندىكى شۇنچە نۇرغۇن خوتۇنلار ئارىسىدا قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئاسىيەگە كۆزى چۈشۈپ قالغىنىنى...

ناھايىتى ئۇزاق يەردىن ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ پىيادە كەلگەن ئادەمدەك ئۆزۈمنى تولىمۇ ھارغىن ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈم پەلەمپەيلەردىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەپ چىقىۋاتساممۇ، خىيالىم ئاللىقەيەرلەردە خامۇش بىر ھالدا ئەگىپ يۈرەتتى. بولۇپ ئۆتكەن ئادەتتى، ئەرزىمەس، ئەمما ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلار گىچماچلىشىپ كاللامنى چىرمىۋالغانىدى.

ئۆيىمىزنىڭ تونۇش ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. قارىسام، ئايالىم بىر بۇلۇڭدا ئېڭىكىنى يۆلەپ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. نەچچە ھەپتىدىن بۇيان ئۇ بىر ئىشلاردىن بەك مەيۈسلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يوق بىر ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆزىچە چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئې-

ـزىلىپ خاموْش ئولتوْرغان ئەپتىنى كۆروْپ غوْژژىدە ئاچچىقىم كەلدى:

— نېمە بولدوْڭ؟ نېمانداق ئېزىلىپ ماكچىيىپ ئولتوْرىسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى پوْشوْروْپ؟

ئوْ خوْددى بىرنەرسىسىنى يوقىتىپ قويوْپ ئارامسىزلىنىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك چىرايىمغا بىرقىسىملا قاراپ قويدى.

— ھېچنېمە...

— ھېچنېمە بولسا ئەمىسە قانداق ئولتوْروْش بوْ؟! ئادەم ھېرىپ كەلگەندە چوْۋوْلوْپ كەتكەن سېۋەتتەك توْرماي، مانداق توْزوْك ئولتوْرمامسەن!؟

سىرتتا خاپىلىققا ئوْچرىسا دەردىنى ئۆيىدىن ئالىدىغان بىر قىسىم ئەرلەرگە ئوخشاش، كۆڭلوْمنىڭ ئارامى بولمىغاچقا، ئۆزوْمچە بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتاتتىم. ئادەتتە ئوْنىڭغا بوْنداق توڭ تەگمەيتتىم، بوْنداق قىلسام تازا ياخشى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. بىراق، بەزىدە موْشوْنداق بولوْپ قالىدوْ - دە...

— مېنىڭ توْزوْك ئولتوْروْشوْمنى قويوْپ، ئاۋۋال سىز ئۆزىڭىزنى بىلىڭە...

ئەمدى بوْ يەنە ماڭا توقوْمىدىن بىرنى تەييار قىلدىمۇ نېمە؟ گېپىدىن قارىغاندا، ئىشقىلىپ، مېنىڭ قايسىدوْر بىر ئىشلىرىم ئوْنىڭ دىتىغا ياقمايۋاتقاندەك ئىدى. ئاسىيە بىلەن بولغان ئىشىمنى... ئا ... نېمە ئىش بولماقچىدى؟ ئاشوْنداق تۆھمەتلەردىن بىرەرسى ئوْنىڭ قوْلىقىغا يېتىپقوْ قالمىغاندوْ؟ ئوْنداق بولسىغوْ قورساقنىڭ ئاغرىقى بولمىغاندىكىن ئوْنىڭدىن قورقوْپ قالىدىغان ئىش يوق... ئەمما بىراق، ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالىدىغان گەپ - دە...

— ھە... مەن نېمە بوپتىمەن؟ — دېدىم توڭلوْق بىلەن.

— سىزنىڭ ھالىڭىز موْشوْ... باش چۆكوْروْپ كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىسىز... ئەمما قولىڭىزدىن نېمە كېلىدوْ؟ ھازىرقى جاھاندا خەق ئىشلەيدىغانلارغا ئەمەس، يول تېپىپ ئۆزىنىڭ ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىنى ياخشى قىلغانلارنى ئەتىۋارلايدۇ...

گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدىم. بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، بىر قارىسام، ئۇ ئاسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدىن خەۋەرسىز دەك قىلىدۇ، يەنە شۇ ئاسىيە...ئۇ ئەجەب تولا يادىمدىن كېچىدىغان بولۇپ قالدى دېسە....

— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

ئۇ چىرايىنىمۇ ئاچماي تەتۈر قارىغىنىچە غودۇڭشىدى:

— مىش - مىش گەپلەر چىققىلى خېلى بولغان، بۇگۈن ماھىرەنىڭ ئېرىگە تەستىق چۈشۈپتۇ...

— نېمە؟...

— دېدىمغۇ، ماھىرەنىڭ ئېرىگە تەستىق چۈشۈپتۇ...

ئۇ بۇ سۆزنى شۇنچىلىك مەيۈس، هارغىن بىر ئاهاڭدا ئېيتتىكى، هەيرانلا قالدىم... ماھىرەنىڭ ئېرىگە تەستىق چۈشۈپ باشلىق بولسا، بۇ خوتۇنغا نېمە هاردۇق يەتكەندۇ ئەمدى...

— ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز؟ خەق باشلىق بولسا بىزگە نېمە ئىدى؟... ئۇچراپ قالسا تەبرىكلەپ قويساقلا بولىدۇ...

— شۇنداق قىلىڭ، خەقنى تەبرىكلەپ هاڭقىيىپ يۈرۈڭ. دېمىدىممۇ... بولۇشىڭىز شۇ. دەۋاتقان گېپىنى، ماھىرەنىڭ ئېرىدىچۇ، ئالىي مەكتەپنىمۇ تۈزۈك ئوقۇماپتىكەن، سىزدىن ئىككى يىل كېيىن خىزمەتكە قاتنىشىپتىكەن...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. خۇدانىڭ ئادەملەرگە سالىدىغان ھەۋەس ئوتلىرى كىشىلەرنى مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇپ دوزاخ ئوتىغا سالىدىكەن. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا كۈچلۈك بىر ئوتنىڭ يالقۇنلىرىدا كۆيۈۋاتسا كېرەك.

— گېپىڭچە بولغاندا، مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆسۈشۈم كېرەك ئىكەن - دە؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ماھىرەچۇ، ئەتىگەندىن بېرى كېرىلىپ تېرىسىگە سىغماي، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قاپتۇ... بىردەمدىلا بېرىپ چېچىنى بۆلەك بىر پاسوندا ياسىتىپ كەپتۇ...

ئىسىت...

— نېمىگە ئىسىت دەيسەن؟

ئۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ قالدى. دېسەم - دېمىسەم ماھىرەنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بولۇپ قالمىغىنىدىن مىڭ ئۆرتىنىپ كېتىۋاتىدۇغۇ بۇ...

— بىزمىچۇ قاراڭ، ئانچە - مۇنچە بىر ئىشلارنىڭ كويىغا چۈشەيلى، ھازىر ھوقۇقى، پۇلى يوقلارنى بىر كىم كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدىكەن، ئۆمرىمىز مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

كۆز ئالدىمغا دەرھال ھېلىقى ساۋاقدىشىم رىشىت، ئۇنىڭ كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان چىرايى، ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرى كەلدى. ئۇنى شۇ چاغدا ساراڭ بوپتۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بۇنداقلار ھازىر ئاز ئەمەس ئىكەن. مەنمۇ شۇنداق بىر ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ئەقلى يىگلەپ كېتىۋاتقان بىرسى بىلەن بىر ئۆيدە ئىكەنمەن. بۇنداق كېسەللەرنىڭ دورىسى نەدە؟ رېتسېپىنى كىم يازىدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان، تۇرقى شۇنچىلىك زەئىپ، بىچارە ئىدى، شۇ ھالدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىرەر كالتە ئەمەلنىڭ پېشى ماڭا تېگىپ قالىدىغان بولسا يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمۇ دەيمەن.

— ساڭا دېسەم، خوتۇن، باشلىق بولۇش دېگەن پۇل خەجلەپ توڭلاتقۇ ياكى ئۆي سېتىۋالغاندەك ئاددىي ئىش ئەمەس... بولىمەن دەپلا بولۇۋالىدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ؟ بۇنداق خىياللارنى قىلىغۇچى بولما.

— مۇشۇنداق دەپلا يۈرىۋېرەمدۇق؟ بەك ئاددىي ئويلايدىكەنسىز. سىز ياكى مېنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكىمىز يوق...

قارا بۇنى، شۇ ھالدا ئۇ مېنىڭ نېمىلەردىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ، نېمىلەردىن قورقۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن؟ ئىش قاملاشماي قالسا بۇ خوتۇن تەمە قىلغاندەك ئۇششاق مەنسەپ ئەمەس، ئاشۇ خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ يامىنىغا چىققاندا ئاسىيەگىمۇ ياخشى ئەمەس. ئايال خەق دېگەن قانداقتۇر بىراۋلار بىلەن مۇشۇنداق بىر ئىشلار توغرۇلۇق كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالسا ئۆمۈر بويى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

— شۇك بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ بىر نېمە دېمەمسىز؟

— سەنچە قانداق قىلىمىز؟ — ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاسماقچىلاپ سوراپ باقتىم.

ئۇنىڭغا بىردىنلا جان كىرگەندەك بولدى. ئۆمسە چىرايىمۇ ئوڭشىلىپ، ئالدىنئالا تۈزۈپ قويغان پىلانى بار ئادەمدەك ماڭا يۈزلىنىپ ئەستايىدىل سۆزلەشكە باشلىدى.

— ماھىرەلەرغۇ دائىم ئۇ، بۇ باشلىقلارنىڭ ئۆيىگە تولا بېرىپ كېلىپ يۈرىدىغان، بىزمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن بىر ئىش قىلمايمىزمۇ؟

— قىزىق گەپ بولدى - دە، مەن ئۇ خەقنى تېلېۋىزورلاردا ياكى چوڭ يىغىنلاردا يىراقتىن كۆرگەن، ئالدىغا بېرىپ سالاملاشقۇچى بولغىنىم يوق. بۇنىڭ ھەم زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، — ھوقۇق، پۇل يەنە بىر نېمىلەر ئۈچۈن ئەركەككە ئوخشىماي قالغان ئەرلەرنى، ئانىغا ئوخشىماي قالغان ئايالLارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. يۈرىكىمدىكى ئادەمگە خاس تۇيغۇلار ئازىيىۋاتقان، ھاياتنىڭ ئوچاقلىرىدا ئوت - خەسچىلىك قەدرى بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

— ئەخمەقتەك گەپ قىلماڭە، قىلاي دېگەن ئادەمگە نى - نى پۇرسەتلەر چىقىدۇ، مەنمۇ بەزى ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. يەنە كېلىپ بىزنىڭ ئىدارىدە ۋىلايەتتىكى بىر باشلىقنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنى ئىشلەيدۇ، شۇنى ئارىغا سېلىپ بىر ئىش قىلىمىز.

ئۇنىڭ، بايا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن، قارىغاندا، ئۇ خېلى تەپسىلىي، ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ قويغاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق قىلساق، مەن ئاخىر باشلىق بولىمەن، شۇنداقمۇ؟
— ئىلاھىم دېگىنىڭىز كەلگەي...
— هازىر باشلىقلارغا كىچىك ماشىنا سەپلەپ بېرىدۇ. شۇنداق ئېسىل پىكاپلار، بىز ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ كوچا ئارىلىساق ھەممە-نىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟
— مانا ئەمدى ئەقلىڭىزنى تاپتىڭىز.
ئۇ راستلا ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى ماشىنىلارنى، خۇشامەت، ھەسەت، تەلمۈرۈش بىلەن چاقنىغان كۆزلەرنى كۆر-گەندەك بولۇپ كەتتى ھەرقاچان...
— بىز شۇ تەرەققىيات بويىچە ماڭساق، ۋاستە تاللاپ ئول-تۇرماي يۇقىرى ئۆرلەۋەرسەك، كېيىن مەن چوڭراق ئەمەلدىن بىرنى تۇتسام، سەنمۇ مەن بىلەن تەڭ ئۆسۈپ ئايال رەھبەر بول-ساڭ...
ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلدى. چىرايىمدىكى مەسخىرە ئالامەتلى-رىنى سېزىۋالدىمۇ قانداق، بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلدى.
— تەنە قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى تەئەددى بىلەن.
— ياق، تەنە قىلمىدىم. مەسىلەن، شۇنداق بولۇپ قالسا، سەن قانداق قىلىسەن؟
— قانداق قىلاتتىم، مەنمۇ باشقىلاردەك تۆرنىڭ ئىگىسى بو-لىمەن.
— راستلا شۇنداق قىلامدۇق؟
— قىلساق يامىنى يوق، بولسا ماڭىلا بولمايدۇ، ئەجەب چەك-چىيىپ كەتتىڭىزغۇ؟ هازىر جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى، مەن ھېلىقى تونۇشۇم بىلەن بىر ئېپىنى قىلاي، گاچچىدە بىر ئىش قىلايلى.
شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ناتونۇش، كىمنىڭ ئۈستۈن كىشى-لەر ئالدىدا تىلەمچىدەك بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىم، بىر بوردا لوقمىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاچ ئىتتەك ئىلتىجالىق قىياپىتىم، بىچارە خوتۇنۇمنىڭ قىلغىلى قىلىق تاپالماي ھالى

www.uyghurkitap.com

ئۇستۇن ئاغىچا سۇپەت خوتۇنلارغا يالۋۇرۇشلىرى، ئۇلارغا زورمۇ زور سۇركىلىپ، بىز ئۇچۇن ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ يېلىنىشلىرى، ئىشلىرىم ئوڭغا تارتسا ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە بويۇنلىرىنىڭ قاقىرىدەك سوزۇلغان ھالىتى بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇلارنى خىيال قىلىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى بارغانسېرى كىچىكلەپ، يىگلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق كۈلكە، ئەلەملىك ھاياجاندىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئەگەر ئۇنداق قىلمىساقچۇ؟

— يېنىۋالدىڭىزما؟ ھېلى بىر ئوبدان گەپ قىلىۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— بىز ئۇنداق قىلمايلى، قانداقلا ئويلايلى، بۇنداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ھېلىغۇ ئۇنداق قىلمىدۇق، قىلىپ قالساق، خەق ئۇقۇپ قالسا بىز بۇ يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز؟

— ئۇنداق دەپمۇ كەتمەڭ، بىر ئىش قىلىپ باققانىڭ يامىنى يوق.

بىردىنلا ئاچچىقىم تۇتۇپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم:

— ئەتىگەندە ھە دەپ قويسام بارغانچە ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ ساڭا دەپ قوياي، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، سېنىمۇ ئۇنداق قىلدۇرمايمەن، بىزنىڭ نېمىمىز كەم؟ بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتامدۇق؟ يوق نەرسىنى دەپ ئۆزىمىزنى خار قىلىپ نېمە قىلىمىز؟

— سىزنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ قىلچىلىكمۇ غايىسى يوق.

ئۇ شۇنداق دەپ ماڭا چەكچىيىپ تىكىلدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. بۇ لەۋلەردىن بىر تۈرلۈك ئەلەم، غەزەپ، يەنە بىزارلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «سىزنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟» دېگەن سۆزى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مۇشۇنداق بىر تايىنى يوق ئىش سەۋەبىدىن بىرەر جېدەل چىقىپ قالسا، بۇنى خەق ئۇقسا، ئۇ چاغدا خەققە بىر - ئىككى يىل يەتكۈدەك كۈلكە بولمامدۇ؟

ئۇ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ سىرتقا قاراپ تۇرۇۋالدى. ئىككى مۇرىسى سىلكىنىۋاتاتتى. بىچارە يىغلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇۋا سېلىۋالغان ئالۋاستى ئىچ - باغرىنى تاتىلاپ، كۆيدۈرۈپ يالماۋاتسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ ھەۋەس ۋە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىشىغا تەلۋىلەرچە ئىنتىلىشتىن پەيدا بولغان تېتىقسىز ئارزۇنىڭ ئۇنى ناھايىتى ئۇزاققىچە قىينايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۈم شۇنداق پاراكەندە بولۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ھاۋا يېتىشمەي نەپسىم سىقىلىپ كەتتى. شۇنداق بىر قارىغاندا، بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە سەللا دىققەت قىلمىساق پەيدا بولۇپ قالىدىغان بىر قارا ئۆڭكۈر بار ئىكەن، ئۇنىڭ تېگى يوق، ئۇ يەردە نۇر، يورۇقلۇق يوق، ئۇ بىزنىڭ روھىمىزنى دەم تارتىپ يالماپ كېتىشكە تەييار. بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز قۇياشنىڭ پاكىز نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ تۇرسىمۇ، روھىمىز قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئۆڭكۈرگە يەم بولۇپ كەتسە، ھاياتىمىزدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇمۇ؟ بىز نېمىشقا ئۆزىمىزنى نەدىكى تايىنى يوق ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندىمىز؟

نېرىقى ئۆيدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى. مەن ئۇنىڭ بىچارە ئەپتىگە بىر قاراپ قويۇپ تېلېفون بار ئۆيگە ماڭدىم.

بۇ ئاسىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاۋازىدىن قارىغاندا، ناھايىتى قىينىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئاغرىغان بولسا دوختۇر چاقىرماي مېنى قىچقارتىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەسكە چۈشتۈم، ئاسىيەنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. تاكسى شوپۇرى تازا ئەزمە ئاداش بولۇپ چىقتى. ھېچكىم يوق كوچىدىمۇ قىزىل چىراغقا توختاپ يۈرۈپ خېلى ھايال قىلدى.

ئىشىكنى ئاسىيە ئۆزى ئاچتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، ئابايا مەن بولالمىدىم دەپ، ھازىرلا ئۆلىدىغاندەك ئىڭرىغان قىز ئالدىمدا كۈلۈپ تۇراتتى. چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

دائىم تۇگۇۋالىدىغان چاچلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ شۇ تاپتا ئاپ-پاق كېچىلىك كىيىم بىلەن تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدىم مەن سەل ئاچچىقىم كې-لىپ. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە هاياجان ئارىلاشقان بىر تۇر-لۇك خۇشلۇقمۇ باردەك قىلاتتى.

— شۇنداق قىلمىسام سىز كەلمەيتتىڭىز، قورقۇنچاق.

ئاسىيە ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭدىن ئۇزۇم هارىقىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئەسلىدە ئۇنى يۇرەكلىك قىلىۋەتكىنى مۇشۇ ھاراق ئىكەن - دە، مەنمۇ بىرەر پالاكەتچىلىككە ئۇچراپ قالماي دەپ هاراقتا يېقىن يولىمىغىلى خېلى بولدى. ئەستا، ئەسلىدە مۇشۇ يەرگە كەلمىسەم بولاتتى، تېخى بايىلا باشلىقنىڭ مېنى مۇشۇ ئا-سىيەدىن كۆنلەپ يۈرگىنىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ، ئەمدى بۇ يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدىكى ئىشلارنىڭ ئۆزى...

— مەن كېتەي، — شۇنداق دەپ بولۇپ كۆڭلۈم لاسىدە بو-لۇپ قالدى. راستلا كەتسەم، ئەگەر ھەقىقەتەن كېتىپ قالسام، كېيىنچە ئۆزۈمنى پەقەت كەچۈرەلمەي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدە تەننى شۈركۈندۈرىدىغان مۇزدەك سو-غۇق شامال سوقۇشقا باشلىدى. ئاسىيە ئەمدى ئىككىنچى قېتىم مېنى يەنە چاقىرمايدۇ، مەن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنى، يې-قىملىق ئاۋازىنى ئەسلەپ، ئۇھ تارتىپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلـ-مەيدىغان ھالەتتە قالىدىغان ئادەمدەك ئۆزۈمنى قويۇۋالالماي قالدىم، بۇ قاتارى قوغلىۋالدى.

كۈتمىگەندە ئاسىيە يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى.

— كەتمەڭ، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، بۈگۈن ھەممىنى دەۋالاي، ئاندىن ئىككىمىزنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ. تازىمۇ لامزەللە ئادەم ئىكەنسىز، ياغاچتەك، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بىلمىدىڭىز، كۆڭۈل دېگەننى يا باشقۇرغىلى بولمىسا...

ئۇ يۈزلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئاستا شىۋىرلىدى. ئۇنىڭدىن

كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇش ھىدى ئاستا ـ ئاستا يۈرىكىمگە سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

ــ سىزگە دېسەم، بىزنىڭ باشلىق مېنىڭ ئالدىمدا تىزلاندى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى، سىز بۇگۇن كەتمەڭ...

ئاسىيەنىڭ يۇمشاق لەۋلىرى بوينۇمغا ، ئېڭەكلىرىمگە تەگدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، بەزىدە بەزى ئىشلارغا ھەقىقەتەن ئامال يوق ئىكەن، بۇگۇن كېچە بولغۇلۇق بولىدىغاندەك قىلاتتى.

ھاياتنىڭ ئېگىز ـ پەس يوللىرىدا كېتىۋاتقاندا كىشىنى كۇتمىگەن يەردىن ياۋا گۇللەرنىڭ پۇرىقى مەست قىلىپ تاشلايدۇ، ئادەمنىڭ مەستلىكتىن يېشىلگۇسى كەلمەيدۇ، سۆيۈلۈشنىڭ شېرىن، جانغا ئارام بېرىدىغان كەيپىدىن يۈرەكلەردىكى ئېغىر، ناخۇش نەرسىلەر ئېرىپ تۇگەيدۇ، يەڭگىل ، ئازادە بىر تۇيغۇ بۇلاق سۈيىدەك ئوقچۇپ، ئۇرغۇپ، دىللاردا ئۆچمەس خاتىرە ۋە سېغىنىشنىڭ تاتلىق خۇمارىنى قالدۇرىدۇ.

ئاسىيەنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىققىنىمدا تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. كۆڭلۈمدە بىردە ئەنسىرەش، بىردە سۆيۈنۈش ھېسلىرى داۋالغۇيتتى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ئوخشايدۇ. سۆيۈلۈشنىڭ نەقەدەر شېرىنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالغانىكەنمەن. مەن بۇنىڭغا ھەقلىقمۇ ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى پەقەتلا ئويلىغۇم كەلمەيدى. راست، ھېچنېمىنى ئويلىغۇم يوق ئىدى.

كېتىۋېتىپ ئاقىرىپ بېرىۋاتقان شەرق ئاسمىنىغا قارىدىم. سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ئادەمنى خېلىلا سەگىتىپ قوياتتى.

يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرەر، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ كۆز ئالدىمغا باشلىقىم كېلىۋالدى، ئۇ تولىمۇ ئاجىز ھەم بىچارىدەك ئىدى! ئايىغىم ئاستىدىكى يول تولىمۇ ئېگىز ـ پەس، تېيىلغاق بولۇپ تۇيۇلدى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# تۇلۇق

سۇر ئېشەك ھويلىدىن قاتتىق ھاڭرىغانچە ئۇستىدىكى ئىگە-سىنى سەنتۈلدۈرۈپ ئويناقلاپ چىقىپ كەلدى - دە، ئىشىك ئالدى-دىكى كۆۋرۈكتە دان ئىزدىشىۋاتقان قۇشقاچ توپىنى ئۈركۈتۈپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ چاپتى. چومدا ئۆزىنى تەستە تەڭشەپ ئول-تۇرغان چال ئېشىكىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتاتتى. ئەمما، ئېشىكى كاجلىق بىلەن بوي بەرمەي قۇلاق چايقاپ چىچاڭشىپ قوياتتى. چال ئاخىر ئېشىكىنىڭ رايىغا بېرىپ ئۆز مېڭىشىغا قويدى. ئې-شەكنىڭ يۈرۈشى ئارغىماقنىڭ ئۆزى ئىدى. چال قورقۇنچ ۋە راھەت ئارىلىشىپ كەتكەن كەيپىياتتا ئېشىكىنىڭ يۈرۈشىگە پۈ-تۈن دىققىتى بىلەن قارايتتى. ئەركىگە قويۇۋېتىلگەن ئېشەك ئەمدى ھەددىدىن ئېشىپ سۇرلۇك ئىگىسىنى كىچىك بالىدەك كۆرۈپ سىلكىشكە باشلىدى.

— كەينىڭگە نۆشۈدۈر تىققاندەك چىچاڭشىيسەنغۇ، ھارام! ...

چال ئېغىزىدىن ئۇقۇشماي چىقىپ كەتكەن «ھارام» دېگەن سۆزىدىن ئۈيىلىپ ئەتراپىغا قارىدى. تەلىيىگە ئەتراپتا ئىنس - جىن يوق ئىدى. ئۆزى قارىم كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۆم-رىدە ئېشەك دۈمبالايدىغان ھارۋىكەش، ئېشەكچىلەرنىڭ ئادىتى-دىن ئۆزىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. دۇنيادا ئادەم ئەڭ خورلىغان ئېشەكتىن باشقا جانىۋار بولمىسا كېرەك. مەھشەر كۈنى چار-پايلار زۇۋانغا كېلىپ ئىنسان ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىشقاندا،

ھەقتائالالانىڭ ئالدىدا ئەڭ قاتتىق نالە قىلغۇچى — ئېشەك تائى-
پىسى ئىمىش. بىراق، ئېشەكنى خار قىلغىنى ئۆزىنىڭ دۆت -
ھاماقەتلىكى. ئات چېچەن بولغاچقا بىر قامچىلا كۇپايە. تاغدىكى
شىر - يولۋاسلار يىرتقۇچلۇقىدىن ئىنسانغا قول بولماي، ئۆز
رىزقىنى ئۆزى تېپىپ ياشايدۇ. ئىنسانلارمۇ ھاماقەت تادانىڭ
بوزىكى. «يوقسۇ، يوقسۇ، — ئابايىقى خىياللىرىنى رەت قىلدى
چال، — ياراتقان ئىگىسى شۇنداق ياراتقان، پانىي دۇنياغا ئىن-
سانىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگىلى كەلگەن. «ئىشقى يوق ئېشەك» دې-
گىنى خاتاكىنە. توۋا قىلدىم، توۋا، تۆت كۈن تالانى كۆرمەي مۇنۇ
جانىۋارنىڭ ئۆلەيلا دەپ قالغىنىنى!»
ئېشەك مەھەللىنىڭ بېشىغا چىققۇچە چاپچىپ ماڭدى. ئاندىن
سوكۇلداپ، ئاخىر ئۆز مېڭىشىغا چۈشتى.
— ئۇھ، ھە مانا، مانا، جاھان دېگىنىڭنىڭ كارى مۇشۇنچى-
لىك. بىزنىڭ خۇي - پەيلىمىزمۇ ساڭا ئوخشايدۇ. ياشلىرىمىز
تېرىسىگە پاتماي چىقمىغان دۆڭى يوق. قېرىلار مەسچىتتە ھۆڭ -
ھۆڭ يىغلاپ ئولتۇرغان. خۇدا، قېرىغاندا تاپقان ئەقلىنى ياشلىق-
تا بەرگەن بولسىدى، دوزاخ ئەھلىمۇ چىقماس بولغىيدى ...
چال دوپپىسىنى ئېلىپ كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن بىر كونا
لۆڭگىنى چىقىرىپ باش - كۆزىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ خۇنۇك
چىرايىدا بالىلىقتىن قالغان چېچەك ئىزلىرى بار ئىدى. ئۇ ھەر
قېتىم چوقۇر يۈزىنى سىلىغاندا كونىلارنىڭ: «ئامەتنى نەگە ماڭ-
دىڭ، دېسە، دوقا ماڭلايغا» دېگەن ھېكمىتى ئېسىگە كېلىپ كۆ-
لۈپ كېتەتتى. «چىرايىم ئىتتېيىلىقنىڭ ئۆزىلا. خۇدانىڭ ئەل ئا-
رىسىدا مەرتىۋەمنى ئۈستۈن قىلغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر. خاد-
نىڭ قىزى بېرىپ - بېرىپ تازغا تەگكەندەك بىر ئىش - دە ھە
بۇ.» دۆڭگە ئۆرلىگەنسېرى ئېشەكنىڭ ماڭغۇسى كەلمەي قېلىۋا-
تاتتى. دۆڭنىڭ تەسكەي باغرىغا جايلاشقان قاتار باغلىق ھويلا -
ئارانلار كۈن نۇرىغا چۈمۈپ روشەنلەشمەكتە. دۆڭ تەرەپتىن
سوققان شامالدا شاخلار تەۋرىشىپ، يوپۇرماقلار نۇر ۋە شامالدىن

www.uyghurkitap.com

جىلۋە قىلىشماقتا ئىدى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئۆرلىگەن مەشگەنىنىڭ ئىسلىرى، پىشقان سۈت ھىدلىرى ۋە ئەيتاۋۇر مېۋە، تېزەك، نە ـ شە دېگەن نەرسىلەر ئارىلاشقان بىر ھىد چالىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇل ـ دى. ئۇ مۇشۇ پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى. ئىت ئىگىسىنى پۇراپ بىلەلىگەنگە ئوخشاش، سىياسىي كېچەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ شەھەردىن ئەسنەپ قايتىپ كەلگەندە مۇشۇ ھىد بىلەن ئۆز كەن ـ تىنىڭ پەرقىنى ھەقىقىي ھېس قىلاتتى. ئۇ: «كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ كىندىك كېسىلگەن ئاستانەمنى پۇراپ تاپالايمەن» دەيت ـ تى ئۆزىگە. پۇراقتىن تېنى يايرىغان چال نەزىرىنى دۆڭگە ئاغ ـ دۇردى. دۆڭدە ئىككى تۈپ يوغان سېدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ بىر جۈپ سېدىلەر ئۇزاق سەپەرگە ماڭغان بىر جۈپ قەدىناسقا ئوخشايتتى. سېدىگە يېقىن كېلىپ ئۇلارنىڭ قوش سايىسىغا قاراڭ، ئىككى سايە تېرەكنى بىللە ئايلىنىدۇ. ئىككى دوست بىل ـ لە مېڭىپ ئۇپۇققا سىڭىپ كەتكەن كەبى ئۇزۇن سايىلىرى بارا ـ بارا كىچىكلەپ سېدە ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ ھال ھەر كۈنى تەكرارلىنىدۇ. چالىنىڭ كۆزىگە بۇ سېدىلەر ئاتىسى ۋە ئاتىسىنىڭ قىيامەتلىك دوستى تاھىراخۇن ئاكىدەك كۆرۈندى. بىر زامانلاردا ئاتىسى دوستى بىلەن دەل ئاشۇ يەردە خەيرلەشكەنىكەن. ئۇلار ئەسلىي ئۈچ بۇرادەر بولۇپ، «ئاتۇۋ» ۋەقەسىدە ئامان قالغانلار قا ـ تارىدا يەتتىسۇدىن قېچىپ ئىلى تەرەپكە ئۆتكەن. سەۋىردىن دېگەن بىرسى گۇرەدە قېلىپ قالغان. ئىككىيلەن مۇشۇ تۆپىلىككىچە بىللە كەلگەن.

— «نىكولاينىڭ ۋاقتىدا شىرمەن ئەردى نانىمىز» دەپ ناگىلا بولمايلى، ئاداش. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان». قارا، پەستىكى ئاۋۇ بوش يەرگە. ياندىن سۇ باشلاپ كەلسەك بىزگە ئې ـ تىز بولىدۇ دېگىنە.

— مەن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ باقاي، كۆڭلۈم شۇ ياقلار ـ نى تارتىپ تۇرىدۇ. «كەتكەنلەر كېلەر» دەپ، ئامان بولساق، يەنە كۆرۈشەرمىز، — تاھىر ئىسمىلىك دوستى ئۇنىڭ ئاتىسى ھېزىم

بىلەن دۇئالىشىپ خوشلاشقاندا، پىيادە ساي تەرەپكە مېڭىپ كەت-
كەن...

چال يەتمىش يىل بۇرۇن ئۆزى تۇغۇلماستىلا يۇز بەرگەن بۇ ئىشلارنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى رەھمەتلىك بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قېلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغانىدى. ئاشۇ بىر جۈپ سېدىنىمۇ ئاتىسى مۇشۇ دۆڭگە تىكىپ تۇلۇم بىلەن سۇ توشۇپ سۇغىرىپ زورايتقانىدى.

— بالام، ئاغىنەم تاھىرنىڭ گېپى بىلەن ئىسمىڭنى تاھىر دەپ قويغانمەن. ئۇمۇ ئوغۇل تاپسا، مېنىڭ ئىسمىمنى قويماقچى بولۇشقان. مەندىن كېيىن قالساڭ ئاشۇ سېدىلىرىمگە قاراپ قوي.

ئاتىسى ئاشۇنداق ئىخلاس ئىگىسى ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قارا تۇرۇك كىشىلەر ئىدى. ئاتىسى ئۇنى شەھەرگە چۈشۈرۈپ مەدرىسەدە ئوقۇتتى. بۇگۈنكى كۇنلۈك-تە ئەل - جامائەت ئالدىدا يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ تۆردىن چۈشمەي ئۆتۈۋاتقانلىقى ئاتىسىنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. تاھىر قا-رىم ئىلمىي كىشى بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، قەست ياندۇرالاي-دىغان داخانلىقى بىلەنمۇ سىرلىق زات. كىشىلەر ئۇنى جىنلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ دەپ بىلەتتى. تاھىر قارىمنىڭ جىنكەشلىكى ئاتىسى تىككەن مۇشۇ بىر جۈپ سېدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىر كۇنى تاھىر قارىم ئاتىسى تىككەن سېدە تۇۋىدە ئۇخلاۋات-قاندا، ئۇزۇن چاچلىق بىرقانچە جىن شاختىن چۈشۈپ ئۇنى ئويي-غاتتى.

— تاھىرجان، بىزدىن قورقما، ئايەت ئوقۇپ ھەم ئۇركۈتمە. سېنىڭ داداڭ بىزگە مۇشۇ سېدىنى تىككەن. ياتقان يېرى جەن-نەتتە بولسۇن، ھاجىتىڭ بولسا مۇشۇ يەرگە كېلىپ مۇنداق ... مۇنداق دېگىن ...

شۇنىڭدىن تارتىپ تاھىر قارىم مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئىشلار-نى كۆرمەي تۇرۇپمۇ بىلىۋالالايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كىمنىڭ

كالىسىنى جىنلار يەۋېتىپ تاش ۋە كۆتەكلەردىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى، كىمنىڭ تام ئاستىغا ئالتۇن تىقىپ قويغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ جىنلارغا دوست بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇنداق بىر ئىش بۇنى ئاشكارىلاپ قويدى.

تاھىر قارىم قوشنىسى تۇرغۇنجان بىلەن دۆڭنىڭ كۇنگەي تەرىپىدىكى مەھەللىگە تويغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. دۆڭ ئۈستىگە يېقىن قالغاندا، بىردىن يامغۇر تامچىپ بىر قارا بۇلۇت ئۈستىدىن ئۆتتى. بۇنداق ئۆتكۈنچى ھاۋا ئۆزگىرىشىنى خەقلەر «بۆرە ئوغۇل تۇغدى» دەپ قويۇشاتتى.

— تۇرغۇنجان، سىلىنى مەن بىر ھەيران قالدۇرۇۋېتەي، — تاھىر قارىم ھېلىقى بۇلۇتقا قاراپ توۋلىدى، — ھاي، ھاي، مۇ- بارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن!

بىردىن تاھىر قارىمنىڭ قولىدا بىر ئالتۇن ئۈزۈك پەيدا بو- لۇپ قالدى.

— بۇ نېمە كارامەت، تاھىراخون؟! — قوشنىسى ياقىسىنى چىشلەپ ھاڭ - تاڭ بولدى.

— جىنلار توي كۆچۈرۈپ ماڭغانىكەن، مۇبارەكلەپ قويدۇم، — دېدى تاھىر قارىم. يېرىم يولدا ھېلىقى ئالتۇن ئۈزۈك قىياق ھالقىغا ئۆزگىرىپ قالدى.

— ھە، ئەسلىي چۆپتىن ئۈزۈك ساپتىكەن - دە، — تۇرغۇن- جان تېخىمۇ ھەيران بولدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي «تۇرغۇنجان سەكراتتا قاپتۇ» دېگەن خەۋەر مەھەللىگە يۇر كەتتى. تاھىر قارىم تۇرغۇنجاننىڭ قېشىغا كىردى. تۇرغۇنجان تىلىدىن قالغانىدى. كىرگەن - چىققانلارنى- مۇ تونۇمايتتى. ئەمما، تاھىر قارىمنى كۆرۈپ مۆل - مۆل يىغلاپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەلمۈرۈپ كەتتى، كۆچىنىپ ئۇنىڭغا ئىگرىدى. تاھىر قارىم ئۆيدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ جىنلارنى چاقىردى. ئەتىسى تۇرغۇنجان زۇۋانغا كەل-

دى. ھەپتە ئۆتۈپ يەر دەسسىدى.

— مەنمۇ سەندەك ھادىسىنى كۆرۈپ «مۇبارەك بولسۇن!» دې-گىنىمنى بىلىمەن. «چاڭ» قىلغان بىر كاچات بىلەن بىر قاراڭ-غۇلۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم، — دېدى تۇرغۇنجان.

— ھەي نادان، سەن مېيىت ئۇزاتقان جىنلار جامائىتىگە يو-لۇقۇپ قاپسەن ئەمەسمۇ. جىنلارنىڭ شاھى تۇگەپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپسەن. ئەمدى بۇ ئىشنى ئىنسانغا تىنما.

لېكىن، بۇ ئىشنى ئەتىسىلا مەھەللىدىكىلەر بىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان كىشىلەر ئۇنى يالغۇز ئۇچرىتىپ قېلىشتىن قورقاتتى ...

ئېشەك مېڭىشتىن توختىدى. تاھىر قارىم ئېشەكتىن چۈ-شۈپ چۇلۋۇرىنى سېدىگە باغلىدى. شىۋاق ئۈستىگە قوي تېرى-سىنى تاشلاپ، كالىچىنى چىقىرىپ ئۆتۈك بىلەن تېرە ئۈستىگە دەسسەپ، ئاندىن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. شامال ئاۋۇالقىدىن پەسىيىپ، كۈننىڭ تەپتى بىر ئاز كۈچىيىپ قالغانىدى. «خۇدا مەرھەمىتىنى ئايىماي تۆككەن يۇرت ـ دە، بۇ، ئاۋۇ تاغلاردىن بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ ئېقىن ياساپ باغلىرىمىزنى سۇغىرىدۇ، تۆپىمىزدىكى بۇلۇتلار يامغۇر تۆكۈپ، بىنەمىگە چېچىپ قويغان بۇغدايلىرىمىزنى ئۆستۈرىدۇ. ئاپتاپ ئۇنى پىشۇرۇپ بېرىدۇ. مۇ-نۇ تاغدا ئارىشاڭ بار. تۇمەن كېسەلگە داۋا. دادام تولىمۇ دانا كى-شى ئىكەن. مۇشۇ يۇرتنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ كۆچۈپ كەپتى-كەن ئەمەسمۇ». ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچتى. تاھىر قارىم ئېشىكىگە قارىدى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئاق ياغ-لىق چىگىۋالغان بىر موماي ئېشىكىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

— تاھىراخۇن، ئېشىكىڭ گەپ ئۇقامدۇ نېمە، مۇنۇ ھاسام بىلەن بېشىغا ئۇراي دېۋىدىم، ھاڭراپ ئىشىمنى بۇزدى، — مو-ماي خىرىلداپ كۈلدى.

— ئېشىكىم «بىر ساراڭ كېلىۋاتىدۇ» دەيدۇ.

— ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان، ساراڭ دېگەن ئۆزۈڭ. ئېشەك بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆي تۇتقاندىكىن.
— ھە، نېمە دەپ كەلدىڭ، كالاڭنى ساغماي؟ ماڭا تېگەي دەمسەن يا قېرىغاندا ئەرنىڭ قويىندا يېتىپ ئۆلەي دەپ؟
— ياش ۋاقتىمدا مېنى كۆرگەن بولساڭ، مەجنۇندەك چۆلگە چىقىپ كەتكەن بولاتتىڭ! چاچلىرىمنىڭ جىقلىقىدا سۆزگۈچ سالالمايتتىم، سۆزگۈچ.
— يۇماي چىگىچ قىلىۋېتىدىغان بولغىيدىڭ. شۇڭا، قېرىغاندا جادۇگەر بولدۇڭ ـ دە.
— ئاغزىڭغا تاش! — تېرىكتى موماي، — زىلەيخا دەپ ئىسمىم بىلەن ئەلنىڭ ئاغزىدا ئىدىم. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كۆيگەن زىلەيخادىن كەم ئەمەستىم. قېرىلىق دېگەن ئايال خەقنى تونۇغۇسىز قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ.
— راست دەيسەن، زىلەي، — دېدى تاھىر قارىم سۆز ئۇرانىنى يۇمشىتىپ، — قېرىلىق دېگەن ئادەمنى دوڭغاق، توڭغاق، ئۇنتۇغاق قىلىۋېتىدىكەن.
— ھە يەنە، ئۇسۇرغاق ...
— ھا ـ ھا ـ ھا! ئالە شەرىڭنى!
ئىككىيلەن تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— قارا، تاھىراخۇن، مەن بۇ يەرگە سەن بىلەن مۇڭداشقىلى كەلمىدىم. ئېلىشقىلى كەلدىم.
— مەن بىلەن ئېلىشساڭ، ئەجىلىڭدىن بۇرۇن كېتىپ قالارسەنمىكىن.
— مەيلى، ئىككىمىزنىڭ يولى بىر، ئىككى پادىشاھ بىر شەھەرگە پاتمايدۇ، دەپ ساڭا قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم.
— بولدى، سەن بىلەن ئېلىشىپ قىساسىڭغا قالماي، سەنمۇ پەيلىڭدىن يان.
— مەن يانمايمەن، سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلۈشكە رازىمەن. بۇ يەرگە قەسەم قىلىۋېتىپ كەلگەنمەن. مېنى ياشىسۇن دەپ بەك ئىچىڭ ئاغرىپ كەتكەن بولسا، سەن پەيلىڭدىن يان.

تاھىر قارىم زىلەيخانىڭ گېپىدىن چۆچۈپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

— كەل، ئولتۇر. نېمە گەپ بولسا ئالدىرىماي دېگىن.

— ياق، ئولتۇرسام سېنىڭ مېھمىنىڭ بولۇپ قالىمەن. نى-يىتىڭدىن يانساڭ، ئولتۇرىمەن.

— ھە، بىلدىم. خەيرۇل دېگەن بالىمىزنى سەن خامۇش قى-لىپ قويغانمىدىڭ؟

— ياق، ياق، مەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلسام قىلىمەنكى، يا-مانلىق قىلمايمەن. ئاخشام خوتۇنى قېشىمغا كىرىپتۇ. «خەي-رۇللام ماڭا بەك كۆيىدۇ. ئاپىسى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى يىراق قىلغىلى تاھىر قارىمنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. تۆت بالا بىلەن ئىت-نىڭ كۈنىنى كۆرەرمەنمۇ» دەپ قان - ياش يىغلاپ كەتتى. خەي-رۇللام ئۆزى ئاپىسىدىن بىزار ئىكەن. ئاپامنىڭ گېپى جىق دەيدى-كەن.

— قوي، ئۇ قارا كۆڭۈلنىڭ گېپىنى، يالغۇز ئاپىسىنى تاش-لىۋېتىپ، خوتۇنى بىلەن ئاغىچا ئايالىم ئويناپ يۈرسە بولامدۇ -ھە، ئوغۇل بالا دېگەن؟!

— مەن ساڭا شەرت قوياي. جىنلىرىڭنى ئىشلەتمەيسەن. خەيرۇللامغا نەسىھەت قىلساڭلا بولدى. بولمىسا، مەنمۇ جىنلى-رىمنى ئىشلىتىمەن.

— بولىدۇ، كىمدىكىم جىنلىرىنى ئىشلەتسە خۇدا ئۇرسۇن، — تاھىر قارىم زىلەيخانىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى.

* *

بۇ دەرۋازىسىز چوڭ ھويلا خەيرۇللامنىڭ، قورۇنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. قورۇنىڭ ئىچى بوكىدە مېۋى-لىك، ئارقىسى قەبرىستانلىق. بۇ يەر مەھەللە سىرتى بولۇپ، كىشىلەر ئۆلۈملىك بولغاندىلا ئاياغ باساتتى. خەيرۇللام باشقىلار-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىن روخسەتسىز مۇشۇ يەرنى ماكان قىلغانىدى. كىشىلەر «خەي-
رۇل دىۋە گەپ يېمەيدۇ» دېيىشەتتى. ئۇلار بالىلىرىغا «ئاچپاقە-
لىق قىلىپ جىق يېمەڭلار، بولمىسا خەيرۇل دىۋىدەك دەلدۇش
بولۇپ قالىسىلەر» دەيتتى. خەيرۇللانىڭ قورساق جېدىلىدىن
باشقا غوۋغاسى يوق ئىدى. ئۇ بالا ۋاقىتلىرىدا توت ئاپقۇر ئەتكەن
چايغا ئۈچ پومىنانى چىلاپ تورۇپ ئىچىۋېتەتتى. ئەمما، يېگىنىگە
لايىق ئون ئەرنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. ئۇ بۇ دۇنياغا كەتمەن چاپقىد-
لى كەلگەندەك، تىنىمسىز ئىشلەپ ئوتتۇز مولۇق ئاق توپىلىكىد-
نى كۆكەرتىپ، باغ، كۆكتاتلىقلىقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ
چاغلاردا ئاپىسى ئەلانۇرخان تامدەك ئوغۇل تۇغقىنىغا خۇش ئى-
دى. كىچىكىدە بالىسىنى «غېنى باتۇردەك بالام» دەپ ئەركىلى-
تەتتى. بوي - بەستى زىيادە زورىيىپ كەتسە، ئادەمنىڭ ئەقلى
كەمتۇك بولۇپ قالامدىكىن، خەيرۇللام يىگىرمىدىن ئېشىپ كې-
تىپمۇ ئۇششاق بالىلار بىلەن ئوينايتتى. «ئەمدى كىچىك بالىلار
بىلەن ئوشۇق ئويناۋەرمە. قارىغىنا، ئاشۇ ئوشۇقلىرىڭنى ئۇتۇۋا-
لىدىغانلار سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭنىڭ بالىلىرى.» ئاپىسىنىڭ
مۇشۇنداق سۆزىگە ئۇ ھى - ھى... قىلىپ ھىجىيىپلا توراتتى.
توي كۈنى ئوتتۇز ئوغۇل ئۇنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ دېگۈدەك
ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇشتى. ئاپىسىمۇ توي كېچىسى ئوغلىنىڭ
قېشىغا قېچىپ كىرىشىدىن ۋايىم يەپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاق-
مىدى. ئەمما ئەتىسىدىن باشلاپ خەيرۇللام خوتۇنىدىن ئايرىلماي
ئاپىسىدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپىسى بىر كۈنى «يوقال،
سەندەك بالام يوق!» دەپ تىللاپ قويغان بىلەن خەيرۇللام ئۆيدىن
چىقىپ كەتتى. مانا بۇ قورۇنى ئۆزى بىنا قىلىپ، توت بالا تاپ-
قۇچە ئاپىسىنى ئىزدەپ قويمىدى. ھەتتا ئايالى بىر نۆۋەت: «ئاپى-
ڭىزنى ئەكېلىۋالايلى» دەپ قويۇپ ئۆلگۈدەك تاياق يېدى. خەي-
رۇللام كۆچتۈڭگۈر ھەم ياۋا مىجەز بولغاچقا، بىرەر كىم ئۇنىڭ
قېشىغا نەسىھەت قىلغىلى بارالمايتتى. زىلەيخانىڭ تاھىر قارى-

غا: «نەسىھەت قىلساڭلا بولدى» دېگەن شەرتىنى ئورۇنلىماق بەل-
كىم تاھىر قارىمنى جېنىدىن جۇدا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن
ئىدى.

تاھىر قارىم ھويلىغا كىردى. ھويلا تىمتاس، ئۆي ئىشىكلىرى
ھەم ئېتىك ئىدى. تاھىر قارىم پەستىكى ھارۋىنىڭ پاتقان ئىز-
نى كۆردى. خەيرۇللام خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنى ئېلىپ بۇغداي
ساتقىلى چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

*　　*

خەيرۇللام كونا پاتارغا يېقىن بازاردىن كەلدى. باللىرى ھار-
ۋىدىن چۈشۈپ خۇشال چۇرقىرىشىپ قورۇغا يۈگۈرۈشتى. چۈن-
كى، ئۇلار ئۆيلىرىنى بەكلا سېغىنىشقان، بازاردىن ئالغان ئاياغ-
لىرىنى كىيىپ يۈگۈرۈشكۈسى كەلگەنىدى. خەيرۇللامنىڭ خوتۇ-
نى قۇچىقىدىكى بوۋاقنى خەيرۇللامغا تۇتقۇزۇپ ھارۋىنىڭ ئېگىز
شوتىسىدىن ئاۋايلاپ يەرگە دەسسىدى. ئايالى يەنە ئىككى قاتتەك
قىلاتتى.

— قورداق قىلاي، سىز سۇ ئەكىرىپ بېرىڭ.

— ياڭيۇلارنى ئاقلىماي، يۇيۇپلا توغرىغىن.

— نېمىشقا؟ ياڭيۇ دېگەننى ئاقلايدىغان تۇرسا.

— قورسىقىم ئېچىپ ناغرا چېلىپ كەتتى. مىسىلداپ يۇرۇپ
قاچانغىچە ئاقلاپ بولىسەن ئۇ نېمەڭنى. بولدى، ئاقلىمايلا قوي-
غىنە.

— خوپ، بېگىم، ھاي باللار، — ئايالى باللىرىنى توۋلىدى، —
ئۆيدىن جاۋۇر ئاچىقىپ، ياڭيۇ قومۇرۇپ كېلىڭلار، تېز بو-
لۇڭلار، داداڭلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى.

باللار پېشايۋانغا چىقىشتى.

— ئوھوي، بۇ يەردە تۇلۇق تۇرىدۇ.

باللار ئىشىك تۇتقۇچىغا شوينىسى چىگىپ قويۇلغان بىر

www.uyghurkitap.com

ئويۇنچۇق تۆلۈقنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. تۆلۈق كۆك خىشنى دۈگىلەيدىغان قىلىپ ىىلەپ ئىككى يېنىدىن تۆشۈكچە قىلىپ چاسا سىمغا كىرگۈزۈلگەن، سىمنىڭ بېلىگە شوينا چىگىلگەندى. باللار تۆلۈقنىڭ شوينىسىدىن تۇتۇپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشۈدى، تۆلۈق ئارقىدىن تەڭ دۈگىلەپ كەلدى.

— مەن دېگەن ئات! بۇ تۆلۈق مېنىڭ! چۇھا! چۇھا!

ئوتتۇرانچى بالىسى تۆلۈقنى دۈگىلىتىپ ھويلىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قالغان باللىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— ئەكېلە، مەن بىردەم ئوينىۋالاي.

— مەن بىردەم ئوينىۋالاي.

باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ھويلىدىكى توخۇلار، ئۆر-دەكلەرنىمۇ قىيا - چىياغا سالدى. بىر ھازادىن كېيىن باللار تۆلۈق تالىشىپ چوڭىنىڭ ۋارقىرىغان، كىچىكىنىڭ يىغلىغان ئۈنى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— باللىرىم، بولدى ئويناڭلار، ياڭيۇ ئەكېلىڭلار!

تۆلۈقنىڭ پىراقىدا باللارنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. خەيرۇللام ئاتنى ھارۋىدىن ئاجرىتىپ، باغلاپ بولغاندىن كېيىن باللىرىنىڭ ئارىسىغا كەلدى.

— نېمە تۆلۈق بۇ، كىمنىڭ تۆلۈقى بۇ؟

— بىلمەيمىز. ئىشكتە تۇرىدۇ.

خەيرۇللام تۆلۈقنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى. تۆلۈق خىشنىڭ يۈزىدىكى ئات بېشى چۈشۈرۈلگەن بەلگىنى كۆرۈپ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ سىنچىلىدى. ئۇ سىنچىلاپ قاراۋېتىپ بىردىن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— خەيرۇللام، نېمە بولدىڭىز؟ — ئايالى يۈگۈرۈپ قېشىغا كەلدى، ئۇ خەيرۇللامنىڭ يىغلىغىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— بۇ مېنىڭ تۆلۈقۇم! مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئوينىغان! — خەيرۇللام تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— تۆلۈققىمۇ يىغلامسىز؟

خەيرۇللام جاۋاب بەرمەيلا تۇلۇقنى ئېلىپ ئاتنىڭ قېشىغا باردى. ئاتنى هارۋىغا قوشۇپ ئايالى ۋە بالىلىرىنى چاقىردى:

— كېلىڭلار، هارۋىغا چىقىڭلار.

— نەگە بارىمىز. نېمە ئىش بولدى؟ — ئايالى جايىدا داڭ قېتىپ تۇراتتى. بالىلىرى ئاپىسىنىڭ ئېتىكىگە يېپىشتى.

— ئاپامنىڭ قېشىغا بارىمىز، ئاپامنى ئەكېلىۋالايلى.

ئۇلار هارۋىغا چىقىپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى.

— ئاپام كىچىك ۋاقتىمدا بۇ تۇلۇقنى ماڭا ياساپ بەرگەن. بىچارە ئاپام، بىچارە ئاپام! ئاپام بارغۇ، قاراڭلار ...

ئايالى ۋە بالىلىرى هارۋىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇشقانچە ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. چۈنكى، بۇگۈن خەيرۇللامنىڭ تىلى چىققاندەكلا ئەڭ جىق گەپ قىلغان كۈنى ئىدى. ئەتراپ بارغانسېرى قارايماقتا. جىنلار ئۇيقۇسىنى ئاچىدىغان ۋاق يېقىنلاشماقتا ئىدى.



www.uyghurkitap.com

باھارگۈل مەمتىمىن (سەرۋى)

# كۈتۈش

كۆنلەر مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە. مەن سېنى سېغىنىش ئىچىدە كۈتمەكتىمەن. كۈتۈشلىرىمنىڭ چېكى يوق، ئۈنىڭ ئۈمىدسىز ۋە كونىرىماس شولىلىرى بىر نامەلۇم بوشلۇقتا قاراپ كېڭەيمەكتە. يېڭى بىر تاڭ قىزغۇچ نۇرلىرىنى دېرىزەمگە تاشلاپ، مەيۈس جىلمىيىپ كېلىدىغان گۈگۈم مەنزىرىلىرى ئىچىگە غايىب بولغانغا قەدەر مەن سېنى ئەنە شۇنداق كۈتىمەن. مىنۇت ـ سېكۇنتلار مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئالغان تۇيغۇلار بىلەن ئۆزىنى بېزەيدۇ. ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئېڭىمدىكى يارقىن ئىپادىلىرى ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ، تىنىمسىز ئالمىشىپ تۇرغان كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىنى خىرەلەشتۈرىدۇ. مەن قايىنام ـ تاشقىنلىق ھايات داۋاملىشىۋاتقان، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئاۋات دوقمۇشىغا جايلاشقان، سىرتتىكى جۇشقۇنلۇقنىڭ تامامەن ئەكسى بولغان جىمجىت ۋە غېرىبانە كىتابخانىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان دېرىزىسى ئالدىدا سىرتقا قارىغىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىمەن. كۆزلىرىمگە يول ياقىسىدىكى ياش سېدە دەرەخلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ياپيېشىل چىملىقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ يەردە سېنىڭ سىياقىڭنى ئىزدەيمەن. سەن بىلەن ئۆتكەن تەسىرچان دەقىقىلەرگە خىيالەن پىچىرلايمەن. كىملەرنىڭدۇر تۇرقىنى سېنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىڭگە ئوخشىتىمەن... كىتابخانىغا ئېزىپ قالغاندەك كىرىپ قالىدىغان

بىرەر خېرىدار كىتاب ئالماقچى بولۇپ پۇل تاپشۇرغاندىلا، ئاندىن ئېسىمنى يىغىپ ئالدىمدىكى سېرىق رەڭلىك ئۇستەلگە ئېڭىشىمەن. خېرىدارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ كىتابقا تامغا بېسىپ بېرىۋاتقان چېغىمدا، كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە: «مۇشۇ كىچىككىنە ئىشنى بېجىرىپ بولغۇچە ئۇ كىتابخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەرمۇ ياكى دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاۋۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولارمۇ؟» دېگەن ئوي كېلىدۇ ـ دە، ئىشىمنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن تۈگىتىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپلا يەنە ئۈمىدسىزلىككە غەرق بولىمەن. ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئوچۇق دېرىزىلىرى ئىلگىرى سېنىڭ ئاشۇ سېيدە دەرىخى ئاستىدا كۈن ـ كۈنلەپ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىڭنى، كېيىنكى چاغلاردا ماڭا بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمىغۇدەك شېرىن مۇھەببەت ئاتا قىلغانلىقىڭنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. مەن گۈزەل خاتىرىلەر ئىچىدىن ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈزارلىقىدىكى گۈللەرنىڭ ئۆزگىچە خۇش پۇراق چاچقانلىقىنى، ئۇ يەردىكى ئۇنتۇلغۇسىز ۋە مەنىلىك چۈشلەرنى قايتا كۆرگەندەك بولىمەن. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ يارقىن خاتىرىسى قەلبىمنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدا خۇددى ئۇزۇلمەس كۈيدەك ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسىنى توختاتمايدۇ. مۇھەببىتىمنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى ۋە ئۇنىڭ شېرىن ئازابى روھىمدىكى تىمتاس جىلغىلارنى تىنىمسىز شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرگە تولدۇرىدۇ. مەن ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدا سانسىز قېتىم تېپىرلاپ، ئاخىرسىز كۈتۈشلەر ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمىمەن.

سەن مېنىڭ ھاياتىمغا ئۆزگىچە بىر مەنە، تۇرمۇشۇمغا بىباھا گۈزەللىك ئېلىپ كېلىپ، يەنە تاڭ سەھەرنىڭ ئۆتكۈنچى شاماللىرىدەك تۇيۇقسىزلا غايىب بولۇپ كەتتىڭ. سەن قەلبىمگە تەكەللۇپسىزلا كىرىپ كېلىپ، يەنە بىر تال يىپتەك تۇرمۇشۇم ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىڭ. سەن كەلگەن چېغىڭدا

قەدەملىرىڭنى توسۇپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمغا ئوخشاش، كەتكەن چېغىڭدىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدىم. چىرايىڭدىن ھېچبىر ئايرىلىش ئىپادىلىرىنى كۆرمىگەنىدىم. سەن ھەر كۈندىكىگە ئوخشاشلا كىتابخانىغا كىردىڭ ـ دە، چىقىپ كېتىدىغان چېغىڭدا: «خەير ـ خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى !» دېگەنىدىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن سانسىزلىغان «ئەتە» ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىمىزنىڭ بىر مەزگىللىك قايناق مۇھەببىتىمىز سېنىڭ بىر قېتىملىق «خوش» دېيىشىڭگىمۇ ئەرزىمىدى، ھەتتا مۇشۇنداق كېتىپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقىمۇ تىلىڭ بارمىدى... ئەجەبا، بۇلارغا شۇنچە ئېتىبارسىز قارىغانسەنمۇ؟ ئاشۇنداق ئۇن ـ تىنسىزلا غايىب بولۇشۇڭ بىلەن دالادىكى يۇمران گۈلدەك بىر قىزنىڭ ناتىۋان قەلبىنى زېدە قىلىپ قويىدىغانلىقىڭنى سەزمىگەنسەنمۇ؟ ئۇنىڭ سەن بېغىشلىغان مۇھەببەتتىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭقۇر بولغان گۈزەل چۈشلىرىنى قۇچاقلاپ، كۆز ياپراقلىرىدەك سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەنسەنمۇ؟ سەن مېنىڭ ئەڭ پاك ۋە ئەڭ سەبىي تۇنجى مۇھەببىتىمگە شۇنچە ئاسان ئېرىشكەنىدىڭ؟ بۇ ئۈچ يىلغىچە كۈتۈپ ۋە ئىنتىلىپ ئېرىشكەنى مۇشۇنداق ئۇن ـ تىنسىز ۋە شەپقەتسىزلەرچە ۋەيران قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ ئادالەتسىز مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈسى كەلمىگەن بىر يۈرەكنىڭ كۆزۈڭچىلا پارە ـ پارە بولۇشىنى كۆرۈپ تۇرۇش سېنى شۇنچە خۇشال قىلارمۇ؟...

دەبدەبىلىك قەسەملەر ھەقىقىي سۆيگۈنى تېپىش ئۈچۈن نىقاب قىلىنسا كېرەك ! ئىرادەمدىن تاشقىرى ھېچقانداق بىر كۈچ بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايدۇ. مەن پەقەت بىر خىل ئىنتىلىش، سېغىنىش ۋە چەكسىز ئازاب ئىچىدە ئاخىرقى نەتىجىنى كۈتىمەن، خالاس ! ئىككىمىزنىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشكەن خىلۋەت چىغىر يولدا بىردىنلا تەنها قالغانلىقىمنى، مەقسەتسىزلا

تاشلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ تۇرساممۇ، ۋۇجۇدۇمدا بىخ سۈرۈپ يېتىلگەن گۈزەل ھېسلارنىڭ مۇشۇنداق بەربات بولۇشىغا چىدىمايمەن. تومۇرلىرىمدىكى سۆيگۈ ئۈچۈن ئېقىۋاتقان قاننىڭ سەۋەبسىزلا توختاپ قېلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق. بۇ سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ پەقەت ئۆتمۈشكىلا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. مەن ئىككىمىز ئىلگىرى ياراتقان مۇھەببەت باغچىسىدا بەھۇزۇر سەيلە قىلىۋاتقان چېغىمدا بەختىنىڭ غوجايىنى ئىدىم، ھازىر ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندىم. كۈنلىرىم ھەقىقىي چۈشلەرنىڭ نۇرانە كۆلەڭگىلىرىنى ئىزدەش بىلەن قىيىنىلىپ ئۆتتى. ئېيتىلىشقا تېگىشلىك بولغان ناخشىلار ئېيتىلماي، يېزىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ھېكايىلەر يېزىلىپ كەتتى، خاتىمىسى چۈشمىگەن بۇ ھېكايىلەر رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ ئۈستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغان ئاچچىق توقۇلما ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مۇھەببەت سېنىڭ كۆزلىرىڭدىكى مۆڭلۈق ئىلتىجا ئارقىلىق قەلبىم قەسرىگە جىمجىت ئېقىپ كىرگەن چاغدا، مەن ھايات دېڭىزىنىڭ مەۋھۇم ئاراللىرىدا مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرگەن تەنھا قېيىقتەك نىشانسىز تېڭىرقاپ يۈرەتتىم. رېئاللىقتىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەن چۆچەكلەردىكىدەك خىيالىي دۇنيا، دېڭىز بويىدىكى تىمتاس ساھىلدا قارشى قىرغاققا كۆز ئۈزمەستىن تىكىلىپ تۇرغان ماتروسنىڭ نېمىگىدۇر قىزغىن تەلپۈنۈشىگە ئوخشاش مېنى قانداقتۇر بىر مەنزىلگە تەلپۈندۈرەتتى. سەن، پەقەت سەنلا تۈن باغرىدا دەخلىسىز ئەركىنلىكتە ئېرىشىدىغان سىرلىق پىچىرلاشلىرىڭ ئارقىلىق مۈگدەكتىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئويغىتىپ، مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك جەننىتىگە ئۆز ئايىغىڭ بىلەن باشلاپ كىردىڭ. ھاياتىمدىكى تۇنجى چىغىر يول سېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىڭدىن باشلاندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىز تولىمۇ ئاددىي ۋە رومانتىك تونۇشقاندۇق (بۇنى سېنىڭ ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغانلىقىڭنى كېيىن بىلگەنىدىم). سەن خۇددى سەھەرنىڭ سالقىن ۋە ساپ ھاۋاسىدەك مېنىڭ مىسكىنلىك قاپلىغان روھىمغا جۇشقۇنلۇق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كىرگەنىدىڭ...

ئۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولسىمۇ، كىتابخانا ئىچى دىمىق ۋە جىمجىت ئىدى. سەن خېرىدارلار تولا ۋاراقلاپ پىتىدىن چۇشۇرۇۋەتكەن بىر كىتابنى ئالدىڭ.

ناۋادا سەن ئاشۇ كىتابنى ئالمىغان بولساڭ، مەن ساڭا دىققەت قىلمىغان، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ساڭا قارىمىغان بولاتتىم. ئىككىمىزمۇ تونۇشمىغان بولار ئىدۇق. مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن كونىراپ كەتكەن ئاشۇ كىتابنى تاللىغىنىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بۇ كىتابنىڭ يېپيېڭى نۇسخىلىرىمۇ جاۋەندە مىققىدە تىزىقلىق ئىدى. كۆزلىرىم سېنىڭ كۆزلىرىڭ بىلەن ئۇچراشتى. چوڭقۇر خىيالغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن بۇ سىرلىق كۆزلەر ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن تولغان بىر ئاشىقلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۇراتتى. قاپقارا قارىچۇق ئىچىدىن يىراقلارغا سوزۇلغان بىر گىرىمسەن مەنزىرە گۈگۈمدىكى خىلۋەت بوشلۇقتەك كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى، ئېگىز قاڭشىرىڭ قوشۇما قاشلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ، تىپىك ئۇيغۇر يىگىتىگە خاس سالاپەتنى ئىپادىلىگەنىدى. مەن نېمىشقىدۇر سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭگە قاراشتىن ئەيمىنىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىمنى، نېمىشقا بۇنچە بىسەرەمجان بولىدىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. راست گەپنى ئېيتسام، مېنىڭ ياشلىقتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىشقىم ئاشۇ كۆزلەردىن ئويغانغانىكەن. مەن يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىنىڭمۇ بۇنچە سېھىرلىك بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سەزمىگەنىكەنمەن. مەن مۇھەببەت بوسۇغىسىغا كېلىپ، تۇنجى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە تولۇق بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپلا بىرنەچچە قەدەمنى

بىسىپ بولغانلىقىمنى تۇيمايلا قالدىم.

ئاشۇ كۈنى يەنە سىڭىلىڭ قىزلارنىڭكىدەك ئاپپاق ۋە سىلىق قوللىرىڭغا دىققەت قىلدىم. چۈنكى، بۇ قوللار مەن ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇپ بولغۇچە كىتابىڭنى پۇرلىشىپ، كەينىگە يۆگىشىپ قالغان مۇقاۋىسىنى تۈزەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلار خۇددى ئىگىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. مەن ئاشقان پۇلنى ساڭا بېرىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بارماقلىرىمنىڭ قوللىرىڭغا بوشقىنا تېگىپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ ئۇيالدىم. ۋۇجۇدۇممۇ سىڭىلىڭ قوللىرىڭدەك تىترەپ كەتتى...

مەن كىتابنى ئېلىپ كېتىپ تۇپتوغرا بىر ھەپتىگىچە كىتابخانىغا ئاياغ باسمىدىڭ. مەن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. بۇ بىر ھەپتە ماڭا خۇددى بىر ئەسىردەك بىلىندى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغىنىمنى ھېچ بىلەلمىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن سەن كىتابخانىغا كىرىپ كەلگەندە قولۇڭدا ھېلىقى كىتاب تۇراتتى. سەن ئالدىمغا كېلىپ، كىتابنى ئۈستەل ئۈستىگە ئاستاغىنا قويدۇڭ ـ دە، مۇلايىملىق بىلەن:

ـــ بۇ كىتابنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرسەم بولامدۇ؟ ـــ دېدىڭ.

مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. ھەيرانلىق بىلەن ساڭا تىكىلدىم. بىراق، سىڭىلىڭ چىرايىڭدىن ئازراقمۇ خىجالەت بولۇش ئىپادىلىرى كۆرۈنمىدى. مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئاۋازىمنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ:

ـــ نېمىشقا ئەمدى، بۇ يا كۇتۇپخانا بولمىسا؟ ـــ دېدىم. ناۋادا سىڭىلىڭدىن باشقا بىرسى بولسا: «كىمىڭىزنى ئەخمەق قىلىسىز؟» دەپ قاتتىق تەگكەن بولاتتىم.

ـــ كەچۈرۈڭ، پۇلنى قايتۇرۇۋالمايمەن... پەقەت كىتابنىلا قايتۇرسام بولىدۇ.

ـــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟...

www.uyghurkitap.com

سەن دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدىڭ. ئوڭايسىزلانغىنىڭدىن چىرايىڭ ئاۋۋال قارىداپ، ئاندىن قىزىرىپ كەتتى. ئارىمىزدا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەن ئارتۇقچە بىرنېمە دېمەيلا كىتابنى ئارقامدىكى جاۋەنگە مۇنداقلا تاشلاپ قويدۇم، شۇئان كۆزلىرىڭدىن بىر خىل ھاياجان، ئۈمىدسىزلىك ۋە پەرىشانلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىپادىلەر ئەكس ئەتتى. كېيىن مەن چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇدا سېنى ئەڭ يېقىن ئادىمىمنى ئۇزاتقاندەك، قىيالماسلىق نەزىرىدە كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇزىتىپ قالدىم. كەچ بولغاندىلا ئۇ كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، مەقسەتسىزلا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ماڭا سېنىڭ بارلىق مەخپىي سىرلىرىڭ ئاشۇ كىتابقا يېزىلغاندەك تۇيۇلدى. بىراق، بۇ بىر تېببىي ئىلىم ئاتالغۇلىرى ھەققىدىكى كىتاب ئىدى، شۇڭا مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمايتتى. مەن سېنى دوختۇر بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. تۇرقۇڭدىنمۇ دوختۇرغا ياكى ئوقۇتقۇچىغا ئوخشاپ قالاتتىڭ. كىتابنى مۇنداق ۋاراقلاۋېتىپ تۇيۇقسىز كىتابنىڭ ئىچ مۇقاۋىسىدىكى ئاق يەرگە يېزىپ قويۇلغان بىرنەچچە قۇر خەتنى كۆرۈپ قالدىم. «سەن چۈشلىرىڭدە ۋە خىيالىڭدا بىر يىگىتنى كۈتىسەن. خىيالىڭدىكى ئاشۇ يىگىت مەن بولۇپ قالسام دەيمەن...» بۇ نېمە گەپتۇ؟ مەن ھەيران قالدىم، لېكىن شۇ ھامان ئىللىق بىر ھاياجان تەپەككۇرۇمنى چالغىتىۋەتتى. نازۇك بىر تۇيغۇ يۈرىكىمگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئىلگىرى ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق يەردە بىرەر يىگىت ئۇچۇن بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغانىدىم ھەمدە بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلايتتىم. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سەن يەنە كىتابخانىغا كىرىپ كەلدىڭ.

— ياخشىمۇ سىز؟ — دېدىڭ سەن بوسۇغىدىن ئاتلاپلا. ئاۋازىڭ خۇددى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق سېھىرلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

— ھە... تىنچلىقمۇ؟ — مېنىڭ ئاۋازىم خۇددى ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك ناھايىتى پەس چىقتى. مەن قولاشمىغان بىر ھەرىكەتتە سەل قىمىرلاپ قويۇپ، يەنە جايىمغا ئولتۇردۇم. بۇ كىچىككىنە ھەرىكىتىممۇ سىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغىنىنى سېزىپ سەل ئوڭايسىزلاندىم. سەن ئۇدۇل كىتاب جاۋىنىگە قاراپ ماڭدىڭ. كىتابخانا ئىچىگە بىردىنلا دېرىزىدىن چۈشكەن نۇر تالالىرىدەك بىر ئازادىلىك يېيىلدى. بۇغداي ئۆڭ چىرايىڭدىكى سۇسقىنا تەبەسسۇم گويا ئۇپۇقتىكى نۇر جىلۋىسىدەك ماڭا شۇنچە يىراق ۋە شۇنچە يېقىملىق كۆرۈندى. چېھرىڭدىكى غەمكىنلىكنىڭ ئورنىغا بىر خىل روھلۇق ئىپادىدە بولغانلىقىڭ چىقىپ تۇراتتى. مەن ساڭا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ساڭا تېزلا رازىلىق بېرىۋېتىپ، سىنىڭ ئالدىڭدا كۈرسۈمدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقاتتىم. مېنىڭچە بولغاندا، قىزلار يىگىتلەرنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن قايتا - قايتا تەلەپ قويۇشىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندىلا يىگىتنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىدۇ، قىزلارنىڭمۇ يىگىتلەر ئالدىدا قەدرى بولىدۇ دەپ قارايتتىم، بىراق ھېسسىياتىم ئەقىل - ئىدراكىمغا بويسۇنمايتتى.

كىتابخانىدا سەندىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بار ئىدى. ئۇلار بىردەم كىتاب كۆرگەندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى. مەن ئالدىمدىكى بىر كىتابنى ئېلىپ، خالىغان بىر بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. بىراق، خەتلەر كۆزۈمگە ئىمىر - چىمىر كۆرۈنۈپ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. كۆز قۇيرۇقىمدا ساڭا قاراپ، سىنىڭمۇ مەندەك بولۇۋاتقانلىقىڭنى، كىتابتىكى مەزمۇننى ئۆز ئەينى ئەمەس، بەلكى ئۆز خىيالىڭ بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ قالدىم. ئارىمىزدىكى سۈكۈتلۈك كەيپىيات خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. بىر چاغدا سەن:

— سىزگە ياردەملىشەيمۇ؟ — دېدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە؟ — مەن سېنىڭ بۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلمىگەچكە، مەڭدەپ قالغاندەك قايتۇرۇپ سورىدىم. سەن بىردىنلا پىسسىڭگىدە كۈلۈۋەتتىڭ. بۇ كۈلكە چىرايىڭنى ئىنتايىن يېقىملىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مېنى سەل خاپا قىلدى، مەن سېنى مېنى زاڭلىق قىلدى دەپ ئويلىدىم.

— كىتابلىرىڭىزنى رەتلىشىپ بېرەي دەيمەن، بەك قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ...

— كىتاب كۆرگەن كىشىلەر ئۆز ئورنىغا قويماي، ئاشۇنداق قالايمىقان قىلىۋېتىدىكەن... — نېمىشقىدۇر بۇ گېپىم ئۆزۈمگە پەقەت يارىمىدى، ئەمما باشقا گەپ تاپالمىدىم. سەن كىتابنى بىر - بىرلەپ رەتلەشكە باشلىدىڭ، ئەسلىي ئۇنداق قىلمىساڭمۇ بولاتتى. بۈگۈنى رەتلىسەڭ ئەتىسى يەنە قالايمىقان بولاتتى.

— بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ئىدى، — مەن خىجىل بولغان ھالدا شۇنداق دېگىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر بۇلۇڭغا قالايمىقان تاشلىنىپ تۇرغان كىتابلارنى جاۋەنگە تىزىشقا باشلىدىم. سېنىڭ ھەربىر كىتابنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ھەم قەدىرلەيدىغانلىقىڭنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

پارىڭىمىز تەبىئىيلا باشلاندى.

— سىز كىتابنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز - ھە؟ — دېدىم مەن.

— ھەئە، ئىمكانىيەت بولغان بولسا مەنمۇ بىر كىتابخانا ئاچاتتىم...

— سىز دوختۇرما؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— پەرەز قىلدىم... سىز كىتابقا بەك قىزىقىدىكەنسىز، بىراق كىتابخانا ئاچسا كۆپ پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن. ئادەملەر ھازىر بارغانسېرى كىتابتىن يىراقلىشىپ كەتتى. بەزى ئادەملەر كىتابخانىغا قارىغاندا رېستورانغا بەكرەك يۈگۈرىدىكەن. ئۇلار

نەچچە يۈز يۈەننى سورۇنغا خەجلەشكە رازى بولىدۇكى، ئون يۈەن چىقىم قىلىپ بىر كىتاب سېتىۋېلىشقا چىدىمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق كىتابتىن ئالىدىغان ھوزۇر ـ لەززەتنى باشقا ھېچقانداق يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.

— بۇنداق دەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، بەزى كىشىلەر شۇنى بىلسە بولاتتى...

— ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھازىر كىتابخانا خېلى جانلىنىپ قالدى تېخى...

— دەسلەپتە بۇ كىتابخانىنى دادام ئاچقان. ئۇزاق يىل مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن دادامنىڭ كىتابقا ئالاھىدە ھەۋىسى بار ئىدى. مەن بولسام ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى دەپ قوشۇلمىغانىدىم. بىراق، دادام بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. كېيىن مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەت تاپالمىغاچقا، مېنى بۇ كىتابخانىنى ئېچىشقا دەۋەت قىلدى. دەسلەپتە ئانچە خالاپ كەتمىسەممۇ، كېيىنچە كۆنۈپ قالدىم. كۆنۈپلا ئەمەس، كىتابلار مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. كىتابسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىز دېگەندەك، كىتابتىن ئالىدىغان خۇشاللىقنى باشقا ھېچقانداق يەردىن تاپقىلى بولمايدىكەن... بەزىدە ھورۇنلۇق قىلىپ كىتابلارنى مۇشۇنداق قالايمىقان تاشلاپ قويىمەن، مېنى تازىمۇ بىر تەرتىپسىز قىز ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالغانسىز ـ ھە؟

— مەن سىزنى پەقەت ماڭا دىققەت قىلىسكەن دەپلا ئويلىدىم. سىز ئەزەلدىن كىتابخانىغا كىرگەنلەرگە بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىمايدىكەنسىز. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭىز ئولتۇرغان. مەن بۇ كىتابخانىنىڭ ئۈچ يىللىق خېرىدارى، ماڭىمۇ بىرەر قېتىم قاراپ باقمىدىڭىز، پەقەت تۈنۈگۈنلا.

مېنىڭ يۈزۈم قىزاردى، شۇنداقتىمۇ غەيرىتىمگە ئېلىپ:

— ئۇنداقتا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتىش ئۈچۈنلا ھېلىقى كىتابنى ئالغانىكەنسىز ـ دە! — دېدىم.

— شۇنداق، ئۇ كىتابتىنمۇ ئۆيدە بىرسى بار ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟

سەن بىردىنلا جىم بولۇپ قالدىڭ. ئاساسىي گەپكە يېقىنلاشقانسېرى ھەر ئىككىمىز ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدۇق. مەن سېنىڭ ئۇنچە جۇرئەتلىك ئەمەسلىكىڭنى بايقىدىم. بۇ تەرىپىڭمۇ ماڭا يېقىپ قالدى. ناۋادا سەن كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى بىراقلا تۆكۈۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان بولاتتىم. كېيىن سەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى كىتابخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى دېرىزىدىن تاسادىپىي كۆرۈپ قالغانلىقىڭنى، شۇنىڭدىن كېيىن كىتابخانا، ئۆي ۋە دوختۇرخانا ئارىلىقىدىكى ئۈچ بۇرجەك مۇساپىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىڭنى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىڭنى، كۆڭلۈڭنى ئىپادىلىيەلمەي ئۈچ يىلنى ئوتكۈزۈۋەتكەنلىكىڭنى، مېنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە سەزمەي كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردىڭ. يۇقىرىقى سۆزنى ماڭا تارتىنىپقىنا ئېيتىشلىرىڭ سېنىڭ مۇھەببەت كوچىسىغا تۇنجى قەدەم باسقانلىقىڭنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇمۇ مەن ئۈچۈن زور بەخت ئىدى. باشقىلارنىڭ تۇنجى سۆيگىنى بولۇش ھەم باشقىلارغا تۇنجى مۇھەببىتىنى بېغىشلاش نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش ـ ھە !

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئەنە شۇنداق ھالەتتە باشلاندى. مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە تەشنا بولۇپ يۈرگەچكە، سەن ماڭا ئاتا قىلغان گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈن قەلبىم بىلەن قۇچاقلىدىم. سەبىي ھېسسىياتلاردىن ئاپىرىدە بولغان سۆيگۈ نەزمىلىرى ئۆزگىچە بىر ئاھاڭغا سېلىندى. ئۇنىڭدىن ياڭرىغان ئېسىل كۈي ـ ناۋالار تەبىئەتنىڭ ھەربىر گۈل ـ گىياھلىرىغىچە سىڭىپ كەتتى. مەن پەقەت ئىككىمىزگىلا تەئەللۇق بولغان سۆيگۈ دۇنياسىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلىدىم، مۇڭلۇق ناخشىلارنىڭ شېرىن كۈيلىرى بىلەن قانغۇچە مۇڭداشتىم،

بىھېساب سۆيگۈڭنىڭ شېرىن ـ شەربەتلىرى بىلەن قەلبىم بوشلۇقلىرىنى تولدۇردۇم، ئوتلۇق ئىنتىلىشلىرىڭ ئارقىلىق قىممىتىڭنى، يالقۇنلۇق تىلەكلىرىڭ ئارقىلىق ئالىيجانابلىقىڭنى تونۇپ يەتتىم.

بىز بەزىدە ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى قىلىشاتتۇق. گاھىدا پىرىنسىپال مەسىلىلەردە كۆزقارىشىمىز ئوخشىماي، تالىشىپ قالاتتۇق. سەن روھقا تەئەللۇق نەرسىلەرنى رېئاللىق بىلەن سىغىشالمايدۇ، بەزىدە روھ ماددىغا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارايتتىڭ. مەن بولسام روھقا تەئەللۇق نەرسىلەر ئۆلمەيدۇ، رېئاللىقنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئاخىرىغا بېرىپ ھەر ئىككىمىزنىڭ توغرا بولۇپ چىقاتتى. مەن سېنىڭ پەيلاسوپلاردەك پىكىر قىلىشىڭغا ھەۋەس قىلاتتىم. سەن بولساڭ مېنىڭ گەپدانلىقىمغا قايىل بولاتتىڭ. ئىككىمىز ئەنە شۇنداق چىقىشىپ كەتكەنىدۇق. مۇھەببەت بىزنىڭ روھىمىزنى، تۇيغۇمىزنى ۋە بارلىق ئاڭ ـ ئىدراكىمىزنى ئەنە شۇنداق بىرلەشتۇرگەنىدى... ئەپسۇس، مۇھەببەت گۈلىمىز ئەمدىلا غۇنچە بولۇپ ۋايىغا يېتىپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ۋاقىتسىزلا سولىشىشقا باشلىدى. سېنىڭ ئۈن ـ تىنسىزلا يېتىپ كېتىشىڭ گويا بىر ئاخىرلاشمىغان چۈشتەك مېنى نائۈمىدتە قويدى. سەن ۋە مەن بىلىپ ـ بىلمەي ياراتقان بۇ مۇقەددەس ۋە بۈيۈك مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئېقىمنى ئاخىرقى ھېسابتا مېنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى. مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ بۇ قەدەر سەۋدالىق دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشىنى، ھاياتىمدا مۇشۇنداق ئايرىلىش پەيتىگە دۇچ كېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم. سەن مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بىر ئۇلۇش خۇشاللىق ئېلىپ كىرىپ، ئۇن ئۇلۇش ھەسرەت قالدۇرۇپ سىلىپ چىقىپ كەتتىڭ. پەقەت يۈرىكىمنىڭ ئازابلىق ئۇھسىنىشلىرىنىلا ئاڭلىدىم. سەن قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆلمەس ئەستىلىكلەر بىلەنلا سىردىشىپ، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم.

... قىش كېتىپ ياز كەلدى. ئەمما، خاسىيەتلىك يېشىل چۆشلەر ئىچىدە ئۆز ئەركى بويىچە كۆلۈمسىرەپ ياتقان تەبىئەتمۇ ماڭا ئېغىر ئۇھسىنىۋاتقاندەك، بوررۇقتۇرما بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بارلىق گۈزەللىكلەر ۋە ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن كۆررۈمسىز ۋە ئەھمىيەتسىز ئىدى. كىتابخانا ئىچىدىكى غېرىبلىق، جىمجىتلىق پۈتۈن ئەتراپقا يېيىلدى. نەلەرگىدۇر ئالدىراپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ جىددىي چىرايىمۇ ماڭا مەنىسىز كۆرۈنەتتى. بۇ مەنىسىزلىكنىڭ روھىمدىكى مەنىسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. بۇ ئالتىنچى ئاينىڭ دىمىق بىر كۈنى ئىدى. مېنىڭ نېمىشقىدۇر سىرتقا چىققۇم كەلدى. سالقىن بىر جاينى تېپىپ سەگىدىۋالسام ياكى يامغۇر ياغسا، كەڭرى دالاغا چىقىپ ئۆزۈمنى يامغۇرغا تۇتۇپ بەرسەم، دەپ ئويلىدىم. بىراق، بۇ قاتمۇقات ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان قىستا ـ قىستاڭ شەھەر ئىچىدە نەدىمۇ كەڭرى دالا بولسۇن!... شۇنداقتىمۇ، يەنىلا سىرتقا چىقتىم. چىڭقىچۈشتىكى كۆچلۈك ئاپتاپ ھەممە يەرنى قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئىشىككە يۆلەنگەنچە ئالىقىنىمنى پېشانەمگە سايىۋەن قىلىپ، ئەتراپقا مەقسەتسىزلا كۆز يۈگۈرتتۈم. يان تەرەپتىكى كوچا ئېغىزىغا مۇنداقلا قاراپ، تۇيۇقسىزلا يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئۇ يەردە ـــ ئاشۇ دوقمۇشتا چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە سېنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ھال مېنى مەڭدىتىپ قويدى. كۆزلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، بېشىم قايغاندەك بولۇپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن مىگىبىر تەستە ئۆزۈمنى رۇسلاپ ئۇ يەرگە يەنە قارىدىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ سەن ئىدىڭ. شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۈتۈپ، ئاخىر سېنى ئاشۇ ھالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن دېمەتلىك، ئۇزۇن چاچلىق بىر قىز سېنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ بارغۇم، كۆز يېشىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئەھۋالىڭنى سورىغۇم، سېنى كۈتۈپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىر ـ

بىرلەپ ئېيتقۇم كەلدى. بىراق، پۈتلىرىم خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى قىز زادى كىم؟ ئۇ سېنىڭ دوستۇڭمۇ؟ ئايالىڭمۇ؟ ياكى مېنىڭ ئورنۇمنى ئالغان سۆيگىنىڭمۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن پەقەتلا بىر سىر ئىدى. مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدىم. مەن ئۇنىڭ ساڭا مەندىنمۇ يېقىن ئىكەنلىكىگە چىدىماي، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم. قەلبىمنى سېنىڭ بەختسىزلىكىڭگە بولغان ھېسداشلىقتىنمۇ چوڭقۇر بولغان بىر خىل ئازاب چاك ـ چاك قىلاتتى.

قىز سېنى مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئىتتىرىپ دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتكەندە تېخى چاقلىق ئورۇندۇقنى توختىتىپ، چاچلىرىڭغا ئىلىنىپ قالغان قانداقتۇر بىرنەرسىنى قوللىرى بىلەن تېرىپ ئېلىۋەتتى. بۇ يېقىنچىلىق مېنىڭ قەلبىمدە يەنە بىر قېتىم ئازابلىق شۇبھە قوزغىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى رەشك ئوتى چىرمىدى. مەن شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمنى ۋە روھىي كەيپىياتىمنى ھېچقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مەن پەقەت يۈرىكىمنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئازابنىڭ ئەمدى باشلانغانلىقىنىلا بىلدىم. مەن مەغلۇبىيىتىمگە قاراپ دادىل قەدەم تاشلاشتىن بۇرۇن يېڭى بىر ئازابنى قۇچاقلىدىم...

سەن غايىب بولۇپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ، كىتابخانىغا كىرگەن ـ چىققانلارغا ئانچە ـ مۇنچە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا، قىزنىڭ چىرايى ماڭا تونۇش ئىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك كىتابخانىغا كىرىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم كىرگەندە ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك، كۆزلىرى ماڭا تونۇشتەك ھېس قىلاتتىم، ئەمما نەدە كۆرگەنلىكىمنى ھېس قىلالمايتتىم.

ئۇ سېنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقۇڭنى ئىتتەرگەنچە كۆزدىن

www.uyghurkitap.com

غايىب بولدى. مەن شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئاشۇ قىز توغرىسىدا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. قەلبىمگە سانسىزلىغان قىڭغىر ـ قىيسىق سوئاللار يېغىپ كەتتى. سىنىڭ قانداق ھادىسىگە ئۇچراپ، شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى بىلىش ئىستىكىدە قىينىلىش بىلەن بىللە يۈرىكىمنىڭ نامەلۇم بىر بوشلۇقىغا رەشك ئوتى تۇتاشتى. ئۇ قىزنىڭ چىرايى ۋە كىيىنىشى كىشىنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگۈدەك ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، مېنىڭ ھەسەتخورلۇقۇم ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ بەتبەشىرە ئايال سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە ئۈرۈناتتى. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى مېنىڭ بارلىقىمنى تارتىۋالغان، مېنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى، كەلگۈسۈمنى ۋەيران قىلغانىدى. مەن قەلبىمدە ئۇلۇغ مۇھەببەت پەيدا قىلغان ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭقۇر ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا سەمىمىي كۆڭلىنى بېغىشلىغان قىزلارنىڭ نېمىشقا مۇنچە ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم... بەلكىم سەن ھادىسىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن مېنى تاشلاپ كەتكەنسەن ياكى ھېلىقى قىز سەۋەبلىك مېنى ئۇنتۇغانسەن، ئۇ قىز ساڭا ھازىرقىدەك ۋاپادارلىق كۆرسەتكەندۇ... ئەجەبا، سەن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئىشەنمىگەن بولغىيمىدىڭ؟ مېنى ئاشۇ قىزچىلىك قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ مەيلى سەن قانداق ھادىسىگە ئۇچرىغىن، ئۆمۈرۋايەت سەن بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ! ئۆزۈڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئايرىلىشىمىزغا باھانە ـ سەۋەب قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ ئىككىمىزنىڭ قىل سىغماس مۇھەببىتى ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ؟

سەن ماڭا بۇ خىل تەقدىرنى قوبۇل قىلدۇرماسلىقىڭ، ھاياتىمنىڭ ئاپپاق بەتلىرىگە ئۆچمەس ئىزلارنى سالغان يارقىن كەچمىشلىرىمدىن يېرىم يولدا چېكىنىشكە قىستىماسلىقىڭ، مۇھەببەت باغچىسىدىن ھېچبىر سەۋەبسىزلا يېنىكلىك بىلەن

چىكىنىپ چىقىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. مەن ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگۈچە بۇنداق مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئۆزۈم قايىل بولغۇدەك جاۋابقا ئېرىشكۈچە يەنىلا كۈتۈشكە رازىمەن.

مېنىڭ كۈتۈش نىشانىم ئۆزگەردى. مەن ئەمدى ئىككىنچى بىر خىل ئازاب ئىچىدە ھېلىقى قىزنى كۈتىدىغان بولدۇم. ئۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن كۈتىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭغا زادى نېمىلەرنى دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ كىتابخانىغا كىرىشى مېنى خۇشال قىلمىسىمۇ (ئەكسىچە ئازابلايدۇ)، ئەمما بىر خىل زارىقىش ئىچىدە كۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنى ئىزدەيتتىم. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ھەپتىدە بىر ــ ئىككى قېتىم كىرىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك پەرۋاسىز قارىمايتتىم، ئىچىمدىكى بارلىق دەردلىرىمنى كۆزلىرىمگە يىغىپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك، نەپرەت ۋە سوئال نەزىرىمدە تىكىلەتتىم. ئۇ بولسا ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا تەئەججۇپ ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ قوياتتى.

يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەرنى مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى قىيناش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى كاللامغا تۇيۇقسىز «مەن نېمىشقا ئۇنى ئىزدەپ باقمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن ھېلىقى قىزدىن ھەممە ئىشنى سوراپ كۆرمەيمەن؟» دېگەن خىيال كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە كۈندىن بېرى مەن دەرھال مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىدىن قورقۇپ كەلگەنلىكىمنى بىلدىم. نېمىلا بولسۇن، مەن بىر جاۋابقا ئېرىشىشىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەندە تولۇق جاسارەت ۋە ئىرادە بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئاخىر غەيرەتكە كەلدىم. يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىسىدە قىز كىتابخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كۈنى قىز ناھايىتى چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، قىپقىزىل كۆڭلىكى نازۇك بەدىنىگە خويمۇ ياراشقانىدى. بىر تالالا قىلىپ بوغۇپ قويۇۋېتىلگەن بوستان چاچلىرى يەلكىسىنى بىر ئالغان بولۇپ، چىرايىمۇ قىپقىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە بىر

پارچە قىزىل ئوت بولۇپ كۆرۈندى. مەن يۈرىكىمنىڭ پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، پۈت ـ قولۇمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم. كىتابخانىدا ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بولمىسىمۇ، مەن خۇددى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك ھېچنېمە دېيەلمەيتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈنداشلىقتىن بولۇۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى.

قىز بىردەم كىتاب كۆرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. سەن بىلەن ئۇ قىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش ئىستىكى مېنى ئاخىر جىم تۇرغۇزمىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ، ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا، مەنمۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتىم.

— توختاپ تۇرۇڭە ... سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — دېدىم مەن ناھايىتى تەستە.

قىز توختاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، چۈشىنىكسىز بىر ئىپادىدە ماڭا قارىدى. مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاجىز ھېس قىلدىم. خۇددى سېنىڭ كۆزلىرىڭنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدەكلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بارلىق مەخپىيەتلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ كۆزلەر مېنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

— مەن... — مەن دۇدۇقلاشقا باشلىدىم. مەن زادى نېمە دېمەكچى بولغىيدىم؟ خىيالىم پۇتۇنلەي چېچىلىپ كەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا غالىبانە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

— ئۆتكەندە... سىز... چاقلىق ئورۇندۇقتا ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان يىگىت سىزنىڭ... سىزنىڭ... ئېرىڭىز بولامدۇ؟ — مېنىڭ ئاغزىمدىن ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا ئاشۇ گەپلەر چىقىپ كەتتى. قىزنىڭ شۇئان چىرايى ئۆزىنىڭ قىزىل كۆڭلىكىدەك رەڭ ئالدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەلەم، نەپرەت ۋە ئەيمىنىشلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

يېشىلدى. بىراق، كۆز ئالدىمغا گىرىمسەن بىر قاراڭغۇلۇق يېپىلدى. ئازاب ۋە خۇشاللىق ئارىلاشقان كۈچلۈك بىر تۇيغۇ يۈرىكىمنى لەرزىگە سالدى. كۆز ياشلىرىم توختاۋسىز تۆكۈلدى. بۇنىڭ ھەسرەت ياكى شادلىق يېشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇزاقتىن بېرى ساڭا ئۇۋال قىلىپ كەلگەنلىكىمنى، تۈگىمەس ئەيىبلەشلەر بىلەن نۇرغۇن خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا تېخىمۇ كۆپ خاتالىقلارغا يول قويۇشقا تاسلا قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

غايىبانە قۇدرەتلىك بىر كۈچ مېنى كۈتۈشلەر چەمبىرىكىدىن چىقىشقا، سېنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۈندەيتتى. ناۋادا سېنىڭ ئاشۇ چاقلىق ئورۇندۇقۇڭنى بىر ئۆمۈر ئىتتىرىش ماڭا نېسىپ بولسا، بۇ مېنىڭ بەختىم دەپ ئويلايتتىم.

مەن قىزنىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىرسى تۇرتكەندەكلا ھوشۇمنى يىغدىم. يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقىتىم يوق ئىدى. تېزلىك بىلەن كىتابخانىنى تاقاپ قىزنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم. قىز بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى ئارىلىق بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. قەلبىمنى يول بويىدىكى گۈللەردىن تارقىغان خۇش پۇراقتەك شېرىن بىر سېزىم چۇلغىۋالدى.

كۆز ئالدىمدا بىر ۋىسال دەرياسى شارىلداپ ئاقماقتا. كۈنسېرى پىشىپ يېتىلگەن مۇھەببەت تەشنالىقى بىر ياۋا قۇش كەبى سەن تەرەپكە قاراپ ئۇچماقتا...

www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ئابدۇللا

# قۇرۇپ كەتكەن تۆتقۇلاق

كېچىچە يېنىدىكى لاۋۇلداۋاتقان يالقۇنلۇق تەندىن بىخەۋەر هالدا هوسۇل هېساباتىنى قىلىپ چىققان مەكۇنا① تاڭ يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن كەتمىنىنى ئېلىپ ئېتىزغا ماڭدى. مەكۇنا هويلىغا چىقىپ ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— خوتۇن!

بۇ بىر شەرتلىك بەلگە. بۇ مەكۇنانىڭ: «مەن كەلگۈچە ناشتا تەييار بولسۇن» دېگەن بۇيرۇقى ئىدى. بۇ «خوتۇن» دېگەن سۆزنىڭ «تاماق تەخ بولسۇن» دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىنى جۇۋان② بىلىپ، چۈشىنىپ بولغان.

جۇۋان ئۆرتىنەتتى، «خوتۇن» دېگەن سۆزدىن كۈچلۈك بىر ئوتنى، قۇدرەتلىك ئەرلىكنى، ئايال تېنىنى ئېرىتكۈچى هارارەتنى سېزىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، مەكۇنادىن بۇلارنى كۈتۈش ئەخمىقانىلىك، قۇرۇق ئاۋارىچىلىك، خالاس. مەكۇنا كەتمەن سېپىنى قاماللاپ تۇتىدۇكى، جۇۋاننىڭ تەشنالىقتىن چىڭقىلىپ كەتكەن كۆكسىنى سىلاپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، يەرگە باغرىنى يېقىپ ئۆلۈپ قالسا قالىدۇكى، جۇۋاننىڭ تەلپۈنۈش، تەشنالىقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان تېنى ئۈستىگە جۈي-

① مەكۇنا — «تۆتقۇلاق» ناملىق هېكايىدىكى پېرسوناژ.
② جۇۋان — «تۆتقۇلاق» ناملىق هېكايىدىكى پېرسوناژ.

لۇپ بولسىمۇ چىقىپ سالمايدۇ ...

«ئوت دېگەننى چۈشەنمەيدىغان مەخلۇق». ئازابلىنىپ، تولغى-
نىپ ياتقان جۇۋان مەكۇنانى ئاشۇنداق تىللىدى. ئاندىن ئىن-
تىزارلىق ئىلكىدە ساھىبقىران يىگىت[1]نى ئويلاپ كەتتى. ئۇ ئې-
لىپ كەلگەن مۇھەببەتنى، شېرىنلىكنى، ھايات ھۇزۇرىنى ئەس-
لەپ راھەتلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى. ئەمما، بۇ تۇيغۇلار ئۇزاققا
بارمىدى. چۈنكى، ئۇ ساھىبقىران يىگىتنىڭ كەلمىگىنىگە توپ-
توغرا ئىككى كۈن بولغان. بولمىسا ئېرىق بويلىرىدىكى تۆت-
قۇلاقلار يەنىلا ياشىرىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، جۇۋان: «ئۇ نېمىشقا
كەلمەيدىغاندۇ؟ يا مېنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن، يا ئۇنىڭغا بىرەر
ئىش بولدىمىكىن؟ ...» دەپ ئاھ ئۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئا-
شۇنداق غايىب بەختتىنمۇ ئاخىرغىچە بەھرىمەن بولالمىغىنىغا
زارلاندى. ئۆزىنىڭ ساھىبقىران يىگىتنى رەنجىتكۈدەك زادى نې-
مە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىنى بىلەلمەي قىينالدى. ئۆزىنى
بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، ئارقىدىن يەنە مەھرۇم قىلىپ تېخىمۇ كۆپ
ئازابقا قويغان ساھىبقىران يىگىتتىن ئاغرىندى. يەنە ئويلىدى.
ھەسرەتلىك، ئەلەملىك ئۇھ تارتتى. ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شور
پېشانە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، بوزلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

يېقىندىن بۇيان جۇۋان مۇھەببەتلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ
يېتىپ ئەر ھەققىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى: «ھەي، مەنمۇ-
ھەقىقىي بىر ئەرلىك بولغان بولسام، ئېرىم بىلەن ئېتىزلاردا
توپىغا چىلىشىپ ئىشلىسەم، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتمەن چاپ-
سام ... ئۇھ، شۇنداق جاپالارمۇ راھەت بىلىنەر كىشىگە ـ ھە،
ئەرلىرى بىلەن كوچا ـ كويلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن خوتۇنلار قان-
چىلىك يايرىشىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئەرلىرى بىلەن ئۆيۋاقلىرى
ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشىدىغاندۇ؟ ئۆيئىچىدە قانداق گەپلەرنى
قىلىشىدىغاندۇ؟ نېمىلەرنى قىلىشىدىغاندۇ؟ ... ھۇ، ئىشقى يوق
ئېشەك ... ماڭا ئەمەس، ئېتىزغا، كەتمەنگە ئەر ئېشەك، قېچىر ...

① ساھىبقىران يىگىت ــ «تۆتقۇلاق» ناملىق ھېكايىدىكى غايىب پېرسوناژ.

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى يىگىتمۇ تازا بىر ... راسا تولغان يىگىت بولغاندىكىن مۇنۇ ھايۋاندىن مېنى تارتىۋېلىپ، مېنى خوتۇنۇم دەپ يۈرۈپ باقسا بولمامدۇ ... شۇنىڭدا ۋاھ ... مەنمۇ ئېرىم بار دەپ كەينىدە پايپاسلاپ يۈرسەم ... لېكىن ئۇ، يا خەقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگەن، ئېرىڭ مەن دەپ جادۇگەردەكلا غايىب ... ھەي، توختا، ئالۋاستىمۇ يا ئۇ؟ ھېلىقى بىر چۆچەكتە ئادەم سىياقىغا كىرىپ، پەرىدەك گۈزەل قىزنىڭ قوينىدا يايراپ كېيىن ئەسلىگە قايتىپ يىلانغا ئايلىنىپ تۆگىلۈكتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغان ئالۋاستى ... ۋايجان، ئۇمۇ شۇنداقراق بىرنېمە بولمىسۇن يەنە! نېمە شېرىن دەپتىمەن تېخى! ... ۋاي، شور بەختىم، ۋاي ئەردىن تەلەي بەرمىگەن كور تەقدىر ... نېمە كۈن، نېمە تارتقۇلۇق بۇ ماڭا ... ئېرىم دەپ مەيدە كېرىپ يۈرگۈدەك بىرەر تىرىك جان يوقمۇ ماڭا؟ ئەر دەپ، بىرسى كۆلدەك مەخلۇق، بىرسى ئوتتەك ئالۋاستى ... ۋاي، شور پېشانەم، ۋاي قارا بەختىم ...» شۇلارنى ئويلىغان جۇۋاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ساھىبقىران يىگىتمۇ كەلمەي قويىدى. شۇنىڭدىلا جۇۋان رەسمىي ئىشەندى: «راستىلا ئالۋاستى ... خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ بىرەر خەتەرگە يولۇقماپتىمەن ...» لېكىن جۇۋاننىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى: «دېگەنىبىلەن خىزىر سۈپەت ئەر ئىدى ...»

جۇۋان مۈكىلىنىپ يېتىپ ئۆيئىچىگە سەپسالدى. ئۆي يامان ئەمەس، خېلى ھاللىنىپ قالغانىدى. مەكۇنا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ كەتتى. مەكۇنا ھەممىنى تەل قىلىپ بەردى. ئايدا بىر قوي سويۇپ بېرىدۇ. ئۆزى كىر - قاسماق، جۇلدۇر - كېپەن يۈرسىمۇ، جۇۋاننى گۈلدەك ياساندۇرىدۇ. جۇۋاننى ئېتىز ئىشلىرىغا زادى ئارىلاشتۇرمايدۇ. تويدىن كېيىن جۇۋان مەھەللىدىكى باشقا خوتۇنلاردەك ئېتىز - ئېرىققا يېقىن يولاپ باقمىدى، ئورما ۋاقتىدىكى كۆيۈك ئاپتاپتا كۆيۈپ

باقمىدى ... بىراق، بۇلار جۇۋاننى تازا خۇشال قىلالمىدى. مەكۇنا يەنىلا دەرۋازىنى قۇلۇپلايدۇ، كېچىسى بۇتتەك ياتىدۇ، پەقەت تاڭ سەھەردىلا «خوتۇن» دەپ قوپال ۋارقىراپ قويىدۇ، بولمىسا گاچىدەك ... خوتۇنىنىڭ بىر تىرىك ئاياللىقىنى ئۇنتۇغاندەك. مەكۇنا ئېتىزغا ئەر، جۇۋان قازان بېشىغا ئايال ...

شۇڭا، جۇۋان يېگۇدەك بىر بۇردا نان بولمىسىمۇ بىر - بىرىگە مېھىرلىك بېقىشنى؛ جاپالىق ئىشلەپ ھالىدىن كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ يانمۇيان كەتمەن چېپىشنى، يالىڭاچ قالسىمۇ ئىدىشكتىن بىللە چىقىشنى، مەكۇنانىڭ ئالىقانلىرى قاپىرىپ تارتىشىدەك قېتىپ كەتسىمۇ يۈزىنى ئەرلىك تۈيغۇدا سىلاپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئارمان قىلاتتى، تەلپۈنەتتى ...

بىراق ...

تۆتقۇلاقلار ئەسلىدىكىدەكلا دىرىڭلاپ تۇرماقتا ...

جۇۋاننىڭ قەلبى سولماقتا ...

ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى خالىمىغاندەك دېرىزىدىن چۈشكەندىلا جۇۋان ئورنىدىن تۇردى. ئۆيئىچى ئۇنىڭغا تولىمۇ سوغۇق بىلىندى. شۇنىڭدىمۇ جۇۋان يوشۇرۇن بىرئۈمىدتە ئۆزىنى تۈزەشتۇرۇپ ھويلىغا چىقتى.

ھوي، دەرۋازا ئوچۇققۇ، بۇ — مەكۇنانىڭ تويدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇنتۇپ ھويلا ئىشىكىنى ئوچۇق قويۇشى ئىدى. جۇۋان بۇنىڭدىن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

جۇۋان سەل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىك يېنىغا ئىتتىك باردى. ئەمما، چۆچۈپ توختاپ ھويلا ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭغا مەكۇنا بىر يەردە ماراپ تۇرغاندەك بىلىندى. جۇۋان قويچى تاز[1]غا ۋارقىراپ قويۇپ يېگەن تايىقىنى تېخى ئۇنتۇمىغانىدى. شۇڭا، ئېھتىيات بىلەن ھويلىنى كۆزىتىپ چىقتى. يوق، ھېچ يەردە يوق. «راستىلا ئۇنتۇپتۇ ...» جۇۋان مەكۇنانىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىپ تۇرۇۋىدى، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن تونۇشلا

[1] قويچى تاز — «تۆتقۇلاق» ناملىق ھېكايىدىكى پېرسوناژ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

ئېگىز ئاسماندا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.

جۇۋاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ناخشا ئېيتىۋاتقىنى ھېلىقى قويچى تاز ئىدى. ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغان، جۇۋانمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېگەنىدى. «ياق، ئۇنتۇماپتۇ. مانا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا يۈرىكىم سېلىۋاتامدۇ.» دېگەنىبىلەن جۇۋاننى تۇنجى قېتىم قاتتىق تەلپۈندۈرگەن شۇ تاز - دە! «ھۇ، ھېلىگەر تاز، يەنە مېنى پايلاپ تۇرۇپسەن - دە. مەكۇنا - نىڭ يەنە شۇنداقلىقىنى، ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ تاشلاپ كەتكىنىنى بىلىپ قاپسەن - دە. ئىچىم پۇشۇپ قالغىنىنى سېزىپ قاپتۇ بۇ تاز. مانا، ئەر دېگەن مۇشۇنداق خوتۇننىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ تۇرسا ...» بىردەمدىلا جۇۋاننىڭ بەدىنى ئوت بولۇپ كەتتى.

قويچى ناخشىنى تازا مۇڭ چىقىرىپ ئېيتىپ يېقىنلاپ كەلدى:

پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.
ئۇ ... لەۋلىرىڭگە بىر سۆيسەم.

تاز ناخشىنىڭ ئاخىرىنى ئەتەي بۇزۇپ ئېيتىۋاتاتتى. جۇۋان تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى ۋە ئىشىكتىن ئوقتەك چىقىپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئېرىق بويىدىكى يوغان ئۈجمىنىڭ ئاستىغا بېرىۋالدى. قويچى تاز يېقىنلاپلا قالغانىدى، جۇۋان نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى، تاقەتسىزلەندى. «ئۇھ ...» تازنىڭ قويلىرى جۇۋاننىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئېرىقتىكى سۇغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تاز جۇۋاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى. قويچى تازمۇ جۇۋاننى كۆردى. باشتا تاز بىرئاز چۆچۈدى،

كېيىن كۆزلىرى يېنىپ كەتتى ۋە ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ گەپ تاشلىدى:

— مەشۇقتەكلا ئولتۇرۇپ كېتىپلىغۇ، خېنىم ...

ھەقىقىي ئەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جوۋاننى يايرىتىۋەتتى:

— ئىسسىقراق چاي ئىچەي دەپ ...

جوۋاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى قويچى تازنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى:

— گوزەل خېنىم، قىزىق چايدىن قېلىشمايمىز ...

جوۋان ئۆزىگە ئېتىلغان قاشلاردىن تورالمايلا قالدى:

— سوغۇق كۆرۈنىلا ...

— ئوت دېگەن يورەكتە ... — قويچى تاز شوىداق دەپلا ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى ۋە جوۋاننى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ بىرنى سۆيۈۋالدى. بۇنىڭدىن جوۋان ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەمما، قورقۇنچ بىلەن تېزلا ئەسلىگە كەلدى ۋە دەررۇ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۇياققا ئۆتتى.

— توختىسىلا، خېنىم، بىزدىكى ئوت سىلىدەك گوزەل خېنىملارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلماي، گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ ...

تاز يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، چوكان تەستە ئۈندى:

— كەچتە كەلسىلە ...

جوۋان كىرىپ كەتتى، قويچى تاز ئېغىزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكىنى غورتىدە يۇتۇپ، ھاسىرىغىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، بېشىنى ئېرىقتىكى سۇغا تىقتى.

كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغان مەكۇنا بىر پارچە ناننى بېلىگە تۈگۈپ، دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، مورىسىگە سالغان كەتمىنىنى پۇلاڭلاتقىنىچە كېتىپ قالدى. جوۋان بۇنىڭدىن نېمە ئىش بولىغانلىقىنى دەرھاللا چۈشەندى، سۇ نۆۋىتى كېچىدە كېلىپ قالغانىدى.

جوۋان بۇنىڭدىن بەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە قويچى تازنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. جوۋان بۇ

ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئويلىغۇدەك ئەقلىگە ئىگە ئەمەس. پەقەت بىردەملىككە قويچى تاز ئۇنى بولۇشىغا قۇچاقلاپ، ئۇستىخانلىرىنى غىرىسلىتىۋەتسىلا بولدى، ئۇ شۇنىلا كۇتەتتى.

ئاخىر، تازنىڭ شەپىسى كەلدى. ئۇ تامدىن مايمۇندەك ئەپچىللىك بىلەن هويلىغا چۈشتى. جۇۋان ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ سۆرەشكىنىچە ئۆيگە كىردى. تاز نەلەردە ئۆگىنىۋالغان شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بىلەن جۇۋاننى بىهوش قىلىۋەتتى. جۇۋان ھەقىقىي ئەر تېنىنى سىلاپ، سۆيگەندىلا چەكسىز هۇزۇر ئىلكىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. تاز بولسا بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى ...

بۇ دەملەر يېرىم سائەتكە بارماي ئاخىرلاشتى. ئەمما، جۇۋان تازنى مەهكەم قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، قويۇۋەتكۇسى يوق ئىدى. تاز خۇشاللىقتىن يايراپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇۋاننىڭ ھەقىقىي ئەركەكنىڭ قولى تەگمىگەن يۇمران كۆكرەكلىرىنى قانماي سىلىغىنىچە شىۋىرلىدى:

— قانىراقراق، خېنىم ...

جۇۋان يۇزىنى تازنىڭ مەينەت مەيدىسىگە چىڭ چاپلىغىنىچە دېدى:

— مېنى خېلىدىن پايلاپ يۇرۇپلىكەن ـ دە.

— ئۇزاق بولغان ئوت بۇ، خېنىم ...

— مېنى ئالغىلىرى بارمىدى؟

— مىڭ جېنىم بىلەن، خېنىم ... ئەمما ئەرلىرى ئاتلىرىغا ياراپ قاپتۇ ئەمەسمۇ.

شۇ تاپتا جۇۋان ھەممىدىن كېچىپ بولغانىدى:

— مەن بۇ ئۆيدىن جاق تويدۇم. مېنى ئەمىرلىرىگە ...

تاز تەمتىرەپ قالدى:

— خېنىم، بۇ قانداقسىغا ...

— مېنى ئەپقاچىلا ...

تاز جىددىيلەشتى:

— بىلىلا، خېنىم، خەقنىڭ قويىنى بېقىپ جان باقىدىغان ئادەم مەن. پۇتكەن ـ تۇرغىنىم مۇشۇ. ئۆيۈمىمۇ يوق.

جوۋان ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى:

— بىلىمەن، ماڭا سىلىدەك ئەر لازىم. قانداق، ئەپقاچىدىغانغا يۈرەكلىرى بارمۇ؟

ئىتتىن بەتتەر ياشاۋاتقان تازغا بۇ ئامەت تازا خۇشياقتى ...

ئۇلار ئاز ـ تولا تەييارلىق بىلەنلا يولغا چىقىپ كەتتى. تاز ئەندىشىدە، جوۋان بولسا ئىشەنمىگەندەك بىردەم ـ بىردەم ئەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە چەكسىز بەختىيارلىق ئىلكىدە يۈرتتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئۇدۇل تاغ ئىچىگە كىرىپ، كۈن دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە بىر كىچىكرەك تاغلىق كەنتكە يېتىپ كەلدى. جوۋان ئاجايىپ بىر ئازادىلىك، خۇشلۇق، يايراش ۋە ئەمىنلىك ھېس قىلاتتى. تازنىڭ بولسا بۇ يۈرتنى كۆرگەندىلا كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

ئۇلار تەنگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى تاغ سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ ئازراقتىن نان يېيىشتى.ناننى ھۇزۇر ۋە ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان جوۋان ئەتراپىغا تويماي قاراۋېتىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاي تۆتقۇلاق، ئەنە، ئەنە ...

ئوتلار ئارىسىدا تۇرغان تولىمۇ پاكىز يەتتە ـ سەككىز تال تۆتقۇلاق جوۋاننى ئاجايىپ شادلاندۇرۇۋەتتى. جوۋان تۆتقۇلاقلارنى ئاۋايلاپ بىر ـ بىرلەپ سىلاپ چىقتى.

— نېمە بولدى، خېنىم؟ — دەپ سورىدى بۇنىڭغا ھەيران قالغان تاز.

— تۆتقۇلاق دېگەن بەختنىڭ ئالامىتى، — دېدى جوۋان ھاياجان بىلەن، — ئەمدى بەختىمنى تېپىپتىمەن.

ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن تاز بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى ۋە ئالدىدىكى مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. جوۋان بىر تال

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۆتقۇلاقنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆنىڭغا ئەگەشتى.

مەھەللىدىكىلەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ بىكار تۇرغىلى ئۇزاق بولغان، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئىككى ئىغىز ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇشتى. ئۇلار بىر ئىغىز ئۆينى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ «ھۇجرىسى»نى تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاز جۇۋاننى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى.

جۇۋان تېخىچە بەخت پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. ئىغىلدىنمۇ بەدتەر بۇ ئۆي ئۇنىڭغا يەنىلا ئىللىق بىلىندى. بەھۇزۇر ئىغىناپ ياتتى. بىر ھەقىقىي ئەرنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ شۇنچە يولنى بېسىپ كەلگىنىگە سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنى ھەقىقىي ئەرگە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا، ئايالدەك يۈرەلەيدىغان ئائىلىگە ئىگە قىلغان تازدىن مىڭ مەرتەم رازى بولدى: «ۋاي، ئۇماق تاز، ئەركەك تاز ...»

كەچكە يېقىن تاز قايتىپ كەلدى. تاز يەنە مەھەللىدىكىلەرنىڭ قويىنى باقىدىغان، جۇۋان بولسا مەھەللىدىكى ساناقلىق ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشۇپ، نان - پانلىرىنى يېقىشىپ بېرىدىغان بولدى. تاز مۇشۇنداق قىلمىسا تۇرمۇشنى قامدىيالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا يەيدىغان نەرسىسىمۇ قالماي قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، جۇۋان تازنى ئارتۇق سۆزلەتمەي، بۇنىڭغا جان دەپ رازى بولىدىغانلىقىنى، پەقەت تاز بولسىلا ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار شۇ ھەقتە بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر بۇردىدىن نان يېيىشىپ يېتىپ قېلىشتى. ئاڭغىچە جۇۋاننىڭمۇ، تازنىڭمۇ تاقىتى - تاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ خېلى بىر چاغلارغىچە ئېغىناشتى، يۇخادىن چىقىشتى. جۇۋان مۇشۇنداق ئەركەك بىلەن ياشىسا دوزاخ جاپاسى تارتسىمۇ رازى ئىدى.

تاز مايلىشىپ كەتكەن، كىر شاپاق دوپپىسىنى ئوبدان بىر يەرگە ئېلىپ قويۇپ، جۇۋاننىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ياتتى.

تازنىڭ بېشىدىن كېلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقمۇ جۇۋاننى سەسكەن-دۇرەلمىدى. جۇۋاننىڭ سېزىمىدە شۇ پۇراق ئەركەك پۇرىقى بو-لۇپ ساقلىنىپ قالدى.

جۇۋان تاتلىق شىۋىرلىدى:

— ناخشىلىرى يۈرەكنى كۆيدۈرىدۇ. بىرەرسىنى ئېيتماملا ...

— ئېيتمامدىغان، خېنىم، سىلىگە ئېيتىپ بەرمىگەن ناخ-شىنى كىمگە ئېيتىپ بېرىمىز ...

تاز جۇۋانغا قاراپ غىڭشىشقا باشلىدى:

تاز چىقىپ ئېگىز تاغقا،
يۇمۇلاندى يانتاققا.
شۇ يانتاقنىڭ يېنىدا
كۆيۈپ قالدى جۇۋانغا.
ۋاي، ۋاي ئوماق تاز ...

— ۋاي ئوماق تاز، بۇقا تاز ... — جۇۋان لىكلا قىلىپ تازنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

ئەتىسى تاز قوي باققىلى ماڭغۇچە، جۇۋاننىڭ بارار يېرىنى دەپ بەردى. جۇۋان دېگەن ئۆيگە بېرىپ كەچكىچە كىر - قات يۇ-دى. قاسماقلىشىپ، قېتىپ كەتكەن بىر پاتمان كىرنى يۇيۇپ بولغۇچە جۇۋاننىڭ قولى تېلىپ، بېلى ئاغرىپ بولالمىغىلى تاس قالدى. شۇنىڭدىمۇ ئۇ ئۆيدىن بىر پۇچۇق چۆگۈننى ۋە ئازراق يېمەكلىكنى ئېلىپ كەلگەن جۇۋان تازنى كۆرۈش بىلەن هاردۇقى چىقىپلا كەتتى. شۇنىڭدىلا جۇۋان تۇرمۇشنى تولىمۇ تاتلىق هېس قىلىپ نەچچە يىلنى بۇرۇقتۇرمىلىقتا قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئۆت-كۈزگىنىگە ئۆكۈنۈپ كەتتى ۋە مەكۇنانى ئىچىدە مىڭتىن تىللى-دى. هەرقانچە هارسىمۇ، جاپا تارتسىمۇ ئېرى بىلەن تاتلىقىنا مۇڭدىشىۋالسا ... ئۇھ، خۇدا، ئارزۇلىرىم ئەمدى ئەمەلگە ئېشىۋا-تىدۇ. هېلىقى تۇتقۇلاقلارنىڭ ئۇچرىشى بىكار ئەمەس ئىكەن —

دە. ئۇھ، بەختىم، ئۇماق تازچىقىم ...

ئەتىسى جۇۋان باشقا بىر ئۆيدە نان ياقتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ مۇزدەك تەلەتى، قىزىق تونۇر، ناننى يېقىش ـ سويۇش ... جۇۋاننى تويدۇرۇۋەتتى. بىراق، يەنە شۇ «ئىللىق ئۆي»گە كەلگەندە، تازنى كۆرگەندە باشقىچىلا روھلىنىپ كەتتى...

كېيىنچە، ئۇ ئىشلار چىقماي قالغاندا جۇۋان بەش كۈن ئورىنغا قاتناشتى. بۇنىڭ جاپاسىنى بىر دېمەڭ، جۇۋان بېلىنى ئالالماي، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ، قوللىرى قاپىرىپ، بارماقلىرىنى كېسىپ، ۋايداد دەۋەتتى. ئەمما، ياشىماي بولمايدۇ ـ دە. تاز شۇنداق دەيتتى. ئورمىدىن كېيىن جۇۋان يەنە ياغاچ توشۇشقا چىقتى. ئېغىر ياغاچلار ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى يارا قىلدى. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئون كۈن تاش توشۇدى ... جۇۋان ھالىدىن كەتتى، بۇرۇنقى چىرايىدىنمۇ قالدى، بەدەنلىرىدە ئېغىر ئەمگەكلەرنىڭ يارىلىرى ... تاز بولسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ تاڭ يورۇماستا چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قوي بېقىشتىن باشقىسىنى ــ ئادەم كۆپ يەرلەردە بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ياغلىق بېشى ...

تاش توشۇش تۈگىگەن كۈنى جۇۋان ئاران دېگەندە ئۆيگە كېلەلىدى. بەدىنىنى مىدىرلىتالماي خېلىغىچە يېتىپ كەتتى. گېلىدىن بىر تېمىم سۇمۇ ئۆتمىدى. ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ چۆمۈچنى قولىغا ئېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، چۈشتىن بۇيان قېچىپ كەتكەن ئوغلاقنى قوغلاپ ھالىدىن كەتكەن تاز روھسىز قايتىپ كەلدى ۋە جۇۋانغا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلماستىن نېرىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن بولسىمۇ، پۈتۈن خىيالى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتىدىلا قالغانىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بولۇشۇپ، خېلىغىچە جىممىدە يېتىشتى. بىر چاغدا جۇۋان ئاستا سۈرۈلۈپ بېرىپ، تازنىڭ قولىنى تۇتتى. ئويلىمىغاندا تاز سىلكىنىۋەتتى:

ــ ئارامىمدا قويە مېنى. پۇتۇمدا جان يوق ...

جۇۋاننىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن جۇۋانغا تازنىڭ قوپال سىلكىشى، نەشتەردەك سۆزى ئېغىر كېلىپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ — تاز قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى، — ماڭا يېگۈدەك بىرنېمە بەر. قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دېدىم.

يۈرىكى مۇجۇلغان جۇۋاننىڭ شۇ كېچىسى پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى.

ئەتىسى جۇۋاننىڭ پۇت - قولى سىرقىراپ ئاغرىپ، بەدىنى يەر تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى. ئەمما، تاز ئۇنى سىلكىشلىدى:

— تۇرە ئورنۇڭدىن، دوقمۇشتىكى ئۆيدىكىلەر ئۆيلىرىنى بېسىقتۇرغۇدەك ...

جۇۋان يىغلىغۇدەك بولۇپ ئىڭرىدى:

— پۇت - قولۇمدا جان يوق ...

— چىدىمىساڭ قانداق جان باقىمىز؟ ئۆلۈپ قالمىساقلا مىدىرلىمىساق بولمايدۇ، — دەپ ھۆركىرىدى تاز.

تاز سىلكىشلەپ، دوق قىلىپ يۈرۈپ جۇۋاننى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

بۇ بەش ئاي جەريانىدا جۇۋان جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، كۈلپەت دېگەنلەرنى يەتكۈچە تارتتى، كەمسىتىش، ھاقارەت، تىل - دەشنەم دېگەنلەردىن كۆڭلى ئۆلدى. تۈزۈكرەك كىيىمسىز، قۇۋۋەتلىكرەك تاماقسىز تۇرمۇشتىن بىزار بولدى، جاق تويدى. تاز بولسا ئەتىدىن - كەچكىچە غۇربەت تۇرمۇشىدىن ۋايسايتتى، جۇۋاننى دۆشكەلەيتتى. ئاخشىمى بولسا ئىككىسى ئىككى يەردە ماي تارتىشىپ ياتاتتى.

جۇۋان ئاخىر تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئارام - ئارام ياش تۆكتى. ھايۋاندىن بەتتەر تۇرمۇشىدىن زارلاندى. تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىغا ئاھ ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئۆزى تۇيا - تۇيماي مەكتۇپنى ئويلاپ قالدى. گەرچە مەكۇنا جۇۋاننىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئەرلىك جاسارىتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەمگەك بىلەنلا خورىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، جۇۋاننى ئازراق-مۇ ئەمگەككە سالمىغان، جاپاغا قويمىغان، ھېرىش - چارچاشنى كۆرسەتمىگەن، ئىتتىز توپىسىغا دەسسىتىپ باقمىغان، كۆيدۈر-گۈچ ئاپتاپقا چىقارمىغان، ئۇچىسىنى مۇنداق يالىڭاچ - بېزەپ تاشلىۋەتمىگەن، تۇرمۇش لازىمەتلىرىگە خار قىلمىغان ...

جۇۋان بۇلارنى ئويلاپ يىغلاپ كەتتى، مەكۇنا ئايدا قوي سو-ياتتى. جۇۋاننىڭ قانچىلىك يېپىشى، نېمىگە ئىشلىتىشى بىلەن كارى يوق ئىدى. بۇ يەردىچۇ؟ بەش ئايدىن بۇيان چىۋىنچىلىك گۆش يەپ باققىنى يوق. ھەتتا تۇزۇكرەك تاماقلىنىپ باقتىمۇ؟ ئۇچىسىغا تۇزۇكرەك بىر قۇر كىيىم چىقتىمۇ؟ ئادەم قارىغۇسىز دەرىجىدە. بۇرۇنقى چىرايى قېنى؟ بۇرۇنقىدەك خاتىرجەملىك ئورنىغا، ئەتىدىن - كەچكىچە غەم - ئەندىشە جۇۋاننىڭ روھىنى ئەرۋاھتەك خوراتتى.

بوگۇن ئۆيدە يېگۇدەك تۇزۇك نەرسە قالمىغاندا ئۇ قېچىپ چىققىنىغا، مەكۇنادىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە تۇنجى قېتىم پۇشاي-مان قىلدى. «تازىغا ئەگىشىپ مەن زادى نېمىگە ئېرىشتىم؟ — جۇۋان زارلىنىپ ئويلايتتى، — ئەر، ئەر دەپ نەچچە ۋاقىتتىن كۇتكەن تۇرمۇش مۇشۇمۇ؟ تاز ماڭا نېمە بەردى؟ نەچچە كۇنلۇك كۆڭۈل خاتىرجەملىكى. ئەمدىچۇ؟ ئات - ئېشەكتىن پەرقىمىز يوق. شۇمۇ كۇن بولدىمۇ؟ ئاھ، خۇدا ... مەكۇناچۇ؟ ئۇ گومۇش-رەك بولغىنى بىلەن ماڭا گۆلدەك تۇرمۇش بەرگەن. خاتىرجەم قىلغان. ئۇنىڭ شۇ يېرى ...»

جۇۋان تەقدىردىن زارلاندى. ئۆزىنى مۇشۇنداق تەتۈر قىيناققا ئالغان تەقدىردىن ئۆكۈندى. مانا ئەمدى تازنىڭ مەكۇنادىن نەرى ئارتۇق؟ ھېلىقىدەك ئىشلار شۇنچىلىكلىكەنغۇ. كۆلپەتلىك تۇر-مۇش تازنىمۇ، جۇۋاننىمۇ ئۇ ئىشتىن خىيال ئۈزدۈرگەن. ئىك-كىسى ئىككى بۆلۈكتە تەلپۈنۈشسىز ئاھ ئۇرۇشىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن جۇۋان بارغانچە مەكۇنانى ئويلايدىغان، شۇ چاغ-دىكى كۆڭۈلسىز بولسىمۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. جۇۋان ئىغىلدەك ئۆيگە، ياۋۇز مەخلۇقتەك تازغا

ئۆچمەنلىك بىلەن سوغـۇق قارايدىغـان بولۇپ قالـدى. تاز بولسا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، تىترىكەتتى، ئاغزىنى بۇزۇپ ھەممىـ-نى تىللاپ يىتىپ كىتەتتى. بۇنىڭدىن جۇۋاننىڭ يۈرىكى قىتىپ كەتتى.

ئازابلىق تۇرمۇش چىكىگە يەتكەن كۈنى، تاز جۇۋاننى تاغدىن تۇز كولاپ كىلىشكە مەجبۇرلاپ بىرنەچچە تەستەك سالدى. ئـازاب-ئوقۇبەت، خورلىنىشتىن ئىلىـشىپ قالاي دىـگەن جۇۋان پۈچـۇق ئىشۇرىق بىلەن تازنى بىرنى سالدى. تاز ئايلىنىـپ كەتتى. جـۇۋان-نىڭ كۆز ئالدىدا خوتۇننى گۆلدەك ياساپ قويۇپ قاسماق باسقان يوتىسىنى كاتىرلىتىپ قاشلاپ تەتۈر يىتىپ ھوسۇل ھىساباتىنى قىلىۋاتقان مەكۈنا گەۋدىلىنىپ، چىرقىرىغىنىچە قىچىپ كەلگەن يولىغا قاراپ يۈگۈردى.

جۇۋان بۇ تاغلىق يۇرتنىڭ سىرتىدىكى ھىلىقى ئىرىق بويىغا كەلگەندە، قۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن تۆتقـۇلاقلارنى كۆرۈپ، قـۇلاق تـۇۋىـدە: «تۆتقـۇلاق ... بـەخت، تۆتـقـۇلاق ... بەخـت ...» دىـگەن سادالار ياڭرىغاندەك بولۇپ، تۆتقۇلاقلار ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىل-دى. ئەمما، قۇرۇپ قالغان تۆتقۇلاقلار ئۈزۈلـىنىپ كەتـمەستىـن، جۇۋاننىڭ يۈزىنى تىلىپ تىلىم - تىلىم قىلىۋەتتى. يۈزى قانغا بويالدى.

ئاغرىق ئازابىدىن ئىسىگە كـەلگەن جۇۋان ئـورنىدىن تـۇردى. ئەمما، يۇرتى تەرەپ — تاغ ئارىسىغا ئەمەس، بەلكى يات تەرەپتىـ-كى ئورمانلىقتا كىرىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كىيىن تازمۇ، مەكـۇنامۇ جۇۋاننى ئىزدەپ چىـ-قىپتىمىش. ھالبۇكى، كىيىن ھىچقايسىسىنىڭ ئىـز - دىرىكى بولماپتىمىش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# تارىمدىكى ئاي

## 1

— كەل، قىزىم، كەل !...

ئانا دەريا سېنى ئاۋۋالقىدەكلا قىرغاقلىرىدىن تېشىپ تۇرغان ھالەتتە قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. ھە، ئۇ ئەبەدىلئەبەد ئۇزۇلمەس سىمفونىيەسىنى تەمكىنلىك بىلەن چالدى ۋە بۇ يەرگە كەلگۈچە كۆزلىرىڭدىكى ياش يۇقىنى قولۇڭنىڭ دۇمبىسى بىلەن نەچچە ـ نەچچە رەت سۈرتۈۋەتكەن بولساڭمۇ، كۆڭلۈڭنىڭ بىسەرەمجانلىقىنى بىر قاراشتىلا بىلىپ قالدى.

توغرا، ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايتتى، كۆزگە كۆرۈنمەس كۆزلىرى بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ قالاتتى، ھەتتا ئادەمنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنىمۇ بىلىپ تۇراتتى. بىراق، بىر ياخشى يېرى، بەزىدە خۇشاللىقتىن تېرەڭگە سىغماي قالغان ھالەتتە كەلسەڭمۇ، بەزىدە دەرد ـ ئازابتىن ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغان قىياپەتتە كەلسەڭمۇ، ئوخشاشلا پوزىتسىيە تۇتۇپ، سېنى سوغۇققان، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىيالايدىغان ۋە ھەرقاچان ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ يولغا سالاتتى.

دەريا سۈيى ھەر يىلى دەل مۇشۇنداق چاغلاردا بىردىنلا ئاۋۇپ قالاتتى. بۇ ھال ئادەمنى ئەسلىمىلەر قويىنىغا چۆكتۈرۈپ، دەردى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقان بىر ئايالنى ئېسىگە سالاتتى. ئۇ ساڭا

دەريا تېگىدىن يىغلامسىراپ قارايتتى.

«ئايبانۇ!» دېگەن ئاۋازىڭدىن ئۆزۈڭنى چۆچۈپ كەتتىڭ. ئېھتىمال، توغراق شاخلىرىدا بوۋاق ئۇيقۇسىغا كەتكەن تۈن قۇشلىرىنى ئويغىتىپ كەتتى بولغاي، بەزىلىرىنىڭ قاناتلىرى پالاقلاپ كەتتى، بەزىلىرى ئەنسىز غاقىلداپ كېتىشتى. ئەمما، سېنىڭ بۇلار بىلەن پەرۋايىڭ پەلەك ئىدى. كۆزلىرىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى يىرتىق بۇ ئايالدىن ئۈزۈلمەيتتى. «توۋا! — دەيتتىڭ ياقاڭنى تۇتۇپ، — ئۇ ئالىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ قانداق بولۇپ... كۆزلىرىمگە كۆرۈنىدىمۇيا؟ ياق، ياق !...»

بۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىنىمۇ تونۇيالمايدىغان چاغلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنىڭ بۇگۈنكى كۈندە كىملىك ۋە ئۆزلۈك كىرىزىسىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئەجەب ئەمەس. قارىماسەن، كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنىمۇ تونۇمىغىنىڭنى !

ھە، سەن ئوخشاپ قالغان، ياق، كېيىنچە ئوخشاپ قالىدىغان، ھازىر ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى ئېسىڭگە ئالغان ئايبانۇ سەندىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. سەن بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى ساڭا كۆرسەتمەي يۈرگەن بىلەن ھەممىشە غەلىتە بىر خىل نەزەردە قارايتتى. سېنىڭچە، قانداقتۇر بىر يەرلىرىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى. كىشىلەر كېيىن ئۇنى «ئايخان ساراڭ» دەپ ئاتايدىغان بولدى. مەكتەپ باللىرى ئۇنى كۆرگەنلا يەردە تاش، چالما ئېتىپ بوزەك قىلاتتى. ئەرلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپكە سالاتتى. ئۇ دائىملا مۇشۇ دەريا بويىغا بېرىۋالاتتى. خەقلەرنىڭ كۆزىچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ راھەتلىنىپ يۇيۇناتتى. بىچارىنىڭ ھەممىشە ئىچى قىزىپ تۇرسا كېرەك، سوغا بىر كىرىۋالسا ئۇزاققىچە چىقمايتتى...

شۇنداق، كېيىنچە سەنمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرگە كېلىشكە ئامراق بولۇپ قالاتتىڭ. مەكتەپ باللىرى ۋە بىر توپ ئەرلەر

ئابايىقى خىياللىرىمنى بىر ـ بىرلەپ رېئاللىققا ئايلاندۇراتتى. چۈنكى، سەن بۇ يەرگە بۇرۇن، بولۇپمۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك كېلەتتىڭ. تازا تومۇز مەزگىلى چىدىغۇسىز ئىسسىقتا سەندەلدەك قىزىپ كەتكەن تېنىڭ سەگىدەپ، بىر كۆنلۈك ئالدىراشچىلىقتا چارچىغان نېرۋىلىرىڭ ئارام تېپىپ قالاتتى. بۇ تەبىئىي ئارامگاھ سېنى خۇددى بىر مېھرىبان ئانىدەك ئۆز باغرىغا ئالاتتى. دەريا سۈيى ئېقىتىپ قىرغاق لېۋىگە سۈرۈپ چىقىرىپ قويغان مامۇقتەك يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىسىڭ يېتىپ، بۇ دۇنيانىڭ جىمى غۇۋغالىرىدىن خالىي ھالدا جىمى جاھاننىڭ شېرىن خىياللىرىنى سۈرەتتىڭ. بۇنداق چاغلاردا قاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالاتتىڭ. كېچىنىڭ سوغۇقى قوۋۇرغىلىرىڭنى قورۇشقا باشلىغاندىلا ئورنۇڭدىن تۇراتتىڭ. ئۇنىڭغىچە سۈزۈك كۆككە چوڭ ـ چوڭ كۆزلۈك يۇلتۇزلار چىقاتتى. يېگانە ئاي ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاپپاق نۇرلىرىنى ھەممە ياققا ئايانماي چاچاتتى. بولۇپمۇ ئاي نۇرىدا كېپەك ئالتۇندەك جىمىرلاپ تۇرغان دەريا سۈيى تېپتىنچ قەلبىڭنى ئاجايىپ ھېسلارغا چۈمدۈرۈپ، خىلىغىچە داۋالغۇتۇپ تاشلايتتى ۋە شۇنداق گۈزەل، شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر دۇنياغا باشلايتتى.

نەزىرىڭدە دەريا تېگىدىكى دۇنيا كىچىككىنىدە ئاناڭ ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتتىكى دۇنيانىڭ ئۆزى ئىدى. زېمىندىكى سامانيولى بولغان ـــ ئانا تارىم ئۇدۇل جەننەتكە تۇتىشاتتى. ئۇ يەردە ياشايدىغان ئادەملەر پاكلىقتا پەرىشتىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، غالچىلىق، چېقىمچىلىق، ئىچى تارلىق، خۇمسىلىق، ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ ئادىمىيلىك غۇرۇر ـ ۋىجدانىنى، ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى سېتىش، ئادەم تۇرۇپ ئادەمگە يېلىنىش، كۆرسۈك ئىتتەك كۈچۈكلىنىش، ھەتتا ئىپپەت ـ نومۇسىنى تۆت تەڭگىگە تېگىشىش، ۋاقىتلىق ھوقۇقىغا ۋە سېسىق پۇلىغا تايىنىپ ئاددىي، ئاق كۆڭۈل

كـۈشـلـەرنـى، ئاجـىـزلارنـى بوزەك قـىلـىـش، يەنـە ئـوغـرىلـىـق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىش... قاتارلىق ئىنسان قىلىشتىن چىققان قىلمىشلار دورىلىققىمۇ تېپىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ يەرنىڭ ئىشىكى ياخشىلارغا يېپىلمايتتى، يامانلارغا ئېچىلمايتتى.

شۇڭا، بۇ يەردە ئـەسكىلـەر، مۇناپىـقلار، پاسـقلار شەرمەنـدە بولغۇچە ياشايتتى. تىرىك تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى ياسايتتى. ياق، ئۇلارنى تىرىك دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار ئىت جېنىنى بېقىش ئۈچۈنلا تېپىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئـۆز قوۋمىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئۆزىدىن باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان ئادىمىيلىك روھ تېپىلمايتتى. شۇنداق بولغاچقا ھاياتى ئىت ئۆلۈمىدە ئاخىرلىشاتتى...

ئانا دەريا ئېغىر ئېچىشىڭنى كۆتۈۋاتقاندەك ھەربىر تىۋىش چىقىرىشلىرىڭغا، ھەتتا ئېغىر ـ ئېغىر تىنىشلىرىڭغا قەدەر جىمجىت قۇلاق سالاتتى. بىر خىل رىتىمدا يېقىملىق شىۋىرلايتتى. ھە، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەممىنى ئېنىق بىلىسىمۇ، سېنىڭ ئىچىڭگە پاتماي قېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملىرىڭنى كەچلىك بازاردىكى يايمىچىلاردەك بىراقلا تۆكۈپ، ئىچ ـ قارنىڭنى بىر ئاز بولسىمۇ بوشىتىۋېلىشىڭنى ئويلايتتى، شۇڭا ساڭا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇراتتى.

ئـوچۇق ئاسمـاندا ئالتـۇن تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇرغـان ئـاي تـولغان بـولـۇپ، خۇددى ئاشـىـقى بىلـەن يېڭى تـويى بولـغـان، قاشتـاشـتەك سـۈزۈك پېشانىسىدە بـەخـت نۇرى پارلىغان كېلىنچەكنىڭ يۈپيۇمىلاق يۈزىگە ئـوخشايتتى. دەريا تېگىدىكى يۇلتۇزلارمۇ گويا يىراق ـ يىراقلاردىكى ئاشىقلىرىنىڭ ئىشىق ـ پىراقىدا ئۇخلىيالمايۋاتقان بەرنا قىزلارنىڭ شەھلا كۆزلىرىدەك ئوتلۇق چاقنايتتى. ئىككى قاسناقتىكى بۆك ـ باراقسان يوپۇرماقلارنىڭ تەڭگىسىمان يوپۇرماقلىرى ئۇلارغا ئايدىڭدا مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك يېنىك ـ يېنىك شىۋىرلايتتى. شۇ تاپ ھەممە ياق تىلسىمات ۋە سۈكۈنات ئىلكىدە

بولغاچقا، ئادەمگە ھەم بەكمۇ سىرلىق، ھەم تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى.

— ئاھ، ھايات نەقەدەر گۈزەل - ھە! ئەمما، بەزىلەر...

ئىختىيارسىز شۇنداق پىچىرلاپ تاشلىدىڭ ۋە ئەمدىلا قۇرۇشقا باشلىغان چاناقلىرىڭنى يەنە ياشلىدىڭ. ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دەريا تېگىدىكى ئايغا قارىدىڭ، ئۇمۇ ھەم ساڭا قاراپ تۇراتتى.

سەن ئېسىڭنى بىلگەندىن باشلاپلا دەريا تېگىدىكى دۇنياغا — ئۇ يەردىمۇ بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتىڭ. ئۇنىڭسىزمۇ كۆز ئالدىڭدىكى بۇ كۆرۈنۈش يالغۇز سېنىلا ئەمەس، ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە بەس - مۇنازىرىسىز، تالاش - تارتىشسىز ئىشىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق، ناۋادا دەريا تېگىدىكى دۇنيادا ھاياتلىق بولمىسا، ئۇستىدە ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىلىنىزسىز دەرەخ بولمايدۇغۇ ئاخىر!

ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئەقىللىك: ئۇلار ئوت، سۇ قوغلىشىپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈپ ئەرگىنەقۇن، ئورخۇن بويلىرىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، تارىم بويلىرىدا توختىغان، ئەڭ ئاخىرىدا تەكلىماكاننى تاللىغان، شۇنداقلا ئەقىدە - ئېتىقادىنىڭ تېخىمۇ كامال تېپىشى ئۇچۇن بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا ئۆتۈپ تۆمۈر مۇنار ئۇستىدە چاقناپ تۇرغان ئاي نۇرىغا ئۆزىنى ئاتىغان. مۇنداق قارىماققا، تەكلىماكان قۇمدىن باشقا ھېچنېمە يوق ماكان. ئەمما، تازا زەن سالساق، ھەممە نېمە يوشۇرۇنۇپ ياتقان كان. ئەسىرلەر بېرى ئاشۇ يوقلۇق بىزنى يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇزماي باققان. ئاي نۇرى مېھرىمىزنى مېھرىمىزگە، رىشتىمىزنى رىشتىمىزگە چاتقان...

دەل شۇ ئەسنادا دەريا سۈيى توساتتىن تولىمۇ مۇھىم، ئەمما ئۇنتۇلغىلى ئۇزاق بولغان بىر ئىشنى يادىغا ئالغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك چايقىلىپ كەتتى. ئاي ئاۋۋال توت چاسا، ئاندىن سوقا، ئاخىرىدا ئاستا - ئاستا يۇمىلاق ھالىتىگە قايتىپ كەلدى.



www.uyghurkitap.com

سەنمۇ ھەم قاتتىق چۆچۈپ كەتتىڭ ۋە شۇ چۆچۈش بىلەن تەڭ ئەسلىڭگە كەلدىڭ.

بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى ئويلاپ ۋە ھېلىلا پارچە ـ پارچە بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىپمۇ يەنە ئۆز ئەسلىگە كەلگەن ئايغا قاراپ جىم بولدۇڭ. ئارقىدىن يەنە نېمىشقىكىن چىرايلىق جىلمىيىپ قويدۇڭ. دېمىسىمۇ، ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلسەڭلا خىيلى ۋاقىتقىچە زادى نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى ئاڭقىرالماي قالاتتىڭ. ئابايا بىر يۈگۈرگەنچىلا مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغاچقا، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بولغانىدى.

ئاي ئازابلىق تولغاندى. ھە، ئۇمۇ خۇددى ئوتقا تاشلانغان قىلدەك، تۇيۇقسىزلا قىزىلمۇچقا ئۇچراپ قالغان تىلدەك تولغاندى. چۈنكى، ئۇ سېنىڭ ئۆيدىن نېمە ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنلىكىڭنى ۋە بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى بىلىپ قالغانىدى.

راست، بۇ سېنىڭ توي قىلغاندىن بېرى بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىڭ ئىدى. توي قىلغاندىن بېرى ئېرىڭنىڭ سىزىقىدىن چىقماي كەلگەنىدىڭ ۋە مەيلىڭنى ماگنىتتەك تارتىپ تۇرسىمۇ كەلمىگەنىدىڭ. بۈگۈن ھېچنېمىگە قارىماي كەلدىڭ، ھەتتا ئامراق ئوغلۇڭ ــ تۇغراقتېگىنىگىمۇ قارىماي كەلدىڭ. چۈنكى، سەن بۇ ئۆيدىن ئۇزۇل ـ كېسىل چىقىپ كەتمەكچى، ئاشۇ جەننەتكە تۇتىشىدىغان دەريا يولى بىلەن ئۇدۇل ئۇ دۇنياغا كەتمەكچىدىڭ، ئۆزۈڭدىكى بۇ قەدەر رەھىمسىزلىكنىڭ ۋە بۇ قەدەر ئۈچمەنلىكنىڭ، ئۆلۈمگە بولغان بۇ قەدەر كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ، ئېرىڭگە بولغان بۇ قەدەر كۈچلۈك نەپرەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىڭ. بىلىدىغىنىڭ پەقەت مۇشۇ مېھرىبان دەريا بويى ۋە دەريا تېگىدە ساڭا ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇرىدىغان ئاشۇ يېگانە ئاي ئىدى. ئۇيۇڭدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماقچى، تۈيغۇڭدا ئۇنىڭ بىلەن سىرداشماقچىدىڭ.

بىراق، ئاي سېنىڭ بۇنداق باغرى تاش، رەھىمسىز ئانا ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي غەزەپ ـ نەپرەتكە ئۆتۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەن ئايال ئىكەنلىكىنگە ھەرگىز، ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئەمما، سىنىڭچە بولغاندا، ھەرقانداق بىر ئايال زاتى بۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغاندا ئۆيگە كىرەلمەيتتى. ئەگەر ئۆيگە كىرسە ئېرىگە، پەرزەنتلىرىگە يۈز كېلەلمەيتتى.

مۇشۇلارنى خىيالىڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماي ئۇزاققىچە ھۆڭرەپ ـ ھۆڭرەپ يىغلاپ، تىلىقىپ ـ تىلىقىپ توختاپ قالدىڭ. بۇ ئارىلىقتا پۈتۈن ئەزالىرىڭ كۆزگە، پۈتۈن دەرد ـ ھەسرىتىڭ ئاشۇ ئېيتقىلى بولمايدىغان سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، ھەتتا كۆزلىرىڭمۇ ياشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. يىغلاپ ـ يىغلاپ ھالسىزلىنىپ، ئاخىر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك ئېچىنىشلىق ھاسىراپ كەتتىڭ. يىغىدىن توختىغان بولساڭمۇ، ئەمما يەلكىلىرىڭ تېخىچە سىلكىنىشتىن توختىمىغانىدى. ھايال ئۆتمەي كۆزلىرىڭگە ئۇيقۇ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، كىرپىكلىرىڭگە ياماشتى، ئەمما ئانا دەريا تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى.

— بىردەم ئۇخلىۋال، باغرىمغا باش قويۇپ ئارام ئال، قىزىم!

مەيلى قاچانلا كەل، ئانا دەريانىڭ ئاۋازى ساڭا ئاناڭنىڭ ئاۋازىدەكلا كۆيۈمچان، مېھرىبان، يېقىملىق ھەم يېقىشلىق تۇس بېرەتتى، باشقىچە بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرەتتى.

سەن نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىڭنى ئۆمەللەپ ـ ئۆمەللەپ يەنە ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قالدىڭ ۋە بىچارىلەرچە ئۇمچىيىپ، چىرايلىق كۆزلىرىڭگە لىقمۇلىق ياش ئالدىڭ.

— بولدى، قىزىم، سەن ھېچنېمە دېمە، مەن ھەممىنى بىلىمەن، كەل، يېقىنراق كېلىپ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئال، تازا بىر ئۇخلىۋال، بىردەمدىلا ئويغىنىپ قالىسەن، كەل، بىردەم بولسىمۇ مۇگدە، سەگىدە!...

ئەمدى ساڭا بۇلارغا بويسۇنمايمۇ، ئۆزى يوق، ئەمما سۆزى قۇلاق تۈۋىڭدىن كەتمەيۋاتقان ئايىنىڭ تەسەللىلىرىنى

ئاڭلىمايمۇ ئامال بولمىدى. خورلۇق، بىقۇۋۇللۇق، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئېلىپ كەلگەن يىغا سېنى لايدەك ئېزىۋەتكەنىدى. پۈت ـ قولۇڭدا كۈچ ـ ماغدۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. شۇنچىلىك ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدىڭكى، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىڭغا كىرىپ كەتكەن، پاچاقلىرىڭنى تىلىۋەتكەن شوخا ـ تىكەنلەرنى ئېلىۋېتىشكىمۇ قۇربىڭ يەتمەيتتى. ئەگەر مۇشۇ تاپتا بىرسى سېنى بوزەك قىلىمەن دېسە، تېنىڭنى بويسۇندۇرۇشقا ھېچقانچە كۈچ كەتمەيتتى. ئەمما، بۇ يەردە ئۇنداق ئىش ـــ ئىنساندىن، ۋىجدان قېلىپىدىن چىقىش ھەرگىز، ھەرگىز يۈز بەرمەيتتى. ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ھەرقانداق قىز ـ ئايال ئۆزىنى دەريانىڭ قوينىغا ئېتىشتىن قىلچىمۇ ئىككىلەنمەيتتى.

ھە، بەزىدە ئادەمگە ياشاي دېسە يول تېپىلمىغاندەك، ئۆلەي دېسە ئىمكانمۇ تېپىلمايتتى. خۇددى كىمدۇر بىرسى ئېيتقان «كىيەي دېسەم كېپەن يوق، ئىچەي دېسەم زەھەر يوق» دېگەننىڭ دەل ئۆزى بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يەر ئۇ يەرلەرگە ئوخشىمايتتى. ئادەمنى ئۇنداق كۈنلەرگە قويمايتتى. بۇنداق يەرلەردە ياشىغان ئادەم ھايات ھەقىقەتلىرىدىن ئۆلۈم ھېكمەتلىرىنىمۇ ھېس قىلالايتتى. ئۆلۈمنىڭ سىرلىق ۋەھىمىسىدىن ھاياتنى تېخىمۇ قەدىرلەيتتى. ھېچ بولمىسا، قىز ـ ئاياللار بولسىمۇ «ئايىبانۇدەك ياشىغان ياخشى!» دەيتتى. ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇنداق ئۆلۈمنىڭ ئارمىنىنى يەيتتى.

ئىززىڭغىلا قىيپاش يىقىلدىڭ. مۇرىلىرىڭ تېخىچە سىلكىنەتتى. ئۇگىلىرىڭ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. كۆكسۈڭ بىردە پەسلەپ، بىردە كۆتۈرۈلەتتى. ئاي سۈتتەك ئاپپاق، پاختىدەك يۇمشاق نۇرلىرىنى يۇزۇڭگە، چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىڭگە ۋە باياتىنقى «جەڭ»دە يارىلانغان لەۋلىرىڭگە يىنىك ـ يىنىك سېپەتتى. دەريا سۈيى سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ بىلەن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، بۇ يەرگە كەلگۈچە تىكەن كىرىپ قاناتقان قان بىلەن

www.uyghurkitap.com

قوشۇلۇپ، بىرمۇنچە مەينەت نەرسىلەر قېتىپ قالغان پۇتلىرىڭنى يۇيۇپ، چىرايلىق پاچاقلىرىڭنى سۆيۈپ، ئاستا ـ ئاستا پەپىلەيتتى. قولاقلىرىڭغا يېقىملىق شېئىرلاپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى، خۇددى ئۆز ئاناڭدەك ئەللەيلەيتتى...

شۇنداق قىلىپ، تارىمدىكى ئاي ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. چۈش ھارۋىسى ئۇنى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمۇشنىڭ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن باياۋانلىرىغا قەدەر يەتتى.

## 2

ئايبانۇ ئەسلىدە مەلىكە ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى بەكمۇ ئادىل پادىشاھ بولۇپ، يۇرت سورىشى خانىدانلىقتىكى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھەممىسىگە ياقىدىكەن. ئادەملەردىن تارتىپ ئۇچار قۇشلارغىچە ناھايىتى باياشات ياشايدىكەن. باشقا يەرلەردە كۈن ئالالماي يۈرگەن كىشىلەر بۇ پادىشاھلىقنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مۇشۇ يەرگە قاراپ ئاقىدىكەن. ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە ئادەم:

— پادىشاھىمىز ئادىل بولغاچقا، تەڭرى مۇشۇنداق تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىنى ئاتا قىلغان! — دېيىشىدىكەن.

ياشىنىپ قالغان شاھمۇ ھەر ۋاقىتلىق تامىقىدىن كېيىن ئۇلۇغ ئاللاغا مىڭ مەرتەم ھەمدۇسانا ئېيتىپ:

— تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ ماڭا ئوغۇلدىن قىلىشمىغۇدەك بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىنىڭغا ئالەمچە ھەشقاللا! ئەمدى بۇ دۇنيادا مېنىڭ ھېچقانداق ئارمىنىم يوق، كۆڭلۈم توق، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى!... — دەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىدىكەن. پۇقرالىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، تەختىنى تېخىمۇ ئادىل سورايدىكەن.

ئايبانۇ شاھنىڭ دۇنيالىقتا ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆرگەن بىر تاللا پەرزەنتى بولغاچقا بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايبانۇ ئاخىر ئوقۇش يېشىغا يېتىپتۇ. شاھ ئۇنى ئەڭ

كاتتا ئۇستازلارنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۆزى چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە چېچەن بولغاچقا، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار تەربىيەسىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىدە مۇجەسسەملەپتۇ. ئەمما، ئۇ ئون بەش ياشقا كىرىپ بارلىق ئوقۇشنى تاماملىغان كۈنى شاھ ئاتىسى بەختكە قارشى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەپتۇ. خانىش تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئايبانۇ مەلىكە مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىغا تازا دىگەندەك كۆڭۈل بۆلەلمەپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قېرى ۋەزىر شاھلىق تەختىگە ۋە مەلىكىگە بىراقلا چىشىنى بىلەپتۇ. ئۇ قېرى تۈلكە ئىشنى ئاستىرتىن شۇنداق مەككارلىق بىلەن توغرىلاپتۇكى، بۇ سۇيىقەستنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. بىلگەندە بولسا، ئوردا ئىچىدە قاتتىق مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇزاقتىن بۇيان بۇ مەملىكەت بىلەن مەلىكىنىڭ كويىدا يۈرگەن قوشنا ئەلنىڭ قىزىل كۆز شاھىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، قېرى ۋەزىرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن پادىشاھلىقنى ناھايىتى تېزلا مۇنقەرز قىپتۇ. بىھېساب ئالتۇن ـ كۈمۈش، خوتۇن ـ قىزلارنى بۇلاپتۇ، خائىن ۋەزىرنى قورچاق شاھلىققا تۇرغۇزۇپتۇ. ھىيلىگەر قېرى تۈلكە مەلىكىنى ياۋۇزلارنىڭ پادىشاھىغا سوۋغاتلىققا سۇنۇپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ غالچىلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپتۇ. ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتەي دېگەن مەلىكە پۇرسەت تېپىپ، ئۇ غالچا بىلەن ھېلىقى يات مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ياۋۇزلارنىڭ لەشكەر بېشى شېرىكلىرىگە شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— كىمدىكىم ئۇنى ئالدىمغا تىرىك تۇتۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بويىدەك ئالتۇن بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ئالدىمغا ئۆزى كەلسە، ھېچقانداق سەۋەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن. ئەگەر كىمدىكىم ئۇنىڭ بىر تال مويىغا زىيان يەتكۈزسە، بېشىنى

www.uyghurkitap.com

تېنىمدىن شۇ زامان جۇدا قىلىمەن. چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمەن!...

سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر ئۇنى قورشاپ بارا ـ بارا قىستاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالماپتۇ. ئايبانۇ ئۆزى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ، تېنىنى بارسا كەلمەس يولغا ساپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن لەشكەر بېشى ئۆزى ئاتلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ھەم ھارغىنلىقتىن تىك تۇرۇشقىمۇ ماجالى قالمىغان مەلىكە ئۆلۈم يولىنى تاللاپتۇ. ئەمما، ئۇ مەخلۇق بارا ـ بارا يېقىنلاپتۇ. قېچىشقا، قۇتۇلۇشقا پەقەت ئامال بولماپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تارام ـ تارام قان يېشىدىن ئۇلۇغ بىر دەريا ھاسىل بوپتۇ ۋە ئايبانۇ مەلىكىنى قوينىغا چاقىرىپتۇ. كېيىن بۇ دەريا دەسلەپ تارام دەرياسى، ئاندىن تارىم دەرياسى دەپ ئاتىلىپتۇ. ئايبانۇ مەلىكە بۇ دەريادىكى ئايغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ ۋە تېخىمۇ تولۇپتۇ...

ئانام ئۇ چاغلاردا ئاجايىپ ئالدىراش بولسا كېرەك، ئايبانۇنىڭ رىۋايىتىنى ناھايىتى قىسقىلا سۆزلەپ تۈگەتتى. سىنىڭ بۇنىڭ ئاددىيلا بىر رىۋايەت ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنگۈڭ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مومام ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەندە بۇ رىۋايەت بۇنداق قىسقا ئەمەس ئىدى. ئەپسۇس، سەن بۇ دۇنياغا كەلگۈچە، موماڭ ئۇ دۇنياغا كەتتى.

— ئەپسۇسلانما، قىزىم، مانا مەن ھەممىنى بىلىمەن.

دەرۋەقە، دەريا ئانا ھەممىنى بىلەتتى. ئابايىقى ئىشلارنىمۇ ھەم باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھە، سەن تۇنجى قېتىم كەلگىنىڭدە كۆزلىرىڭدە چاقنىغان نۇردىن ھەممىنى كۆرۈپ يەتكەندەك، بۈگۈنمۇ ھەممىنى كۆرۈپ يەتتى.

دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھېلىھەم ئېنىق ئېسىدە ئىدى: سەن بۇ چۆلگە — «بەشتېكە»گە خىزمەتكە بۆلۈنگەندە شادلانغانلىقىدىن سۇيى قىرغاقلىرىدىن تېشىپ كەتكەنىدى ۋە بېشى كۆككە

يـەتكەنـىـدى. ئاي ـ يۇلـتـۇزلار بىلـەن تـالڭ ئاتـقـۇچـە تەنـتـەنـە قىلـغانـىـدى. نـاخشا تـوۋلاپ، ئـۇسسۇل ئـويـنـىغـانـىدى. نەچچـە كۈنلەرگىچـە قىـن ـ قـىـنىغا پـاتماي قالـغانىدى. چـۈنكى، ئۇ بـۇ يەردىكى پـەرىشتە كـەبى بىـغـۇبار بالـىـلىرنـىـڭ بىـلـىـمسىـز، تـەربـىيەسـىـز قىلـىـشىنـى پـەقەت خالـىـمايتـتـى. ئۆزىگـە يـۈز كېلەلىگۈدەك بىر ئوت يۈرەك مۇئەللىمنىڭ بۇ يەرگە بارلىقىنى بىغـىشلاپ، ئۇلارغـا تەلىم بـېرىشـىـنى كۈتۈپ كـېچە ـ كـۈنـدۈز تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاتتى.

دېـگەندەك، ئـۇلارنـىڭ تاشـنـىـمۇ ئـېـرىتكـۈدەك سـەمىـمـىـي تىلەكلىرى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. سەن كەلدىڭ. شۇنىڭ بىلـەن «بەشتېكە» مەكتـىپىدىكى ئايال ئوقۇتقۇچى رەسمىي ۋە ۋاقىتلىق بولۇپ، جەمئىي ئۈچكە يەتتى. ئەمما، سېنىڭ كېلىشىڭ بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىياللىرى خۇددى ئۈزۈسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك چۇۋۇلۇپ كەتتى. چۈنكى، سەن تولىمۇ چىرايلىق ئىدىڭ. گۈزەللىك سەندىن ھېچنېمىنى ئاياپ قالمىغانىدى. تولغان تەن، بىر تۇتام بەل، ئويماقتەك ئېغىز، گىلاستەك لەۋ، قىگراقتەك قاڭشار، بولاقتەك كۆز، قايماقتەك سۈز، قىياقتەك قاش، يا ئوقىدەك كىرپىك، دەريا سۈيىدەك يېيىلىپ بېلىقتەك تېقىملىرىڭغا سويلاپ چۈشكەن بوستان چاچ، ئاق قۇنىڭكىدەك ئاق ھەم سۈزۈك بويۇن، سەنئەت بۇيۇمىدەك نەپىس بارماق... بۇلار بەئەينى بىر مۆجىزە ئىدى. قاراشقا كۆز، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە سۆز يېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەندىكى تولۇپ تاشقان غەيرەت ـ جاسارەت ۋە بارا ـ بارا ئاشكارىلىنىۋاتقان خاس قابىلىيەت ئۆزىنى ھە دېگەندىلا كۆرسىتەتتى.

ئۇلار سېنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، خۇددى كۆرسۈككا كىرگەن لالما ئىتتەك كەينىڭدىن كېتىشمەيتتى، نەگىلا بارساڭ پىيەنچۈكتەك پايلاپ يۈرۈشەتتى. ئايالى، باللىرى تۇرۇپ كۆپكۈندۈزدە قىلچە ھېيىقماستىن، ئالدىڭنى ھاياسىزلارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇسۇپ، نەدىكى لاۋزا گەپلەرنى دېيىشەتتى، پەس كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشاتتى. بۇلارنى ئاز كەلدى دېگەندەك، بىردىنبىر ئايال خىزمەتدىشىڭ (يەنە بىرسى خالىسا كېلىپ، خالىسا كەلمەيتتى) زەينەپمۇ ساڭا ھەسەت قىلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، يۈزۈڭنى چۈشۈرۈپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەتتى. كىملەرگىدۇر: «ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى تولىمۇ سەت بىر نېمىكەنغۇ ئۇ، كونىلارنىڭ بىر ئوخشىتىشى بار بولىدىغان، نېمە ئىدى شۇ، ھە توغرا، ‹چىرايى چېچەكتەك، قىلىقى ئېشەكتەك› تازا ماس كېلىدۇ ئۇنىڭغا! ھا ـ ھا ـ ھا!...» دەپ، خۇددى سېسىق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلۈپ كېتەتتى. شۇ ئارقىلىق بولسىمۇ كىچىك ۋاقتىدا گەندە تارتقان كەتمەندە ئاچقاندەك سېسىق گەپ تۆكۈلىدىغان ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرەتتى. سەن توغرۇلۇق ئادەم بالىسى ئاغزىدىن چىقىرىشقىمۇ خىجىل بولىدىغان بىر ـ بىرىدىن سەت تۆھمەتلەرنى تارقىتىپ، سېنىڭ تىلىقىپ ـ تىلىقىپ يىغلاشلىرىڭدىن بورداپ باققان قويدەك سېمىز پاچاقلىرىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ، شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ، خۇددى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان مېكىيانىدەك ئىشخانىنى بېشىغا كىيىپ قاقاھلاپ كۈلەتتى. سەن: «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپ تېخىچىلا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىگەن بولساڭمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىچە خۇيلىنىپ، ئۇدۇل كېلىپ قالساڭمۇ سالام قىلماي يۈرەتتى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە سەن ئارپىسىنى خام ئورۇپ قويغاندەك ھومىيىپ يۈرەتتى.

زەينەپ ناھىيە بازىرىدىن كېلەتتى. ئۇ مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرىنىڭ قىزى، ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ خوتۇنى ئىدى. ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك بىر يېڭى كىيىم كىيەتتى. دەرسكە كىرگۈسى بولسا كىرەتتى، بولمىسا ئېرى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ، تۆتى بىر بولۇپ قارتا ئويناشقا چۈشەتتى. ئۇتتۇۋالغاندا ئۇنىڭ ھونناق چىققۇر ئاغزىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. شاللاق

كۆلكىسىدىن مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ قالغان موزاي - توپاق، قوي، ئۆچكە، ئىت ئېشەكلەرمۇ ئۆركۈپ قېچىپ كېتەتتى.

راست، باشقا مەكتەپلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەكتەپ دېگۈدەكمۇ مەكتەپ ئەمەس ئىدى. يا دەرۋازىسى، يا تۆت تەرىپىنى قورشاپ تۇرىدىغان قورۇق تاملىرىمۇ يوق، پەقەت ئالتە - يەتتە ئېغىز ئادەتتىكى ئۆي (سىنىپ ۋە ئىشخانا ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان) دىن تەركىب تاپقان ئوچۇقچىلىقتىكى بىلىم باغچىسى ئىدى. بىر ھېسابتا بۇنداق بولغىنىغىمۇ ئانچە ئەجەبلىنىش كەتمەيتتى. چۈنكى، ھازىر چوڭ - چوڭ شەھەرلەردىكى ھەر - ھەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا شۇنچە سىستېمىلىق بېرىلگەن بىلىم - تەربىيەلەرمۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقالمايۋاتاتتى. نەچچە يىللاپ بىرمۇنچە ئىقتىساد، ھېسسىيات، ئېتىقاد... ئىسراپ قىلىپ ئوقۇغانلار ئاشۇ مەكتەپلەرنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىسىلا ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قاتتىق پارتىلاردا قالغاندەك تۇزۇكرەك خىزمەتمۇ تاپالمايۋاتاتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئوقۇمىغان ئادەمچىلىكمۇ ئادەمگەرچىلىكنى ئۇقمايتتى، ئۆزىدەك ئوقۇمايمۇ پۇل، يول تېپىپ كېتىۋاتقان تەڭتۇشلىرىغا قاراپ ئىچى ئادايتتى.

شۇنداق قىلىپ، سېنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭ ئاخىرلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىڭ باشلاندى. ئۈچ يىل ئوقۇغان كەسپىڭ مۇزىكا مائارىپى بولسىمۇ ۋە ھېچقانچە تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭ بولمىسىمۇ، يېڭى قوبۇل قىلىنغان بالىلارنىڭ — بىرىنچى سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولدۇڭ ھەمدە يەنە ئۈچ يىللىقمۇ مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسىنى ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇڭ. دەسلەپ بىر - بىرىدىن ئوماق، بىر - بىرىدىن بىغۇبار بۇ بالىلارغا قاراپ كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇردۇڭ، ھېرىپ - چارچاپ ھالىڭدىن كەتسەڭمۇ ئانچە ۋايسىمىدىڭ. كېيىن بەكمۇ قىينالدىڭ. راست گەپنى قىلغاندا، مۇشۇ كەمگىچە

بىرىنچى سىنىپنى ئوقۇتۇشنىڭ بۇنچىۋالا قىيىنلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدىڭ.

كۈنلەرنىڭ كېيىنكە تۇگمەن تېشى ئېسىۋالغاندەك ئاستا ئۆتۇشى بىلەن ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىڭنىڭ قەدرى ھەسسىلەپ ئۆتۇلدى. كۆز ياشلىرىڭ چېلەكلەپ تۆكۈلدى. شۇنداقتىمۇ، ناھەقچىلىككە چىداپ، لېۋىڭنى چىشلەپ، بەزىدە قېيىداپ، بەزىدە يەر تېپىلمىغاندەك بۇ جىن تەگكەن مەكتەپكە كەلگىنىڭ ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈڭنى قىيىناپ يۈرۈپ باش كۆتۈرمەي ئىشلىدىڭ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ چۆل - جەزىرىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە بۇنىڭدىن ئارتۇق چارەڭ يوق ئىدى. پەقەت شۇ پەرىشتىدەك پاك، سەممىمىي بالىلاردىنلا خۇشاللىق تاپالايتتىڭ. ئاز بولسىمۇ تەسەللى تېپىپ، غېرىبلىقىڭنى ياپالايتتىڭ. ئالدىنىشتا ئازار يېگەن قەلبىڭنى داۋالايتتىڭ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، بارلىق ئۈمىدىڭنى بالىلارغا باغلايتتىڭ. خاتىرە تۇشقۇزۇپ بىكار بولساڭلا ئۇلار بىلەن ئوينايتتىڭ. ئەمما، كەچ بولسىلا ئۆزۈڭ يالغۇز زېرىكىپ، بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكنى ئويلايتتىڭ. مەكتەپتە ئىشلىگەنلەر ئىشلەپ، قالغانلار ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئىشنىڭ ئېغىرى ساڭىلا قالاتتى. كېچىلىرى يىغىن زالىدەك يوغان ياتاقتا قورقۇپ ئۇخلىيالماي، زورۇقۇپ تاڭ ئاتقۇزالماي ئۇن چىقارماي يىغلايتتىڭ. ياستۇقلىرىڭ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغلاپ - يىغلاپ چارچاپ، يەنە يىغلاپ، يەنە توختاپ، شام يورۇقىدا تاپشۇرۇق تەكشۈرەتتىڭ، دەرس تەييارلايتتىڭ، سىياسىي ئۆگىنىش خاتىرەڭنى تولۇقلايتتىڭ، ئالبوم ۋاراقلايتتىڭ.

ھە، ئاشۇ گۈزەل، ئەمما نامرات، ئاددىي، ئەمما جۇشقۇن ھايات كارتىنىڭنى ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئۇنتۇيالمايتتىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئازلا قالغاندا بولۇپ ئۆتكەن، تېپىتىنچ قەلبىڭ تۇنجى قېتىم ئاجايىپ كۈچلۈك داۋالغۇپ كەتكەن بىر ئىشتىن ۋۇجۇدۇڭ تا ھازىرغىچە لەرزىگە كېلەتتى، تۈگمەس

خىياللار قاينىمىدىن چىقالمايتتىڭ.

ئۇ كۈنى مەكتەپ مەيدانىدا مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرەتتىڭ. ئايىغىڭ ئاستىدىكى مامۇقتەك يۇمشاق ئاپپاق قارلار رىتىملىق غىرسىلايتتى، ساڭا ئەگىشىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىر كەمدە قېلىن قاردىن پومزەك ياساپ ئويناپ توڭۇپ كەتكەن قوللىرىڭنى ئىسسىق بىر قول كېلىپلا كاپپىدە تۇتتى ۋە سەن نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ساڭا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى كۆرۈپ يەتكۈدەك پۇرسەتمۇ بەرمەي، ئالدىغا تارتىپ لەۋلىرىڭگە، يۈزلىرىڭگە بىرنەچچىنى سۆيۈپ ئۈلگۈردى. بۇرنۇڭغا گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرىقى ئۇرۇلدى.

— قويۇۋەت! قويۇۋەت دەيمەن، ئېشەك ئەمگەن...

دەسلەپ ئۇ بەك چىڭ تۇتۇۋالغاچقا چىقمىغان، كېيىن قەرەللىك بومبىدەك بىراقلا پارتلاپ چىققان ئاۋازىڭدىن پۈتۈن مەكتەپ سىلكىنىپ كەتكەندەك، دەرەخ شاخلىرىدىكى قارلار سىيرىلىپ چۈشكەندەك بولدى.

— قويۇۋەت مېنى! ھۇ بېشىنى يەيدىغان ساراڭ!...

ئۇ سېنى قويۇپ بەرگەن ھامان يىقىلىپ چۈشتۈڭ. كۆزلىرىڭگە قاراڭغۇلۇق تولدى.

— كە... كەچۈ... رۈڭ!...

ئېسىڭگە كەلگىنىڭدە كۆز ئالدىڭدا شۇنچىلىك قاملاشقان، ئېگىز بوي، قوشۇما قاش، قوي كۆز، قارا بۇرۇت، ئاق ئۆڭ بىر ئوغۇل بالا ساڭا ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ، خۇددى خام يەيدىغاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى سېنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى بولغاي، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، چىشلىرىڭ كاسىلداپ، دەماللىققا نېمە قىلىشىڭنى ۋە نېمە دېيىشىڭنى ئىلغا قىلالماي بىرپەس تۇرۇپ قالدىڭ. ئاندىن بىردىنلا ئېسىڭگە كەلگەندەك، مەينەت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغماقچى بولغاندەك، گېلىڭنى قىرىپ يۈزىگە قارىتىپ شالاققىدە تۈكۈردۈڭ. ئەمما، ئاغزىڭدىن تۈكۈرۈك ياكى خەپرۇك ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلكى قىپقىزىل قان چاچراپ چىقتى. ئەسلىدە ئۇ نومۇسسىز ئەبلەخ لەۋلىرىگىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەنىدى.

ياتاققا يۈگۈرگەنچە كىرىپ كەتتىڭ. شۇنچىلىك قاتتىق ئاچچىقىڭ كەلدى.

كېيىن ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆردۈڭ، ئۇ سېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ ياكى ھېلىقى كۈندىكى ئەلپازىڭدىن قورقتىمۇ، گەپمۇ قىلماي، ھەتتا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى.

ئەمما، ئەنە شۇ گەپ قىلماسلىقتىن، كۆزگە ئىلماسلىقتىن ۋە قورام تاشتەك قىمىرلىماسلىقتىن قەلبىڭدىكى قىزلىق تاقەت ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتتى.

ھە، ئاشۇ قېتىملىق قوپاللىق بىلەن سۆيۈش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەرۋاسىزلىق بىلەن يۇرۇش قىزلىق قەلبىڭنىڭ قات ــ قېتىدا ئورناپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ــ ئاستا ئۇنىڭغا بولغان بېسىپ بولغۇسىز غەزەپ ــ نەپرەتنىڭ ئورنىنى لەززىتىنى تېتىپ بولغۇسىز تۇنجى مۇھەببەت ئالدى. تەتۈر تەقدىر ئادەم تېپىلمىغاندەك، سېنى قەستەن قىيىنىماقچى، دوست ــ دۈشمەننىڭ ئالدىدا شەرمىسار قىلماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ ئوتىنى سېنىڭ يۇمران يۈرىكىڭگە سالدى. چۈنكى، سەن ئون ئىككى ــ ئون ئۈچ ياشلىرىڭدىن باشلاپلا ئۆزۈڭدىن چوڭ ئوغۇللارنىڭ ئۆزۈڭمۇ چۈشەنمەيدىغان خەت ــ خەۋەرلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىغان، تەگتۈشلىرىڭ، كېيىنچە ساۋاقداشلىرىڭ ۋە ياتاقداشلىرىڭ سېنىڭ يىگىتلەردىن تەلىيىڭ بارلىقىغا ھەۋەس قىلىشقان، ھەتتا ئورغۇنلىرى ھەسەت قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما تا ھازىرغىچە بۇ ئىشنى ئويلىمىغان، ھېچقايسىسىغا ئۆمىد باغلىمىغان، كۆڭۈل بەرمىگەن، بەگباش تۇيغۇلارغا بويۇن ئەگمىگەنىدىڭ. نەزىرىڭدە ئۇلار سەن ئىزدىگەن ئەرلەر قاتارىغا كىرەلمەيتتى ۋە قەلبىڭنى چۈشەنمەيتتى؛ خۇددى توشقاندەك قورقۇنچاق، قىز بالىنىڭ ئالدىدا ئوڭلاپ ئىككى ئېغىز گەپمۇ قىلالمايدىغان توخۇ يۈرەكلەردىن ئىدى. سەن

كىچىكىڭدىنلا داداڭغا ئوخشاش قەھرىمۇ بار، زەھىرىمۇ بار، مېھرىمۇ بار بىرەر يىگىتنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادار مەشۇقى بولۇشنى خالايتتىڭ. خالىغاندا قولۇڭدىن تارتىپلا باغرىڭغا باسالىشىنى، گاھىدا سېنى سېغىندۇرۇپ تەشنالىق دارىغا ئاسالىشىنى خوپ كۆرەتتىڭ.

ئۇنداقتا ئۇ ئەبلەخ راستلا سەن كۈنۈ تۈن كۈتكەن ئادەممۇ؟ ئەجەبا، ئاشۇ بىر سۆيۈش سېنى شۇنچە ئۆزگەرتىۋەتتىمۇ؟ شۇنچىلىك بولۇپ كەتكۈدەك، سەن شۇنچە سۇيۇق، شۇنچە يېنىك قىزمۇ؟ بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇغۇ، ھەر كۈنى كەچلىك ئۆگىنىشتىن چۈشكەندە، سىنىپتىكى كەپسىز ئوغۇللار قاراڭغۇ كارىدوردا ساقلاپ تۇرۇپ، توك ئۆچكۈچە ئۆگىنىش قىلىپ كەينىدە قالغان قىزلارنى چاچتىن تۇتۇپلا سۆيۈۋېلىپ قېچىپ كېتىدۇغۇ! بۇنى سىنىپتىكى قىزلار ئۆز ئاغزى بىلەن بىر - بىرىگە دېيىشىپ، خۇددى چوڭ ئىش قىلغاندەك گىدىيىشىپ پەخىرلىنىپ يۈرۈشىدۇغۇ ! تېخى ئۇلارنى ھەر خىل پەرەز قىلىشىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ئىزدىشىپ ئوۋايلا ئىچەركىشىپ كەتكەنلەرمۇ بار ياتاقتا !...

كۈنلەر بىر خىلدا بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. قىزلىق غۇرۇرۇڭ ئۇنىڭ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشىنى ئويلاپ كۈتۈۋەردى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ئازاب بارا - بارا قىستاپ كېلىۋەردى. تالاي پۇرسەت قولدىن كېتىۋەردى. ئەمما، ئۇ تىلىنى قاغا چوقۇۋالغان گاچا، ئۆتۈپ كەتكەن مۆرىمەس گەپ - سۆز قىلماي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۈن - تىنسىزلا يېتىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن سەن ئىلگىرى ئوغۇللارغا قىلغان قوپال مۇئامىلەڭدىن، بەرگەن ئازار، نەشتەر كەبى جاۋابلىرىڭدىن ئۆكۈنۈشكە باشلىدىڭ ۋە ھېلىقى قارام ئەبلەخنىڭ قەلبىڭنى تېزرەك چۈشىنىشىنى كۈتۈپ، كۈندىلىك خاتىرەڭگە يېڭى - يېڭى قۇرلارنى پۈتۈۋەردىڭ.

«توۋا ! مۇھەببەت مېنى نېمە قىلىپ قويدى - ھە؟ ! مۇھەببەت

www.uyghurkitap.com

دېگەن نېمە زادى مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ شۇنچە ياخشى ئوغۇللارنى ياراتماي، ئارقامدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرسە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدىمۇ قاراپ قويماي كەلگەن ئوقۇرى ئۈستۈن قىز تۇرۇپ، تۇرۇپلا باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىمغۇ ئەمدى. خەپ، ئۇنىڭغا ھەرگىز قارىمايمەن دەيمەن ـ يۇ، شۇنچە چوڭ مەكتەپ قورۇسىدا كۆزلىرىم پەقەت ئۇنىلا ئىزدەيدۇ، پەقەت شۇنىلا كۆرىدۇ، ھەتتا ئەينەككە قارىساممۇ ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنى كۆرىمەن. چۈشلىرىمگە كىرسە، يەنە شۇ قوپاللىق بىلەن سۆيسە دەيمەن. ھەي، راستىلا يامانىنىڭ ئوتى يامان بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلاي دېدى. ئەمدى گۈلدەك ياشلىقىم مۇشۇنداقلا خازان بولارمۇ؟ گۈزەللىكىم تېگىشلىك قىممىتىنى تاپالماسمۇ؟ مەن ئىزدىگەن پاك سۆيگۈ مېنى زادىلا قوينىغا ئالماسمۇ؟ مۇڭ قاپلىغان چىرايىم تۇمان باسقان ئاسماندەكلا ئېچىلماسمۇ؟ يا بولمىسا يۈزۈمنى داپتەك، يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ ئالدىغا ئۆزۈملا بارايمۇ؟ ياقىسىدىنلا ئالايمۇ؟...»

دېمىسىمۇ راست، مەكتەپ پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغانسېرى ئىچىڭ تىتىلداپ، ئۆزۈڭنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىڭ. تولا يىغلاپ، بارلىق دەردىڭنى كۆزۈڭدىن ئالدىڭ. ئويلاپ ـ ئويلاپ تالدىڭ. گېلىڭدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۈستىخان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىڭغا چىدىمىغان ياتاقداشلىرىڭ ئاخىر ئۇنى تېپىپ ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى. يەنە جىم، يەنە ھېچقانداق خەۋەر يوق. ساراڭ بولاي، چاچلىرىڭنى بىر ـ بىرلەپ يۇلاي دېدىڭ. ئاخىر مەكتەپتىن بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىتىش ئولتۇرۇشى قىلىپ بەرگەن كۈنى رېستوراندىن بۇرۇنلا يېنىپ كېلىپ، ئۇنى ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئالدىغا چاقىرتىپ چىقتىڭ ۋە بارلىق دەردىڭنى بىراقلا ئالدىڭ.

ھە، ئۇنى كۆرۈپ دەسلەپتە بىرپەس تۇرۇپ قالدىڭ، ئاندىن مۇددىتى توشقان بومبىدەك بىراقلا پارتلىدىڭ:

ــ ھۆ، مېڭىسىنى سار چوقۇپ كەتكەن، ۋىجدانىنى چاشقان غاجىۋەتكەن، يۈرىكىنى ئىت يەپ كەتكەن ئۆلمىگۈر ساراڭ! مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟ زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟ نەچچە ۋاقىتتىنىڭياقى ئاز قىينالدىممۇ مەن؟ ! ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ يامىنى بولدۇم. سەن مېنى مەكتەپتە تۇرغۇسىز قىلدىڭ. سېنى ياخشى كۆرگىنىم گۇناھمۇ؟ ھازىرغىچە ھېچكىمگە بەرمىگەن كۆڭلۈمنى ساڭا، بىر ساڭىلا بەرگىنىم خاتامۇ؟ مېنى بۇنداق قىيناۋەرگۈچە بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، تىرىكلا كۆمۈۋەتسەڭ بولماسمىدى؟ !...

بىر تەرەپتىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ، بىر تەرەپتىن قار ـ يامغۇر تىللاپ، ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاپ خېلى بىركەملەردە پەسكويغا چۈشكەن بولساڭ كېرەك، ئېسىڭگە كېلىپ، ئۆزۈڭنى يەنە مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدا كۆردۈڭ. ھېلىقى يەردە ئىككى گەۋدە خۇددى بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يېقىن تۇرغاندەك، ياق، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. كۆزلىرىڭنى ئاچقىنىڭدا ئۇنىڭ يىرىك بۇرۇتلىرى لەۋلىرىڭگە تىكەندەك سانجىلاتتى.

ئۆزۈڭنىڭ بۇ يەرگە مېڭىپ كەلگەنلىكىڭنى ياكى ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىڭ. خېلىدىن كېيىن يەنە ئازراق ئەسلىگە كەلدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆتكەنكىدەك گۈپۈلدەپ تۇرغان ئاچچىق ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى ئەمەس، بەلكى نېرىۋىلىرىڭنى غىدىقلاپ مەستخۇش قىلغۇچى بىر خىل سىرلىق پۇراق كېلىۋاتاتتى. خىجىل بولۇپ بىلەكلىرىڭنى ئۇنىڭ بويىنىدىن ئىتتىك چۇشۇرۇپ، بېلىڭدىن چىڭ قاماللاپ تۇرغان قوللىرىنى ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر يېنىك ئىتتىرىپ، ئاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك شىۋىرلىدىڭ:

ــ ئاي كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇنداق قىلماڭ !

ــ قاراڭ، ئاي ئاللىقاچان كۆرۈپ قالدى. ھازىر ئۇ: «مەن ئاسماندا تۇرۇپ زېمىندىكى ئايچىلىكمۇ بولالمىدىم !» دەپ

www.uyghurkitap.com

ھەسرەت چېكىۋاتقاندۇ تايىنلىق. سىزلا ئاي كۆرۈپ قالمىغان بولسىڭىز بولدى.

— ساراڭ!

ئۇنىڭ بۇ چاقچىقى كۆڭلۈمگە تىك كەلدى. قوپقا چاچلىرىمۇ ھەم تىك تۇرۇپ كەتتى.

— ئادەم ئەمەس ئىكەنسىز، مەن تېخى!...

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ. بولامدۇ؟ مەن ئەسلىدە ئايمۇ تەسىرلىنىپ يىغلاۋاتسا كېرەك دېمەكچىدىم. قاراڭ، ئۇنىڭ تالا - تالا نۇرلىرى ماڭا خۇددى تارام - تارام كۆز ياشلىرىدەكلا كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. كۆڭلىكىممۇ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ مانا.

ئەمدى بىردىنلا ئېرىپ قالدىڭ. ئاغزىڭ ئارتۇق گەپكە كەلمىدى. ئەسلىدە: «كۆڭلىكىڭىزنى مەن يىغلاپ ھۆل قىلىۋەتتىم» دېمەكچىدىڭ، نېمىشقىكىن دېمىدىڭ. بەلكىم، بۇنى دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلىدىڭ. بۇنداق چاغلاردا كۆز بىلەن گەپلەشسىمۇ ياكى يەنە دېگەن گەپنى يەنە دېسىمۇ ھېچقانداق بولمايدىغانلىقىنى سەن بىلمىدىڭ. ئەمما، ئەتىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆيگە قايتىدىغانلىقىڭنى، ھىجران يۈكىنى تەنھا ھاپاش قىلىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ ئۇنىسىز يىغلىدىڭ. ئۇ كۆڭلۈڭنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. گەپ قىلغاچ لەۋلىرىڭدىن گۈل تەردى.

— يىغلىماڭ، ئايگۈل، مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى نۇرلۇق ئېيىم، لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرگەن ناۋات چېيىم، مەن ئۇچۇن ئىككى ناھىيەنىڭ ئارىلىقى قوغۇنلۇقنىڭ يولى. سىزنى چوقۇم ئىزدەپ بارىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى نىكاھىمغا ئالىمەن. ئەمدى سىزنى ھەرگىز يىغلاتمايمەن، قاراڭ، ئەمدى ئاسماندىكى ئايمۇ بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ. گېپىمنى ئاڭلاڭ، يىغلىماڭ. يېنىمدىكى ئايمۇ كۈلسۇن. كۆز ياش دېگەن بىباھا گۆھەر، ھەتتا گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك ئەگگۈشتەر، ئۇ مۇشۇ

چىرايلىق كۆزلىرىڭىزدىن چىقىپلا كەتسە ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۆزىڭىزنى، كۆزىڭىزنى ئاسراڭ، يۈزىڭىزنى سۈرتۈڭ، مەڭ، مانا ماۋۇ قەغەز بىلەن. ھە، ئەمدى ياخشى بولدى، ماڭا بۇ دۇنيادا سىزلا بولىدىكەنسىز، ئاسمىنىم ئايسىز، چايدىنىم چايسىز قالمايدۇ. ھاياتىمنى بىرمۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىسكەنجىگە ئالالمايدۇ...

ئۇ خۇددى مەدداھلاردەك سۆزلەيتتى. سۆزلەۋېتىپ سېنى ھوشۇڭدىن كەتكۈزۈۋەتكۈدەك ئۇستىلىق بىلەن سۆيەتتى. ئاجايىپ گۈزەل ھەم كۈچلۈك ۋەدىلەرنى بېرەتتى. بۇ شېرىن ـ شېكەر سۆزلەردىن تومۇر ـ تومۇرلىرىڭغا ئاجايىپ لەززەتلىك بىر ئېقىم ئېقىپ كىرەتتى.

ئەپسۇس، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ بىر مەۋسۇمدىن كېيىن مەكتەپكە مۇئەللىملىك بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ قايتىشىڭدا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرلىك، سىلەردىن بىر قارار تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇغان، بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ھېلىقى قىزنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرىلا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۆلۈپ قالماي تېخىچە تىرىك، يىقىلىپ چۈشمەي تىك تۇرغانلىقىڭدىن قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ سېنى تاتلىق گەپلەرگە تولغان شۇ خەتلىرى بىلەن تا ھازىرغىچە ئالداپ كەلگەنىدى.

«مەن ھېلىقى كۈنى سىزنى ئاللىقاچان ئايرىلىپ كەتكەن سۆيگىنىمگە ئوخشىتىپ قالغاچقا...» ۋە «ھازىر ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتتىم، ئەمدى سىزنىلا بەختلىك قىلىمەن!» دېگەن گەپلىرىگە، ئەرزىمەس ۋەدىلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ، يازغان خەتلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتكەنلىكىڭنى ئويلاپ، ھاياتىڭدا تۇنجى قېتىم ئەڭ قاتتىق پۇشايمان قىلدىڭ. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى نېمە ئىش قىلغان، مەيلى كىم بىلەن يۈرگەن بولسۇن، ھېلىقى كۈندىن باشلاپ ئۇنى پەقەت مېنىڭ دەپ يۈرەتتىڭ. چىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەلبىڭدىن، ئىچ ـ ئىچىڭدىن، جىنىڭدىن ئەزىزلەپ ياخشى كۆرەتتىڭ. قەلب تارىمنى چېكەلىگەن بىردىنبىر يىگىت دەپ بىلەتتىڭ، ھەتتا خىزمەتكە چىقىپ دەرس ئۆتۈۋاتقان چاغلىرىڭدىمۇ ئۇنى ئەسلىگەن، ئاشۇ چۆل ـ جەزىرىدە يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتىنى سەزمىگەنىدىڭ. ئەپسۇس، «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىدى». تەقدىر ـ قىسمەت ئىككىيلەننىڭ رىزقىنى بىر ـ بىرىگە چاتمىدى. ئۇ ساڭا، ياق، ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان چىن سۆيگۈگە ۋىجدانسىزلىق قىلدى. بىغۇبار قەلبىڭنى ئۆتمەس پىچاق بىلەن پارە ـ پارە قىلىپ تىلدى. تۇنجى سۆيگۈڭنى تۇنجۇقتۇردى. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭنى ئۇجۇقتۇردى. ياق، سېنىڭ تاللىشىڭ توغرا بولمىدى، قارىغۇ كۆڭلۈڭ «تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچرىدى»...

شۇ تاپ چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان، يۇلۇنغان، كۆزلىرىڭ قىزىرىپ، چىرايىڭ تاتىرىپ بەئەينى بىر سەۋدايىغىلا ئايلانغانىدىڭ. مەكتەپ مەيدانى، ئاي تولغان ئاخشام، ئوغۇللار ياتىقى تەرەپتىن كېلىۋاتقان «مېنىڭ ناخشام» ... ئىچ ـ باغرىڭغا قىسمەتتەك قاپقارا قوللىرىنى تىقىپ، بىر يەرلىرىڭنى رەھىمسىزلەرچە مۇجۇيتتى. كاللاڭغا خىلمۇخىل خىياللار كىرىۋېلىپ، ئوي ـ پىكىرلىرىڭنى قوچۇيتتى.

بۇ كېچە ۋىسالنى قىلغۇم يوق خىيال
يىغلىتىپ كۆكتىكى يېگانە ئاينى.
كۆرۈپلا قايتقۇم بار بولسىلا ئامال
ئىككىمىز سۆيۈشكەن بۇرۇنقى جاينى...

## 3

ھە، سەن دېمىسەڭمۇ دەريا ئانا ھەممىنى بىلەتتى. شۇڭا، سېنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى. ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا، بۇ يەردىكى پىتنە ـ ئىغۋالاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا توي قىلىشقا

ئالدىرىماسلىقتا، ئۆندەرەپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، تۇغما جاھىللىقىڭ ۋە چىرايلىقلىقىڭ ھەممىنى بېسىپ كەتتى. ھەتتا ئاتا - ئاناڭنىڭ، ئۈچ ئاكاڭنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇپ، چاچلىرىڭدىن تورۇۋسقا ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ - قىيناشلىرىمۇ كار قىلمىدى. ئۇلار بىر قىز دەپ كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ چوڭ قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

سەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ ساڭا كۆز تاشلاپ، ئىزچىل كۆيۈنۈپ، كۆيۈپ كەلگەن، ئوقۇغۇچىلىرىڭدىن ھېلى ئالما - نەشپۈت، ھېلى گۆش - كاۋاپ كىرگۈزۈپ بەرگەن، ئىككى توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن، سەندىن ساق ئون نەچچە ياش دېگۈدەك چوڭ كەلگەن بۇ ئەر — قەيسەر بىلەن ئاخىر توي قىلدىڭ. سەن ئەركىڭنى يوقاتتىڭ، ئۇ كۈتكىنىگە ئېرىشتى. كىشىلەر سېنى: «چوقۇم ئۇنىڭغا تەگمىسە بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويغان گەپ، يا بولمىسا ئەر سارىڭى بولغان گەپ!» دېيىشتى.

ئۇ تويلۇقنى ناھايىتى كۆپ ئالدى. تويىنىمۇ ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزدى. ئەمما، بارلىق خاپىلىق دەل مۇشۇ كاتتىلىقتىن باشلاندى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇنچە كۆپ پۇلىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈك ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت مەكتەپ يېنىدىكى تاشلاندۇق باغ بىلەن كونا تېمىلا بار بىر ئەسكى ئۆيى بار ئىدى. سېنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىڭدىن، ماقۇل دېمەسلىكىڭدىن، توي قىلىشتىن تۇرۇپلا يېنىۋېلىشىڭدىن ئەنسىرەپ، بانكىدىن، تونۇش - بىلىشلىرىدىن نۇرغۇن قەرز ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تويدىن كېيىن ھەر ئايلىق مائاشىنىڭ ئۇدۇل قەرز تۆلەشكىلا كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى ۋاقىتلىق ئامانلىق خادىمى بولۇپ ئىشلەيتتى. تويدىن كېيىن تۈزۈمسىزلىك قىلىۋېرىپ، ئۇ يەردىنمۇ ھەيدەلدى. بۇلارنى ئاز دەپ، بىر يىلدىن كېيىن تۇنجى بالاڭ — توغراقتېگىن

www.uyghurkitap.com

تۇغۇلدى. ئىسمىنى ئۆزۈك قويدۇق، مۇشۇ پايانسىز تۇغراقلىقنىڭ شاھزادىسىدەك ئەركىن، باتۇر، دادىسىدەك لامزەللە ئەمەس، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قەيسەر چوڭ بولسۇن ھەم ئۇنى تۇغراقتەك ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، مۇشۇ تۇغراقلارنى قوغدىسۇن دەپ ئويلىدۇق.

ئوغلۇڭ تۇغۇلۇپ تۇرمۇشۇڭ تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. چۈنكى، قەيسەر كۈنبويى بىكار لاغايلاپ يۈرەتتى. ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيتتى، ياق، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيتتى ئەمەس، بەلكى ھېچ ئىشنى قىلغۇسى كەلمەيتتى. بولمىسا، ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسىدىن ئۆگىنىۋالغان بىر ئوبدان ئاشپەزلىك ھۈنىرى بار ئىدى. تېخى باشلانغۇچنى پۈتكۈزگۈچە (چالا پۈتكۈزگەن بولسىمۇ) خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا، خەنزۇچىنى ئازماي سۆزلەيتتى. سەن كېلىشتىن بۇرۇن بۇ مەكتەپتە ۋاقىتلىق خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىگەنىدى تېخى.

ئەسلىدە ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەس بولۇپ، دادىسى تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇيەر ـ بۇيەردە قاڭقىپ يۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. كېيىن بۇ يەردىمۇ بىر توي قىلىپ (مۇشۇ ئۆيىنىڭ يالغۇز قىزى بىلەن)، ئۇنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاجرىشىپ كېتىپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆيىنى ئۆزى ئالغانىدى.

تويدىن كېيىن ئۇ ساڭا ئۆزۈڭ كۈتكەن تۇرمۇشنى بېرەلمىدى، ھەتتا ئەڭ ئاددىيسى سېنى سۆيۈش لەززىتىدىنمۇ ھېلىقى ۋاپاسىز ئەبلەخ ھۇزۇرلاندۇرغانچىلىك بولسىمۇ ھۇزۇرلاندۇرالمىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، سەن بىر قېتىم:

— ھاراق ئىچىپ باقسىڭىز بولمامدۇ سىزمۇ بىرەر قېتىم؟ — دەپ سالدىڭ.

ئۇ ساڭا باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر سەپسالدى ۋە گەپ ـ سۆز قىلماي تالاغا يول ئالدى. كېيىن شۇ گەپنى دېگەن ئاغزىڭغا

نەچچىنى سالغۇدەك بولدۇق. چۈنكى، ئۇ پەقەت شۇ بىر ئېغىز گېپىڭىزنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھەر كۈنى ئەرق مەست كېلىدىغان بولۇۋالدى.

ئاخىر بولماي ئاتا ـ ئانىڭىدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاكىلىرىڭىدىن قەرز ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر قول تىراكتورى ئېلىپ بەردىڭ. چۈنكى، بۇ يەردە ھېچكىم كۆكتاتچىلىق قىلمايتتى. نۇرغۇن كۆكتاتلار تېرىلمايتتى. سىڭىمچە بولغاندا، ئەگەر سىلەر بىرىنچى بولۇپ بۇ ئىشنى قىلىدىغان بولساڭلار، سوداڭلار چوقۇم ناھايىتى تېزلا ئېقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئوقەتكە ئانچە كۆپ دەسمايىمۇ كەتمەيتتى.

مانا ئەمدى تىراكتورنىڭ «تات ـ تات» قىلغان ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىققان ئاياللار كۆكتات ئېلىشقا يۈگۈرۈشەتتى. چۈنكى، كۈندە زورلىشىڭ، يالۋۇرۇشۇڭ، قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشۈڭ، ئۆتۈنۈشۈڭ، تالاي ـ تالاي ياش تۆكۈشۈڭ، ھەتتا «ئاجرىشىمەن!» دەپ قوقاق سېلىشىڭ ئاخىر ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

ئالدىن مۆلچەرلەپ باققاندىكىدەك، بۇ ئىشتىن ئۇزاق ئۆتمەيلا نەپ كىردى. ئۇنىڭ قوللىرى پۇل كۆردى. سىڭىنىڭ ئۇچاڭغىمۇ يېڭى كىيىم چىقتى. ئىلگىرى ئۇ: «بۇ كىيىمنى كىيىپ بېقىڭ، سىزگە بەك يارىشىدۇ» دېگۈدەك بولسا سىلكىۋېتەتتىڭ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ كىيىملەرنى ئالساڭمۇ يەنە شۇ ئۆزۈڭنىڭ پۇلىغا ئالاتتىڭ، ھەرگىزمۇ ئۇ ئېلىپ بەرگەن بولمايتتى. ئۇنى خەقلەرنىڭ ئېرىگە سېلىشتۇرۇپ ئىچىڭ ئاداپتتى. ئەمدى ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا بۇرۇنقى قەرزلەر پاك ـ پاكىز قايتۇرۇلۇپ، كۆز بىلەن قاراشقىمۇ رايىڭ بارمايدىغان ئۆيلەر يېڭىلاندى. بۇرۇن چاشقان كىرسە يامانلاپ چىققۇدەك تۇرغان ئالۋاستى كەپىسى سارايغا خاس سەرەمجانلاندى. قەيسەرمۇ پۇلنى كۆرۈپ ھەم جانلاندى، ھەم ھاياجانلاندى.

بىراق، تۇرمۇش دېگەن بۇ تۆمۈر مۇشت ئەمدىلەتىن ئەيۋەشكە

www.uyghurkitap.com

كېلىپ، يوْمشاق ئالىقانغا ئايلىنىپ بېشىڭنى سىيپايلىك بىلەن سىلاشقا باشلىغاندا، ئۇ يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى قىلىقلارنى چىقاردى. پۇل ئۇنىڭ بىقىنلىرىغا ئۇسۇپ، زادىلا جىم تۇرغۇزمىدى. بۇرۇن بىر كونا قارتا تېپىۋالسا قارتا ئويناپ كۈننى كەچ قىلىدىغانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ قىمارغا ئۆگىنىپ قالدى. سەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بېرىپ، تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئىچ پۇشۇقىدا هاراق دېگەن نىجىسقا دوْم چۈشتى. ھېچنېمىدىن كارى يوق كۆنبويى مەستلا يۈرىدىغان بولدى. بىر ئوبدان ھاللىنىپ قالغان ئائىلە ئايىغى چىقماس ئۇرۇش ـ جېدەلگە تولدى.

تاماشىڭلارنى تولا كۆرۈپ، دەۋايىڭلارنى تولا سوراپ ھېرىپ كەتكەن مەكتەپ مەمۇرىيىتى قەيسەرنى مەكتەپنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ بېرىشكە كۆندۈردى ۋە مۇدىر كۆزلىرىڭگە مەنىلىك قاراپ، ھەرقانداق ھاجىتىڭلار بولسا بىر ئېغىز ھايتلا دېسەڭ، شۇ ھامان ئۇيان ـ بۇيان قارىماي، تىرناق تاتلىماي ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈردى.

سەن ئۇنىڭ مەستچىلىكتە مەكتەپكە تۇزۇك قارىيالماسلىقىدىن، بىر ئىش چىقىپ قالسا ئېغىرچىلىقىنى يەنىلا ساڭا ئارتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ يانداش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دەپتەر، قەلەم، سومكا، ئۆچۈرگۈچ، گازىر، كەمپۈت، پۇرچاق... دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن چاققانغىنا بىر دۇكان ئېچىۋالدىڭ. كىم دەپتىكىن «دۇكان دېگەن كان!» دەپ، باللار پارچە پۇللىرىغا، توخۇ تۇخۇملىرىغا، كەپتەر باچكىلىرىغا دېگۈدەك تېگىشىپ سوداڭنى تېزلا يۈرۈشتۈرۈۋەتتى. دۇكىنىڭ بارا ـ بارا بۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسال ماگىزىنغا ئايلاندى. تۇرمۇشۇڭمۇ مائاشقىلا قاراپ تۇرغاندىكىدىن خېلىلا ھاللاندى. قەيسەرمۇ ھەم ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك جانلاندى، كەچقۇرۇنلىرى سەن تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىرمۇنچە پۇلنى ساناپ ئولتۇرۇپ توي بولغان چاغدىكىدىنمۇ بەك ھاياجانلاندى.

ئېھتىمال، كۆنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەرگەن بولسا بەلكىم ئانچە ئۇزاققا بارماي بۇ يەردىكى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن پۇللۇق ئائىلە بولۇپ قالاتتىغۇ، بىر قېتىم باھالاش كېلىپ ھەممە ئىشنى ئۆڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. قەيسەر يەنە ھاراققا ئۆگىنىۋالدى ۋە ئۇچەكتىكى كىرپىدەك تۇگۇلۇۋالدى. ئۆيىنىڭمۇ، تالانىڭمۇ ھەممە ئىشى دېگۈدەك بىر ساڭا قاراشلىق بولۇپ قالدى. قىسمەتنىڭ قارا قوللىرى ياقامدىن تۇتۇپ، كېيىكىردىكىڭدىن ئالدى. بىر بەختلىك ئائىلە بەختسىزلىكنىڭ دېپىنى چالدى. قەيسەرگە تولا قاقشاپ ئاغزىڭ تالدى، رايىڭ ياندى.

ھە، ئەتىگەندە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، ھەلەپ كۆشەپ پۇشۇلداۋاتقان كالىدەك بىر گەپنى نەچچە چايناپ، شۇلارنى دەپ بولغۇچە قوشقا قاتقاندەك تەرلەپ - تەپچىرەپ كەتكەن مەمەت مۇدىر گېپىنى تۈگەتكەندە ئۇزاققا سوزۇلغان شالاڭ چاۋاكنى كۆرۈپ كۆلكەڭنى ئاران بېسىپ ئولتۇردۇڭ.

— يولداشلار، ھىم، ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ھىم، بۇگۈن بىزنىڭ مەكتەپكە، ھىم، تەكشۈرۈش كېلىدىكەن. ھىم، ئۇزاق بولغان بۇ يەرگە تەكشۈرۈش كەلمىگەن، ھىم، شۇڭا ئۇلارنى جان چىقىپ كەتسىمۇ، بىر يېرىمىز كەم بولۇپ قالسىمۇ، ھىم، ئوبدان كۈتمىسەك بولمايدۇ. ھىم، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كېلىپلا بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى باھالايدۇ. ھىم، يەنە بىر قېتىم كەلگۈچە، ھىم، خىزمىتىمىز قانداق باھالانغان بولسا شۇنداق تۇرىدۇ. ھىم...

ئەمدى ئۇ يەنە قەيسەرگە ھە دەپ ھاراق زورلاۋاتاتتى:

— ئىچىڭلا، قەيسىراخۇن، ھىم، ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ بۇ ! ھىم، بۇرۇن ئۆزۈڭلىمۇ تازا ئىچكەنغۇ، كونىلاردا، ھىم، «باشلىقنىڭ قولىنى ياندۇرما، بالىنى ئاتىدىن تاندۇرما» دېگەن گەپ بار، دەيدۇ. ھىم، قېنى، ئوغۇل بالا ئەركەكتەك ئولتۇرۇپ گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىڭلا، ھىم، خانىمدىن قورقامسىلەيا؟ قورقساڭلا ۋاقتىدا ماڭا دەڭلا، مانا ماۋۇ باشلىقمۇ يېنىڭلىدا بار. ھىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىنىڭ دوراڭلا بۇ، ھىم، ھە مانا، ئەمدى بولدى، يارايسىلە، جۇما، باركاللا !...

ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ياق دېمىگىنىگە بەك غەزىپىڭ كەلدى، نەپرىتىڭ ئۆرلەپ چېكىگە يەتتى. قۇيقا چاچلىرىڭمۇ ھەم ھەر دائىمقىدەك تىك تۇرۇپ كەتتى.

چۈنكى، ئۆيۈڭدە مەمەت مۇدىرنىڭ دېيىشىچە، باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ غوللۇق، مۇشۇ بىر تەكشۈرۈش بىلەنلا بىر مەكتەپنىڭ تەقدىرىنى بىر قوللۇق بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىغان، تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار باشلىقلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش ئولتۇرۇشى بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنى سەن مەمەت مۇدىرغا ياق دېگىنىڭگە قارىماي، قەيسەر ئۆزى باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇلارنىڭ سېنى دېمىسە قەيسەر تۆگە سويۇپ چاقىرسىمۇ بوسۇغاڭغا دەسسەپ قويمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈڭ ئاللىقاچان تۇيۇپ قالغاچقا، ئۆيئىچىلىك كىيىملىرىڭنى كىيىپ ياندىكى ئۆيدە قورۇما قورۇش، ئۇنى ـ بۇنى تەييارلاش بىلەنلا بولدۇڭ. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچمىدىغاننى ئىچىپ، يەيدىغاننى يەپ، ئوينايدىغاننى ئويناپ، دەيدىغاننى دەپ، ئاڭلايدىغاننى ئاڭلاپ، داڭلايدىغاننى داڭلاپ تېزرەك يولىغا راۋان بولۇشىنى ساقلاپ ۋە نېمىلا بولسۇن ئېرىمنىڭ ھۆرمىتى دەپ ئويلاپ، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قىلىپ، بىردەممۇ يېنىڭنى يەرگە قويمىدىڭ. يەنە ئولتۇرساڭ ـ قوپساڭ قەيسەرنىڭ بۇگۈن بىر قېتىم بولسىمۇ خۇدنى بىلمىگۈدەك ئىچىۋالماسلىقىنى ئويلىدىڭ. مەمۇرىيەتتىكىلەرنىڭ كىملەرگىدۇر قوپال ۋارقىراپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالماي تېپىرلاپ، ساغرىسىنى كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك ئۇيان ـ بۇيان چىچاڭلاپ يۈرۈشى بىلەن داستىخاندا قۇشقاچ كاۋىپىدىن تارتىپ ھازىرقى رېستورانلاردا بارلىكى بارلىق قورۇمىلارغا قەدەر دەستە ـ دەستە دۆۋىلىنىپ كەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزى تويسىمۇ كۆزى

تويىدىغاندەك قىلمايتتى.

بىركەمدە كەنت مۇدىرى بىرنەچچە يەرلىك سازەندىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى ۋە:

— باياتىن «قۇلاققا ياقمىدىغان ساز - پازلىرىڭ يوقمۇ؟...» دېۋىدىلە، مانا بار بولدى، ئەمدى «قۇچاققا پاتقۇدەك قىز - يىزلار»نىڭ ئىشىنى ماڭا ئەمەس، ماۋۇ مەمەت «ھىيم مۇدىر»غا دېسىلە! — دېگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەرقاچان مەمەت مۇدىرنىڭ قۇشقاچلىرىنىڭ پەيلىرى پاخپىيىپ قالدى، كۆرمىدىڭلارمۇ سېرىق تۈكلىرىنىڭ تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى! پىنھاندا ئىچىلىپ بولىقىغا كىرگەن ياۋا گۈللەرنى باشلاپ كىرمەي...

— باياتىندىن بېرى ئىچىشۋازلىق قىلىپ ئاشقازانىنى، چېكىشۋازلىق قىلىپ ئۆپكىنى بېسىپ ئولتۇردۇق. ئەمدى بەزمىۋازلىق قىلىپ قۇلاقنى، مەيدىۋازلىق قىلىپ قورساقنى...

قوپال كۈلگەن، سەت چاقچاقلاشقان ۋە بىر - بىرىنى قاتتىق - قاتتىق شاپىلاقلاشقان ئاۋازدىن ئاستا - ئاستا ئۇيقۇ لەشكەرلىرىگە تەسلىم بولۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىڭ يىرتىلىپ ئېچىلىپ قارشىلىق جېڭىگە ئۆتتى. مۇدىرنىڭ زورلاشلىرىدىن، خۇددى ئۆتكۈزۈپ قويغان ئېلىشى باردەك چىڭ تۇرۇۋېلىشلىرىدىن ھېچقاچان دەپ باقمىغان: «جېنىم سىڭلىم، مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ يۈزۈمنى قىلىڭ!» دەپ قولۇڭدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشىدىن بىرنېمىنى تۇيغان بولساڭمۇ، بىرىپ قەيسەرگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇردۇڭ. تۆردىكى گىلەمدە ھېلىقىلار، پەستە ئابايا كىرگەن سازەندە باللار ئولتۇراتتى. قەيسەر ئۆي ئىچىلىپ - يېپىلغۇدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭدىمۇ شۈنچىلىك قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندى. چوشقىدەك خارقىراپ خورەك تارتىشلىرىغا قاراپ كۆڭلۈڭ بۇزۇلدى. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇنى بىرسى كۆتۈرۈپ تالاغا تاشلىۋېتىپ كىرسىمۇ تۇيمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولدى، ئۇكام، ئۇخلاپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماي، ئويغاقلار بىلەن بولۇڭ. ئۇخلىغانلار ئۇخلاۋەرسۇن، ئويىنىغانلار ئويناۋەرسۇن! — دېدى مۇپەتتىش مۇدىرى ساڭا گويا يەيدىغاندەك تىكىلىپ قاراپ، ئاندىن مەمەت مۇدىرغا بۇيرۇق قىلدى، — ئۇنى باشقا ئۆيگە ئاچىقىپ ئۇخلىتىپ قويۇپ كىرىڭ!

مەمەت مۇدىر مۇپەتتىش مۇدىرىنىڭ پەقەت شۇ گېپىنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئېيىقتەك بەستىنى ئىرغىتىپ تۇرۇپ، ھېچنېمىنى تۇيماي ياتقان قەيسەرنى دەس كۆتۈرۈپ ياندىكى ئۆيگە ئاچىقىۋېتىپ ھايالشىمايلا يېنىپ كىردى. شۇ ئەسنادا كۆڭلۈك شۇنچىلىك قاتتىق بۇزۇلدىكى، يۈرىكىڭ قىزىلمۇچ قويغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۆگە - ئۆگىلىرىڭ چاراسلاپ، ئۇيەر - بۇيەرلىرىڭنى بېھىساب زەھەرلىك چۈمۈلە ھەر يان تارتقۇشلاپ ماڭغاندەك بولدى. يان - يېنىڭغا قارىدىڭ. يەنىلا شۇ زەينەپ، مەمەت مۇدىرنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان قىزى — تۇنىساگۇل ۋە مۇشۇ مەھەللىلىك ئىككى - ئۈچ چوكان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، تەرلەپ كەتكەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى ئېچىۋېتىپ، قورقۇنچلۇق تەبەسسۇم قىلىپ، سېنى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئولتۇراتتى.

ھېلىقى باداڭ قورساق يەنە ئېغىز ئاچتى. ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى، مەمەت مۇدىرنى بىرمۇنچە ماختاپ شالىنى چاچتى. ئاندىن ساڭىمۇ رەھمەت - تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ۋە بۇگۈنكى زىياپەتنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ سۆزىنى توختاتتى. ئاندىن مەمەت مۇدىرنىڭ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، يۇمۇق كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ دېدى:

— «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى، مۇدىر بولساڭ خانىم سېنىڭكى» دەپتىكەن دانالار، قېنى ماۋۇ خانىمچاقلىرىڭغا ئېيت، سازچىلارمۇ بىكار يەپ ئولتۇرىۋەرمىسۇن، يېگەن - ئىچكەننى سىڭدۈرۈشنىڭ پەيتى كەلدى ئەمدى...

ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆپى پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. قەيسەرنىڭ

قىلىقىغا يۈرىكىنىڭ ئېچىشتى. ھېچ بولمىسا ساھىبخانا ئۆزى ساق، ئويغاق بولغان بولسا، ئۇلار بۇ يەردە ساڭا خۇددى خام يەيدىغاندەك بۇنچە ھاياسىز قاراپ ئولتۇرمىغان بولاتتى.

خەيرىيەت، ئۇلار نەغمە ـ ناۋانى باشلىۋەتتى:

دىلبەرىم، ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندەئى مۇبتەلا بولاي،
ئەۋرۈلۈبانكى باشىدىن جانۇ تەنىم فىدا بولاي.
دىلبەرىما، فىراقىدا سىزدى كۆزۈم قاراقىدا،
كۆل بولۇپ ئىشتىياقىدا بىر يولى مەن ئەدا بولاي.
كەچمەيىن ئول جانانەدىن، جانۇ جەھاندىن كېچەي،
دىلبەرى مېھرىبانىدىن قايداغ ئېتىپ جۇدا بولاي...

— توختات، ھوي پاڭقاي، توختات بۇنداق ئۆڭگىلەڭ نېمەڭنى ! قانداق دېگەن ئۆڭگىلەڭ نېمە بۇ؟ ئادەم ئاڭلىسا چۈشەنگۈدەك، جىم تۇرالماي ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشكۈدەك، بىر ـ بىرىگە ئېسىلىپ يەملىشىپ كەتكۈدەك ناخشىلارنى ئوقۇماي، نەدىكى بىرنېمىلەرنى توۋلايدىغان ئۆڭگىلەڭ ئاداشلاركىنە، ماۋۇ...

سازچى باللار قايتاۋاتقان قازانغا بىردىنلا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك دەسلىپىدە جىممىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن بىر ـ بىرىگە ئەيمىنىپ قاراشتى. بەزىلىرى ئۇسسىغان بولسا كېرەك، لەۋلىرىنى يالاشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى مەنىلىك ئۇچراشتى ۋە باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزى بىلگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. شۇندىلا ھېلىقىلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، تۇلكە كۆزلىرى كۈلۈپ، پۇت ـ قوللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن ھەرىكەتكە كېلىپ، بىردىن ـ ئىككىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭ ـ سالاڭ قىلىشىپ، باشلىرىنى ھەر يان تاشلىدى.

يار ئۆيىدە ياتقاندۇ،
يېنى يەرگە پاتقاندۇ.

ۋاپادار مېنىڭ يارىم،
قانچە دەردنى تارتقاندۇ.

ئۆزۈك سالساڭ ساپتىن سال،
ساختىلىرى ئۆپرايدۇ.
ئىشقى يوق نادان باللا
خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ.

ناخشا خۇددى ساڭىلا، قەيسەرگىلا قارىتىلغاندەك، قەستەن مازاق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مۇڭلانغان كۆزلىرىڭدىن ئىختىيارسىز مەرۋايىتتەك سۇزۇك ياشلار قۇيۇلدى. ئەمما، ئۇلار پۈتۈن ئىشتىياقى، مەيلى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ھەربىر ناخشىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ، مۇڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتىكى، ئۆزى ئېيتىۋاتقان بۇ ناخشىغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ، كۆزلىرىڭ گۇمانىڭنى كەسكىن رەت قىلدى. ئۇنىڭغىچە ئالدىڭغا ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كەلگەن باداڭ قورساق سېنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلدى.

دېگەنىبىلەن مۇزىكا ساڭا تەسىر قىلدى. سەندەك ئۆزىنى مۇزىكا بىلەن بىر جان - بىر تەن ھېسابلايدىغان ئاياللارغا تەسىر قىلمىسىمۇ بولمايتتى. نەزىرىڭدە قىز - ئاياللار تۇغۇلۇشىدىنلا مۇزىكا ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن تۇغۇلاتتى. تۇرمۇشىدا مۇزىكىسىز قالسا قەلبىدىكى بوشلۇق قاغجىرايتتى، تولمايتتى. ئۇلار مۇزىكا بولغاچقىلا بىردەم يىغلىسا، بىردەمدە كۈلەتتى. ھەرقانداق دىشۋارچىلىقنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرەتتى. ئۆزى يالغۇز قالغان دەملەردىمۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى.

ناخشا يۈرىكىڭنى ئېزىۋېتەتتى. خىياللىرىڭنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. باداڭ قورساق باشلىقنىڭ كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ، بەللىرىڭنى ھاياسىزلارچە سىلاپ: «سىز بۇ يەرگە، بۇ ئەرگە بەك زايە كېتىپسىز، ئايگۈل، ماقۇللا دېسىڭىز، مەن

بىر تېلېفون بىلەنلا سىزنى شەھەرگە يۆتكەيمەن، بىز بىللە كېتىمىز...» دېگەندەك تېتىقسىز گەپلىرىمۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدى.

بۇرۇن ناخشا ـ ئۇسسۇل دېسە، نەغمە ـ ناۋا دېسە جېنىڭنى بېرەتتىڭ، پۇتۇڭنى قويۇپ، بېشىڭدا يۇگۇرۇيتتىڭ. قەيسەر بىلەن توي قىلىپمۇ بىرنەچچە قېتىم ئويۇنغا، ئولتۇرۇشقا، قاتار چايغا بېرىشنىڭ گېپىنى قىلىپ ئۆلگۈدەك تاياق يېگەنىدىڭ. مانا ئەمدى بۇلاردىن خۇددى توخۇ پوقىدىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىپ كەتتىڭ. ئايالىنى بىرسى قۇچاقلاپ يۇرسە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتىدىغان لامزەللە ئەرگە تەگكىنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاتتىق خورلانغاندەك ھېس قىلدىڭ...

كېيىن بۇنداق باھالاشلار، قاشقىسى باشقا، قايىنىشى باشقا ئولتۇرۇشلار ھەر ئايدا، ھەتتا ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇرۇن ھېچكىم كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلمەيدىغان، ئېزىپ ـ تېزىپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ قالمايدىغان بۇ نەس باسقۇر جايغا ھېلىقى باشلىق جىنى چاپلىشىپ قالغاندەك پات ـ پاتلا كېلىدىغان بولدى، بەزىدە تېخى ئۆزى يالغۇزلا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ سۇنئىي كۈلۈپ: «بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ساپ، ھاۋاسى ياخشى، ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل، ئەڭ مۇھىمى خالىي...» دېگەننى باھانە قىلىپ، قەيسەر چاقىرمىسىمۇ، ئۆيىگە ئۆزى ئۇسۇپ كىرىپ، ئۇنى غەرق مەست قىلىۋېتىپ، ساڭا ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان، تورغىيىڭىز بولاي، قۇرغۇيىڭىز بولاي، بۇلبۇلىڭىز بولاي... دەپ كۈچۈكلىنىدىغان بولدى.

مانا، بۇگۈنمۇ ئۇ ئۆزى يالغۇز كەلگەنىدى ۋە ھازىر تازا مودا بولۇۋاتقان، كۆرگەن قىز ـ ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. سەن قەيسەرنى شۇنچە توسقىنىڭغا قارىماي، ئۇ يەنە سالاغا بوش كەلدى. خۇددى «يۇتازا ھورى بىلەن، ھاراق زورى بىلەن»

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك ئىش بولدى. ئۇ ئاۋۋال قەيسەرنى «ئىككىمىز ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ قالدۇق، كۆڭلۈم سىزنى تارتىپلا تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئالەمدە مىلى كىشى، كۆڭلۈمدە بىر كىشى دېگەن شۇ ـ دە ! سىز ئۇلپەتچىلىككە يارايسىز، شۇڭا شۇنچە يىراقتىن سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن، ناھىيەگە بارسىڭىز، سىزنى ئۆزۈم بىر قوللۇق مېھمان قىلىمەن. بۇگۈن بىز قولاق مىدىرلىغۇچە ئىچىمىز... » دەپ يۇرۇپ، مەست قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن تالاي قېتىم تەكرارلاپ، ساڭىمۇ تولا ئاڭلاپ يادا بولۇپ كەتكەن پەس كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا چۈشتى:

ــ جېنىم ئايگۈل، نېمىشقىمۇ مېنى چۈشەنمەيدىغانسىز، نېمىشقىمۇ ماڭا ئىشەنمەيدىغانسىز دەيمەن؟ مەن نەدىنمۇ نەس بېسىپ بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭدىن بېرى...

ــ بولدى، تىلىڭىزنى چاينىماڭ. ئىززىتىڭىزنى بىلىپ غىت قىسىپ كېتىپ قېلىڭ. ئادەمنى ئۇنداق ئانىي تاپماڭ، ئىگىسى بار ئالەم بۇ، ھېچ بولمىسا خۇدادىن قورقۇڭ.

ــ ھى ـ ھى!... شۇنداق، «بەزىدە خۇدا بىلەن رۇسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»، شۇنداق ياشايمىز، بولمىسا بۇ ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى، ھازىر مېنىڭ ھالىمغا قاراپ خۇدامۇ ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئەمما سىز باغرى تاشلىق قىلىۋاتىسىز. مۇرادىمغا بىر يەتكۈزگەن بولسىڭىز، خۇدامۇ خۇش بولۇپ قالار ئىدى...

ئۇ تۇزكور، پوق يېگەن نىجىس كەتمىدى، بەلكى «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» بولدى. ئۇنىڭ شۇنچە راۋان چىقىۋاتقان گەپلىرىدىن مەست بولغانلىقى چىقمايتتى. تاراق ـ تۇرۇقتىن توغراقتېگىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. قەيسەر يېنىغا ئۆرۈلۈپ بېشىنى، كۆز ـ قۇلاقلىرىنى چاپىنى بىلەن يۆگەپ، چوشقىدەك خارتىلداپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئوغلۇڭغا قارايمەن دەپ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدىڭ. ئۇ ئاستىغا بېسىۋالدى. چىشلىدىڭ، تاتىلىدىڭ، تېپچەكلىدىڭ،

ئەمما كۆچۈك يەتمىدى. ئاخىر بولماي يىلىنىشقا ئۆتتۈك:
— بۇ... بۇ يەر... بو... بولمايدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا بولمايدۇ. سىرتقا چىقىپ... ئاندىن...

ئۇ كۇنبويى قوشقا قېتىپ ھېرىپ كەتكەن قېرى ئۆكۈزدەك ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلداپ، ئۇستۇڭدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ناھايىتى ئۇزاقتا چۈشتى. قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغاندەك قىلاتتى.

قوش قاناتلىق ئىشىكتىن پۈت - قوللىرىڭ تىترەپ، كېشەككە تىرەجەپ ئاران چىقتىڭ. ئۇ سېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ قولۇڭدىن تۇتۇپ، ساڭا ئېسىلىپ دېگۇدەك چىقتى ۋە چىقىپلا ماشىنىنىڭ يېنىغا تارتىپ چوشقا پۇرايدىغان پوكىنىغا باستى. ئاچچىق، ئەنسىز چىرقىراپ تاشلىدىڭ. كېچە جىمجىتلىقى ئاۋازىڭنى يۇتۇپ كەتتى. ئىككى يانغا تاشلانغان قوللىرىڭنى سىيپاشتۇرۇپ يۇرۇپ، ئوڭ قولۇڭغا ئوغلۇڭ ئويناپ ئۇنتۇلۇپ قالغان ئۆتمەس كەكە چىقىپ قالدى. ھالقىلىق پەيتتە نەدىن كەلگەن كۆچكىن، ئۇ ئەبلەخنىڭ بېشىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدىڭ. ئۇ بىرلا ئىنجىقلاپ شۇك بولۇپ قالدى. سەن ئورنۇڭدىن تەستە تۇرۇپ، قولۇڭدىكى كەكىنىمۇ تاشلىۋەتمەي ئۇدۇل دەريا بويىغا قاراپ قاچتىڭ. ئارقاڭدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك توختىماي چاپتىڭ. تارىمدىكى ئاي يوللىرىڭنى يورۇتتى. سەلكىن شامال ياشلىرىڭنى قۇرۇتتى. دەرياغا ئاز قالغاندا بىردىنلا ئۆپكىلەپ يىغلاپ كەتتىڭ. ئۇ ئەبلەخ تامباللىرىڭنى يىرتىپ تاشلىغانىدى.

## 4

— ئويغاندىڭمۇ، قىزىم؟ — ئانا دەريا ئاناڭدەك مېھرىبانلىق بىلەن شۇنداق دېدى، — تاڭ ئاتاي دەپ قالدى. ئۆيۈڭگە تېز قايت، توغراقتېگىنىنىڭ قورسىقى ئاچتى. ئۇ يالغۇز سېنىڭلا ئە -

www.uyghurkitap.com

مەس، مېنىڭمۇ ئوغلۇم. ئۇ چوڭ بولسا مېنىڭ توغراقلىرىمنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ.

— لېكىن...

— قوي، ئۇنداق لېكىن - پېكىنلىرىڭنى! ئۇنداقلارنىڭ جاجىسىنى ئاللا ئاللىقاچان بېرىپ بولدى. دېمىسىمۇ، ھېچقانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن ۋە جاۋابكارلىقىدىن ھېچقاچان قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم ھەربىر دەقىقىنىڭ سوئال - سورىقىغا ھامان ئۇچرايدۇ. ھايات دېگەن ساڭا بېرىلگەن ئامانەت، مۆھلەت توشقاندا ۋاقىت ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالىدۇ. سەن بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ بولمايدۇ. شۇڭا، بولغان ئىشلارنى ماڭا چۈشەندۈرمەن، تاللىغان يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا مېنى ئىشەندۈرمەن دەپمۇ يۈرمە، مەن ھەممىنى بىلىمەن. بىر سېنىڭ ئەمەس، مۇشۇ تارىم بويىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممە ئىشى - كەچمىشى ماڭا بەش قولدەك ئايان. توغراقلىرىم تارىخنىڭ تىرىك شاھىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىم، سەنمۇ كېتەرسەن، بۇ رەزىللىكلەردىن بىر يولى قۇتۇلارسەن، ئەمما توغراقتېگىنچۇ؟ سېنى بىردەم كۆرمىسە چىدالماي قالىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىڭچۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟...

— خۇدايىم رىزقىنى بېرىدۇ.

— خۇدايىم ھەممىزنىڭ رىزقىنى بەرگەن. سېنىڭمۇ شۇنداق، بىراق سەن نېمىشقا بۇ يولنى تاللايسەن؟ خۇدايىم بەرگەن جاننى خۇدايىم ئالىدۇ. ئەمما، سەن ئاۋۋال ئۆز بۇرچۇڭنى ئادا قىل. ئۆلۈمگە جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى روھىي جەھەتتىنمۇ پاكىز، تازا بولۇپ تەييارلىق قىل. ئاندىن جېنىڭنى ھەق، ئادالەت ئۈچۈن پىدا قىل. شۇندىلا...

— بىراق، ئانا!

— تولا كاجلىق قىلما. سۆزۈمنى ئاڭلا. بۇ دۇنيادا سەندەك،

ھەتتا سەندىنمۇ بەك بەختسىزلەر تولا. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن مانا شۇلارنىڭ كۆز يېشىمەن، شۇڭا قورۇپ قىلىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرسىمۇ شۇنچە خاتىرجەم، مەغرۇر ۋە مەزمۇت ياشاپ تۇرۇپتىمەن. قىزىم، قېنى كەل، ئۆزۈڭنى پاكلا، كۆزۈڭنى سۈرت، سۆزۈمنى ئاڭلا. بولمىسا تېشىپ كېتىمەن. ئەگەر ھەممە ئادەم سەندەك يىغلاۋېرىدىغان بولسا، بۇ ئالەم مالەم بولۇپ، ياقۇت پىيالەم پەيمانىمنى سىغدۇرالمايدۇ. دۇنيا توپان ئاستىدا قالىدۇ. قېنى، قەدەملىرىڭنى ئال. كۆڭلەك ـ تامباللىرىڭنى سال. ئانىدىن تۇغما بولۇپ قوينۇمغا كىر، سېنىمۇ ئانىسىدىن ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك تازا ھالغا كەلتۈرەي. ئەي قىزىم، ئۇسساپ كەتتىڭ، كەل، زەمزەملىرىمدىن قانغۇچە ئىچۈرەي. ئاندىن ئوغلۇڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەت، ئۇ ساڭا موھتاج، مەن ئۇنىڭغا موھتاج، ياش يۇقى كۆزلىرىدە سەمىمىي تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان بۇ ھايات يەنىلا گۈزەل، كەل، قېنى قىپيالىڭاچ !...

— ئاھ، ئانا ! قۇچاقلىرىڭنى ئاچ، مەن... مەن... نائىلاج...

مۇزدەك سوغۇق دەريا سۈيىدە ئۇزاقتىن ئۇزاق يۇيۇندۇڭ. ئولتۇرۇپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئايمۇ ھەم ساڭا ھەمراھ بولۇپ يېنىڭدىلا ئولتۇردى ۋە ئۇزاق يۇيۇندى. ئۇنىڭغا قاراپ ئۆز چىرايىڭنى كۆردۈڭ. شۇنچە چىرايلىق، تولغان بىر ئايال ساڭا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىغاندەك بولدى، ئۇ ئايبانۇ ئىدى:

— ئاياللار ئايدەكلا گۈزەل، ئەمما ئۇلار ئاي ئەمەس. ئايىنىڭمۇ يۈزىدە دېغى بولغاندەك، ھەرقانداق بەختلىك ئايالنىڭمۇ يۈرىكىدە دەردى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مەڭگۈ قانائەت قىلمايدۇ، ھەتتا ئۆيلىرىنى، ئەرلىرىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئەي ئايال، «ئايىنىڭمۇ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق» بولغاندەك، بۇ شۇنداق جاھان: گاھىدا ياش تۆكىسەن، گاھىدا قاقاھلاپ كۈلىسەن. گاھىدا ئۈمىد كۈتىسەن، گاھىدا ئۈمىد ئۈزىسەن. ئاياللاردا ئايىنىڭ نازاكىتىمۇ، جاراھىتىمۇ بار. ئۇلارنىڭ

ۋۇجۇدىغا مۇھەببەتمۇ، نەپرەتمۇ، سەۋر ـ تاقەتمۇ، كەلكۈن كەبى جاسارەتمۇ، بەخت ـ سائادەتمۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ... ھەممە ـ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن. سەنمۇ ھەم شۇنداق ئايال، سەندە چەكسىز قۇدرەت بار. ئۇنى ئىشقا سال. تۇن ھەرقانچە ئۇزاق، ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ ھامان ئاي چىقىدۇ، تاڭ ئاتىدۇ. ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئۆز ئەركىڭنى ئۆز قولۇڭغا ئال...

سۇدىن چىققاندا تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. بەزى يېرى ساپ قۇملۇق، بەزى يېرى شورلۇق، يەنە بەزى يېرى بوز توپا ئارىلاشقان يۇلغۇنلۇق يولدا قۇش پەيىدەك يەڭگىل كېتىۋاتقان قەدەملىرىگە تېخىمۇ تېزلەتتى. توغراقتىكى «ئانا! ئانا!» دەپ تووۋلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئانىلىق قەلبىنى لەرزىگە كەلدى. يول بويى قىزىلارچە شوخلۇق بىلەن مېڭىپ، كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىزغۇچ، ھال رەڭدە ئېچىلىپ كەتكەن يانتاق گۈللىرىنى چىمدىپ ئۇزگەچ يۈرۈپ كەتتى. بىر يازدا ئۈچ قېتىم چېچەكلەيدىغان يۇلغۇن گۈللىرىنى قېتىپ ـ قېتىپ ھىدلاپ، ئەتراپىڭغا تويماي قاراپ، ئازراق، ھەتتا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈچىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ ئۆتكۈدەك شامال چىقسىلا ھاۋانىڭ قىزىقىدا تاسقاپ قويغان ئۇندەك يۇمشاپ كەتكەن قۇم ئارىلاش توپا ـ چاڭ پۇرقىراپ كۆتۈرۈلىدىغان، بوغىناقنىڭ دەستىدىن كۆزنىمۇ ئاچقىلى بولمايدىغان بۇ چۆل ـ جەزىرىگە بىردىنلا چىن مېھرىنى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا شەھەردىكى پاسسىپلىقنىڭ بۇ يەردىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتكەچكىمۇ، مۇشۇ يەرگە خىزمەتكە بۆلۈنگەندە ناھايىتى خۇشال بولغانىدى.

دېمىسىمۇ، چىنلىقنى، پاكلىقنى، ھەقىقىي ھاياتقا، مېھىر ـ مۇھەببەتكە كىم تويغان؟ قىز ـ ئاياللار تېخىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇرغۇپلا تۇرىدىكەن، ھەرقانداق چۆل ـ جەزىرىمۇ باغۇبوستانغا ئايلىنىدۇ.

ئۇلار ئەرلەرگە قارىغاندا سەۋرچان ھەم مېھرىبان. ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا تەلەپچان. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ: قەيسەرمۇ تىرىشچان، ئىشچان بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ يەر دېگەن تارىم — چېكى يوق توغراقزارلىق. توغراق دېگەن شۇنچىلىك چىداملىق، ئۇ مىڭ يىل ئۆسىدۇ، مىڭ يىل قىيسىيىدۇ، مىڭ يىل ياتىدۇ، يەر ئاستىدىمۇ مىڭ يىل كۆمۈلۈپ تاش كۆمۈر بولۇپ قاتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ توغراققا ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ ھەم توغراقتەك چىداملىق، كۆتۈرۈشلۈك كېلىدۇ. توغراق دېگەن چۆل ئىسسىقىغىمۇ، دەھشەتلىك قارا بورانغىمۇ، چاڭقاپ قوۋزاقلىرى چاك - چاك يېرىلىپ كەتسىمۇ بەرداشلىق بېرىدۇ. قەد كۆتۈرۈپ ياشىرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قاتتىق قوۋزاق، قېلىن، تەڭگىسىمان يوپۇرماق بىلەن بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىرى ئاقسۆڭەككە ئوخشايدۇ. قوۋزىقى يۇمشاقراق، يوپۇرمىقى غاز تاپانراق كەلگەنلىرى بولسا نەپ بەرگۈچىلەر. ئۇلارنى مال - چارۋىلار يەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يوپۇرمىقى تەڭگىسىمان، ئۇششاق، چىرايلىق كەلگەنلىرىدىن ئاشقازان كېسىلى، بوغما كېسەل، يەل تۇرۇپ قېلىشلارغا شىپا بولىدىغان، يەرلىك كىشىلەر «توغرىغا» دەيدىغان بىر خىل سۆيۈقلۇق چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ...

شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە يېقىنلاپ قالغىنىڭنىمۇ تۇيماي قالغىنىڭغا ئۆزۈڭچە ئۇيۇلۇپ، يۈزىڭ ئوت ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ئوغلۇڭنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ، يەنە قانچىلىك خىيال سۈرەر ئىدىڭكىن، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردىڭ. كۆزلىرىڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئوغلۇڭغا ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ. ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە قانماي سۆيۈپ، سىلاپ - سىيپاپ، پۇراپ بىردەمدىلا بەزلىدىڭ. ئۇ يىغىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. قەيسەر ياتقان يېرىدە كۆرۈنمەيتتى. ھەممە ئۆيگە كىرىپ ئىزدىدىڭ، يەنىلا يوق. ھويلىغا چىقاي دەپ تۇرۇشۇڭغا قۇلاقلىرىڭغا ساقچى

ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز سىگنالى ئاڭلاندى ۋە بارا ــ بارا يېقىنلاپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىتىلغاندەك قىلدى. يۈرىكىنىڭ بىر نېمىنى تۈيغاندەك قىلىپ، پۈت ــ قولۇڭدا جان قالمىغان بولسىمۇ، تالاغا چىقىپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىڭ پىيالىدەك يوغىناپ كەتتى. باياتىن دىققەت قىلمىغان ئوخشايسەن، ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ماشىنىسى ئاخشامقى جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى.

ماشىنىدىن ئۈچ ساقچى ۋە قەيسەر چۈشتى. ئۇنىڭ قولىغا سوغۇق پارقىراق كويزا سېلىقلىق ئىدى. ئۇ ساڭا ئاستا ــ ئاستا يېقىنلاپ كەلدى.

ئىش ئايدىڭلاشتى: پەقەت شۇ چاغدىلا ھەممىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇڭ. ئاخشام سەن ھېلىقى ئادەم تەلەتى يوق توڭگۇزنى كەكە بىلەن بېشىغا ئۇرغاندا، ئۇ ئۆلۈپ قالغانىدى. بۇنى بۇرۇنراق ئويغانغان ۋە ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان قەيسەر ئورنۇڭدا ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، سېنى قۇتقۇزغانىدى.

ــــ قەيسەر !

ئاۋازىڭ ئاسمانغا يەتتى. ئاغزىڭغا ئۇنىڭدىن باشقا گەپ كەلمىدى. ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتىڭ ــ دە، ئۆزۈڭنى پەقەت تۇتۇۋالالماي كىچىك بالىدەك ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتىڭ.

شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن ھېلىقى سېنى تۇنجى قېتىم مەجبۇرىي سۆيۈۋالغان ۋاپاسىزدەك گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرايتتى. تېخىچە يېشىلمىگەندەك ياكى يىلتىزى يوق دەرەختەك سالمىقىنى ساڭا تاشلاپ، دەلدەڭشىپ، ئاران ــ ئاران يەر دەسسەپ تۇراتتى.

ساقچىلار ئۇنى ۋە ئۇنى تا ھازىرغىچە خاتا چۈشىنىپ كەلگەن بىر ئايالنىڭ يۈرىكىنى ۋە يەنە ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەتتى. ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن ماشىنىلارمۇ بىر ــ بىرلەپ كەتتى. چوققاڭدىن كىرگەن بىر قورقۇنچ پۇتلىرىڭنىڭ ئۇچىغا بېرىپ يەتتى. ئەمما، بىر كېچىدە شۇنچىۋالا ئىشلارنىڭ

بولۇپ كېتىشكە ھېچ ئەقلىڭ يەتمەيتتى.

شۇ ئەسنادا قەيسەرنىڭ سېنى تۇنجى قېتىم تارىم دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا كىر يۇيۇۋاتقاندا كۆرۈپ قالغانلىقى ۋە تارىمدىكى ئايغا ئوخشاتقانلىقى، ئىسمىڭنىڭ راستىلا ئايگۈل ئىكەنلىكىنى بىلگەندە بولسا ھاڭ ـ تاڭ قالغانلىقى، كېيىن سەن بىلەن توي قىلغانلىقى، ناھايىتى كۆپ تويلۇق ئالغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك سېنى بەكمۇ خوش قىلغانلىقى، كېيىن سېنىڭ تۇگمەس تاپا ـ تەنىلىرىڭ بىلەن مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالغانلىقى (پەقەت شۇ دەقىقىلەردىلا بىرىنچى قېتىم شۇنداق ئويلاپ قالغانلىقىڭغا ئۆكۈنۈپ قالدىڭ)، ئۇنىڭمۇ بۇ ئائىلە ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغانلىقى... خۇددى كىنو ئېكرانىدەك كۆز ئالدىڭدىن بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتتى.

كەچتە ئوغلۇڭنى ئېلىپ ئىختىيارسىزلا دەريا بويىغا يول ئالدىڭ. ئاخشامقى قىزلىرىڭ تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. ئويۇڭچە سەن ئانا دەرياغا ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەرمەكچى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە بىر قارارغا كەلمەكچىدىڭ. ئىچىڭدىكىنى ئاڭلاپ باقساڭ، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا خىياللىرىڭمۇ باردەك قىلاتتى.

شۇنداق خىياللار بىلەن ئازراق مېڭىشىڭغا توغراقتېگىن ئۆي تەرەپنى خەقىش قىلىپ، سېنى ئالدىڭغا ماڭغىلى قويمىدى. دەريا تەرەپتىنمۇ يا باشقا يەردىنمۇ قۇلاقلىرىڭغا، ياق، ئۇدۇلمۇئۇدۇل يۈرىكىڭگە غايىب بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى:

— قىزىم، ئۆيگە قايت، ھايات گۈزەل ھەم قىممەتلىك. يەنىلا ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىغا چىڭ بول!

ئۆيگە تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن يېنىپ كەلدىڭ. گويا تولۇن ئايمۇ سەن بىلەن تەڭلا كىرىپ كەلگەندەك ئۆيۈڭ، كۆڭلۈڭ سۈتتەك ئاپپاق يورۇقلۇققا لىق تولدى.

www.uyghurkitap.com

# خىلۋەتتىكى چوغلۇق

(هېكايىلەر)

تۈزگۈچىلەر: ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر هوشۇر
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى فاڭجېڭ كۆپ ۋاستىلىك ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.625
نەشرى: 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2016 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3001 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16385 - 4
باھاسى: 32.00 يۈەن